ئەركىن سىدىق يازمىلىرى  (تور كىتاب7 ـ قىسىم)

# ئىلمىي ئاساستىكى قوش تىللىق مائارىپ قانداق بولىدۇ؟



ئاپتور: ئەركىن سىدىق (ئامېرىكا)
ئېلخەت: erkinsidiq@gmail.com

تەھرىر، مەسئۇل مۇھەررىر، ۋە بەتلىگۈچى: پىداكار
مۇقاۋىچى: رىدا ئابلىمىت



**ئاپتور: دوكتور ئەركىن سىدىق (10 .3 .2017)**

# بېغىشلىما

بۇ كىتابنى رەھمەتلىك ئاپام پاتەم ئەرشىدىن بىلەن رەھمەتلىك دادام سىدىق مەمەتكە بېغىشلايمەن.

ئەركىن سىدىق

**2017-يىلى 5-ئىيۇل**

# ئانا تىلىمىزنى قوغداش ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ مۇقەددەس بۇرچى

**ـ ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ـ**

مەن 2005- ۋە 2006-يىللىرى بىلىۋال تورى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىككى قىسمىلىق يازما سۆھبەت ۋە ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويۇلغان «قوش تىللىق مائارىپ» نىڭ نېمە ئىكەنلىكى، دۇنيادا قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدە قانداق ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ئۇ تەتقىقاتلارنىڭ يەكۈنى نېمە ئىكەنلىكى، ھازىر غەرب ئەللىرىدە يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئەمەلىيىتى قانداق ئىكەنلىكى، ۋە ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپ بىلەن غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دېموكراتىك ئەللەر قوللىنىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپلار ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقلەرنىڭ بارلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى باشلىدىم. ھەمدە 2007-يىلدىن باشلاپ ئۆزۈم توپلىغان ئۇچۇرلار ئاساسىدا ئۇيغۇرچە ماقالە يېزىپ، ئۇلارنى ۋەتەندىكى تورلاردا ئېلان قىلدىم.

ئاشۇ جەرياندا مەن قوش تىللىق مائارىپ، يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل، ۋە تىل جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇزۇن مۇددەت چوڭقۇر ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان، ۋە بۇ ساھەدە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەردىن بىر قانچىسى بىلەن تونۇشتۇم. بۇ ساھەدە دۇنيا بويىچە ئەڭ نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرى كەڭگېس خانىم بولۇپ، مەن دەسلەپدە ئۇنىڭ بىر قانچە كىتابىنى سېتىۋېلىپ ياكى توردىن چۈشۈرۈۋېلىپ ئوقۇدۇم. ئاندىن كەڭگېس خانىمنىڭ ئۆزى بىلەن خەت ئارقىلىق تونۇشۇپ، مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۇنىڭدىن بىۋاستە سورىدىم. كەڭگېس خانىم يالغۇز ياۋروپادىكى ئىككى نوپۇزلۇق ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ب د ت نىڭ يەرلىك مىللەت مائارىپى ساھەسىدىكى مەسلىھەتچىسى ئىكەن. ئۇ خانىم مەن ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا قاراپ ماڭغانلىق مەسىلىسىنى چۈشەندى. ھەمدە ئۇ ماڭا «مەن بۇنىڭدىن كېيىن يازىدىغان ئىلمىي ماقالىلىرىم، نەشر قىلدۇرىدىغان كىتابلىرىم، ۋە سۆزلەيدىغان دوكلاتلىرىمنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنى تىلغا ئالىمەن»، دەپ ۋەدە بېرىپ، ئۇ ۋەدىسىنى ئىزچىل تۈردە ئورۇنلاپ كەلدى.

كەڭگېس خانىم 2013-يىلى ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس رايونىدىكى بىر چوڭ خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا كېلىپ، «ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مېھمان نۇتۇقچى» سۈپىتىدە ئىككى سائەتلىك ئىلمىي دوكلات بەردى. ئۇ كۈنى مەن ئىشتىن سوراپ، 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق ماشىنا ھەيدەپ، يىغىن مەيدانىغا بېرىپ، بىر كۈن كەڭگېس خانىمغا ھەمراھ بولدۇم. ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشتىم. كەڭگېس خانىم شۇ قېتىمقى دوكلاتتا ئىشلەتكەن 130 بەتلىك «PowerPoint» ھۆججىتىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ماڭا بەرگەن بولۇپ، ئۇ ھۆججەت مەندە ھازىرمۇ بار. كەڭگېس خانىم داۋاملىق ئۇ دۆلەت بۇ دۆلەتلەرگە بېرىپ، شۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرىغا مەسلىھەت بېرىپ تۇرىدىكەن. ھەمدە شۇ دۆلەتلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە دوكلات

سۆزلەيدىكەن. بىز 2013-يىلى كۆرۈشكەندە كەڭگېس خانىم ماڭا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا بېرىپ، قوش تىللىق مائارىپنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئەمەلدارلىرىغا بىۋاستە مەسلىھەت بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئەگەر ئۇيغۇر دىيارى ئەمەلدارلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلىسەك، مەن خىزمىتىمدىن سوراپ، ئۆز چىقىمىم بىلەن ئۇيغۇر دىيارىغا ئۇ خانىم بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈم تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. گەرچە مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر دىياردىكى مائارىپچى تونۇشلىرىم ئارقىلىق بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا خېلى ئۇرۇنۇپ باققان بولساممۇ، بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىدى. لېكىن مەن كەڭگېس خانىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى تاكى بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

كەڭگېس خانىم 2015-يىلى 10-ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن جۇڭگوغا بېرىپ، شاڭخەي ۋە نەنجىڭدىكى مائارىپ ئورۇنلىرى ۋە بىر قانچە ئالىي مەكتەپلەردە ئىلمىي دوكلات سۆزلىدى. مەن بۇ ئىشتىن شۇ يەرلەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى تور ئۇچۇرى ئارقىلىق خەۋەردار قىلىپ، ئۇلاردىن ئامال بار كەڭگېس خانىمنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلاشنى ئۆتۈندۈم. ئەمما، كەڭگېس خانىمدىن كېيىن ئاڭلىسام، ئۇ دوكلات بەرگەن سورۇنلارغا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار كىرمەپتۇ. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى دائىرىلەر چەكلىدىمۇ، ياكى بۇنىڭ باشقا سەۋەبى بارمۇ، ئۇنى بىلەلمىدۇق. ئەمما ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقىنى ئېنىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كەڭگېس خانىمنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ خەنزۇچە بېسىلغان كونتېرتىپلىرىنى تورلارغا يوللاپ قويغان ئىدى. كەڭگېس خانىمنىڭ دېيىشىچە ئۆزى ئۇچراشقان جۇڭگودىكى رەھبەرلەر ئۇنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدىكى كۆز-قاراشلىرى ۋە تەكلىپلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەپتۇ.



مەن كەڭگېس خانىم بىلەن لوس ئانژېلىستىكى بىر كىچىك ئۇيغۇر رېستورانىدا. بۇ رەسىم 2013-يىلى 15-فېۋرال كۈنى تارتىلغان.

مەزكۇر كىتابقا مەن 2007-يىلدىن باشلاپ تەييارلىغان ئانا تىل، يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە «قوش تىللىق مائارىپ» ھەققىدىكى ماقالىلەر كىرگۈزۈلدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن بۇ ماقالىلەرنى ئۇيغۇر دىيارىدىكى تورلاردا ئېلان قىلغاندا، ئۇلار ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئوقۇلدى، ھەمدە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. كۆپ سانلىق ئۇيغۇر مائارىپچىلىرى مائارىپتا يۈز بېرىۋاتقان بۇ يېڭى ئۆزگىرىشنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى، قوش تىللىق مائارىپنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئۇيغۇر مائارىپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئېغىر دەرىجىلىك ۋە كەڭ-كۆلەملىك چېكىنىش ھالىتى ئىچىدە گاڭگىراپ تۇرۇۋاتقان بىر پەيىتتە، مەن تەييارلىغان مۇشۇ ماقالىلەر ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچتى. ئەمما بۇ ماقالىلەر ئۇلارنىڭ دىلىنى يورۇتالمىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. نۇرغۇنلىغان قېرىنداشلىرىمىز ئۇيغۇر مائارىپىدىكى بۇ چوڭ خاتا سىياسەتنى توختىتىش، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئانا تىل مائارىپىنى قوغداپ قېلىش يولىدا قولىدىن كېلىدىغان بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئەمما ئۇنىڭدىن ياخشى نەتىجە چىقىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بۇ ئىشتا ئاكتىپلىق كۆرسەتكەن بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز ئېغىر ئادالەتسىزلىككە ۋە خاتا بىر تەرەپ قىلىنىشقا ئۇچرىدى. قىسقىسى، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەر ئۇيغۇر مائارىپىدىكى خاتا سىياسەتنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىيالمىدى، ئەمما ئۇلار خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ماقالىلەر ئۇيغۇر خەلقىگە ئۆز بېشىغا كەلگەن مائارىپ ساھەسىدىكى بۇ «يېڭىلىق» نىڭ، ياكى بۇ بىر چوڭ بالايىئاپەتنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىدى.

مېنىڭ ئاشۇ ئىزدىنىشلىرىم ۋە ئاشۇ يازغانلىرىم ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقى مېنىڭ ھۆرمىتىمنى ۋە مېنىڭ قەدرىمنى ناھايىتى ياخشى قىلدى. ماڭا ناھايىتى كۆپ شان-شەرەپ ئاتا قىلدى. مەن 2007- ۋە 2009-يىللىرى يۇرتقا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بارغاندا، مېنىڭ كۆپىنچە ۋاقتىم مەن بىلەن بىر كۆرۈشۈۋېلىشنى ئىستەيدىغان ياشلار، ستۇدېنتلار ۋە ياش مائارىپچىلار بىلەن كۆرۈشۈش بىلەن ئۆتتى. مەن ئاقسۇغا بارغاندا نەچچىلىگەن ياش مائارىپچىلار قەشقەر ۋە خوتەندىن ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، شۇ كۈنى كەچتە يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ئۇلار يولغا چىققاندا ئۆزلىرى بىلەن بىللە كېلەلمىگەن بىر قىسىم خىزمەتداشلىرى ئۇلارنى ئايرودرومغىچە ئۇزىتىپ چىققان بولۇپ، قايتىپ بارغاندا ئۇلار يەنە گۈل ئېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ قايتقانلارنى ئايرودرومدا كۈتۈپ تۇرىدىكەن. يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، بىر قانچە مائارىپچىلار غۇلجىدىن مەخسۇس كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ كەتتى. ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە كۆرۈشكەندە بەزى ئوقۇغۇچىلار مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ رەسمگە چۈشۈۋالدى. بەزىدە مەن بىلەن بىر ۋاقىتتا رەسىمگە چۈشىدىغانلار بىرەر يۈز ستۇدېنتقا يەتكەن بولۇپ، شۇنداق ۋاقىتلاردا بەدەنلىرى مېنىڭ بەدىنىمگە تېگىپ تۇرغان ياشلارنىڭ تەنلىرى رەسىمگە چۈشۈۋاتقاندا ھاياجانلىق تۈپەيلىدىن تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيدۇم. دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۇچرىشىش بىر ئادەتتىكى ئىش ھېسابلىناتتى. ئەمما بىچارە ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن بۇ بىر ئالاھىدە ۋاقىت ۋە ئالاھىدە پۇرسەت بولۇپ قالدى. مېنىڭ يۈرىكىمنى قاتتىق ئەزگەن يېرى، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئاشۇنداق كۆرۈشۈش تۈپەيلىدىن مەكتەپ جازاسىغا ئۇچراپ كەتتى. مەن نەگىلا بارسام شۇ يەردىكى ياشلار مېنى بىر دوكلات بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇش يولىدا تىت-تىت بولۇپ، بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئەمما دائىرىلەرنىڭ رۇخسەت قىلماسلىقى بىلەن مەن يۇرتقا 2006-، 2007- ۋە 2009-يىللىرى قىلغان 3 قېتىملىق سەپەردە ماڭا دوكلات بېرىش بىر

قېتىممۇ نېسىپ بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئاشۇ 3 قېتىملىق سەپەر جەريانىدا تەسىرلىك ئەھۋاللارنى ناھايىتى كۆپ ئۇچراتتىم. ماڭا بىر ئۆمۈر روھىي ئوزۇق بولىدىغان ناھايىتى كۆپ گۈزەل ئەسلىمىلەرگە ئېرىشتىم.

مەن بۇ كىتابقا ئۆزۈمنىڭ «قوش تىللىق مائارىپ» ھەققىدىكى يازمىلىرىغا چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ ئۆزۈم ساقلاپ قويغان قىسمىنىمۇ كىرگۈزۈپ قويدۇم. ھازىر يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئەينى ۋاقىتتا ئالدىن پەرەز قىلمىغان بولغاچقا، مەن ئاشۇ ئىنكاسلارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تولۇق خاتىرىلەپ قويماپتىمەن. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ ئىنكاسلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 2007 – 2009-يىللىرىدىكى يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

مەن بۇ يەرگە بۇرۇن ئاشكارىلىمىغان، ئۇيغۇر دىيارىدىكى «قوش تىللىق مائارىپ» بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئەھۋالنى يېزىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم: 2014-يىلى ماڭا كەڭگىس خانىمدىن بىر پارچە خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە ئۆزى «باھالىغۇچى مۇتەخەسسىس» (reviewer) بولۇپ بېرىۋاتقان، ئىنگلىز تىلىدا چىقىدىغان «خەلقئارا قوش-تىللىق مائارىپ ژۇرنىلى» غا يوللانغان بىر پارچە ماقالىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى، ئۇنى بىر جۇڭگولۇق خەنزۇ پروفېسسور يازغان بولۇپ، ئۇ ماقالىنىڭ سۈپىتى بەك تۆۋەن بولغاچقا، ئۇنى قوبۇل قىلماي رەت قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، ئەمما ئەگەر مەن ئۇ ماقالىگە 2-ئاپتور بولۇپ، ئۇنى پۈتۈنلەي قايتىدىن يېزىپ بەرسەم، ئاندىن ئۇنى قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھەمدە مېنىڭ 2-ئاپتور بولۇپ، ماقالىنى قايتىدىن يېزىپ چىقىشقا ماقۇل بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىمنى سوراپتۇ. بۇ ئۇيغۇر دىيارىدا يۈز بېرىۋاتقان خاتا «قوش تىللىق مائارىپ» ئەھۋالىدىن پۈتۈن مائارىپ دۇنياسىنى خەۋەردار قىلىشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى بولغاچقا («خەلقئارا قوش-تىللىق مائارىپ ژۇرنىلى» مۇشۇ ساھەدە دۇنيا بويىچە ئەڭ نوپۇزلۇق ژۇرنال ئىكەن)، مەن كەڭگىس خانىمنىڭ تەكلىپىگە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ماقۇل بولدۇم. ھەمدە بىر قانچە ئاي قاتتىق ئىزدىنىپ، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ قوش تىللىق مائارىپىغا ئائىت نۇرغۇن سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاپ، ھەمدە ئۇلارنى ۋە باشقا بارلىق مۇھىم ئەھۋاللارنى كىرگۈزۈپ، ئۇ ئىنگلىزچە ماقالىنى قايتىدىن يېزىپ چىقتىم. ماقالىنىڭ بۇ يېڭى نۇسخىسىنى كەڭگىس خانىممۇ تەستىقلاپ، ژۇرنالغا بېسىلىدىغانغا تەييار بولغاندا، ھېلىقى خەنزۇ پروفېسسوردىن بىزگە بىر پارچە خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە «مەن ئالدىنقى كۈنى شىنجاڭلىق ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغان. شۇ يەردە مەزكۇر ماقالە ۋە ئەركىن سىدىقنىڭ گېپى بولغاندا، ساۋاقداشلىرىمدىن بىرى ماڭا ئەركىننىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قارا تىزىملىكىدىكى بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر خەلقئارالىق ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلسام مەن بىرەر بالاغا تىقىلىپ قالىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن تورلارنى ئىزدەپ، ئۆرۈمچىدىكى 5-ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن جۇڭگودا ئەركىن سىدىق توغرىسىدا چىققان خەنزۇچە ماقالىلەرنى تېپىپ ئوقۇپ، يۇقىرىدىكى ئەھۋالنىڭ راست ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. شۇڭلاشقا مەن بۇ ماقالىنى ئەركىن بىلەن بىللە ئېلان قىلىشتىن ۋاز كېچىمەن»، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەڭگىس خانىم مەندىن «قانداق قىلىمىز؟» دەپ سورىدى. مەن ئىسمىمنى ئۆز ئىسمىمنىڭ باش ھەرپلىرى بىلەن ئوخشاش باش ھەرپلىرى بار ئىنگلىزچە ئىسىم «Eric Smith» گە، ۋە سالاھىيىتىمنى «مۇستەقىل تەتقىقاتچى» غا ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى بەردىم. كەڭگىس خانىم بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى، ھەمدە مېنىڭ ئادرېسىم ئۈچۈن (بۇنداق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلغاندا چوقۇم ئاپتورنىڭ ئادرېسىمۇ تولۇق بېرىلىشى كېرەك)

كەڭگېس خانىمنىڭ ئۆز ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ئىشلەتسەمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز شۇنداق قارارغا كېلىپ، ھېلىقى خەنزۇ پروفېسسورنىڭمۇ ماقۇللۇقىنى ئالدۇق. ئاندىن كەڭگېس خانىم ئەھۋالنى ھېلىقى ژۇرنالنىڭ رەھبەرلىرىگە ئېيتتى. شۇ چاغدا ژۇرنالدىكىلەر «بۇ ژۇرنالغا يالغان ئىسىم ۋە يالغان ئادرېس ئىشلىتىشكە بولمايدۇ»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەڭگېس خانىم يەنە مەندىن قانداق قىلىشنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا «مېنىڭ ئىسمىمنى ئاپتورلۇقتىن چىقىرىۋېتەيلى. يەنى، بۇ ماقالىنى يالغۇز ئاشۇ خەنزۇ پروفېسسورنىڭ ئىسمى بىلەن ئېلان قىلايلى. پەقەتلا ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا ئاپتور نامىدىن سىزگە ۋە ماڭا (يەنى Eric Smith قا) رەھمەت ئېيتىدىغان بىر قىسقا ئابزاسنى قوشايلى»، دېدىم. بۇ ئىنگلىزچە «Acknowledgement» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا كەڭگېس خانىم ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۆزۈمنىڭ 3-4 ئايدەك ۋاقىت ئىچىدىكى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمنى سەرپ قىلىپ پۈتتۈرگەن بۇ ئۆزۈن ماقالە «Eric Smith» غا رەھمەت ئېيتىلغان شەكىلدە يۇقىرىدىكى خەلقئارالىق قوش تىللىق مائارىپ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. مېنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشتىكى مەقسىتىم ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۆزۈم ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي سالاھىيەت بەرپا قىلىش ئەمەس (مەن ھازىرغىچە ئۆز كەسپىمدە 115 پارچىدەك ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ بولدۇم)، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى دۇنياغا ئاڭلىتىۋېلىش بولغاچقا، مەن بۇ ئىشنىڭ بولغىنىدىن بۆگۈنكى كۈنگىچە تولىمۇ رازى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مەن يەنە يەرلىك مىللەت مائارىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەر، ھەمدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشۇ قانۇن-كېلىشىملەرگە ئاۋاز قوشۇش ۋە ئىمزا قويۇش ئەھۋالى ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىپ، ئىگىلىگەن مەلۇماتلار ئاساسىدا «يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەر» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالىمۇ تەييارلىغان بولۇپ، ئۇ ماقالىمۇ مۇشۇ كىتابتا بار. مەن ئاشۇ ماقالىنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان ئىدىم (نەقىل):

«نۆۋرغۇن كىشىلەر ب د ت ۋە باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى توغرىسىدا چىقارغان قانۇنلىرى بار، بۇ قانۇنلار يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلى، ئۆز دىنى، ئۆز مەدەنىيىتى، ئۆز ئۆرپ-ئادىتى، ۋە ئۆز ئەنئەنىسى قاتارلىق نەرسىلىرىنى قوغداش ۋە ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ مېڭىشىنى بىر پۈتۈن كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. مەنمۇ ھازىرغىچە شۇنداق ئويلاپ كەلگەن بولساممۇ، بۇ ھەقتىكى ھەقىقىي ئەھۋالدىن تولۇق خەۋىرىم يوق ئىدى. بۇ قېتىم دۇنياغا تونۇلغان مۇتەخەسسىسلەر قاتارىدىكى كەڭگېس خانىم بىلەن روبېرت دۇنبار ئەپەندىنىڭ بىر كىتابىدىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا بىر ئاز ئىزدىنىپ، بۇ ھەقتىكى ئىشلارنىڭ نەدىن نەگىچە ئىكەنلىكىنى بىر قېتىم ئېنىقلاپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم. مەن يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىم بۇ ھەقتىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى خېلى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئەگەر كەم قالغان يەرلىرى بولسا، چەت ئەلدىكى باشقا ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلارنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن (ئەگەر بۇ ھەقتە مەن چۈشۈرۈپ قويغان مەزمۇنلار بار بولسا، ئۇنى ماڭا ئېلخەت ئارقىلىق بىلدۈرۈپ قويسىڭىز، سىزدىن چوڭقۇر مىننەتدار بولىمەن). يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەرنىڭ ئىچىدە يەرلىك مىللەتلەر ئۆز ئانا تىلى، دىنى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلارنى قوغداش ۋە ئۇلارنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە پايدىلانسا بولىدىغانلىرىمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمدىكى گەپ بۇ ئۆزىگە پايدىلىق شارائىتلاردىن قانداق پايدىلىنىش مەسىلىسىدۇر. بۇ

ئەۋزەللىكلەردىن قانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەتنىڭ خاتا ۋە قانۇنسىز سىياستى تۈپەيلىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ يوقاپ كېتىشىنى خالىمايدىغان ۋە ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرالمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق. مەن مەزكۇر ماقالىدا تونۇشتۇرغان مەزمۇنلارنىڭ سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويماسلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، سىزنىڭ ئىرادىڭىزنىڭ يەنىمۇ چىڭىيىشىغا پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىر ئاجىز مىللەت ياكى يەرلىك مىللەت ئۈچۈن سىرتتىن كېلىدىغان ياردەم ئىنتايىن چەكلىك بولىدۇ—مەزكۇر ماقالىدىكى مەزمۇن بۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قالغىنى ئاشۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە باغلىق.» (نەقىل تۈگىدى)

ھازىر ۋەتەندە ئىشلارنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. بىز يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا مۇنداق بىر يەكۈنگە كېلەلەيمىز: ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى پەقەت ئۆزىمىزگىلا باغلىق؛ ئانا تىلىمىزنى قوغداپ قېلىش ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.

مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنىڭ بەزىلىرىنىمۇ قەدىرلىك ئىنىم «پىداكار» تەرجىمە قىلىپ بەردى. بۇ قېتىم ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، كىتاب ئۈچۈن تەييار قىلدى، ۋە كىتابنىڭ تور كىتاب ھۆججىتىنىمۇ بىر قوللۇق تەييارلاپ چىقتى. يەنە بىر قەدىرلىك ئىنىم ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق بولسا مېنىڭ نەشر قىلىنغان 7 پارچە كىتابىمنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىش ئىشىنى ھازىرمۇ داۋاملىق ھالدا بىر قوللۇق قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى رىدا ئابلىمىت ئىنىمىز لايىھىلەپ ياساپ بەردى. مەن بۇ 3 نەپەر ئىنىلىرىمغا چىن كۆڭلۈمدىن كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىرىدا مەن بۇ كىتابنى رەھمەتلىك ئاپام پاتەم ئەرشىدىن بىلەن رەھمەتلىك دادام سىدىق مەمەتكە بېغىشلايمەن.

ئەركىن سىدىق

ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى

2017-يىلى 5-ئىيۇل

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ........................................................................... 5

قوش تىللىق مائارىپمۇ ياكى يەككە تىللىقمۇ؟ ........................................................ 12

باشلانغۇچتا ئانا تىلنى ئالدىدا ئۆگىتىش زۆرۈرلۈكىنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى .......................... 15

«قوش تىللىق مائارىپ» قانداق بولۇشى كېرەك؟ ......................................................... 33

خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل (1-قىسىم) .......... 45

خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل (2-قىسىم) .......... 53

خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل (3-قىسىم) .......... 62

خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل (4-قىسىم) .......... 76

خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپقا بەرگەن تەۋسىيەنامىسى ...................... 83

ئانا تىل نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟........................................................................ 90

يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەر .......... 101

«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دىن «مەئارىفۇل لۇغەتەين» گىچە ......................................... 109

«قوش تىللىق مائارىپ» قا ئائىت يازمىلارغا چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار.................... 141

# قوش تىللىق مائارىپمۇ ياكى يەككە تىللىقمۇ؟

**2007-يىلى 18-سېنتەبىر**

1971-يىلى مەن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، بىزگە خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ دەرسنىڭ ھەپتىلىك مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، بىز بىر ھەپتىدە پەقەت 20-25 ئەتراپىدىكى خەنزۇچە ھەرپ-سۆزلەرنى ئۆگەنگەن ئىدۇق. 1978-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، بىرىنچى يىلى مەخسۇس خەنزۇ تىلى ئۆگەندۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقىغا ئائىت كەسپىي دەرسلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، بۇ دەرسلەردە بىز دۆلەت بىر تۇتاش تۈزۈپ چىققان خەنزۇچە كىتابلارنى ئىشلەتتۇق. مانا مۇشۇ ھازىر جۇڭگودا «قوش تىللىق مائارىپ» دەپ ئاتىلىدىغان مائارىپ تۈزۈمى بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن 4-5 يىل ئىلگىرى، بىر چەت ئەلدە تۇرۇپ «شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن «بۇ سىياسەت ئۇيغۇر ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگىمۇ كېڭەيتىلىدىكەن»، دېگەن گەپنىمۇ ئاڭلىدۇق. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇشۇ بىر يېڭى سىياسەتنى ئىجرا قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلار قۇلىقىمىزغا ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرىدىغان بولدى. مەن شۇ چاغدىن باشلاپ ئۆز-ئۆزۈمدىن توختىماي تۆۋەندىكىدەك سوئاللارنى سوراپ تۇردۇم:

--يولغا قويۇلغان بۇ يېڭى ھەرىكەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەت جەھەتتىكى ئاساسى نېمدۇر؟
--بۇ ئىشنى قايسى ئىلىم ۋە ئەمەل ئەھلىلىرى ئوتتۇرىغا چىقارغاندۇ؟
--ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىدىكى ئىلمي ئاساسى نېمدۇر؟
--ۋەھاكازالار.

مەن «ھەممە ئىشنىڭ بىر سەۋەبى بار» دەپ ئويلاپ ئادەتلىنىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىنى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ يەككە تىللىق مائارىپقا ئائىت يۇقىرىقىدەك سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپقۇم كەلدى. لېكىن ئۇ جاۋابلارنى تاپالمىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىنتايىن قىينالدىم. ئىزچىل تۈردە مۇشۇ بىر سىياسەت تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارغا كېلىدىغان تارىخىي زىيانلار توغرىسىدا ئەنسىرىدىم. مۇشۇ سىياسەتنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە قىلغان سۆزىدە، مەلۇم بىر ئەمەل ئەھلىنىڭ «مەن ھېچقانداق ئۇيغۇرچە بىلمەيمەن. ئەمما مەنمۇ بىر ئۇيغۇر بولۇپ ياشاۋاتمەنغۇ؟» دېگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدىم. بۇ چۈشەنچە ئىنتايىن خاتا ئىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ يۇقىرىقى يەككە تىللىق مائارىپ سىياسىتىگە ئىلمي ئاساس بولالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن «ئەگەر بۇ سىياسەت ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن چىققان بولسا، بىز ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەنمۇ تۈگىشىپتۇق،» دەپمۇ ئويلىدىم.

مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە جەمئىيەت تەرتىپى قانۇن ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئەخلاق قانۇن ۋە دىنىي ئېتىقاد ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئىلمىي

يوسۇندا ئىش قىلىش ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. بىر مىللەت ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئالدى بىلەن قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگىنىشى، قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشنى بىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن مەندە يەنە باشقا يېڭى سوئاللار تۇغۇلۇشقا باشلىدى:

--يەككە تىللىق مائارىپ توغرىسىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قانۇن ۋە ئىلىم ساھەسىدىكى تەتقىقاتلار بارمىدۇ؟

--ئەگەر بولسا ئاشۇنداق تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسى نېمە بولغاندۇ؟

--ۋەھاكازالار.

تا ھازىرغىچە مەن بۇ سوئاللارغىمۇ جاۋاب تاپالماي كەلدىم.

مەن ھەر قېتىم www.Bilik.cn تور بېتىگە كىرگەندە، ماۋزۇسى «‹مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين› دىن ‹مەئارىفۇل لۇغەتەين› گىچە» دەپ قويۇلغان بىر ماقالىنى ئۇچرىتىپ تۇردۇم. لېكىن بۇ ماۋزۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي، ئۇنى بىر لۇغەت توغرىسىدىكى ماقالە ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ كەتتىمەن. بىر قانچە كۈندىن بۇرۇن بىر دوستۇم سوۋغا قىلغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دېگەن ژۇرنالنىڭ 2002-يىللىق 6-سانىنى ۋاراقلاۋېتىپ، بۇ ماقالىنى يەنە ئۇچرىتىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن «بۇ زادى نېمە ماقالىدۇ؟» دەپ ئازراق ئوقۇپ بېقىپ، ئۇنىڭ دەل مەن ئىزدەپ يۈرگەن ئۇچۇرلار بىلەن تولغان بىر ماقالە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ھەمدە ئۇنى پۈتۈنلەي ئوقۇپ چىقتىم.

مېنىڭچە بۇ ماقالە ھەممە ئۇيغۇرلار بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدىغان ماقالە ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى سىياسەت تۈزۈشكە مەسئۇل ئەمەل ئەھلىلىرى ھەممىدىن بەكرەك ئوقۇپ چىقىشى كېرەك ئىكەن. مەن بۇ ماقالە ھازىرغىچە ۋەتەندە قانچىلىك ئوقۇلدى، ئۇنىڭ قانچىلىك تەسىرى بولدى، ئۇلارنى بىلمەيدىكەنمەن. بىلىك تور بېتىدە ئۇ 10 مىڭدىن كۆپرەك قېتىم چېكىلىپتۇ. بىر تور بېتى ئۈچۈن بۇ ھېچقانچە چوڭ سان ئەمەس. ئەگەر بىلىدىغانلار بولسا ئاشۇ ماقالىنىڭ ۋەتەندىكى تەسىرى توغرىسىدا مۇشۇ مۇنبەردە ئازراق ئۇچۇر بەرگەن بولساڭلار.

ئەگەر سىياسەت چىقىرىدىغان ئۇيغۇر ئەمەل ئەھلىلىرى بۇ ماقالىنى تېخى كۆرمىگەن بولسا، بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، مۇشۇ ماقالىدىن بىر نۇسخىنى شۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى، دەپ ئويلايمەن. ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغان ئۇيغۇر ئەمەل ئەھلىلىرى ئۈچۈن بۇ ماقالىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىش ئىمكانىيىتى بارمۇ؟

ھازىر كىچىكىدىن تارتىپ خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈنمۇ بۇ ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر ئىكەن. شۇڭا UEY (ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقى) نى بىلمەيدىغانلارغا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن بۇ ماقالىنى بىلىك تور بېتىنىڭ http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=5359

دېگەن ئادرېسىدىن كۆچۈرۈپ، ئۇنى يۇلغۇن يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق ULY (ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى) غا ئۆزگەرتىپ، ئاپتور ۋە بىلىك تور بېتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا مۇشۇ يازمامنىڭ ئاخىرىغا چىقىرىپ قويدۇم. مەن ئۇلارنى باشقىچە پىكىردە بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن، ھەمدە شۇنداق ئۈمىدتىمەن.

ئاخىرىدا مەن مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي ئەپەندىمگە، ھەمدە بۇ ماقالىنى UEY دا ئۇرۇپ كىرگۈزۈپ تەييارلىغۇچى بىلىك تور بېتىدىكى ئەزىمەتلەرگە چوڭقۇر ھۆرمىتىم ۋە تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن.

ئەسكەرتىش: دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ ماقالىسى مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا بار.

# باشلانغۇچتا ئانا تىلنى ئالدىدا ئۆگىتىش زۆرۈرلۈكىنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى

**2008-يىلى 12-ئاينىڭ 18-كۈنى**

مەن يېقىندا ئۇيغۇر دىياردىكى بىر تونۇشۇم بىلەن تېلېفوندا پاراڭلىشىۋېتىپ، مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئۇقتۇم: ئۇ ئۈرۈمچىدىن جەنۇبتىكى بىر ناھىيىگە بىر يىللىق خىزمەتكە بارغان بولۇپ، ئەمدى 6 ياشقا كىرگەن قىزىنىڭ ئانا تىلدىن ساۋاتىنى ياخشىراق چىقىرىش ئۈچۈن شۇ ناھىيىگە ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ھەمدە شۇ ناھىيە بازىرىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپتۇ. لېكىن، كېيىن قارىسا، ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئۇيغۇر بولسىمۇ، دەرسلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە ئىكەن. تونۇشۇمنىڭ قىزى كىرگەن سىنىپنىڭ باللىرىغا 3-سىنىپقا چىقمىغىچە ئۇيغۇرچە ئېلىپبەمۇ ئۆتۈلمەيدىكەن.

يېقىندا مەلۇم بىر توردىشىمىز http://meripet.blogbus.com تور بېتىگە مۇنداق بىر ئىنكاس يېزىپتۇ: «ئاتالمىش قوش تىللىق مائارىپ، قوش تىللىق ئوقۇتۇشنىڭ ئۇيغۇر باللىرىغا ئەكەلگەن زىيىنىنى، يەنى تەپەككۇر توسالغۇسى، پسىخىك توسالغۇ، فىزىئولوگىيىلىك توسالغۇ... قاتارلىقلارنى مانا مەن ئەمەلىي كۆرۈپ ھېس قىلغانمەن. پۈتۈنلەي خەنزۇچە چىقىرىلغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ئىمتىھان سوئالىغا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئىمتىھان ۋاقتىنى توشقۇزۇۋەتكەن سەبىيلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىك، بىزارلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراشقا چىدىيالماي، قاتتىق ئازابلانغان ئىدىم. ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھەممە مەكتەپلەردە دېگۈدەك قوش تىل سىنىپلىرى بولۇپ، بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى قوش تىل سىنىپلىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلدىن تۈزۈك ساۋاتى چىقماسلىق، بىر قىسىم جايلاردا ھەتتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىمۇ خەنزۇ تىلدا سۆزلەشنى تەلەپ قىلىشتەك ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىكلەر؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىللىق ۋە مەۋسۇملۇق نەتىجىسىدە ئىلگىرىكى بىر سىنىپتا بىر قانچە ئوقۇغۇچى لاياقەتسىز بولىدىغان ھالەتنىڭ دەل ئەكسىچە بىر سىنىپتا ئاران بىر قانچە ئوقۇغۇچىلار لاياقەتلىك بولالايدىغان ھالەتلەر؛ بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئىي پەنلەرنى ئانا تىلدا ئۆگىنىش ھوقۇقى ۋە پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇشى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان تەپەككۇر كەمتۈكلۈكى (يەنى تەبىئىي پەنلەرگە دائىر ئانا تىلدىكى تەپەككۇرنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇشى)؛ ئوقۇغۇچىلاردىكى پسىخىك ۋە جىسمانىي ساغلاملىق مەسىلىلىرى، يەنى مەكتەپتىن بىزار بولۇش، مەكتەپتىن قېچىش، ئىشتىھاسىزلىق، روھسىزلىق، جۇغى كىچىك، بەدىنى ئاجىز بولۇش... قاتارلىق بىر قاتار ئىنتايىن ئېغىر، چىداپ تۇرغۇسىز، تەخىرسىز مەسىلىلەر ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىماقتا! بۇ ئېنىقكى بىر خاتا يۆنىلىش! قېنى دۇنيادا قايسى تەرەققىي قىلغان، ئىلغار مىللەت ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى خەقنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغان؟ بىز ئۇيغۇرلار شۇنچە ئاجىز، شۇنچە قورقۇنچاق بولۇپ كەتكەندىمىزمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشتا كەڭ جامائەت پىكرى ھاسىل قىلالمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن

**بەلگىلىك ساندىكى ئادەملىرىمىز يىغىلىپ، بىرلىشىپ ئىلمىي ئاساسلىرىمىز بىلەن يوللۇق تەلەپلىرىمىزنى قويالمايمىز؟»**

مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىشنىڭ ئەمەلدىن قالدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ، بۇ ئىشنىڭ مىللەتكە ئېلىپ كېلىدىغان ھەر خىل يامان ئاقىۋەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشتىن ئۆزۈمنى توختىتالمىدىم. قوش تىللىق مائارىپ سىياستى ئۇيغۇر ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگىچە سىڭىپ كىرىشكە باشلىغاندىن كېيىن بولسا، ئانا تىلنى ئۆگىنىش-ئۆگەنمەسلىك بىلەن بالىلارنىڭ تىل ۋە بىلىم ئېلىش جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار، ۋە شۇ ئارقىلىق بايقالغان يېڭى ئىلمەر توغرىسىدا ئىزدىنىشنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. ھەمدە شۇ ئارقىلىق خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم. ھازىر ھەر قېتىم قوش تىللىق مائارىپ ساھەسىدىكى زامانىۋى بىلىملەر ئاساسىدا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ، ئۇيغۇر تىلى دۇچ كېلىۋاتقان تەقدىرنى ئويلىغىنىمدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ئازابلىنىش ۋە ئەنسىرەش تۇيغۇسى قاپلىۋالدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، خېلى كۆپ ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ھازىرقىدەك باشلانغۇچ 1-سىنىپىدىن باشلاپلا ئانا تىلنى پۈتۈنلەي قايرىپ قويۇپ، پەقەت خەنزۇ تىلىنىلا ئۆگىنىشى، ھەمدە ھەممە دەرسلەرنىمۇ خەنزۇ تىلىدا ئاڭلىشى، ھازىرغىچە ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرى بويىچە قارىغاندا پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، ئۇ بالىلار تىل ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئېلىش جەھەتتىكى تەرەققىياتتا ئېغىر دەرىجىدە زەخىملىنىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىدىندۇر. مەن ئۇشبۇ يازمامدا ئۆزۈم ھازىرغىچە قوش تىللىق مائارىپ مەسىلىسى ئۈستىدە ئىگىلىگەن ئىلمىي بايقاشلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مەن دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيندىن مەئارىفۇل لۇغەتەينگىچە» (http://www.meripet.com/Sohbet1/Erkinb2.htm) دېگەن ماقالىسىنى بۇرۇن بىر قېتىم تەپسىلىي ئوقۇپ چىققان ئىدىم. بۇ قېتىم ئۇشبۇ يازمىنى تەييارلاشتىن بۇرۇن، ئۇ ماقالىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. مەقسىتىم جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان قوش تىللىق مائارىپ توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنى تولۇقراق بىلىۋېلىش، ھەمدە مۇشۇ ساھەدىكى بىر قانچە سوئالغا جۇڭگودا قانداق ئىلمىي جاۋابلار تېپىلغىنىنى ئۇقۇۋېلىش ئىدى. لېكىن، مەن ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندىم. مېنىڭ ئۈمىدسىزلەنگىنىم دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ ماقالىسى ئەمەس. مەن ھەر قېتىم ئۇ ماقالىنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇنىڭدىن ناھايىتى تەسىرلەندىم، ھەمدە دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىيدىن ناھايىتى پەخىرلەندىم. مېنىڭ ئۈمىدسىزلەنگىنىم، جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئىنتايىن كەمچىللىكىدۇر. ئەگەر جۇڭگودا بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بولسا، دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ ماقالىسىدىن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب تاپالىغان بولاتتىم:

--بالىلارغا ئانا تىل بىلەن يەنە بىر يات تىلنى ئۆگىتىش ئۇلارنىڭ تىل ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئېلىش جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

--بۇ تىللارنى ئۆگىتىش ئۇسۇلى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئانا تىلنى ئالدىدا، يات تىلنى كەينىدە ئۆگىتىش كېرەكمۇ، ياكى يات تىلنى ئالدىدا، ئانا تىلنى كەينىدە ئۆگىتىش كېرەكمۇ، ۋە ياكى ئىككى تىلنى تەڭلا ئۆتتۇش كېرەكمۇ؟ ئامېرىكا بۇ جەھەتتە تۆت خىل ئۇسۇلنى بايقاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى

ئەڭ ياخشىسىنى ئىشلىتىشنى يولغا قويۇۋېتىپتۇ.
--بالىلار ئىككىنچى تىلنى قانچە يېشىدىن باشلاپ ئۆگەنسە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ؟

ئۇيغۇر دىيارىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ھازىر «قوش تىللىق مائارىپ» سىياسىتىنىڭ «يەككە تىللىق مائارىپ» قا ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ھەممەيلەنگە مەلۇم. ئەسلىدە بۇ «يەككە تىللىق مائارىپ» سىياسىتىنى تۈزگەن ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىۋاتقان ئەمەل ئەھلىلىرى بىر قىسىم زىيالىيلارنى تەشكىللەپ، مەخسۇس ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ياكى بولمىسا تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرى ئاللىقاچان ئېلىپ بېرىپ بولغان ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرىنى يىغىپ ۋە تولۇق ئۆگىنىپ، شۇ ئاساستا ئالدى بىلەن يۇقىرىقى سوئاللارغا مۇكەممەل جاۋاب تېپىپ چىققان بولسا، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىش قىلغان بولاتتى. لېكىن، مېنىڭ ھازىرغىچە بولغان چۈشەنچەمگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر دىيارىدا ئۇنداق ئىشلار بولۇپ باقمىغان. ئۇشبۇ يازمىدا يۇقىرىقىدەك سوئاللارنىڭ مەن ھازىرغىچە ئىزدىنىپ تاپقان جاۋابلىرىنى تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن.

## 1. قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇۋاتقان جەمئىيەتلەرنىڭ تىپلىرى

قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇشتىكى ئېھتىياج ۋە مەقسەتكە ئاساسەن، دۇنيادىكى دۆلەت ۋە جەمئىيەتلەرنى مۇنداق ئۈچ تىپقا ئايرىش مۇمكىن:

(1) دۇنياۋىلىشىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويغان جەمئىيەت. يېقىنقى بىر قانچە ئون يىل مابەينىدە، ئىنسانلارنىڭ دۇنياۋىلىشىش سەۋىيىسىدە تېز تەرەققىياتلار يۈز بېرىپ، كىشىلەرنىڭ بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە كۆچۈشى كۆنسايىن كۆپىيىپ ماڭدى. بۇنداق كۆچۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەردىن تۆۋەندىكىلەر بار: ياخشىراق ئىقتىسادىي شەرت-شارائىتنى قوغلىشىش، تۇغۇش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن دۆلەتلەر تاشقى ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق بولۇش، ئۇرۇشقا دۇچ كەلگەن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ... 

(2) بىر چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنىڭ تىل ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئېلىش جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان جەمئىيەت.

ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ، شۇنداقلا جۇڭگودىكى خەنزۇلار رايونلىرىنىڭ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن جەمئىيەت مانا مۇشۇنداق جەمئىيەتنىڭ مىسالى بولالايدۇ. مەن بۇ خىل جەمئىيەتنى 2-تىپتىكى جەمئىيەت، دەپ ئاتايمەن.

(3) ئەگەر بىز ئىنسانلار تارىخىنى ئوبدان تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ پۈتۈن جەريانىدا سىياسىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرغان مىللەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى باستۇرۇپ ياكى چەكلەپ كەلگەنلىكىنى بايقايمىز. بۇنداق ئىشلار دۇنيادا ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇنى «تىل جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇنداق قىرغىنچىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي قورالى مائارىپ بولۇۋاتىدۇ. بىر ئاز لىبېرالىست گۇرۇپپىلار مائارىپتىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى چوڭ مىللەتنىڭ ئىچىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياستىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. ناتسىست-فاشىستلارغا ئوخشاش گۇرۇپپىلار بولسا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى ئۆز رايونى ياكى دۆلىتىدىن قوغلاپ چىقىرىش ياكى بولمىسا ئاساسىي ئېقىمنى تەشكىل قىلغۇچى جەمئىيەتنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمەسلىك ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. مەن مۇشۇنداق ئىشلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنى 3-تىپتىكى جەمئىيەت، دەپ ئاتايمەن. بۇنداق جەمئىيەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مىللەت باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل، مەدەنىيەت، ئىرق ۋە دىن جەھەتلەردىكى ئۆزى بىلەن بولغان پەرقنى ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىگە بولغان تەھدىت، دەپ قاراپ، بۇ «مەسىلىلەر» نى ھەر خىل مائارىپ سىياسەت - تۈزۈملىرى ئارقىلىق «ھەل قىلىش» قا تىرىشىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاشۇ جەمئىيەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مىللەت يولغا قويغان «ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش» سىياستى بىلەن «قوغلاپ چىقىرىش» سىياستى ماھىيەتتە ئوخشاش نەرسە بولۇپ، ھەر ئىككىسى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «مەسىلە» نى «ھەل قىلىش» نى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. مۇشۇنداق ئىككى خىل سىياسەتلەرنىڭ ئاستىدا ياشاۋاتقان تىلى بىلەن مەدەنىيتى ھەر خىل بولغان مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازىنى ساھىپخان جەمئىيەتكە ئاڭلىتالمايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساھىپخان جەمئىيەتكە كۆرستەلمەيدىغان بىر ھالەتتە ياشاشقا مەجبۇرى بولىدۇ. مائارىپتىكى ئاسسىمىلياتسىيە سىياستى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بىلەن ئانا مەدەنىيتىنى ساقلاپ قالغان كىشىلەرگە بولسا «ئىقتىدارى تۆۋەن كىشىلەر»، دەپ قارايدۇ.

قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويغان جەمئىيەتنى يۇقىرىقىدەك ئۈچ تىپقا ئايرىش ئۇسۇلىنى مەن بىرەر ماتېرىيالدا كۆرگەن ئەمەس. ئۇنى مەن ئۆزۈم ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئەگەر يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل جەمئىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ بىر خەرىتە تۈزسەك، ئۇيغۇرلار ئۇ خەرىتىنىڭ قايسى قىسمىغا توغرا كېلىدۇ؟ مېنىڭچە، قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇشتىكى مەقسەت بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بۇ خەرىتىنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان، دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، بۇ قوش تىللىق مائارىپنىڭ نىشانى بولغان خەلق ۋە ئۇ خەلق ياشاۋاتقان ماكان نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بۇ خەرىتىنىڭ ھېچقانداق يېرىگە توغرا كەلمەيدۇ. چۈنكى، 1-تىپتىكى جەمئىيەت چەت ئەلدىن كۆچۈپ كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشىغا ۋە يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن دۆلەتنىڭ ئاساسىي تىلىنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكى جەمئىيەتتە يەرلىك خەلقنىڭ ئانا تىلىنى ئاساسلىق تىل قىلىپ ئىشلىتىپ، ئۇلارغا بىر چەت ئەل تىلى قوشۇمچە ئۆگىتىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكى جەمئىيەتتە باشقا رايون ياكى چەت ئەلدىن كۆچمەن بولۇپ

كەلگەن خەلقنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەقسىتىدە كۆچمەن مىللەتلەرنى تىل جەھەتتە چەكلەيدۇ، ياكى بولمىسا ئۇلارنى ساھىپخان دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ھازىر ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئەھۋال يۇقىرىقى 3 خىل ئەھۋالنىڭ ھېچ قايسىسىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى يەرلىك مىللەتنىڭ ئانا تىلى ئۆز ماكانىدا چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقان بىر جەمئىيەت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ماقالىنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا يەنە ئازراق توختىلىمەن.

## 2. ئامېرىكىدا يولغا قويۇلغان قوش-تىللىق مائارىپ پروگراممىلىرى

يۇقىرىدا چۈشەندۈرگەن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى جەمئىيەتتىكى قوش تىللىق مائارىپنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىلمىي ئاساسى ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، مەن ئالدى بىلەن ئامېرىكىدىكى قوش تىللىق مائارىپ ئۇسۇللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مائارىپ ساھەسىدىكى مەسئۇل كادىرلار، مائارىپشۇناسلار ۋە بالىلار پسىخولوگىيىسى مۇتەخەسسىسلىرى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان مەخسۇس تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، نەچچە ئون يىل تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، 1968-يىلى تۇنجى قېتىم «قوش تىللىق مائارىپ قانۇنى» نى تۈزۈپ چىققان. بۇ قانۇندا ئانا تىلى ئىنگلىز تىلى بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتا ئالاھىدە ئېھتىياجى بارلىقى ئېتراپ قىلىنغان. بۇ قانۇن ماقۇللانغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدىكى ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى ۋە نەزەرىيىچىلەر قانداق قىلىپ ئانا تىلى ئىنگلىز تىلى ئەمەس ئوقۇغۇچىلارنى ئىنگلىز تىلىدا دەرس ئاڭلىيالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈش ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىققان. ئۇلار تاپقان ئاساسلىق ئۇسۇللاردىن مۇنداق تۆت خىلى بار:

(1) ئۆتكۈنچى باسقۇچ تەرىقىسىدە ئۆگىتىش ئۇسۇلى (transitional bilingual education). بۇ ئۇسۇلدا ئانا تىلى ئىنگلىزچە بولمىغان، چەت ئەلدىن ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇشنى دەسلەپتە ئىنگلىز تىلىدا ئەمەس، ئۆز ئانا تىلىدا باشلايدۇ، ھەمدە ئىنگلىزچىنى بىرىنچى چەت ئەل تىلى سۈپىتىدە ئۆگىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا ئاساسىي مائارىپ ئېقىمىغا قوشۇلىدۇ.

(2) چۆكتۈرۈپ ئۆگىتىش ئۇسۇلى (submersion bilingual program). بۇ ئۇسۇلنى بىر مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرەي. مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە بولغاندا، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ خەنزۇ رايونىدىكى بىر قىسىم خەنزۇ بالىلىرىغا يەسلىدىن باشلاپ ھەممە دەرسلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر تىلى بىر ئايرىم دەرس سۈپىتىدە ئۆتۈلمەيدۇ.

(3) غەرق قىلىپ ئۆگىتىش ئۇسۇلى (submersion bilingual program). بۇ ئۇسۇلنىمۇ بىر مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرەي. بۇ ئۇسۇل بويىچە بولغاندا، مەكتەپ يېشىدىن بۇرۇن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇر بالىلىرى نورمال سىنىپتا خەنزۇ بالىلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇيدىغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىلمەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ بەزى شتاتلىرىدىكى خەلق بۇ ئۇسۇل ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، بەزى شتاتلار بۇ ئۇسۇلنى «قانۇنسىز ئۇسۇل» دەپ چەكلىگەن ئىشلارمۇ بار ئىكەن.

(4) ئىنگلىز تىلىنى ئىككىنچى چەت ئەل تىلى قىلىپ ئۆگىتىش ئۇسۇلى (ئىنگلىزچە «English as a Second Language program» بولۇپ، ئۇنى قىسقارتىپ «ESL program»

دەپ ئاتايدۇ). بۇ ئۇسۇل يۇقىرىقى «غەرق قىلىپ ئۆگىتىش ئۇسۇلى» بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئانا تىلى ئىنگلىز تىلى ئەمەس ئوقۇغۇچىلار بىر مەزگىل كۈندۈزدىكى دەرسنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا مەخسۇس ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدۇ. مېنىڭ قىزىم دىلنارە 6 ياشقا كىرگەندە، ئوغلۇم دىلشات بولسا 4- 5 ياشقا كىرگەندە ئامېرىكىغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى مۇشۇ «ESL» پروگراممىسىدا باشلانغۇچنىڭ 2-يىللىقىنى تۈگەتكۈچە ئوقۇغان.

ئالدىنقى بىر قانچە يىلنىڭ مابەينىدە، مەن ئۇيغۇر دىيارىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان «قوش تىللىق مائارىپ» سىياستى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى چۈشىنىپ بېقىش مەقسىتىدە خېلى ئىزدىنىپ كەلگەن بولساممۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەهۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرەر ماتېرىيالنى تاپالمىغان ئىدىم. يېقىندا مۇشۇ ساهەدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە يېزىلغان، خەلقئارادا ئەڭ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە ئۈچ دانە كىتاب، ھەمدە ئاشۇ 3 كىتابنىڭ مەزمۇنىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا يېزىلغان بىر ماقالىنىمۇ تاپتىم. ھەمدە خۇددى بىر گۆھەر تېپىۋالغاندەك خوش بولۇپ كەتتىم. بۇ ماقالىنى يازغان كىشىنىڭ ئىسمى جىم كۇمىنس (Jim Cummins) بولۇپ، ئۇ يۇقىرىقى 3 كىتابنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ئاپتورى ئىكەن (مەن بۇ 3 كىتابنىڭ ئۈچۈرىنى مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىغا تەپسىلىي يېزىپ قويىدۇم. قىزىققۇچىلار ئۇ كىتابلارنىڭ ئۈچلىسىنى www.amazon.com دىن سېتىپ ئالالايدۇ). ئۇ ھازىر كانادانىڭ «تورونتو ئۇنىۋېرستېتى» نىڭ پروفېسسورى ئىكەن. قالغان ئىككى كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى كولىن باكېر (Colin Baker) بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيىدىكى ۋەلس ئۇنىۋېرستېتى (University of Wales) نىڭ مائارىپشۇناسلىق پروفېسسورى، ئەنگلىيە پسىخولوگىيە جەمئىيىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەزاسى ئىكەن. يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى بولسا توۋ سكۇتناب كەڭگېس (Tove Skutnabb-Kangas) بولۇپ (http://www.neiu.edu/~duo/skutnabb.htm)، ئۇ فىنلاندىيىدىكى روسكىلد ئۇنىۋېرستېتى (University of Roskilde)نىڭ پروفېسسورى ئىكەن. ئامېرىكىنىڭ قوش تىللىق مائارىپىنى «ئۆتكۈنچى باسقۇچ تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى» (يەنى يۇقىرىقى 1-ئۇسۇل) بويىچە يولغا قويۇش قارارى ئاشۇ پروفېسسور جىم كۇمىنس ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىكەن. ھازىر ئېسىڭىزگە ئېلىپ بېقىڭ: بۇ 1-ئۇسۇل يۇقىرىقى قانچىنچى جەمئىيەتكە ماس كېلىدۇ؟ بىرىنچى جەمئىيەتكە. ئۇيغۇر جەمئىيىتى يۇقىرىقى 1-جەمئىيەتكە كىرمىسىمۇ، مۇشۇ 1-ئۇسۇلنى يولغا قويۇشقا 1-جەمئىيەتكە قارىغاندىمۇ بەكرەك ماس كېلەتتى. لېكىن، ھازىر ئۇنداق شارائىتقا ئېرىشىشتىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەن كېيىنكى قىسىمدا مۇشۇ 1-ئۇسۇلنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىنى پروفېسسور جىم كۇمىنسىنىڭ ماقالىسىنىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ نورمالنى ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ئۆز مىللىتىنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر بىر ئۇيغۇر ئاتا-ئانىسى، ھەر بىر ئۇيغۇر پۇقراسى، ۋە ھەر بىر ئۇيغۇر ئەمەل ئەھلىنىڭ تۆۋەنكى قىسىمدىكى مەزمۇنىنى ئوبدان ھەزىم قىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى قوش تىللىق مائارىپ ئەهۋالىغا ماس كېلىدىغان ئەهۋال ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتقا ئائىت ماتېرىياللارنى تېپىش ئۈچۈنمۇ خېلى ئىزدەنگەن بولساممۇ، ھازىرغىچە ئۇنداق ماتېرىيالدىن بىرەرنى ئۇچرىتالمىدىم. مېنىڭچە ئۇنداق بولۇشىنىڭ مۇنداق 3 تۈرلۈك ئېھتىماللىقى بار. (1) بۇنداق ئەهۋالغا دۇچ كەلگەن مىللەتلەردىن ئۇيغۇرلاردىن باشقىسى يوق. (2) ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش مىللەتلەر ماددىي ۋە پەننىي جەھەتتە ئاجىز بولۇپ، ئۆز ماكانىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تىل ئۆگىنىشنى ئانا تىلدىن باشلىماسلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرىسىدا

تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى يوق. (3) مېنىڭ ئىزدىنىشىم يېتەرلىك ئەمەس (بۇ بىر پاكىت). ئۇقۇرمەنلەرنىڭ باھاسىغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۈچ كىتابنىڭ ئىچىدىكى 3-كىتاب (بۇ كىتاب جەمئىي 800 بەت ئىكەن) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئانا تىل قىلغان خەلقلەرنىڭ ئەخلاقىي، قانۇنىي ۋە سىياسىي ھوقۇقى، ھەممە تىل جەھەتتىكى ئىنسان ھوقۇقى توغرىسىدىكى خەلقئارا سىياسەت ۋە يولغا قويۇلغان تۈزۈملەر توغرىسىدىمۇ تەپسىلىي توختىلىدىكەن. مەن كېيىنچە ئاشۇ كىتابنى كۆرۈپ چىقىپ، ئەگەر ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق مەزمۇن تاپالىسام، مۇشۇ يازمامنىڭ ئىككىنچى قىسمى قىلىپ يەنە بىر پارچە يازما تەييارلاشنى ئويلاۋاتىمەن.

## 3. ئانا تىلنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ھازىرغىچە بايقالغان پەننىي بىلىملەر

ھازىر شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 1-تىپتىكى جەمئىيەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا سۆزلەشسە تەن جازاسىغا ئۇچرىمايدۇ. لېكىن، ھازىر ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇلۇۋاتقان بىر كۈچلۈك سىگنال شۇكى، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ئوقۇتقۇچىڭىز ۋە جەمئىيەت ئۆز ئىچىگە ئالسۇن دېسىڭىز، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ ئانا تىلى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىدىن يىراقلىشىشىڭىز شەرت. لېكىن، بۇنداق قىلىش بالىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ناھايىتى زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش بالىلارنىڭ نورمال ھالدا بىلىم ئېلىشىغا، ھەممە پەرزەنت بىلەن ئاتا-ئانا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىگە زور دەرىجىدە يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. دۇنيا ئەتراپ قىلغان مائارىپشۇناسلارنىڭ بىر ئورتاق كۆز-قارىشى شۇكى، بىر سىنىپتا ئۆتىلىدىغان دەرسلەر شۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قابىلىيىتى بىلەن تالانتىنى ئۆستۈرىدىغان بولۇشى كېرەك. مەيلى سىز مەقسەتلىك قىلىڭ ياكى چۈشەنمەسلىكتىن قىلىڭ، ئەگەر سىز بالىلارنىڭ تىلىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە بوۋا-مومىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ تاشلايدىكەنسىز، سىز مائارىپنىڭ ئەسلى مەقسىتىدىن پۈتۈنلەي چەتنەپ كەتكەن بولىسىز.

بىر بالىنىڭ ئانا تىلى ئاشۇ بالىنىڭ كىشىلىك تەرەققىياتى بىلەن ئوقۇشتىكى تەرەققىياتىدا قانداق رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار ۋە شۇ ئارقىلىق بايقالغان ئىلمىي چۈشەنچىلەر مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۈچ كىتابتا تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇ ئۈچ كىتابتىن باشقا، مەن بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا لوس ئانژېلىس ناھىيىلىك كۈتۈپخانىدىن يەنە بىر 22 بەتلىك كىتاب تاپتىم (مۇشۇ ماقالىنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى 4-كىتاب). بۇ كىتابنىمۇ يۇقىرىقى ئۈچ كىتابنىڭ بىرسىنىڭ ئاپتورى توۋ سكۇتناب كەڭگېس (Tove Skutnabb-Kangas) خانىم 1979-يىلى نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شۋېتسىيىگە كۆچمەن بولۇپ كەلگەن فىنلاندىيىلىك بالىلارنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇشتىكى نەتىجىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار دوكلات قىلىنغان ئىكەن. بۇ دوكلاتتا شۋېتسىيە مەكتەپلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان قوش تىللىق مائارىپ ئۈستىدىكى تەجرىبىلەر ۋە بۇ تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىپتۇ. مېنىڭچە بۇ دوكلاتنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىرەر مائارىپ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىشقا ناھايىتىمۇ ئەرزىيدىكەن. ئەگەر مۇشۇنداق قىلىشنى خالايدىغانلار بار بولۇپ، مەن بىلەن ئالاقىلەشسە، مەن ھېلىقى دوكلاتنى كوپىيە قىلىپ ماڭدۇرۇپ بېرىمەن. بۇ دوكلاتتا تۆۋەندىكى پەننىي بايقاشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

--دەرسلەر فىنلاندىيە تىلىدا قانچە ئۇزۇن ئۆتۈلسە، بالىلارنىڭ شۋېتسىيە تىلىدا ئۆتۈلگەن

دەرسلەردىكى ئوقۇش نەتىجىسىمۇ شۇنچە ياخشى بولغان.

--فىنلاندىيە تىلىدا دەرس ئېلىپ باقمىغان بالىلارنىڭ ئانا تىل سەۋىيىسى زور دەرىجىدە چېكىنگەن، ھەمدە شۋېتسىيە تىلىدىمۇ ئاشۇ تىلنى ئانا تىل قىلغان مىللەتنىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەن. بۇ «كېمەيتىلگەن قوش تىللىق» ياكى «يېرىم قوش تىللىق» (subtractive bilingualism, semibilingualism) دەپ ئاتىلىدۇ.

--توۋ سكۇتناب كەڭگېس خانىمنىڭ پەرىزىچە، ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىنى 10 ياشقا توشۇشتىن بۇرۇن ئانا تىلدا دەرس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلسا، ئۇلارنىڭ تونۇش ئىقتىدارى (cognitive ability) نىڭ تەرەققىي قىلىشى ناھايىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

تۆۋەندە مەن ئانا تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ھازىرغىچە بايقالغان، يۇقىرىقى ئۈچ كىتابتا بايان قىلىنغان قالغان پەننىي چۈشەنچىلەرنى قىسقىچە تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن. ئۇ كىتابلاردا بۇ مەزمۇنلار 1-خىلدىكى جەمئىيەتكە قارىتا يېزىلغان بولۇپ، مېنىڭچە ئۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تېخىمۇ بەكرەك ماس كېلىدۇ.

(1) قوش تىللىق بولۇش بالىلارنىڭ تىل ۋە ئوقۇش جەھەتتىكى تەرەققىياتىدا ئىجابىي رول ئوينايدۇ. ئەگەر بالىلار باشلانغۇچ مەكتەپ مەزگىلىدە ئۆز ئىقتىدارلىرىنى 2-3 تىلدا تەرەققىي قىلدۇرسا، ئۇلار تىل ۋە ئۇنى قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر ئىككى تىلدا ساۋاتىنى چىقارسا، ئۇلار تىلنى بىر تەرەپ قىلىشتا تېخىمۇ كۆپ پراكتىكا قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاشۇ ئىككى تىلدا رېئاللىقنى قانداق ئىپادە قىلىدىغانلىقنى سېلىشتۇرۇپ چۈشىنەلەيدۇ. ئالدىنقى 35 يىل مابەينىدە ئېلىپ بېرىلغان 150 تىن كۆپ تەتقىقات تېمىسى گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ Goethe دېگەن مۇنداق بىر گەپنى ناھايىتى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى: پەقەت بىرلا تىلنى بىلىدىغان كىشى ئۇ تىلنى ھەقىقىي تۈردە بىلمەيدۇ. ھازىرغىچە بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىسپاتلىغان يەنە بىر نەرسە شۇكى، قوش تىللىق بالىلار ئۇچۇرلارنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تىلدا بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى تېخىمۇ جانلىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. مۇشۇنداق بولۇشنىڭ بىر ئىپادىسى، قوش تىللىق ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانلاردا بىر تىللىق ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا كۆپ ياخشى بولىدۇ.

جۇڭگو، ياپونىيە ۋە ياۋروپا ئەللىرى قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرى ھازىر دۇنيا تىلى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكە موھتاج. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت تىلى ئىنگلىز تىلى بولۇپ، بۇ تىل دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئىشلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئەسلىدە ئامېرىكىلىقلار باشقا بىر تىلنى ئۆگەنمىسىمۇ بولار ئىدى. لېكىن، يۇقىرىقى تەتقىقات نەتىجىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئامېرىكىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئىسپانچە، فرانسۇزچە، ئىتاليانچە، گېرمانچە ۋە خەنزۇچە قاتارلىق تىللارنى دەرس سۈپىتىدە ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلاردىن كەم دېگەندە ئاشۇ تىلدىن بىرنى تاللاپ ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭ قىزىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ ھەر ئىككىسى مەكتەپتە ئىسپانىيە تىلىنى ئۆگەنگەن.

(2) بالىلارنىڭ ئانا تىل سەۋىيىسى ئۇلارنىڭ كېيىن ئۆگىنىدىغان ئىككىنچى تىلدىكى سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئانا تىلى بىلەن مەكتەپ تىلى ئوخشىمايدىغان بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن ئانا تىلدا كۈچلۈك ئاساس ياراتقان بالىلارنىڭ

مەكتەپ تىلىنى پۇختا ئىگىلەش ئىقتىدارىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئاتا-ئانىلار كىچىك بالىسى ئۈچۈن پېتەرلىك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بالىسى مەكتەپ يېشىغا توشۇشتىن بۇرۇن ئۇلاردا ئانا تىل سۆز ئىبارىلىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنى ئوبدان يېتىلدۈرسە، بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن مەكتەپ تىلىنى ئاسانراق ئۆگىنىپ، باشقا ئوقۇشتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالايدۇ. بالىلار ئۆيدە ئانا تىل ئارقىلىق ئىگىلىگەن بىلىم بىلەن ئىقتىدار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن مەكتەپ تىلىدىكى بىلىم بىلەن ئىقتىدارغا ئۆزگىرىدۇ. بالىلارنىڭ ئۇقۇم ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئانا تىل بىلەن مەكتەپ تىلى ئۆز-ئارا بېقىنىدىغان بولىدۇ. ئۇقۇم بىلەن تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا كۆچۈشى قوش-يۆنىلىشلىك بولىدۇ. يەنى، مەكتەپتە بىرەر قوش تىللىق پروگراممىسى ئارقىلىق ئانا تىل تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، بالىلار مەكتەپ تىلى توغرىسىدا ئىگىلىگەن ئۇقۇم بىلەن تىل-ساۋات ئىقتىدارى ئانا تىلغا يۆتكىلىدۇ. قىسقىسى، ئەگەر مائارىپ مۇھىتى ھەر ئىككى تىلنىڭ تەڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويسا، بۇ ئىككى تىل ئوقۇشتا بىر-بىرىگە ياردەم قىلىدۇ.

(3) مەكتەپتە بالىلارنىڭ ئانا تىل ئىشلىتىشىنى كۈچەيتىش يالغۇز ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بالىلارنىڭ مەكتەپ تىلىدىكى ھەر خىل ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ پايدىلىق. يۇقىرىدىكى بايقاشلاردا كۆرسىتىپ ئەتكەندەك، قوش تىللىق بولۇش بالىلارنى تىل جەھەتتىكى يېڭى ئەۋزەللىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنداقلا ئىككى خىل تىلدىكى ئىقتىدارلار بىر-بىرىگە ناھايىتى بېقىنىدىغان بولىدۇ. ئەگەر مەكتەپ ئانا تىل ئۆگىتىشنى ئۈنۈملۈك ھالدا يولغا قويىدىكەن، ھەمدە شەرت-شارائىت يار بەرگەندە بالىلارنىڭ ئانا تىلىدىكى ساۋاتىنى تولۇق چىقىرىدىكەن، قوش تىللىق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئوقۇشىدا تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر بالىلار ئانا تىلىنى تاشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدىكەن، ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئانا تىلىدىكى تەرەققىياتى كەينىگە چېكىندۈرۈلىدىكەن، ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىشتىكى كىشىلىك ۋە ئىدىيىۋى ئاساسى ئاجىزلاشتۇرۇلىدۇ.

نۇرغۇن تورداشلار ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1-يىللىقىدىن باشلاپ كۆپ مىقداردىكى دەرسلەر خەنزۇ تىلىدا ئۆتىلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ياكى بولمىسا ئۇيغۇر تىلى زادىلا ئۆتۈلمىگەندىن كېيىن ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىدا ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان دەرىجىدە چېكىنىش پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مېنىڭچە مۇشۇ ئابزاستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي بايقاشلار ئاشۇنداق بولۇشنىڭ بىر قىسىم سەۋەبلىرىنى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

(4) مەكتەپتىكى دەرسلەرنى بالىلارنىڭ ئانا تىلدا ئۆتۈش ئۇلارنىڭ مەكتەپ تىلىدىكى ئاكادېمىك تەرەققىياتىغا ھەرگىزمۇ يامان تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر مائارىپ ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئارقىلىق بايقىغان بىر كۈچلۈك ھۆكۈم شۇ بولدىكى، بىر ياخشى ئىجرا قىلىنغان قوش تىل پروگراممىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ تىلىدىكى تەرەققىياتىغا ھېچقانداق سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەيلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئانا تىلىدىكى ساۋاتى بىلەن ئانا تىلىدىكى كەسپىي بىلىملىرىنىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستۈرىدۇ. بېلگىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە يولغا قويۇلغان ئانا تىل، گوللاندىيە تىلى ۋە فرانسۇز تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ تىلدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش پروگراممىسى بۇنىڭ بىر مىسالى بولالايدۇ. بۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى مۇنداق. بالىلار ئانا تىلدا بىلىم ئالغاندا، ئۇلار بىر تار سېزىم دائىرىسىدىكى ئاشۇ بىر تىلنىلا ئۆگىنىپ قالماي، ئۇلارنىڭ مەكتەپ تىلى مۇھىتىدىمۇ جارى قىلدۇرىدىغان ئىقتىدارلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇم ۋە ئەقلىي ماھارەتلىرىنىمۇ

تەڭ ئۆگىنىدۇ. ئانا تىلدا ۋاقىتنى دەپ بېرەلەيدىغان بالىلار ۋاقىت ئۇقۇمىنى تولۇق چۈشىنىدۇ. ئىككىنچى بىر تىلدا ۋاقىتنى دەپ بېرەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن ئۇلار ۋاقىت ئۇقۇمىنى قايتا ئۆگىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار پەقەتلا ئۆزلىرى ئاللىقاچان ئۆگىنىپ بولغان بىر ئەقلىي ئىقتىدارغا بىر يېڭى بەلگە تاپىسلا كۇپايە. بۇ خىل ئەھۋال بىلىم ئېلىش جەريانىنىڭ يۇقىرى باسقۇچلىرىدىمۇ ئوخشاشلا داۋام ئېتىدۇ. يەنى، بىر مەزمۇن ياكى ھېكايىدىكى ئاساسىي ئىدىيە بىلەن قوشۇمچە ئىدىيىلەرنى پەرقلەندۈرۈش، سەۋەب بىلەن نەتىجىنى ئايرىش، پاكىت بىلەن پىكىرنى پەرق ئېتىش، بىر ھېكايە ياكى تارىختىكى ۋەقەلەرنىڭ ۋاقىت تەرتىپىنى توغرا تىزىپ چىقىشقا ئوخشاش ئاكادېمىك ۋە تىل ساۋاتى ئىقتىدارى جەھەتتە ئوخشىمىغان تىللار ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئالمىشىش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

(5) بالىلارنىڭ ئانا تىلى نازۇك بولۇپ، مەكتەپ ھاياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا ئاسانلا يوقاپ كېتىدۇ. مەكتەپ تىلى ئانا تىلى ئەمەس بالىلار مەكتەپ تىلى بىلەن ئانا تىلى ئوخشاش بالىلارغا قارىغاندا مەكتەپ تىلىدا سۆزلىشىشنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالىدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، مەكتەپ تىلى ئانا تىلى ئەمەس بالىلار ئانا تىلىنى ناھايىتى تېزلا يوقىتىپ قويىدۇ. يالغۇز مەكتەپتىلا ئەمەس، ئۆيىدىمۇ ھەم شۇنداق. ئەگەر ئانا تىل مەكتەپ سىرتىدىكى مۇھىتتا كۆپ ئىشلىتىلسە، كىچىك بالىلارنىڭ ئانا تىلنى يوقىتىپ قويۇش دەرىجىسىمۇ تۆۋەنرەك بولىدۇ. ئەمما، ئەگەر ئۆز مىللىتىدىن بولغان كىشىلەر مەكتەپ ئەتراپىدىكى رايوندا توپلىشىپ ياشىمىغان بولسا، بالىلار ئۆز ئانا تىلدا سۆزلىشىشنى مەكتەپكە كىرىپ 2-3 يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بالىلار ئانا تىلنى چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي قالمىسىمۇ، ساۋاقداش ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن مەكتەپ تىلدا سۆزلىشىدىغان، ئاتا-ئانىسىغا مەكتەپ تىلدا جاۋاب قايتۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق بالىلار چوڭ بولغاندا بولسا، ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى تىل جەھەتتىكى پەرق بىر ھېسسىي ئازگالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنداقلا بالىلار ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى چەتكە قاقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بالىلارنىڭ ئانا تىلنى يوقىتىپ قويۇش دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار چوقۇم بىر كۈچلۈك ئائىلە تىل پروگراممىسىنى يولغا قويۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئانا تىلنى ئىشلىتىش پۇرسەتلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كۆپەيتىپ بېرىشى كېرەك. مەسىلەن، ئۆي ئىچىدە پۈتۈنلەي ئانا تىلدا سۆزلىشىش، ئانا تىلدا كىتاب ئوقۇش، ئانا تىلدا ماقالە يېزىش، ۋە ئەسلى يۇرتىغا بېرىپ تۇغقان يوقلاش قاتارلىقلار. بۇ جەھەتتە ئوقۇتقۇچىلارمۇ ناھايىتى چوڭ رول ئوينىيالايدۇ. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچىلار بالىلارغا بىر تىلنى ئارتۇق بىلىشنىڭ ئىنتايىن پايدىلىق ئىش ئىكەنلىكىنى، قوش تىللىق بولۇش تىل ۋە ئەقىل جەھەتتىكى بىر چوڭ نەتىجە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلسا بولىدۇ.

(6) مەكتەپتە بالىلارنىڭ ئانا تىلىنى تاشلىۋېتىش بالىلارنى تاشلىۋەتكەنلىك بىلەن باراۋەر. ئەگەر مەكتەپ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا بالىلارغا «ئۆز تىلىڭ بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىڭنى مەكتەپ ئىچىگە ئەكىرمە» دېگەندەك سىگنالدىن بىرنى بېرىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنىڭ مەركىزىي قىسمىنىمۇ مەكتەپ ئىچىگە ئەكىرمەيدۇ. ئۇلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تاشلىۋېتىلىش ھېسسىياتى پەيدا بولسا، ئۇلارنىڭ دەرس ئاڭلاشتىكى ئاكتىپلىقى بىلەن ئىشەنچىمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى كىملىكىنى پاسسىپ ھالدا قوبۇل قىلسا يېتەرلىك ئەمەس. ئۇلار چوقۇم تەشەببۇسكار بولۇپ، بالىلارنىڭ تىل جەھەتتىكى كىملىكىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. مەسىلەن، مەكتەپ ئىچى ۋە مەكتەپ ئەتراپىغا بالىلارنىڭ ئانا تىلدا يېزىلغان تەشۋىقات قەغەزلىرىنى چاپلاش، ئۇلارنى بىر قىسىم ماقالىلەرنى ئانا تىلدا يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ

ئۆز ئانا تىلى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ۋە مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان سىنىپ مۇھىتىنى بەرپا قىلىش قاتارلىقلار.

قىسقىسى، بالىلارنىڭ ئۆي ئىچىدە توپلىغان ئانا تىل ۋە مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى بىلىم ئىگىلەش پائالىيىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، بىز ئۇ ئاساسلارنى ھەرگىزمۇ ئاجىزلاشتۇرماسلىقىمىز، ئەكسىچە ئۇلارنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا ھەر بىر بالىنىڭ مەكتەپ ئىچىدە ئۆز تالانتىنى تونۇتۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى بار بولۇپ، مەكتەپ ئىچىدە بۇنداق ھوقۇق چوڭقۇر ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك.

## 4. بالىلارغا ئىككىنچى تىلنى ئۆگىتىشنى قانچە ياشتىن باشلىسا ئەڭ مۇۋاپىق؟

مەن كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەخسۇس تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، نەچچە ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قوش تىللىق مائارىپ توغرىسىدىكى پەننىي نەزەرىيىلەرنى توپلىغاندىن كېيىن، بۇ نەزەرىيىۋى ماتېرىياللارنى ھەر بىر شەھەرنىڭ مائارىپنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا تارقىتىپ بەرگەن. بالىلارغا قايسى تىلنى ئىككىنچى تىل قىلىپ ئۆتۈش، ئىككىنچى تىلنى قانچە ياشتىن باشلاپ ئۆتۈش، ۋە ئۇنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۆتۈشنى ھەر بىر شەھەردىكى بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن مەكتەپ بىرلىشىپ قارار قىلغان.

مەن كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ بالىلارغا چەت ئەل تىلى ئۆگىتىشتىكى ئەھۋالى مۇنداق ئىكەن:

--كۆپىنچە ئەھۋالدا، بالىلارغا بىر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىتىشنى باشلانغۇچ 4-سىنىپتىن باشلايدىكەن. ئىككىنچى تىل ئۆگىتىشنى 6-سىنىپتا باشلىغان مەكتەپلەرمۇ بار ئىكەن. بەزى مەكتەپلەر چەت ئەل تىلى، بولۇپمۇ ئىسپانىيە تىلى ئۆگىتىشنى باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن باشلىغان بولسىمۇ، دەرس مىقدارى ئىنتايىن ئاز، مەسىلەن، ھەر ھەپتىسى 15 مىنۇتتىن 30 مىنۇتقىچە ئىكەن. ئامېرىكىدا مېكسىكىلىقلارنىڭ نوپۇس سانى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كالىفورنىيىدىكى نوپۇس نىسبىتى 50 پىرسەنتتىن ئاشىدۇ. شۇڭلاشقا ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن مەكتەپلەر ئىسپانىيە تىلىنى بىرىنچى چەت ئەل تىلى قىلىپ تاللايدۇ.

--مېكسىكىدىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن بالىلارغا ئاچقان مەخسۇس سىنىپلار بار بولۇپ، ئۇلار باشلانغۇچ 4-سىنىپىغا كىرگىچە ھەممە دەرسلەرنى ئىسپانىيە تىلىدا ئۆگىنىدىكەن.

--ھازىرغىچە بايقالغان ئىلمىي نەزەرىيىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەگەر بىر بالا 10 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن بىر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشنى باشلىسا، ئاشۇ تىلدا شۇ تىلنى ئانا تىل قىلغان مىللەت ئادەملىرىدەك سەۋىيىگە يېتەلەيدىكەن.

--ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ھۆججىتىدە كۆرسىتىلىشىچە، بالىلارنىڭ بىر چەت ئەل تىلىدا تولۇق ساۋات چىقىرىشىغا 4 يىلدىن 6 يىلغىچە ۋاقىت كېتىدىكەن. دېمەك، ئەگەر بالىلار باشلانغۇچ 4-سىنىپتىن (يەنى 9 ياشقا كىرگەندىن) باشلاپ ئىككىنچى تىلنى ئۆگىنىشنى باشلىسا، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ تولۇقسىزنى پۈتتۈرگۈچە ئۇ تىلدىن تولۇق ساۋاتنى چىقىرىپ بولالايدىكەن.

دېمەك، ئەگەر ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ ئامېرىكىدىكى بىلەن ئوخشاش ئىش تۇتسا، ئۇيغۇر بالىلىرى

ئانا تىلدا ئوقۇپ، تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە خەنزۇچىدا ساۋاتلىق بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە ئىنگلىز تىلىدىكى ساۋاتىنىمۇ خېلى بىر يەرگە ئاپىرالىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن.

## 5. ئانا تىلنىڭ تەقدىرى ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا

ئامېرىكىغا 1953-يىلدىن 61-يىلغىچە پرېزىدېنت بولغان Dwight Eisenhower ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئەركىن ئادەملەرنىڭ تارىخى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي يېزىلىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇلار ئۆزلىرى تاللىغان يول ئارقىلىق ئاشۇنداق يېزىلغان.»

«ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى» دېگەن كىتابنى يازغان ستىۋېن كوۋېي (Stephen Covey) ئەپەندى ئۇ كىتابتىن كېيىن «سەككىزىنچى ئادەت: ئۈنۈملۈكتىن ئۇلۇغلۇققىچە» دېگەن ماۋزۇدا يەنە بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئاشۇ كىتابنىڭ 4-بابىدا مۇنداق دەيدۇ: «يېرىم ئەسىرنىڭ مابەينىدە، مەن پۈتۈن دۇنيادا مۇشۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى نۇرغۇن ئوخشىمىغان شەكىلدە ئۇچراتتىم. ئەگەر سىز مەندىن كىشىلەرگە ئەڭ زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر ئاساسىي ئىدىيە، بىر ئاساسىي تېما، بىر ئاساسىي نۇقتا نېمە، دەپ سورىسىڭىز، سىز مەندىن كىشىلەرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ياڭرايدىغان بىر ئۇلۇغ ئىدېئال نېمە، دەپ سورىسىڭىز، سىز مەندىن ئەڭ ئەمىلى، ئەڭ قىممىتى بار، دەۋرگە ئەڭ مۇۋاپىق، شارائىت بىلەن ئەڭ مۇناسىۋەتسىز بولغان بىر ئىدېئال نېمە، دەپ سورىسىڭىز، مەن قىلچە ئىككىلەنمەي، كۆڭلۈم بىلەن قەلبىمدە چوڭقۇر قايىل بولغان ھالدا، ۋە ناھايىتى تېزلا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىمەن: **بىزنىڭ تاللاش ئەركىنلىكىمىز بار.** سىزنىڭ تاللاش قابىلىيىتىڭىز سىزنىڭ پەقەت جېنىڭىزدىنلا كېيىن تۇرىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ تۇغما تالانتىڭىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قابىلىيەت بىلەن ئەركىنلىك ھازىرقى جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان باشقىلارنىڭ قۇربانى بولۇش تۈيغۇسى بىلەن باشقىلارغا دۆڭگەش مەدەنىيىتىگە روشەن سېلىشتۇرما بولغان ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تۆپ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز تاللاشنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، تەبىئىي كۈچ (گېن) ياكى تەربىيىلەش (بېقىپ چوڭ قىلىش، مۇھىت) نىڭ مەھسۇلاتى ئەمەس. ئەلۋەتتە، گېن بىلەن مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ قانداق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ قانداق ئۆسۈپ يېتىلىشىنى بەلگىلىمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىر تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆز ھاياتىنى قايسى تەرەپكە ئېلىپ مېڭىشنى ئۆزى بەلگىلىيەلەيدۇ. ئىنسانلار ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ بارالايدۇ، ئەمما ھايۋانلار بىلەن ماشىنا ئادەملەر پەقەت ئىنكاس قايتۇرۇش تەرىقىسىدىلا ئىش ئېلىپ بارالايدۇ. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ قىممەت كۆز-قارىشى ئاساسىدا ئۆز يولىنى ئۆزى تاللىيالايدۇ. سىز ئۆز ھاياتىڭىزنىڭ يۆنىلىشىنى تاللاش قابىلىيىتىڭىز ئارقىلىق باشقىدىن بىر يېڭى ئادەم بولۇپ چىقالايسىز، كەلگۈسىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز، ھەمدە باشقا ئادەملەرگە كۈچلۈك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەيسىز. سىز مۇشۇ بىر تۇغما تالانتىڭىز ئارقىلىق باشقا بارلىق تالانتلىرىڭىزدىن پايدىلىنالايسىز. سىز مۇشۇ بىر تۇغما تالانتىڭىز ئارقىلىق ئۆز ھاياتىڭىزنى بارغانسېرى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرەلەيسىز.»

ئانا تىلنى قوغداش ئىشىدا ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ سىرتىدا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا مەن ئۇشبۇ يازمىنىڭ باشقا قىسىملىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە توختالدىم. شۇڭا بۇ يەردە

مەن ھەر بىر ئادەم ئۆز ئائىلىسى دائىرىسىدە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن. ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھەر رايونىدىكى دىئامېتىرى 250 كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە جەمئىي 18 ئائىلە ئۇيغۇر بار. بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئىككى يىل بۇرۇن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بالىلىرى بار تۆت ئائىلە بىرلىشىپ، 7-8 ئوقۇغۇچىسى بار بىر ئۇيغۇر تىلى سىنىپى تەشكىللىدى. بۇ تۆت ئائىلە ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 45 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇلار ھەر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دىن 12 گىچە نۆۋەتلىشىپ بىرسىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، بالىلارغا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتىدۇ. بۇ دەرسنىڭ ئىشقا ئېشىش نىسبىتى مېنىڭ پەرىزىمچە 95 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، بالىلارغا پات-پات ھەر خىل مەدەنىيەت پائالىيىتىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىدۇ. ھەممە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچە ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ تىلىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆيىگە سىملىق تېلېۋىزور ئورناتماي، بالىلىرىغا ئۇيغۇر دىيارىدىن ئەكەلدۈرگەن ئۇيغۇرچە VCD لارنىلا قويۇپ بېرىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ بۇ سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ناھايىتى ياخشى چىقتى. بۇ سىنىپ ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ.

ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار بالىسىنىڭ تىلىنى ئۇيغۇرچە چىقىرالىغان يەردە، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار تېخىمۇ شۇنداق قىلالايدۇ. بۇ يەردىكى گەپ ئاشۇ بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قانداق يولنى تاللىشىدا. مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى يازمىسىدا ھەر بىر ئادەمنىڭ رولى بىلەن نىشانى ئۈستىدە ئازراق توختالدىم. مەن ئۇنى بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ قويالاي: سىزنىڭ ئاتا-ئانا بولۇش ۋە ئۇيغۇر بولۇشتىكى ئەڭ مۇھىم رولىڭىز ۋە نىشانىڭىز نېمە؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر ئۇيغۇرلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى مىقياسىدا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيسىز؟ سىز تۇرۇۋاتقان شەھەر دائىرىسىدە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيسىز؟ سىز تۇرۇۋاتقان يېزا دائىرىسىدە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيسىز؟ سىز ئىشلەۋاتقان مەكتەپ ياكى ئىدارە دائىرىسى ئىچىدە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئائىلىسى دائىرىسىدە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيسىز؟ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەقدىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا. ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قايسى تەرەپكە يۈزلىنىشىنى ھەر بىر ئۇيغۇر تاللىغان يول بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ئانا تىلىمىز ساقلىنىپ قالسۇن دېسىڭىز، سىز ھازىردىن باشلاپ باشقىلارغا دۆڭگەش ياكى مىللەتنى ئەيىبلەش ئادىتىڭىزنى تاشلاپ، ئانا تىلىمىزنى قوغداپ قېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئۆزىڭىز قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا تىرىشىپ ياشاڭ. بەزى ئىشلارنى ئۆزىڭىز قىلىڭ. بەزى ئىشلارنى بولسا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ئەمەل ئەھلىلىرىگە قىلدۇرۇشقا تىرىشىڭ. مېنىڭچە بولغاندا ئۇيغۇر دىيارىدا ھازىرغىچە يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپ ئەھۋالىنى ھازىر دەرھال بىر قېتىم تەكشۈرۈپ باھالاپ چىقىش كېرەك. ھەممە كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرىسىدا بىر قارار ئېلىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇر دىيارىدا زىيالىيلار ۋە ئەمەل ئەھلىلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئۇلارنى شۋېتسىيە بىلەن ئامېرىكىغا ماڭدۇرۇپ، ئاشۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى، ھەممە قوش تىللىق مائارىپ توغرىسىدىكى ھازىرقى زامان نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ كېلىشى كېرەك. قارارلارنى شۇنىڭدىن كېيىن چىقىرىش، سىياسەتلەرنى شۇنىڭدىن كېيىن تۈزۈش كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىي تەرەققىياتنى كۆزلەيدىغان كىشىلەر تۇتىدىغان يوللارنىڭ بىرى. ئىلمىي ئۇسۇللارنىڭ بىرى.

## 6. ئاخىرقى سۆز

مەن ئۇشبۇ يازمامنىڭ ئەڭ بېشىدا تەسۋىرلىگەن، بىر ناھىيە دەرىجىلىك ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 3- ياكى 4-يىللىقتا چىقمىغۇچە ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئۆتۈلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ھازىر بولۇۋاتقان راست ئىش، دەپ ئويلايمەن. لېكىن، ئۇ ھازىر قانچىلىك ئومۇملاشتى، ئۇنىسى ماڭا ئېنىق ئەمەس. بۇنى بىلىدىغانلار بولسا www.bilik.cn دىكى ئۇشبۇ يازمىنىڭ ئاخىرىغا ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويغان بولساڭلار. ئومۇملىشىش ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنداق مائارىپ پروگراممىسى پۈتۈنلەي خاتا. پروفېسسور جىم كۇمىنس (Jim Cummins) بىر كىتاب قىلىپ يېزىپ چىققان، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكىدىكى كۆپ سانلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر قوبۇل قىلغان قوش تىللىق مائارىپ نەزەرىيىسى بويىچە قارىغاندا، بۇنداق پروگراممىا پۈتۈنلەي خاتا. مېنىڭ پەرىزىمچە، مۇشۇنداق سىياسەتنى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئەمەل ئىگىلىرىنى ئاساس قىلغان بىر گۇرۇپپا كىشىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ تۈزۈپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بارلىقى مۇقەررەر. بۇ ئىشلارنى ئېنىقراق بىلىدىغان تورداشلارنىڭمۇ بىلىدىغىنىنى بىزگە دەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىگە كۆڭۈل بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغان، ئۆزىنىڭ ۋىجدانى قەرزى بىلەن تارىخىي بۇرچىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ھەر بىر ئادەم ئۆز-ئۆزىدىن، ئۆز باشلىقلىرىدىن، ھەممە باشلىقنىڭ باشلىقىدىن مۇنداق سوئاللارنى سوراپ بېقىشى كېرەك:

--بۇ سىياسەت قانداق مەيدانغا كەلگەن؟

--ئۇنىڭ مەقستى نېمە؟

--ئەگەر مەقسەت تەرەققىيات بولسا، تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىش كۆرۈش كېرەكتىغۇ؟

--ئۇيغۇر دىيارىدىكى بۇ سىياسەتنىڭ ئىلمىي ئاساسى نېمە؟ ئۇ ئىلمىي ئاساسلارنى كىم تەمىنلىگەن؟

--ئۇيغۇرلار ئىچىدە مائارىپشۇناسلار ۋە باللار پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىدىن قانچىسى بار؟ (ھەكىمە ئەرشىدىن ھەدىمىز ئەنگلىيىدە مائارىپشۇناسلىق ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تاشقى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسى بېرىلىپتىكەن.) ئۇلارنىڭ ئىچىدە جۇڭگودا تونۇلغان ۋە دۇنيادا تونۇلغانلىرىدىن قانچىسى بار؟

سىزنىڭ پەرزەنتىڭىزنىڭ قانداق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھېچ كىم سىز كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. مىللىتىڭىزنىڭ تەقدىرىگە باشقا مىللەتلەر ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزدەك كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ «ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭە» دېگەن يازمىسىدا دۇنيادا ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يىراقنى توغرا كۆرەلەيدىغان، كەلگۈسىنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، يىراقنى توغرا كۆرەلىگەنلەر ياخشى نەتىجە يارىتىدىغانلىقىنى، يىراقنى خاتا كۆرگەنلەر يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدىم. يىراقنى توغرا كۆرۈش ئۈچۈن چوقۇم بىر ئېگىز پەللىگە چىقىش كېرەك. بۇ قانداق ئېگىز پەللە بىلەمسىز؟ ئۇ

ئىلىم-پەننىڭ ئېگىز پەللىسىدىن ئىبارەتتۇر. جۇڭگودىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن ئەمەل ئەھلى بولۇش بىلىم ئەھلى بولۇشتىن جىق ئاسان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىلىم ئەھلىنىڭ ئەمەل ئەھلى بولالىشى، ھەمدە شۇنداق بولالىغاندىمۇ ئۆز ئەمىلىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قالالىشى ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سىياسەت تۈزۈشكە ئوخشاش چوڭ ئىشلارغا ھەممە ئۇيغۇر كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. بۇنداق سىياسەتكە ئىلمىي ئاساس بولىدىغان نەرسىلەر ئۇيغۇر دىيارىدا ياكى جۇڭگودا تېپىلمىسا، ئۇلارنى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. مەن ئۇشبۇ يازمامدا ئاشۇنداق ئىلمىي ئاساسلاردىن بىر قىسمىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇم. ئەگەر سىز شۇنداق قىلمىسىڭىز، ئاشۇنداق ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىش كۆرمىسىڭىز، سىز چوقۇم زاۋاللىققا يول تۇتىسىز. چوقۇم مەغلۇپ بولىسىز. بۇ ئىنسان تارىخى تەكرار-تەكرارلاپ ئىسپاتلاپ چىققان بىر ھەقىقەت. بۇ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن مېنىڭچە بىرەر چوڭ بەدەل تۆلەش كەتمەيدۇ. دۆلەتلىك ۋە يەرلىك قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ قىلغىلى بولىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. بۇ يەردىكى گەپ سىزنىڭ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ سىناپ بېقىشنى خالاش-خالىماسلىقىڭىزدا. سىزنىڭ ئاشۇنداق بىر يولنى تاللاش-تاللىماسلىقىڭىزدا. ياۋاش ئادەمنى تاپقاندا ئۇنى ھەممە ئادەمنىڭ بوزەك قىلغۇسى كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش. مەن كىچىك ۋاقتىمدا داۋاملىق تۆردە ماۋ زېدۇڭنىڭ «قەيەردە زۇلۇم بولسا شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلايتتىم. ئۇيغۇرلاردا «ئۆز تەقدىرىڭنى ئۆز ئالقىنىڭغا ئال» دېگەنگە ئوخشاش بىر گەپمۇ بار. بۇ سۆزلەر نورمال ئىنساندەك ياشايدىغان ئادەملەرگە قارىتىلغان. مېنىڭچە ھازىر ئۇيغۇرلارغا نورمال ئىنساندەك ياشايدىغان، ھېچ بولمىغاندا قانۇن سىزىقىنىڭ سىرتىغا چىقماي تۇرۇپ نورمال ئىنساندەك ياشاشقا ئۇرۇنۇپ باقىدىغان ۋاقىت كەلدى. مەن بۇرۇنمۇ ئېيتىپ ئەتكەندەك، ئەگەر سىز بىر ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقمىسىڭىز، ئۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش ئېھتىماللىقى نۆل بولىدۇ. بۇ گەپنى ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ. ھازىر ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئاشۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلىۋاتقانلارنىڭ سانى بىر قەدەر ئاز، ئۇنىڭ ئەكسىچە باشقىلارغا ياخشى-يامان ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خۇشامەتچىلىك، تەخسكەشلىك قىلىپ ياشايدىغانلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، توغرا يولنى تۇتقانلار، قانۇن بويىچە ئىش قىلغانلار يالغۇز قېلىپ، ئاسانلا زەربە بېرىش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. خاتا يولنى تۇتقانلار بولسا قانات ئاستىغا ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇمۇ بىر پۈتۈنلەي خاتا يۈزلىنىش بولۇپ، بۇنداق يۈزلىنىشنى پۈتۈنلەي توسۇش كېرەك. يامان ئىللەتلەرنى يوقاتمىغۇچە، ياخشى ئىللەتلەر باش كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا مىللەتنىڭ ئەھۋالىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئالدى بىلەن قانۇن بويىچە توغرا ئىش قىلغانلارنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغان، قانۇنغا خىلاپ ھالدا تەخسكەشلىك قىلىپ جان باقىدىغانلارغا زەربە ۋە جازا بېرىدىغان بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ئۆتكەن ئايدا، يەنى 2008-يىلى 11-ئاينىڭ 29-كۈنى، مېنىڭ ئون نەچچە يىللىق يەھۇدىي تونۇشۇم ئالېكس ئۆزى ھازىر تۇرۇۋاتقان فلورىدا شتاتىدىن لوس ئانژېلىسقا كەلگەندە، بىر دوستىنى باشلاپ بىزنىڭ ئۆيىنى يوقلاپ كەلدى. شۇ چاغدا مەن پاراڭلار ئارا ئۇنىڭدىن مۇنداق بىر سوئال سورىدىم: «سىلەر يەھۇدىيلار بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن ئەھۋاللارغا دۇچار بولغان بىر قانچە مىڭ يىل جەريانىدا ئۆزۈڭلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قالالىدىڭلار. بۈگۈنكى كۈندە بولسا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ چىقتىڭلار. ئەگەر ئۇيغۇرلار سىلەرنىڭ تەجرىبەڭلارنى

ئۆگەنمەكچى بولسا، سىنىڭچە قانداق تەجرىبەڭلارنى ئۆگىنىشى كېرەك؟» ئالېكس ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى (ئۇنىڭ سۆزىنى ئەينەن خاتىرىلىۋالمىغان بولغاچقا، پەقەت ئاساسى مەزمۇنىلا يازىمەن): «يەھۇدىينىڭ ئەرلىرى يۈزدە-يۈز پىرسەنت ساۋاتلىق بولغىلى ئۈچ مىڭ يىلدىن ئاشتى. بۇ ئىش بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئۈلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشى ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشدا ئاساسلىق رول ئوينىدى. مائارىپنى چىڭ تۇتقانلىقى، ھەممە قاتتىق تىرىشچان بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرغىچە بېرىلگەن بارلىق نوبېل مۇكاپاتىنىڭ ئىچىدىكى ئۈچتىن بىر قىسمىنى يەھۇدىيلار ئالدى. بىر بالىنىڭ كەلگۈسدە قايسى دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالىشى 60 پىرسەنتتىن 70 پىرسەنتكىچە بولغان ۋاقتتا ئاشۇ بالىنىڭ ئانىسىغا باغلىق. يەھۇدىي ئانىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئۆز پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيلەش بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ تۇرالىشى ۋە بۈگۈنكى كۈندىكىدەك تەرەققىي قىلالىشىدا يەھۇدىي ئانىلارنىڭ ئوينىغان رولى ئىنتايىن چوڭ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار بىزدىن دورايمىز دەيدىكەن، ئىشنى چوقۇم مائارىپتىن باشلىشى، مائارىپنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك.» دېمەك، ئالېكسنىڭ جاۋابىغا ئاساسلانغاندا، مىللىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش ۋە بىر مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مائارىپ بىلەن تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت ئىككى نەرسگە تايىنىش كېرەك ئىكەن. مەن يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمدەك، بىر مىللەتنىڭ مائارىپ سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئاشۇ مىللەتنىڭ ئانا تىلى ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. مەكتەپ يېشىدىكى بالىلار ئۈچۈن ئانا تىلنى ئۆگىنىدىغان ئىككى ئورۇن بار. ئۇنىڭ بىرسى مەكتەپ، يەنە بىرسى ئۆي ۋە ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى ماكان. بالىلارغا ئانا تىلنى ئۆگىتىشتە مەكتەپ قانداق يول تۇتسا توغرا بولىدىغانلىقى توغرىسدا يۇقىرىدا جىق توختالدىم. بالىغا ئۆيدە ئانا تىلنى ئۆگىتىش جەھەتتە ئانا ئوينايدىغان رول ئەڭ چوڭ. ئۇنىڭدىن قالسا دادا، قېرىنداشلار، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە قولۇم-قوشنىلار قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ ئىشتا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق بۇرچى بار. شۇڭا ئۇ بۇرچىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇلۇپ قالماڭ. ئەگەر سىز بىر بالىنىڭ ئاپىسى ياكى دادىسى بولسىڭىز، سىزنىڭ بالىڭىزغا ئاجراتقان ۋاقتىڭىز سىزنىڭ بالىڭىز ئۈچۈن سالغان مەبلىغىڭىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەبلەغنى كۆپرەك سالسىڭىز، مول-ھوسۇلنىمۇ كۆپرەك ئالىسىز. ئەگەر ھېچقانداق مەبلەغ سالمىسىڭىز، ھېچ نېمىگە ئېرىشەلمەيسىز. سىز بالىڭىزغا ئانا تىلنى ئۆگىتىشتە مەكتەپ ئىچىدە بەزىبىر چەكلىمىلەرگە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن ئۆي ئىچىدە ئۇنداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايسىز. ئۆي ئىچىدە بالىڭىزنى قانداق تەربىيلىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. شۇڭلاشقا مەن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان، باشلانغۇچتا بالىلارغا ئانا تىلنى ئالدىدا ئۆتۈش ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇش بىلەن بىرگە، بالىڭىزنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ۋە ئۆي ئەتراپىدىكى ئانا تىل تەربىيسىنىمۇ چىڭ تۇتۇڭ. بۇنى سىز ھەم بالىڭىز ئۈچۈن قىلىسىز، ھەم مىللەت ئۈچۈن قىلىسىز.

مەن بۇ يازمامنى دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن: «بىزنىڭچە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر مىللەت بولۇپ تۇرۇش سالاھىيىتىلا بولىدىكەن، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ھەرگىزمۇ يۈزلەنمەيدۇ، بۇ بىر تەرەپ، يەنە بىر تەرەپتىن، سىز-بىز ئۆزىمىزنى «مەن ئۇيغۇرمەن» دەپ مەيدىمىزگە مۇشتلاپ يۈرگەنىكەنمىز، تىرىكلا بولساق ئۇيغۇر تىلىنى تۇرمۇشىمىزدىكى مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ھەرگىزمۇ يۈزلەندۈرمەيمىز: بىزچە ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش دېمەك ئۇيغۇر مىللىتىنى قوغداش دېمەكتۇر، ئەڭ مۇھىمى، ئۇيغۇرنى، ئۇيغۇر تىلىنى مەۋجۇتلۇق كاپالىتىگە ئىگە قىلىش

بىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھەققىمىزدۇركى، بۇ ھەققىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، گېزى كەلسە ھېچ ئىككىلەنمەي جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز!»

### مۇشۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابلارنىڭ ئىنگلىزچە تىزىملىكى:


1. Baker, C. (2000). A parents' and teachers' guide to bilingualism. 2nd Edition. Clevedon, England: Multilingual Matters
2. Cummins, J. (2000). Language, power, and pedagogy. Bilingual children in the crossfire. Clevedon, England: Multilingual Matters .
3. Skutnabb-Kangas, T. (2000). Linguistic genocide in education-or worldwide diversity and human rights? Mahwah, NJ: Lawrence Erlbaum Associates .
4. Tove Skutnabb-Kangas (1979), Language in the process of cultural assimilation and structural incorporation of linguistic minorities. Rosslyn, VA. National Clearinghouse for Bilingual Education .


### ئامېرىكىنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىدىغان ئىنگلىزچە تور بەتلىرى:

http://filebox.vt.edu/c/cmarshal/exploring_bilingual_education.htm

http://www.umich.edu/~ac213/student_projects05/be/alternatives.html



1-رەسىم: لوس ئانژېلىستىكى ئۇيغۇر تىلى سىنىپىدىكى باللارنىڭ ئوقۇش پائالىيىتىدىن بىر كۆرۈنۈش.



**2-رەسىم: 2008-يىلى 11-ئاينىڭ 29-كۈنى مېنىڭ ئون نەچچە يىللىق يەھۇدىي تونۇشۇم ئالېكس (ئوتتۇرىدىكى كىشى) بىزنىڭ ئۆيگە دوستى ئاندىرەۋ (Andrew) نى باشلاپ كەلگەندە چۈشكەن بىر پارچە سۈرەت.**

# «قوش تىللىق مائارىپ» قانداق بولۇشى كېرەك؟

**2008-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى**

مەن ئالدىنقى «قوش تىللىق مائارىپ: باشلانغۇچتا ئانا تىلنى ئالدىدا ئۆگىتىشنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى» دېگەن يازمامدا كەڭگىس (Tove Skutnabb-Kangas) خانىمنىڭ 800 بەتلىك كىتابىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدا مۇۋاپىق ماتېرىيال تاپالىسام، ئۇنى قوش تىللىق مائارىپ توغرىسىدىكى ئىككىنچى يازمام قىلىپ تەييارلايدىغانلىقىمنى تىلغا ئالغان ئىدىم. مەن ئۇ كىتابنى ئىنتېرنېت ئارقىلىق سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇ كىتاب قولۇمغا تېخىچە تەگمىدى. مەن يېقىندىن بۇيان كۆرگەن ماتېرىياللاردا ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى يازمامدىكى مەزمۇنلارنى تولۇقلايدىغان مەزمۇنلار خېلى كۆپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر دىيارىدا «قوش تىللىق مائارىپ» نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئانچە ئايدىڭ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانلىقىم ئۈچۈن، مەن ئۇ كىتابنى ساقلىمايلا، ئۇشبۇ يازمىنى يوللاپ تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

مەن ئالدىنقى يازمامدا چەت ئەلدىكى قوش تىللىق مائارىپ ئەھۋالى ۋە قوش تىللىق مائارىپ نەزەرىيىسىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. مەن كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغا قەدەر قوش تىللىق مائارىپ توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارنى كۆپرەك ئېلىپ بارغان دۆلەتلەردىن ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، گرېتسىيە، كانادا ۋە شۋېتسىيە قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆچمەن مىللەتلەرنى ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلغان ۋە ھازىرمۇ قوبۇل قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە كىرىدۇ. بۇ دۆلەتلەر دۇچ كەلگەن بىر ئورتاق مەسىلە كۆچمەن خەلقنىڭ مائارىپ سەۋىيىسى يەرلىك خەلقنىڭ سەۋىيىسىدىن كۆپ تۆۋەن بولۇپ، بۇ يېڭى دۆلەتلەرگە كېلىپ نەچچە ئەۋلاد ياشاپ بولغان بولسىمۇ، بۇ كۆچمەن خەلقنىڭ ئاساسلىق نوپۇسى يەنىلا ئۆي تازىلاش، كوچا سۈپۈرۈش، ئوت ئورۇش، زاۋۇتلاردا ئىشچى بولۇشتەك تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەت ئورۇنلىرىدىن قۇتۇلالمىغان (ئەگەر ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھازىرقى مائارىپ سىياستى ئۆزگەرتىلمىسە، ئۇيغۇرلار قانداق بىر ئاقىۋەتكە يۈزلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ). شۇڭلاشقا يۇقىرىقى دۆلەتلەر ئېلىپ بارغان تەتقىقاتنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى، باشقا دۆلەتلەردىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن بالىلارنىڭ ئانا تىل مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا بىر ئىلمىي ئاساسقا ئېرىشىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىنى يەرلىك خەلقنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولغان. مەن بۇ يازمىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن يۇقىرىقى دۆلەتلەر ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش - تەتقىقاتلار ھازىرغىچە بايقىغان، ئۇيغۇر دىيارىدىكى «قوش تىللىق مائارىپ» ئەھۋالىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر قىسىم پەننىي بىلىملەرنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ ئۆتىمەن.

## 1. چەت ئەلدىكى قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قىسقىچە خۇلاسە

(1) بالىلارنىڭ يات تىل (ياكى ئىككىنچى تىل) ئىقتىدارى ئىككى تىپقا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرسى

سۆزلىشىشتىكى يات تىل ئىقتىدارى. يەنە بىرسى ئوقۇشتىكى يات تىل ئىقتىدارى. بۇ ئىككىنچى ئىقتىدار كۆپىنچە ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردا «ئاكادېمىك تىل ئىقتىدارى» (academic language skills) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. باللارنىڭ سۆزلىشىشتىكى يات تىل ئىقتىدارىنى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈش بىلەن ئوقۇشتىكى يات تىل ئىقتىدارىنى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت پەرقى ئىنتايىن زور بولۇپ، باللار سۆزلىشىش جەھەتتە يەرلىك باللارنىڭ سەۋىيىسىگە ئىنتايىن تېزلا يېتىشىۋالالايدۇ. لېكىن، ئوقۇشتىكى يات تىل سەۋىيىسىدە يەرلىك باللارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن كەم دېگەندە 5 يىل ۋاقىت كېتىدۇ.

(2) باللارنىڭ ئوقۇشتىكى يات تىل ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تىلدىن باشقا كەسپىي دەرسلەردىكى بىلىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئوخشاش.

(3) باللارنىڭ ئانا تىل سەۋىيىسى ئۇلارنىڭ كېيىن ئۆگىنىدىغان ئىككىنچى تىلدىكى سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. باللارغا بىر يات تىل ئۆگەتكەندە، ئۇنى بىر ئايرىم چەت ئەل تىلى سۈپىتىدە ئۆگەتمەي، ئۇ يات تىلنىڭ ئانا تىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاساسىدا ئۆگىتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا باللارنىڭ ئوقۇشتىكى يات تىل ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە تېزلەتكىلى بولىدۇ.

(4) ئەگەر باللار باشلانغۇچتا ئانا تىلنى ئالدىدا ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن تولۇق ساۋاتىنى چىقارماي تۇرۇپلا يەنە بىر يات تىل ئۆگىنىدىكەن، بۇ باللار كەلگۈسىدە ئانا تىلىدىمۇ ۋە ئۇلار ئۆگەنگەن ئىككىنچى تىلدىمۇ يېرىم ساۋاتلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال خەلقئارادا «يېرىم ساۋاتلىق قوش تىللىق» (semibilingualism) دەپ ئاتىلىدۇ.

(5) پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، مەكتەپنى ئىككىنچى تىلدا ئوقۇغان باللارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى مەكتەپنى ئانا تىلدا ئوقۇغان باللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ ناچار بولغان. «بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا شۇكى، يۇقىرىقىدەك باللارنىڭ ئانا تىلى كۆپىنچە ئەھۋالدا يا مەكتەپتە پۈتۈنلەي چەكلەنگەن، يا پەقەت بىر ئانچە مۇھىم ئەمەس تىل دەرسى سۈپىتىدىلا ئۆتۈلگەن.» (كەڭگېس خانىم 1979-ئېلان قىلغان، ھازىر پۈتۈن دۇنيادا تارقىلىپ يۈرۈۋاتقان بىر 22 بەتلىك دوكلاتتىن ئېلىندى. بۇ دوكلاتنى مەن www.meripet.com غا كىرگۈزۈپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئادرېسى: http://www.meripet.com/Sohbet1/kangas) باشلانغۇچ بىرىنچى سىنىپىدىن باشلاپ بىر يات تىلدا ئوقۇغان باللار مۇنداق ئىككى قىيىن ئۆتكەلگە دۇچ كېلىدۇ. بىرسى ئوقۇشتىكى يات تىل سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش. يەنە بىرسى تىلدىن باشقا ئۆتۈلگەن كەسپىي دەرسلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزلەشتۈرۈش. بۇنداق باللارنىڭ ئوقۇشتىكى يات تىل ئىقتىدارى ئاساسەن يوق ياكى ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كەسپىي مەزمۇننى ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭالىشى ئىنتايىن تەس. شۇڭلاشقا، ئەگەر باللارغا ئالدى بىلەن ئانا تىل ئۆگىتىلمەي، باللارنىڭ ئانا تىلى ئىزچىل تۈردە تەرەققىي قىلدۇرۇلمايدىكەن، ھەممە باللار 10 ياشقا توشۇشتىن بۇرۇن كەسپىي دەرسلەر بىر يات تىلدا ئۆتىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىككىنچى تىلدىكى تىل ئىقتىدارى بىلەن چۈشىنىش، ئەستە قالدۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش، خۇلاسە چىقىرىش، ۋە ئاساسلاش (ياكى سەۋەبىنى تېپىش) ئىقتىدارلىرى (ئىنگلىزچە «cognitive ability») نىڭ تەرەققىياتى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشلانغۇچ 1-سىنىپىدىن باشلاپ ھەممە دەرسلەرنى خەنزۇ تىلدا ئوقۇۋاتقان باللار دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋالدۇر. گرېتسىيىدە مۇنداق بىر ئەھۋال بايقالغان: گرېتسىيىدە تۇغۇلۇپ ياكى گرېتسىيىگە

كىچىكىدىنلا كۆچمەن بولۇپ كېلىپ، تەييارلىق سىنىپىدىن باشلاپ گېرمانىيىدە ئوقۇغان چەت ئەللىك بالىلارنىڭ تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەندىكى ئوقۇش نەتىجىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆز دۆلىتىدە تۇغۇلۇپ ۋە ئۆز دۆلىتىدە بىر مەزگىل ئوقۇپ، گېرمانىيىگە كېيىنرەك كۆچمەن بولۇپ كەلگەن چەت ئەللىك بالىلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ياخشىراق بولغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال گېرمانىيىدىمۇ بايقالغان.

(6) ئانا تىل ۋە ئىككىنچى تىلدىكى تىل سەۋىيىسى تۆۋەن بالىلارنىڭ بىلىم ۋە ئەقلىي تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

(7) بالىلارغا ئىككىنچى تىل باشلانغۇچ 4-سىنىپتىن 6-سىنىپقىچە بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆگىتىلسە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر بالىلارغا بىر چەت ئەل تىلى ئۆگىتىشنى ئۇلار 10 ياشقا توشۇشتىن بۇرۇن باشلىسا، ئۇلار ئاشۇ يات تىلدا شۇ تىلنى ئانا تىل قىلغان كىشىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ساۋاتلىق بولالايدۇ. بالىلارنىڭ بىر يات تىلدا تولۇق ساۋاتلىق بولۇشى ئۈچۈن 4 يىلدىن 6 يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ.

(8) بالىلارغا بىلىمنى ئۈنۈملۈك بېرىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدا چوقۇم مۇنداق بىر مۇناسىۋەت بولۇشى كېرەك: ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنىڭ چۈشىنىش، ئەستە قالدۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش، خۇلاسە چىقىرىش، ۋە ئاساسلاش ئىقتىدارلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا تولۇق يول قويۇش، بۇ ئىقتىدارلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىي كىملىكى بىلەن ئۆزلۈكىنىمۇ تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش. ئەگەر بالىلار ئۆزلىرى بىلىم ئېلىۋاتقان جەمئىيەتكە تەۋەدەك ھېس قىلمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

## 2. «قوش تىللىق مائارىپ» نىڭ ئېنىقلىمىسى

مەن ھازىر ئويلاپ باقسام، ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى يازمىسىدا قوش تىللىق مائارىپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە بىر ئېنىق ئېنىقلىما بەرمەپتىمەن. ئالدىنقى يازمامغا چۈشكەن ئىنكاسلاردىن ئوقۇرمەنلەر ئىچىدىمۇ قوش تىللىق مائارىپنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغانلار ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا مۇشۇ قىسىمدا قوش تىللىق مائارىپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئازراق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. مەن بۇ قىسىمدىكى مەزمۇننى ئامېرىكا مائارىپ مىنىستىرلىقى (U.S. Department of Education) نىڭ تارمىقىدىكى «مائارىپ بايلىق مەنبەسى ئۇچۇر مەركىزى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئورۇننىڭ تور بېتىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن تەييارلىدىم. ئۇلارنىڭ تور بەت ئادرېسى: http://www.eric.ed.gov

مەكتەپ بالىلارنى ئانا تىلدا يۇقىرى سۈپەتلىك ئوقۇ-ئوقۇتۇش بىلەن تەمىنلىگەندە، ئۇلار بالىلارغا مۇنداق ئىككى نەرسىنى بېرىدۇ: بىلىم ۋە تىل ساۋاتى. بالىلار ئانا تىلى ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىم ئۇلار ئاڭلىغان ۋە كىتابتا ئوقۇغان يات تىلنى يەنىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ بېرىدۇ. ئانا تىلدىكى تەرەققىيات ئىككىنچى تىلغا يۆتكىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بىز كىتاب ئوقۇشنى پەقەت كىتاب ئوقۇش ئارقىلىلا ئۆگىنىمىز. شۇڭلاشقا بىز ئۆزىمىز چۈشىنىدىغان تىلدا كىتاب ئوقۇشنى ئاسانراق ئۆگىنەلەيمىز. بىر تىلدا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالساق، بۇ خىل ئىقتىدارنى ئىككىنچى تىلغا ئاسانلا يۆتكىيەلەيمىز.

ئەڭ ياخشى قوش تىللىق مائارىپ پروگراممىسى مۇنداق ئۈچ خىل خاراكتېرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: دەرسلەرنىڭ ھەممىسى ئانا تىلدا ئۆتۈلىدۇ، بىر يات تىل چەت ئەل تىلى دەرسى قىلىپ سىنىپتا

ئۆتۈلىدۇ، ھەمدە ئوقۇغۇچىلار ئىككىنچى تىلدا بىر ئوتتۇراھال سەۋىيىگە يەتكەندىن كېيىن، ماتېماتىكا ۋە باشقا بەزى تەبىئىي پەن دەرسلىرى بىۋاستە ئىككىنچى تىلدا، ھېچقانداق رىقابىتى يوق تەرىقىدە ئۆتۈلىدۇ. بۇ يەردىكى «ھېچقانداق رىقابىتى يوق تەرىقىدە» دېگەنىنىڭ مەنىسى، ئەگەر بۇ ئىككىنچى تىل ئۇيغۇرلارغا ئۆتىلىدىغان خەنزۇ تىلى بولۇپ قالسا، يۇقىرىقى كەسپىي دەرسلەر پەقەت ئۇيغۇر بالىلاردىن تەركىب تاپقان سىنىپقىلا ئۆتۈلۈپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆتۈلمەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ تەرىقىدە تەدرىجىي ھالدا ئاساسىي ئوقۇ-ئوقۇتۇش سىنىپلىرىغا قوشۇلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئىككىنچى تىلدا ئۆتۈلگەن رىقابەتسىز كەسپىي دەرسلەر ئانا تىلدا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر بىلەن ئىككىنچى تىلدا ئۆتۈلىدىغان نورمال دەرسلەر ئوتتۇرىسىدا بىر كۆۋرۈكلۈك رولنى ئۆتەيدۇ. ئوقۇش بالدىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققاندا بولسا، پەقەت ئانا تىلنىڭ تىل-ئەدەبىيات دەرسى بىلەن ئىجتىمائىي پەن دەرسلىرى قاتارلىق تىلنى ئابستراكت شەكىلدە قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان دەرسلەرلا ئانا تىلدا ئۆتۈلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئىككىنچى تىلدىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش سىستېمىسىغا تولۇق كۆچۈپ بولغاندىمۇ، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئانا تىل دەرسى «مەجبۇرى دەرسلەر» قاتارىدا ئەمەس، «ئىختىيارىي دەرسلەر» قاتارىدا ئۆتىلىدىغان بولۇپ، خالىغان ئوقۇغۇچىلار بۇ دەرسنى تاللاپ ئوقۇپ، ئۆز ئانا تىلىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرسا بولۇۋېرىدۇ. مۇشۇنداق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، بالىلار ئانا تىلغا ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقتىدا ئۇلارنى ئانا تىلدا ئوقۇغىلى قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن بەك بالدۇر، ئىككىنچى تىلدا دەرس ئاڭلاش سەۋىيىسىگە يەتمەي تۇرۇپلا ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ پروگراما بالىلارنى ئۆز ئانا تىلدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگىچە ئوقۇش پۇرستى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مانا بۇلار ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «قوش تىللىق مائارىپ پروگراممىسى» غا بەرگەن ئېنىقلىما بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق شەخسىي كۆز-قاراشلىرىمنى ئارىلاشتۇرمىدىم. روشەنكى، يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن «قوش تىللىق مائارىپ» پروگراممىسى، بىر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا تىل ۋە تەبىئىي پەن بىلەن سانائەت پەنلىرى ساھەسىدە يەنە بىر يات تىلنى ناھايىتى يۇقىرى پەللىگىچە ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىلمىي ئۇسۇلىدۇر.

ئۇنداقتا ئۇيغۇر دىيارىدىكى قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئېنىقلىمىسى نېمە؟ مەن ھازىرغىچە تاپالىغان ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەقتىكى رەسمىي چۈشەندۈرۈشىدىن پەقەت بىرسىلا بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇر تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان، «شىنجاڭنىڭ قوش تىلدا ئوقۇتۇش خىزمىتى توغرىسىدا 8 سوئال» ( http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php? tid=20694) دېگەن يازمىدىكى «شىنجاڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ ئالاقىدار ئەربابلىرى» بەرگەن چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. تۆۋەندە مەن بۇ ماتېرىيالنىڭ ئىسمىنى يىغىنچاقلاپ «8 سوئال»، دەپ ئالىمەن. ئاشۇ يازمىدىكى «قوش تىلدا ئوقۇتۇش دېگەن نېمە؟» دېگەن 1-سوئالغا بېرىلگەن جاۋابتا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قوش تىلدا ئوقۇتۇشى – ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىلى ۋە خەنزۇ تىلى ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى تەشكىللەشتىكى بىر خىل ئوقۇتۇش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مائارىپ ئاساسىي ۋە مۇھىت جەھەتتىكى پەرقلەر شىنجاڭنىڭ قوش تىلدا ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى بەلگىلىدى. ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ تىپقا ئايرىلىدۇ: بىرىنچى، ئانا تىلدا دەرس ئۆتۈش، ئۇنىڭغا خەنزۇ تىلدا دەرس ئۆتۈشنى قوشۇپ ئوقۇتۇش ئەندىزىسى؛ ئىككىنچى، خەنزۇ تىلدا دەرس ئۆتۈش، ئۇنىڭغا ئانا تىلدا دەرس ئۆتۈشنى قوشۇپ ئوقۇتۇش ئەندىزىسى؛ ئۈچىنچى، بىر قىسىم دەرسلەرنى ئانا تىلدا ئۆتۈش، بىر قىسىم دەرسلەرنى خەنزۇ تىلدا

ئۆتتۈش، جۈملىدىن، ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق دەرسلەرنى خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈش، باشقا دەرسلەرنى ئانا تىلىدا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئوقۇتۇش ئەندىزىسى كۆپرەك.» لېكىن، ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر قىسىم مەكتەپلەردە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان، باشلانغۇچ 1-سىنىپىدىن باشلاپ ھەممە دەرسلەرنى خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈپ، ئۇيغۇر بالىلىرىغا 3- ياكى 4-سىنىپقا چىقمىغۇچە ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى ئۆگەتمەسلىك ئەندىزىسى يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن 3 خىل ئەندىزىنىڭ ھېچ قايسىسىغا چۈشمەيدىغان بولۇپ، مېنىڭچە ئۇنى «يەككە يات تىللىق مائارىپ» دېيىش بىر قەدەر مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا بۇ ئەندىزە نەدىن كەلگەن؟ ئۇنى تۈزۈەندىكىلەر ئۆزلىرى قانۇنسىز ھالدا يولغا قويۇۋالغانمۇ؟

ئامېرىكىنىڭ قوش تىللىق مائارىپى توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى ئېنىقلىمىدا بىز ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نەرسە شۇكى، ئۇنىڭدا بالىلار ئانا تىلىدىكى ئوقۇشتىن ئىككىنچى تىلدىكى ئوقۇشقا قانچىنچى يىللىقتا كۆچۈشى كېرەكلىكى زادىلا كۆرستىلىپ بېرىلمىگەن. مېنىڭچە بۇ ئەقىلگە ئىنتايىن مۇۋاپىق. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىكى يات تىل ئىقتىدارىنىڭ قاچان تولۇق يېتىلىپ بولىدىغانلىقى مىللەتكە، ياشاۋاتقان رايونغا، ياشاۋاتقان مۇھىتقا، ۋە مەكتەپنىڭ ئوقۇش سۈپىتىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى ھەر بىر مەكتەپ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىنى ياخشى. ئەگەر ئۇنى مائارىپقا مەسئۇل تارماقلار بەلگىلەپ بېرىشكە توغرا كەلگەندىمۇ، ئەگەر ئۇيغۇر دىيارىمۇ ئامېرىكىنىڭكى بىلەن ئوخشاش «قوش تىللىق مائارىپ» تۈزۈمىنى يولغا قويىدى، دەپ پەرەز قىلساق، ئانا تىل ئوقۇشىدىن خەنزۇ تىلى ئوقۇشىغا كۆچۈش ۋاقتى ئۈرۈمچى، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزا مەكتەپلىرى ئۈچۈن ئوخشاش بولماسلىقى كېرەك.

## 3. ئۇيغۇر دىيارىدىكى «قوش تىللىق مائارىپ» نىڭ «نەزەرىيىۋى ئاساسى» توغرىسىدا

### قىسقىچە مۇلاھىزە

يۇقىرىقى «8 سوئال» ھەققىدىكى يازمىنىڭ «كىچىكىدىن باشلاپ تۇتۇش» نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان 7-سوئالغا بېرىلگەن جاۋابتا مۇنداق دېيىلگەن: «قوش تىلدا ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش – بىر سىستېما قۇرۇلۇش بولۇپ، ھەم قوش تىلدا ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكى، مۇشەققەتلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تولۇق تونۇپ، «باشقا كەلگەندە باتۇر بولۇش» روھىنى تىكلەش؛ ھەم مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ماھىر بولۇش، يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشتا ئىزدىنىش لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى جايلارنىڭ قوش تىلدا ئوقۇتۇش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگىنىمىزدە، بىز بارغانسېرى شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتۇقكى، قوش تىلدا ئوقۇتۇش خىزمىتىنى چوقۇم «كىچىكىدىن باشلاپ تۇتۇش»، تىل ئۆگىنىدىغان ئالتۇن دەۋرىدىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك. كۆپلىگەن جايلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش - «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش» سەۋىيىسىنى مۇستەھكەملەپ ئۆستۈرۈش، ھەر خىل مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆمۈرلۈك مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا، ئاساسىي خاراكتېرلىك، ئومۇمىيلىق ۋە يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 60 - يىللاردىن بۇيان، مېڭە پېنى، پسىخولوگىيە، مائارىپ ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى

دەسلەپكى مەزگىلدە تەربىيىلەشنىڭ ئادەم ھاياتىدىكى مۇھىم رولى شۇنداقلا ئۇ زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئىلمىي بولغان دەسلەپكى مەزگىللىك تەربىيىلەش باللارنىڭ ئۆگىنىشتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەرگە توشمىغان باللارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن كېيىنكى ئوقۇشقا بىر قەدەر ياخشى ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوقۇشتىن قېلىش نىسبىتىنىڭ چۈشۈشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىشىغا، جەمئىيەتتە نامراتلىقنى تۈگىتىشكە پايدىلىق.»

مەن يۇقىرىدىكى قۇرلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ 1-سىنىپىدىن باشلاپلا ھەممە دەرسلەرنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئۆتىلىشى، ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەقەتلا ئۆتۈلمەسلىكى، «باشقا كەلگەندە باتۇر بولۇش» روھى بىلەن «يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش» ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بىر پروگرامما ئوخشايدۇ، دېگەن تونۇشقا كەلدىم. ھەمدە يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي قالدىم. «ئۇيغۇر دىيارىدىكى «قوش تىللىق مائارىپ» سىياستىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار مۇشۇنداق كىشىلەرمدۇ؟» دەپ ئۆز-ئۆزۈمدىن سورىدىم. كۆڭلۈمدىكى تۇيغۇنى ئىپادىلەيدىغان سۆز تاپالماي، ئۆزىنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەي، قالايمىقان سۆزلەيدىغان ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان گەپلىرىنى كۆز ئالدىمغا ئەكەلدىم. پەرىشان بولدۇم. ھەسرەتلەندىم. نەپرەتلەندىم. باللارنىڭ مېڭىسى كومپيۇتېرنىڭ ئۈچۈر قاچىلايدىغان قاتتىق دېتالغا ئوخشمايدۇ. ئۇنىڭغا نىمە ئۈچۈر قاچىلىسا بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئۈچۈرنى قانداق قاچىلىسا بولۇۋەرمەيدۇ. باللارغا بىلىم بېرىشتە ئىنسان مېڭىسىنىڭ بىئولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك ۋە باشقا بىر قىسىم قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا باللار ئۆگەتكەن بىلىمنى قوبۇل قىلالماي قالماستىن، ئۇلارنىڭ باشقا ئەقلىي ئىقتىدارلىرىمۇ ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. «باشقا كەلگەندە باتۇر بولۇش» نى قىلغىلى بولىدىغان ئىشلار بار. «يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش» نى قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارمۇ بار. لېكىن، مېنىڭچە ئۇ ئىشلار ئەمدى مەكتەپ يېشىغا توشقان كىچىك باللارغا بىلىم بېرىش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. روشەنكى، جۇڭگودا ئېرىشكەن «مېڭە پېنى، پسىخولوگىيە، مائارىپ ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى» بىلەن دۇنيادىكى باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئېرىشكەن ئوخشاش ساھەدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىسىدا زور پەرقلەر بار ئىكەن. بەزى جەھەتلەردە ئۇلار بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن بىچارە، تەلەيسىز ئۇيغۇر باللىرى جىسمانىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئەمەس، بىلىم ئېلىپ، ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىشلاردىمۇ «باشقا كەلگەندە باتۇر بولۇش» روھى بىلەن «يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش» تەجرىبىسىنىڭ، مۇشۇنداق بىر ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسي يوق تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئەسلىدە جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان ئاشۇ تەتقىقاتلار توغرىسىدا بىر قەدەر مۇكەممەل مەلۇماتقا ئېرىشەلىگەن بولساق ياخشى بولاتتى. لېكىن، كەم دېگەندە ئۇنىڭغا مېنىڭ ئىمكانىيىتىم يوق.

بەزى تورداشلارنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر باللىرىغا باشلانغۇچ 1-سىنىپىدىن باشلاپ ھەممە دەرسلەرنى خەنزۇچە ئۆتۈشنى قارار قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان بىر نەرسە، 60-يىللاردىن باشلاپ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلىرىنىڭ باللىرىنى خەنزۇ مەكتەپكە بېرىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقى ئىكەن. ئۆزۈمنىڭ كۆزىتىشىگە ئاساسلانغاندا، 60-يىللاردىن 2000-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر باللىرىنىڭ خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇشىنىڭ مۇنداق بىر قانچە ئالاھىدىلىكى بار بولغان:

(1) ئۇنداق قىلغانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئوخشاش ياشتىكى ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن بولغان نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان.

(2) خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئۇ بالىلار ئاساسەن ئۈرۈمچى ۋە ۋىلايەتلىك شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ناھىيە، يېزا ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خەنزۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئۇيغۇر بالىلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولغان.

(3) بالىلىرىنى خەنزۇ مەكتەپكە بەرگەن ئاتا-ئانىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، بالىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا سىرتتىن ياردەم قىلىش ئىمكانىيىتى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان.

(4) بۇ بالىلار ياشىغان مۇھىت خەنزۇ تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى خېلى كۆپ ياكى خېلى ئومۇملىشىپ قالغان مۇھىت بولۇپ، ئۇ بالىلار مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن ۋە مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرىگە خېلى ئۇچراپ تۇرغان.

قىسقارتىپ ئېيتقاندا، بۇ بالىلارنىڭ ئەھۋالى پۈتۈن ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا زادىلا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇر بالىلىرى ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق. ھازىر ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 1-سىنىپتىن باشلاپ ھەممە دەرسلەرنى خەنزۇچىدا ئوقۇشقا مەجبۇرى بولۇۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرى مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم خەنزۇ تىلى مۇھىتى بىلەن ئۇچراشقانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ئۆمرىدە بىرەر خەنزۇ كىشىنى كۆرۈپ باقمىغان ياكى بىرەر خەنزۇ كىشىسى بىلەن سۆزلىشىپ باقمىغان بالىلارمۇ بار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئۇلار ئوقۇشتا ھەرگىزمۇ ۋىلايەتلىك شەھەرلەر ۋە ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئۇيغۇر بالىلاردەك بولالمايدۇ. ھەرگىز ئۇلاردەك يېتىشىپ ئوقۇيالمايدۇ. مانا بۇ نۇرغۇن تورداشلار ئىنكاس شەكلىدە يازغان ئۇيغۇر بالىلىرى توغرىسىدىكى ئېچىنىشلىق ھېكايىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىدۇر. مەن ئوقۇغان بەزى ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىنىڭ بىۋاستە ئىنگلىزچە مەكتەپتە ئوقۇپ ياخشى ئۈنۈم قازانغانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ كىچىكىدىنلا ئىنگلىز تىلى كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدىغان مۇھىتتا چوڭ بولغانلىقىدىن ئىكەنلىكى ئېنىق بايان قىلىنغان. يات تىلنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان جايلاردا تۇغۇلۇپ، ئاشۇ يات تىلنى ئانا تىل قىلغان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ چوڭ بولغان بالىلار ئاشۇ يات تىل مەكتىپىدە بىۋاستە ئوقۇسا يېتىشىپ كېتەلەيدىغانلىقى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا قالغان ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرى دۇچ كەلگەن ئېغىر ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مەن بۇ نۇقتىنى ۋەتەندىكى ھەر بىر ئۇيغۇر قېرىنداشلار ھەرگىز ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقنى، مۇمكىن بولسا ئۇيغۇر مائارىپچىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەمەل ئەھلىلىرىنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنىمەن.

## 4. ئاخىرقى سۆز

مەن ئالدى بىلەن مېنىڭ ئالدىنقى يازمامغا چۈشكەن ئىنكاسلاردىن بىر قانچىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىمەن:

1-نەقىل: «قوش تىللىق ئوقۇتۇش بالىلارنىڭ تەبىئىي پەندە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ناھايىتى ئېغىر

تۇسالغۇ بولىدىكەن. مەن ئۆتكەندە شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ قوش تىللىق سىنىپىدىكى سىڭلىمنىڭ ئاتا-ئانىلار يىغىنىغا قاتناشقىلى بېرىپ، سىنىپىدىكى 54 نەپەر بالىنىڭ چارەكلىك ئىمتىھاندىن چىقىرىلغان يەككە پەنلەر نەتىجىسىنى كۆرۈپ، بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم. چۈنكى، بالىلارنىڭ ئومۇمىي پەن نەتىجىسى يۇقىرىدەك قىلسىمۇ، ئەمما تەبىئىي پەن نەتىجىسى بەكلا تۆۋەن، خىمىيىدىن ئاران 7 بالا ئۆتۈپتۇ. ئەڭ يۇقىرىسىنىڭ نەتىجىسىمۇ 80 دىن يۇقىرى ئەمەس.»

2-نەقىل: «تولۇق ئوتتۇرىدىكى سىنىپ مەسئۇلۇم كىچىك ئوغلىنى مەجبۇرى خەنزۇ مەكتەپكە بەردى. بالىسى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي، «بىر سۇڭلۇق رەسىمگىلارنى چاپلاپ كېلىڭلار» دېسە، «مۇئەللىم رەسىم سىزىپ كېلىڭلار دېدى»، دەپ كەلگەن. ئوقۇتقۇچىم ئەتىسى بالىسىنىڭ ئەسلى تاپشۇرۇقنى خاتا چۈشىنىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، بالىسىنى ئەيىبلەپ كېتىپتىكەن، ئوغلى: «ئەگەر سەن مېنى خەنزۇ قىلىپ تۇغۇپ قويغان بولساڭ، ھەممىنى بىلەتتىم!» دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئوقۇتقۇچىمنىڭ بالىسىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى شۇ كۈنىلا ئۇيغۇرچە مەكتەپكە يۆتكىۋەتتى.»

3-نەقىل: «مېنى بىر كۈنى بالام ئوقۇيدىغان ئىككىنچى يىللىق سىنىپتىن ئاتا-ئانىلارنىڭ يىغىنىغا چاقىرتىپتۇ. بارسام سىنىپ مۇدىرى سۆز باشلاپ، «سىلەرنى چاقىرتىشتىكى ئاساسىي مەقسەت بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچى بالىلار خەنزۇچىنى پەقەت ئۆگىنەلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاتا-ئانىلارنىڭ يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلدۇق» دېدى. ئاتا-ئانىلار بىر مۇنچە تالاش-تارتىش پىكىرلەرنى بەرگەندىن كېيىن، ئارىمىزدىن بىرسى قوپۇپ، «خەنزۇتىلى ئوقۇتقۇچى ئۇيغۇرمۇ يا خەنزۇمۇ؟» دەپ سورىدى. سىنىپ مۇدىرى «خەنزۇ» دېدى. ھېلىقى كىشى «ئۇنداقتا ئۇ ئۇيغۇرچىنى ياخشى بىلەمدۇ؟» دەپ سورىدى. سىنىپ مۇدىرى خانىم «ياق، ئۇيغۇرچىنى پەقەت بىلمەيدۇ» دېدى. ئۇنداقتا ئوقۇتقۇچى ئۇيغۇرچىنى بىلمىسە خەنزۇچىنى تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۈرمىسە قانداق ئۆگەتتىدۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ قانداق ئۆگىنىدۇ؟ ئوقۇتقۇچىمۇ بىر گاچا، ئوقۇغۇچىلارمۇ بىر گاچا. ئىككى گاچا بىر-بىرىگە شەرەت قىلىسا خەنزۇچىنى قانداق ئۆگىنىدۇ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاتا ئانىلار ئىچىدە غۇلغۇلا گەپ باشلاندى. ئەڭ ئاخىرىدا ئاتا-ئانىلارنىڭ تەلەپ-پىكرى --- ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي تىل ئۆگىتەر بولسا خەنزۇچىنىمۇ، ئۇيغۇرچىنىمۇ ياخشى بىلىدىغان قوش تىللىق ئوقۇتقۇچى بەلگىلەپ بېرىشنى مەكتەپ رەھبەرلىرىگە تەلەپ قويدى. كېيىن ئۇقساق، بۇ خەنزۇتىلى ئوقۇتقۇچىسىنى يېڭىدىن ئىچكىرىدىن يۆتكەپ ئەكەلگەن ئوقۇتقۇچىكەن، شۇڭا ئۇيغۇرچىنى پەقەت بىلمەيدىكەن. ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇچە سۆزلەۋېرىپتۇ، شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ھېچنېمىنى بىلەلمەپتۇ.»

مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى «قوش تىللىق مائارىپ» سىياسىتىدىن كېلىپ چىققان ئەھۋاللارنى بايان قىلىدىغان يەنە بىر قىسىم ئىنكاسلارنى يىغىپ، ئۇلارنى http://www.meripet.com/Sohbet1/Erkinc6_QoshTil2.pdf گە قويۇپ قويدۇم. خالىغىنىڭلار ئۇلارنى كۆرۈپ بېقىڭلار.

مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز ئەمەل ئەھلىلىرىگە ۋە ئۆز مائارىپچىلىرىغا تۆۋەندىكىدەك تەلەپ-تەكلىپلەرنى بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن:

[1] هازىرقى باشلانغۇچ 1-سىنىپىدىن باشلاپ ھەممە دەرسلەرنى خەنزۇچىدا ئۆتىدىغان، ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىنى 3- ياكى 4-يىللىقتا چىقمىغىچە ئۆتمەيدىغان تۈزۈمنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر بالىلىرىغا 4-سىنىپقا كۆچكىچە ھەممە دەرسلەرنى پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىلا ئۆتۈپ، خەنزۇ تىلى دەرسىنى 4-سىنىپتىن باشلاپ ئۆتىدىغان تۈزۈمنى يولغا قويۇش. ئەگەر ئۇيغۇر دىيارىدىكى «قوش تىللىق مائارىپ» نىڭ مەقسىتى، تىل بىلەن تەبىئىي-پەن ۋە سانائەت پەنلىرىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە ساۋاتىنى تولۇق چىقىرىش بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇيغۇر دىيارىغا ئامېرىكىنىڭ قوش تىللىق مائارىپ پروگراممىسى ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش كېرەك. تەرەققىيات جەھەتتە دۇنيادا ئامېرىكىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان دۆلەت يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكا ئۇزۇن مۇددەتلىك تەتقىقات ۋە سىناق نەتىجىسىدە بىر مۇكەممەل «قوش تىللىق مائارىپ» قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىپ چىققان. شۇڭا ئامېرىكىنىڭ قوش تىللىق مائارىپ پروگراممىسى ئۇيغۇر دىيارىغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

[2] باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ تىل، بىلىم ۋە ئەقىل جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، «باشقا كەلگەندە باتۇر بولۇش» روھى بىلەن «يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش» ئۇسۇلى ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى بولمىغان ئۇسۇللار بولۇپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش. مېنىڭچە ھازىر مۇشۇنداق ئىلمىي ئاساسى يوق ئىدىيىلەرنىڭ ئۇيغۇر بالىلىرىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئەقلىي تەرەققىيات جەھەتتىكى زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئامېرىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە (http://www.parenthood.com/article-topics/whats_the_right_amount_of_homework.html گە قاراڭ)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قەرەللىك ھالدا تاپشۇرۇق ئىشلىتىشنىڭ ئۇلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ئۈچۈن ئانچە چوڭ پايدىسى يوق بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق تاپشۇرۇق مىقدارى، 1-سىنىپتا ھەر كۈنى 10 مىنۇت، 2-سىنىپتا 20-مىنۇت، 3-سىنىپتا 30 مىنۇت ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەر يىلى 10 مىنۇتتىن قوشۇپ ماڭسا بولىدىكەن. باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرى ھازىر ھەر كۈنى قانچىلىك ۋاقىت تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ؟ مەن بۇرۇنقى يازمىلىرىمدىمۇ تەسۋىرلەپ ئۆتكىنىمدەك، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە مەكتەپتىكى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن سىرتتا ئوينايدىغانلىرى كۆپ. ئاسىيالىقلارنىڭ بولسا ئۆيىدە ياكى كۇتۇپخانىدا ئۆگىنىش قىلىدىغانلىرى كۆپ. ئەمما، مەن ئۇچراتقان ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىك كەسپىي خادىملارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلىش ئىقتىدارى، ئۆزى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى، ئۆزى مۇستەقىل مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارى، ئۆزىنىڭ قولى بىلەن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىش ئىقتىدارى ئاسىيالىق، جۈملىدىن خەنزۇ كەسپىي خادىملارنىڭكىدىن كۆپ ياخشى. تەپەككۇر ۋە ئىجادچانلىق جەھەتتە ھازىر ئامېرىكا دۇنياغا باشلامچى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئوقۇغۇچىلارنى كەلگۈسىدىكى ياخشىراق ياشاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسى يوق ئاشۇنداق تاپشۇرۇقلار بىلەن كۆمۈۋەتكەننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئامېرىكىلىقلارنىڭ «بالىلارنى بالىلاردەك ياشىغىلى قويۇش كېرەك» دېگەندەك بىر گېپى بار. ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭمۇ بالىدەك ياشاش ھوقۇقى بار. ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىدەك ياشاپ چوڭ بولۇشىغا يول قويۇلمىسا، ئۇلار ساغلام ئۆسۈپ يېتىلەلمەيدۇ. مەن مائارىپچىلارنىڭ بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشىنىشى ۋە ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىنى سورايمەن.

[3] ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇشتىن خەنزۇ تىلىدا ئوقۇشقا كۆچۈشتىكى ئۆتكۈنچى دەۋردە تىل ۋە

تەبىئىي-پەن دەرسلىرىنى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى قوش تىللىق بولۇش. ئامېرىكا دەل مانا مۇشۇنداق قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيلەپ يېتىلدۈرۈش، ئىمتىھان ئارقىلىق ئوخشىمىغان دەرىجە بويىچە «قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىسى» كىنىشكىسى بېرىش، ھەمدە مەكتەپلەردە رىقابەت ئاساسىدا تاللاپ خىزمەت بېرىش جەھەتتە بىر مۇنتىزىم قائىدە-تۈزۈملەرنى بېكىتىپ چىققان. ئامېرىكىنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى ئىشلىرىغا قىزىقىدىغان ھەم ئىنگلىزچە بىلىدىغانلار ماۋۇ تور بېتىنى كۆرۈپ باقسا بولىدۇ:
http://www.isbe.state.il.us/bilingual/htmls/biteacert.htm.

يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن بىر توردىشىمىزنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلىدا دەرس بېرىدىغان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ھېچقانداق ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغان خەنزۇ مىللىتى كىشىلىرى ئىكەن. ئامېرىكىنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئىلمىيلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى مەن ھەر قانچە تەكىتلىسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ.

مەن يۇقىرىدىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمدەك، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، گرېتسىيە، كانادا ۋە شۋېتسىيە قاتارلىق ئەللەر «قوش تىللىق مائارىپ» ئىشلىرىدا ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرۈش، تەتقىقات ۋە سىناق ئېلىپ بېرىپ، بىر مۇنتىزىم «قوش تىللىق مائارىپ» پروگراممىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يولغا قويۇۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ دۆلەتلەرگە كۆچمەن بولۇپ باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن ئاز مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ مائارىپ سەۋىيىسى بىر قانچە ئەۋلادقىچىمۇ ئۆسمەي، شۇ سەۋەبتىن بۇ مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى ئۆمۈر بويى قارا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. شۇڭلاشقا بۇ دۆلەتلەر مەن مۇشۇ يازمامنىڭ 2-قىسمىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكەن «قوش تىللىق مائارىپ» پروگراممىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بىز يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان «قوش تىللىق مائارىپ» سىياستى بىلەن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئوخشاش سىياستى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار. ئەگەر بۇ پەرقلەر تۈگىتىلمىسە، ئۇيغۇر باللىرىنى ئۇيغۇر دىيارى، جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان ئىختىساسلىق كىشلەردىن قىلىپ تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى تۇرغانلا گەپ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇر باللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئانا تىل بىلەن خەنزۇ تىلى، بىلىم ۋە ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىكى سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن، پەقەتلا قارا خىزمەت ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتكىلا يارايدىغان ئادەملەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئېھتىماللىقىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى. شۇڭلاشقا مەن ھەر بىر ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ، ھەر بىر ئۇيغۇر مائارىپچىلىرىنىڭ، ھەر بىر ئۇيغۇر ئەمەل ئەھلىلىرىنىڭ، جۈملىدىن ھەر بىر ئۆزىنى ئۇيغۇر سانايدىغان كىشلەرنىڭ بۇ ئىشقا 1-دەرىجىلىك مۇھىم ئىش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن مۇشۇ يازمامنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا تىلغا ئالغان «8 سوئال»غا جاۋاب بەرگەن ئەمەلدار 2-سوئالغا بەرگەن جاۋابىدا مۇنداق دېگەن: «شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولۇش، ئاز سانلىق مىللەت

ماائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئوقۇتۇش تىلىنى بېكىتىش كېرەك.» ئوقۇرمەنلەرنىڭ مېنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق يازمامغا قارىتا يازغان بەزى ئىنكاسلىرىدا، ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى «خەلق ئاممىسى» ئۆزىنىڭ «ئارزۇسى» نى قانۇنلۇق يوللار بىلەن ئىپادىلىسە، ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن، ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر جان بېقىش ۋاستىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش تەھدىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۇرۈپتۇ. جىنىنى ساقلاپ ياشاش ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەلەپ. خىزمەت تېپىش ھەددىدىن تاشقىرى دەرىجىدە قىيىنلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆز خىزمىتىنى يوقىتىپ قويۇش ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ ئېغىر تەھدىتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، مۇشۇنداق تەھدىت ئاستىدا ياشاش «قورسىقىنى ئاچ قويۇپ كۆندۈرۈش»كە دۇچ كەلگەن ھايۋانلارنىڭ كۈنى بىلەن ئانچە پەرق قىلماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈمىدۋار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. جۇڭگونىڭ ئېكسپورت سانائىتى 2-3 يىلنىڭ مابەينىدە دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر دەرىجىدىكى چېكىنىشلەردىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خەۋىرى بار. مەن جۇڭگودىكى يالغان ماللارنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، مۇشۇنداق بىر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى 10 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا پەرەز قىلغان ئىدىم. دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدىغان دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نۇرغۇن ئەگرى-توقاي مۇساپىلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرى تەرەققىي قىلىشنىڭ بىردىن-بىر يولى «قانۇنلۇق دۆلەت بولۇش» ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىققان. قانۇنلۇق دۆلەتلەردە قانۇن بىر يەردە بىر خىل، يەنە بىر يەردە يەنە بىر خىل بولمايدۇ. بىر مىللەتكە بىر خىل، يەنە بىر مىللەتكە بىر خىل بولمايدۇ. بىر گۇرۇپپا ئادەمگە بىر خىل، يەنە گۇرۇپپا ئادەمگە بىر خىل بولمايدۇ. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم ھەممە يەردە باراۋەر بولىدۇ. جۇڭگو ھازىرقىدىنمۇ بەك تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم ئاشۇنداق بىر مۇنتىزىم قانۇنىي تۈزۈمنى ئورنىتىشى ۋە يولغا قويۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق. جۇڭگودا ئاشۇنداق بىر مۇنتىزىم قانۇنىي تۈزۈم يولغا قويۇلغاندا، قانۇنىي يوللار بىلەن ئۆز ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن، قانۇن-تۈزۈم بويىچە يۇقىرىغا ئۆزىنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى يەتكۈزگەن ئۇيغۇرلار جازاغا ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلار قوغدىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىشىدىن ئانچە ئۈمىد بولمىسا، قىيىن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى بولمىغان بەزى «قوش تىللىق مائارىپ» سىياسەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىپ باققىنى ياخشى. ئەگەر جۇڭگونىڭ ئەھۋالىدا ھازىرقىدىن ياخشىراق تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەش بولمايدىكەن، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتا قەتئىي قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرسى ئەنە شۇدۇر.

## مۇشۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان تور بەتلەرنىڭ تىزىملىكى:

كەڭگېس خانىمنىڭ 22 بەتلىك دوكلاتىنىڭ JPEG شەكلىدىكى ھۆججىتى:

http://www.meripet.com/Sohbet1/kangas /

ئامېرىكا «مائارىپ بايلىق مەنبەسى ئۇچۇر مەركىزى» نىڭ تور بەت ئادرېسى:
http://www.eric.ed.gov .

«شىنجاڭنىڭ قوش تىلدا ئوقۇتۇش خىزمىتى توغرىسىدا 8 سوئال»:
http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=20694

«باشلانغۇچتا ئانا تىلنى ئالدىدا ئۆگىتىش زۆرۈرلۈكىنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى» دېگەن ماقالىغا چۈشكەن بىر قىسىم ئىنكاسلار:
http://www.meripet.com/Sohbet1/Erkinc6_QoshTil2.pdf

ئامېرىكىنىڭ قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاش ۋە ئۇلارغا كىنىشكا بېرىش رەسمىيەتلىرى:
http://www.isbe.state.il.us/bilingual/htmls/biteacert.htm

ئامېرىكىدا قانچىلىك تاپشۇرۇق ئەڭ مۇۋاپىق؟
http://www.parenthood.com/article-topics/whats_the_right_amount_of_homework.html

# خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر نەزەرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل

**(1-قىسىم)**

**2009-يىلى 1-ئاينىڭ 16- كۈنى**

مەن ئۆزۈمنىڭ «قوش تىللىق مائارىپ» توغرىسىدىكى ئالدىنقى ئىككى يازمامدا خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆچمەن مىللەتلەر مائارىپى ۋە ئانا تىلى ھەققىدىكى ئىلمىي كۆز-قاراشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. ئاشۇ يازمىلارنى تەييارلاش ئۈچۈن كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويغان جەمئىيەتلەرنى ئۈچ خىل تىپقا ئايرىپ چىقىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇ ئۈچ خىل جەمئىيەتلەرنىڭ ھېچ قايسىسىغا توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەن يېقىندا «قوش تىللىق مائارىپ» توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىمنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا، خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئۇلارنىڭ ئانا تىلى ھەققىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىلىرى بايان قىلىنغان ناھايىتى مۇھىم ماقالىدىن بىرنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇ ماقالىدە نۇرغۇن مەسىلىلەر سۆزلەنگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىنماپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغان جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭدا ئانالىز قىلىنغان ئەھۋاللار ئۇيغۇر دىيارىنىڭكى بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا، مەن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئوقۇرمەنلەرگە تېزرەك تونۇشتۇرۇپ بېرىشكە ئىنتايىن تەقەززا بولۇپ كەتتىم. ئەمما، خىزمەتتىكى ۋە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىكى جىددىيچىلىك تۈپەيلىدىن، مېنىڭ ئۇشبۇ يازمىنى تەييارلاشتىكى سۈرئىتىم ناھايىتى ئاستا بولۇپ قېلىپ، ئاخىرى بۇ يازمىنى بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈپ يوللاشنى قارار قىلدىم.

مەن بۇ قېتىم تاپقان 30 بەتلىك ئىنگلىزچە ماقالە بولسا، كەڭگېس خانىم قاتارلىق 4 نەپەر دۇنياغا تونۇلغان مۇتەخەسسىسلەر تەييارلاپ، 2008-يىلى 21-ئاپرېلدىن 2-مايغىچە ئېچىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) نىڭ «يەرلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى 7-نۆۋەتلىك دائىمىي سۆھبەت يىغىنى» دا دوكلات قىلىنغان بىر پارچە «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى» (ئىنگلىزچە «Expert Paper») دۇر. بۇ ماقالىنىڭ تېمىسى «يەرلىك بالىلار مائارىپىنىڭ شەكلىنى ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت، دەپ قاراشقا بولامدۇ؟» بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېلىقى تۆت نەپەر ئاپتورنىڭ ب د ت غا قويغان تەلەپلىرى تولۇق ئىلمىي ئاساسلار بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ ماقالىنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى تۆۋەندىكى تور بەتتىن كۆرەلەيسىز:

http://www.un.org/esa/socdev/unpfii/documents/E_C19_2008_7.pdf

بۇ ئىنگلىزچە ماقالە شەكىل جەھەتتە «ئىسپات بېرىش ماقالىسى» تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ماقالىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە دۇنياغا تونۇلغان ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالىلەردە بايان قىلىنغان سۆزلىرى نەقىل شەكلىدە ئەينەن ئىشلىتىلگەن. مەن ئۇشبۇ يازمامدا ئاشۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئەسلى ماقالىدىكى تەرتىپ ۋە تېما بويىچە تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن.

بۇ ئىنگلىزچە ماقالىنىڭ تۆت ئاپتورىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى مۇنداق:

(1) دوكتور توۋ سكۇتناب-كەڭگىس خانىم (Tove Skutnabb-Kangas): فىنلاندىيىدىكى روسكىلد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، ئىنگلىز تىلى، دانىيە تىلى، فىنلاندىيە تىلى، گېرمان تىلى، نورۋېگىيە تىلى ۋە شۋېتسىيە تىللىدا تولۇق ساۋاتلىق ئىكەن. ئۇ خانىم پۈتۈن ئۆمرىنى تىل جەھەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق، تىل جەھەتتىكى ئىمپېرىئالىزم، قوش تىللىق ۋە كۆپ تىللىق مائارىپ، تىل ۋە ھوقۇق، ئىنگلىز تىلىنىڭ كېڭىيىشىدىن كېلىپ چىققان كېمەيتىش مائارىپى، ۋە ئىنسانلارنىڭ تىل جەھەتتىكى كۆپ خىللىقى بىلەن بىئولوگىيە جەھەتتىكى كۆپ خىللىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقاتقا بېغىشلىغان بولۇپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەرگە بېرىپ ئىلمىي دوكلات بەرگەن. كۆپ قېتىم خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، ئوتتۇزدىن ئارتۇق كىتابقا ئاپتور ياكى تەھرىر بولغان. پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئوتتۇزدىن ئارتۇق تىلدا 400 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. تۆۋەندىكىسى ئۇنىڭ تور ئادرېسى:

http://www.neiu.edu/~duo/skutnabb.htm

(2) روبېرت دانبېر (Robert Dunbar): ئەنگلىيە «ئابەردىن (Aberdeen)» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن ۋە تىلشۇناسلىق مۇھەررىرى.

(3) لارس-ئاندېرس بېر (Lars-Anders Baer): « ب د ت يەرلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى دائىمىي سۆھبەت يىغىنى» نىڭ ھازىرقى ئەزاسى.

(4) ئولى ھېنرىك ماگگا (Ole Henrik Magga): «ب د ت يەرلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى دائىمىي سۆھبەت يىغىنى» نىڭ سابىق ئەزاسى ۋە سابىق رەئىسى.

مەن بۇ يەردە ئېنىق ئەسكەرتىپ قويمىسام بولمايدىغان بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، مەن ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشىگە، خەنزۇ تىلىدا ساۋاتىنى تولۇق چىقىرىشىغا قارشى ئەمەس. ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە، مەن ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىنى پۇختا ئۆگىنىۋېلىشىنى ئىزچىل تۈردە تەشەببۇس قىلىپ كەلدىم. 1979-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە، مەن ھەر يىلى مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن «يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قارشى ئېلىش مۇراسىمى» دا قىلغان سۆزۈمدە خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئالاھىدە توختالغان بولۇپ، مەن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيە مۇنداق بولغان ئىدى: «ھازىرقى زاماندا بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتكە قۇل بولۇپ قالىدىغان ئىشلار ئاسانلىقچە يۈز بەرمەيدۇ. لېكىن، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىغا قۇل بولۇپ قالىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپ. ئەگەر سىز ئاشۇنداق تەقدىرگە ئۇچرىماي دېسىڭىز، 1-يىلدىكى خەنزۇچە ئۆگىنىش مۇددىتىدىن چوقۇم ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، خەنزۇ تىلى ساۋاتىڭىزنى تولۇق چىقىرىۋېلىڭ.» مېنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلغىنىمغا ھازىر 25 يىلدىن ئاشتى. ھازىر بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتكە قۇل بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى قانداقراق؟

ئۇيغۇر دىيارىدا ھازىرقىدەك ئۇيغۇر بالىلىرىغا باشلانغۇچ 1-سىنىپىدىن باشلاپ ھەممە دەرسلەرنى خەنزۇچە ئۆتۈش، ئۇيغۇر تىلىنى 3- ياكى 4-سىنىپقا كۆچمىگىچە ئۆتمەسلىك سىياستى يولغا قويۇلغىلى تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. مەن ھازىرغىچە ئېرىشكەن چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر

دىيارىدا ياكى جۇڭگودا ئەنە شۇنداق قىلىشنىڭ مۇشۇ ئەۋلاد ۋە كېيىنكى ئەۋلاد ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىل، مەدەنىيەت، ۋە مىللىي مەۋجۇدلۇقىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر مۇكەممەل ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغان. بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى باشلىغىلى ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان بولۇپ، بۇ ساھەدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئەھۋاللارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى 1800-يىللىرى يۈز بەرگەن ئىشلار ئىكەن. بۇ تەتقىقاتلارنىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرى يۇقىرىقى «ماقالە»دە ناھايىتى تولۇق تەسۋىرلەنگەن. ئاشۇ يەكۈنلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ باشلانغۇچ 1-سىنىپىدىن باشلاپ پەقەت خەنزۇ تىلىنىلا ئۆگىنىشى ئېنتايىن خاتا بولۇپ، ئەگەر ئىشلار مۇشۇ بويىچە كېتىۋەرسە، ئۇيغۇر بالىلىرى خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر ئىككىسىدە تولۇق ساۋاتلىق بولالمايدىكەن. ھەمدە ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجىسىمۇ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، جەمئىيەتتە 2-ئورۇندا تۇرىدىغان، پەقەت تۆۋەن دەرىجىلىك قارا خىزمەتكىلا يارايدىغان كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىكەن. شۇنداقلا، ئەگەر ھازىرقى بالىلارنى 1-ئەۋلاد دېسەك، ئۇلارنىڭ 2-ئەۋلاد كىشىلىرىگە ياكى ئۆز بالىلىرىغا ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئەنئەنىسىنى ئۆگىتىش ئېھتىماللىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، ئىككىنچى ئەۋلادنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە بارمايلا مىللەتنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە مىللىي مەۋجۇدلۇقى يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىكەن. سىز ئۇشبۇ يازمىنى ئوقۇش ئارقىلىق، يۇقىرىقى گەپلەرنى دۇنياغا تونۇلغان خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىيالايسىز.

يۇقىرىقى قۇرلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بەزىلەر «كىچىكىدىن باشلاپ خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلار (يەنى مىنكاۋخەنلەر) نىڭ ئىچىدىمۇ ئۇيغۇر دىيارى، جۇڭگو ۋە دۇنيادا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغان ئۇيغۇرلارمۇ بارغۇ؟»، دەپ سورىشى مۇمكىن. شۇنداق. ئاشۇنداق كىشىلەر ھەقىقەتەن بار. لېكىن، مېنىڭچە ئۇنداقلارنىڭ سانى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ. (ئويلاپ بېقىڭ: ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە ھېكايە-رومان، ئۇيغۇرچە تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇيالايدىغانلاردىن قانچىلىك بار؟ ئاشۇنداق كىتابلارنى يازالايدىغانلاردىنچۇ؟) ئالىملار تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىلمىي يەكۈن چىقارغاندا، پەقەت ئومۇمىيلىقنىلا كۆزدە تۇتىدۇ. ھەر بىر ئىشتا ئومۇمىيلىق بولغىنىغا ئوخشاش، قىسمەنلىك ۋە ئالاھىدە مىساللارمۇ چوقۇم مەۋجۇد بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئوقۇرمەنلەر ئۇشبۇ يازمىنى ئوقۇغاندا، دىققىتىنى ئومۇمىيلىققا مەركەزلەشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

رۇمىنىيىدە ياشايدىغان ۋېنگرىيىلىك يازغۇچى ئاندراس سۇتو (Andras Suto) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر ئىنسان ئۆز ئانا تىلىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلانسا، ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسىدىنمۇ تەڭ ئايرىلىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ بىر ئىرسىيەتلىك ۋۇجۇدى بولىدۇ. بۇ ئىرسىيەتلىك ۋۇجۇدنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا پەقەت ئۆز ئانا تىلىدىلا ئەڭ ياخشى ئۆتكۈزۈپ بەرگىلى بولىدۇ.» مېنىڭچە ھېلىقى «ماقالە» دىكى «ب د ت» گە سۇنۇلغان تەلەپلەر ئېنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇلارغا قارىغاندا ئاشۇ تەلەپلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىلمىي ئاساسلار تېخىمۇ مۇھىم ئىكەن. بۇ ئىلمىي ئاساسلارنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلەر ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان، باشلانغۇچنىڭ دەسلەپكى يىللىقلىرىدىلا خەنزۇ تىلىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش سىياسىتىنىڭ مىللەتكە ئېلىپ كېلىدىغان ئېنتايىن يامان ئاقىۋىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن. شۇڭا مەن بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ بۇ يازمىنى بىر قېتىم ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## 1. مۇقەددىمە

مەملىكەتلىك مائارىپ سىياسەتلىرى كۆپىنچە ئەھۋالدا بىر يەرلىك تىلنى ئانا تىل قىلغان يەرلىك مىللەت باللىرىنى ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلدا ئېلىپ بارىدىغان مەكتەپتە ئوقۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

بىرىنچىدىن، بۇنداق سىياسەتلەر تىل ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يەرلىك مىللەتنىڭ ئانا تىلى مەكتەپلەردە ئىشلىتىلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئانا تىلى تەرەققىي قىلمايدۇ. يەنى، يەرلىك مىللەت تىلىنىڭ ئۆزى بىر يامان تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيىسىمۇ يامان تەسىرگە ئۇچرايدۇ. يەنى باللار بىلەن ئاتا-ئانىلار ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۆزلىرىنىڭ تىلىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەن چاغلاشقا يۈزلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال يەرلىك مىللەت تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئېغىر سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. باللارنىڭ تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىنى ئۆگىنىشى ئۇچۇن ئۇلار ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ياشىشى ھەمدە ئۇلارغا ئۇشبۇ نەرسىلەر ئۆگىتىلىشى كېرەك. ئەگەر باللار ئۆز مىللىتىدىن بولغان چوڭلار ۋە پېشقەدەملەر بىلەن بىرگە ياشىمايدىكەن، ھەمدە بۇ چوڭلار، پېشقەدەملەر ۋە مەكتەپلەرنىڭ باللارغا ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى، ھېكايىسى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئەنئەنىسىنى ئۆگىتىشكە يول قويۇلمايدىكەن، ئۇ ھالدا باللار ئۇ نەرسىلەرنى تولۇق ئۆگىنەلمەيدۇ. ئەگەر باللار ئۆز ئانا تىلدا تولۇق ساۋاتىنى چىقارمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئانا تىلنى ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا (يەنى ئۆز باللىرىغا) ئۆگىتىش ئېھتىماللىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەكتەپلەردىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇشتا پەقەت ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلنىلا ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەت ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا باللارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئىشلىتىشى ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن ھالدا چەكلەنگەن بولىدۇ. باللارنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىشىگە يول قويماسلىق، ياكى ئۇلارنى ئانا تىلنى پىششىق بىلىدىغان چوڭلاردىن ئايرىۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئانا تىلنى ئىشلىتىشىگە توسالغۇلۇق قىلىش، يەرلىك مىللەتنىڭ ئۆز تىلىنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋە مەكتەپتە ئىشلىتىشىگە يول قويماسلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئايرىۋېتىش ھەممە ياكى كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار يەرلىك مىللەت تىلىنى بىلمەيدىغان ھۆكۈمران مىللەت كىشىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئەھۋالدىمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ بىر روشەن مىسالى باللارنى ئۆيىدىن ئايرىپ، مەكتەپتە يېتىپ-قوپۇپ ئوقۇيدىغان مەكتەپكە ئوقۇتۇشتۇر. بۇنداق سىياسەتلەر ھازىرغا قەدەر باللارغا يالغۇز ئېغىر دەرىجىدىكى جىسمانىي زەخملەرنى كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئېغىر دەرىجىدىكى روھىي زىيانلارنىمۇ سالدى. بۇ زەخملەر مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق، پىسخولوگىيە جەھەتتىكى زەخمە، چۈشىنىش، ئەستە قالدۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش، خۇلاسە چىقىرىش، ۋە ئاساسلاش ئىقتىدارىدىكى زەخمە، تىل ۋە ئوقۇشتىكى زەخملەر. مۇشۇنداق زىيان-زەخملەرنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ساھەلەردىمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئامېرىكىلىق زىيالىي تېرېسا مىككارتى (Teresa McCarty) ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى ئاساسىدا مەكتەپتە ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: يەرلىك ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ئەڭ ناچار، ئۇلارنىڭ ئائىلە كىرىمى ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە ياشلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتىمۇ يەرلىك

مىللەت ياشلىرى ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى.

ھازىر شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىق بولدىكى، ھۆكۈمەتلەر يەرلىك مىللەت باللىرىنى ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلدا ئوقۇشقا مەجبۇرلىسا يۇقىرىقىدەك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ باشقا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى تولۇق بىلىپ بولدى. بىر ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئاشۇنداق مائارىپ سىياستىنى يولغا قويۇشى ھازىر تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بىر خىل شەكلى، دەپ قارىلىدۇ. بىزنىڭ (ئۇشبۇ ماقالىنىڭ تۆت ئاپتورىنى دېمەكچى) قارىشىمىزچە، ب د ت 1948-يىلى ماقۇللىغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش توغرىسىدىكى كېلىشىم» نىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، ھېلىقىدەك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەنە شۇنداق بىر مائارىپ سىياستىنى يولغا قويۇشنى بىر خىل ئىرقىي قىرغىنچىلىق، خەلقئارالىق جىنايەت، ياكى ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن جىنايەت، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بىز (ئۇشبۇ ماقالىنىڭ تۆت ئاپتورىنى دېمەكچى) ئۆزلىرىمىزنىڭ 2004-يىلى ئېلان قىلغان يەنە بىر «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى» دا تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى بايان قىلغان ئىدۇق: يەرلىك ۋە ئاز سانلىق مىللەت باللىرىنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى ئاساسەن ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلدىلا ئېلىپ بارغاندا، مەركىزىي كىشىلىك ھوقۇق كېلىشىملىرىدە بېكىتىلگەن نىشانلارنى، بولۇپمۇ مائارىپ ھوقۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا نىسبەتەن ئادەتتىن تاشقىرى سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ب د ت نىڭ مائارىپ ھوقۇقى ساھەسىدىكى سابىق ئالاھىدە پۇتۇكچىسى كاتارىنا توماسېۋىسكى (Katarina Tomasevski) نىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلدا ئېلىپ بېرىلغان ئوقۇ-ئوقۇتۇش تىل، پېداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيە جەھەتتە بىر خىل توسالغۇ پەيدا قىلىپ، يەرلىك مىللەت باللىرىنى بىلىم ئېلىشتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. ئەگەر مائارىپ تىلى جەھەتتىكى كىشىلىك ھوقۇقى كېلىشمىسى بولمايدىكەن، بولۇپمۇ ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلنى ئىككىنچى تىل سۈپىتىدە شەرتى تولۇق توشىدىغان قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلار دەرس قىلىپ ئۆتكەن ئاساستا، دۆلەت ئىگىلىگىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى ئانا تىلدا ئېلىپ بېرىش ھوقۇقى بولمايدىكەن، كۆپ ساندىكى يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى پەقەتلا «كېمەيتىلگەن مەكتەپ تەربىيىسى» نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ يەردىكى «كېمەيتىلگەن مەكتەپ تەربىيىسى» دېگىنىمىز، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلنى ئانا تىلىنىڭ ئورنىغا ياكى ئانا تىلىنىڭ بەدىلىگە ئۆگىنىشى بولۇپ، مۇشۇنداق كېمەيتىلگەن ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئارقىلىق باللارنىڭ ئانا تىلى دەسلەپىدە قالايمىقانلىشىدۇ، كېيىنچە بولسا ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىل ئالىدۇ. كېمەيتىلگەن مەكتەپ تەربىيىسىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن باللار، ياكى كەم دېگەندە ئۇلارنىڭ باللىرى، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەتكە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بىر جەمئىيەت كۆلىمى بويىچە قارىغاندا، كېمەيتىلگەن مەكتەپ تەربىيىسىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن مىللەتنىڭ ئاتا-ئانىلار بىلەن باللاردىن ئىبارەت ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالمىشىش بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ ئانا تىلى ئالدى بىلەن يوقاپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچرايدۇ. كېيىنچە بولسا يەرلىك تىلنىڭ پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ تىلدىكى كۆپ خىللىقنىڭ يوقاپ كېتىشىگە ھەسسە قوشىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش ئۆزلۈكىدىن بولغان ئەمەس. بۇنداق ئۆزگىرىش يەرلىك مىللەتلەر ئۈچۈن باشقا تاللاش يولى بولمىغانلىقى، ھەمدە

ئاتا-ئانىلارنىڭ ھازىر يۇرگۈزۈلۈۋاتقان مەجبۇرى سىياسەتلەرنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك يامان ئاقىۋىتى توغرىسىدا ئىلمىي تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بىلىملەردىن تولۇق خەۋىرى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن يۈز بېرىدۇ.

نۆۋەتتىكى يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا چىقىرىلغان ئىلمىي تەتقىقات يەكۈنلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، قوش تىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاخىرقى ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ھەممە ھۆكۈمران تىلدىكى ساۋاتلىق بولۇش سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئۇلارنىڭ ئانا تىلدا ئېلىپ بېرىلغان مەكتەپ تەربىيىسىنى قانچە ئۇزۇن كۆرگەنلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنى قاتارلىق باشقا ئامىللار ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس. ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى قوش تىللىق ۋە كۆپ تىللىق بولۇشتىكى سەۋىيىنى قانداق قىلغاندا ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەممە ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجىسىنىمۇ قانداق قىلغاندا ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بولغان بولسىمۇ، نۆۋەتتىكى يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىدا ئاشۇ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە پۈتۈنلەي قارىمۇ-قارشى بولغان سىياسەتلەر يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. يەرلىك مىللەت بالىلىرىنى ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى ھۆكۈمران تىلدا ئېلىپ بارىدىغان مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئىقتىدارلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەڭگۈ كەمبەغەل بولۇپ ياشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەممە ئۇلارغا روھىي جەھەتتە ئىنتايىن ئېغىر زىيان-زەخمىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇشبۇ ماقالىدا بىز يۇقىرىقىدەك مائارىپ سىياسىتىنىڭ ھازىرقى مەقسەتلىك ھالدا يولغا قويۇلۇش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلاشقانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقىمىز. ھەممە ھازىر مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارالىق قانۇن-پەرمانلارنىڭ دائىرىسىدە ئەنە شۇنداق ئىشلارنى بىر خىل جىنايى ھەرىكەت، دەپ قاراشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىمىز.

يۇقىرىقىلار كەڭگىس خانىم قاتارلىق تۆت ئاپتورنىڭ ماقالىسىنىڭ «مۇقەددىمە» قىسمى بولۇپ، مەن بۇ قېتىم بۇ يازمامنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرىمەن. ئۇيغۇر دىيارىدىكى قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن كەڭگىس خانىملارنىڭ ماقالىسىدىكى ئىلمىي ئۇقۇملار ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، مەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ ماقالىنىڭ قالغان قىسمىنى ئىمكان قەدەر تېزرەك تەييارلاپ يوللاشقا تىرىشىمەن. بۇ يەردە مەن ئوقۇرمەنلەردىن تۆۋەندىكى تور بەتتىكى مەزمۇننى چوقۇم بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: http://bbs.diyarim.com/read.php?tid=30697

مەن ئۇشبۇ يازمامنى يېقىندا http://meripet.blogbus.com گە يېزىلغان تۆۋەندىكى بىر ئىنكاس بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خىلۋەتتىكى بوستانلىق كەنتىدىن سىزگە ئوتلۇق سالام. يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن. مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر ياشلىرىغا ۋاكالىتەن تېنىڭىزگە سالامەتلىك، ئائىلىڭىزگە بەخت تىلەيمەن. مەن سىزنىڭ يازمىلىرىڭىز ئارقىلىق سىزنى تونۇغان، يازمىلىرىڭىزنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئىخلاسمەنلىرىڭىزنىڭ بىرى. مەن سىزگە خېلىدىن بېرى خەت يېزىشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئەرزىمەس خەتلىرىم ئارقىلىق سىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ سىزگە خەت يازمىغان ئىدىم، ئەمما سىزنىڭ دىيارىمىزدا يولغا

قويۇلۇۋاتقان «قوش تىللىق مائارىپ» توغرىسىدىكى ماقالىڭىزنى ئوقۇپ، ئىختىيارسىز سىزگە خەت يېزىشقا كىرىشتىم. قوش تىللىق مائارىپنىڭ بىزگە ئېلىپ كېلىدىغان پۇرسەت ۋە خىرىسلىرى خېلىدىن بېرى مېنى ئويلاندۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئەمما باشقىلار قانداق ئويلىدى، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم بولغانلىقتىن، بۇ جەھەتتە چوڭقۇرراق پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقانلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدىم. سىزنىڭ يازمىلىرىڭىز ۋە ئۇنىڭغا يېزىلغان ئىنكاسلاردىن مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا،پەن-مەدەنىيىتىگە ئۆزلۈكسىز كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلارنىڭ خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ،خېلى ئۈمىدكە تولدۇم. بىزدە «تاما-تاما كۆل تولار»دېگەن گەپ بار. بىزدە مىللەتنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلىرىمىز قانچە كۆپەيسە مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا شۇنچە پايدىلىق. دىيارىمىزدىكى پۇل-مال، ھوقۇقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان بىر قىسىم نانقېپىلارغا قارىغاندا مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئويلايدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلىرىمىزنىڭ بولۇشى مىللىتىمىزنىڭ بەختى.

مەن كىچىكىمدىن باشلاپ كىتاب ئوقۇشقا ئامراق بولغاچقا ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كىتابلارنى چاڭ قوندۇرماي ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن ئىدىم. مەقسەت مەن سۆيۈپ ئوقۇغان كىتابلارنى پەرزەنتلىرىمۇ سۆيۈپ ئوقۇسا، ماڭا ئەجدادىمنى تونۇتقان كىتابلاردىن پەرزەنتلىرىمۇ ئاتا-بوۋىلىرىنى بىلىۋالسا، ئۆز مەدەنىيىتىنى بىلىۋالسا، پەرزەنتلىرىم ئۆز مىللىتىنىڭ پەن-مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى قىزغىن سۆيىدىغان ياراملىق كىشىلەردىن بولۇپ چىقسا دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مىڭ ئەپسۇس، بالام مەكتەپ يېشىغا توشقاندىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى ئەندىشەم كۆڭلىمدە ئېشىپ باردى. بالام قوش تىل باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. گەرچە بۇ مەكتەپنىڭ ۋىۋىسكىسىدا «قوش تىل مەكتەپ» دەپ يېزىقلىق بولسىمۇ بارلىق دەرسلەر خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلگەنلىكتىن ئادەتتىكى كىشىلەر بۇ مەكتەپنى «خەنزۇ مەكتەپ» دەپ ئاتايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بالامنىڭ ئۇيغۇرچە ساۋاتىنى ئائىلىدە چىقىرىشقا مەجبۇر بولدۇم، ئەمما مەكتەپتە ئۇيغۇرچە يېزىق بىلەن ئۇچرىشىش پۇرستى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە سۆز-ئاتالغۇلارنى يېزىش، چۈشىنىشتە ۋە ئۇيغۇر تىل-يېزىق سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئاشۇرۇشتا قىيىنچىلىق خېلى ئېغىر بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن باللىرىمغا قىممەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە مىراس قالدۇرۇپ قويۇشنى ئويلىغان قىممەتلىك كىتابلار «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئانا يۇرت»، «جاللات خېنىم» ... قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلار مەندىن كېيىن قالسا توپا بېسىپ، بىر بۇلۇڭدا بويۇن قىسىپ تۇرۇپ قالارمۇ-ھە؟! باللىرىم، بىزنى دۇنياغا تونۇتقان مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، لوتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ... قاتارلىق ئالىم، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغان ۋە ئاتىيالمايدىغان (ھەتتا ئاغزى كەلمەيدىغان) بولۇپ چىقارمۇ-ھە؟! ئانا تىلىدا مۇنتىزىم تەربىيىلەنمىسە ئانا تىلىدا يېزىلغان قىممەتلىك كىتابلارنى قانداقمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلەر؟

مەن ئىلگىرى بالام چوڭ بولسا ياخشىراق خىزمەتكە ئورۇنلىشالارمۇ؟ دېگەننى ئويلايتتىم. ئەمدى بالام چوڭ بولسا ماڭا ۋە ئاتا-بوۋىسىغا ئوخشىماي قالارمۇ؟ دېگەننى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. خەيرىيەت، ھەممىمىز ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيسەك، ئىزدەنسەك قاناائەتلىنەرلىك جاۋابقا چوقۇم ئېرىشەلەيمىز.

مىللىتىمىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. سىزگە بەخت تىلەپ: ...»

## بۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تور ئادرېسلىرى توپلىمى:

1) «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى»
http://www.un.org/esa/socdev/unpfii/documents/E_C19_2008_7.pdf

2) دوكتور توۋ سكۇتناب-كەڭگېس خانىم (Tove Skutnabb-Kangas) :
http://www.neiu.edu/~duo/skutnabb.html

3) بۇ يازمىنىڭ ئاپتورى تەۋسىيە قىلغان بىر ماقالىنىڭ ئادرېسى:
http://bbs.diyarim.com/read.php?tid=30697

4) ئاپتورنىڭ ئىلگىرىكى يازمىلىرىغا قارىتا ئىنكاس يېزىلغان تور بەتنىڭ ئادرېسى:
http://meripet.blogbus.com

# خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل

(2-قىسىم)

2009-يىلى 2-ئاينىڭ 15- كۈنى

مەن ئۈشبۇ يازمامدا كەڭگىس خانىم قاتارلىق 4 نەپەر دۇنياغا تونۇلغان مۇتەخەسسىسلەر تەييارلاپ، 2008-يىلى 21-ئاپرېلدىن 2-مايغىچە ئېچىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) نىڭ «يەرلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى 7-نۆۋەتلىك دائىمىي سۆھبەت يىغىنى» دا دوكلات قىلغان 30 بەتلىك ئىنگلىزچە «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى» نىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىمەن.

1999-يىلى ب د ت ھەر يىلى 2-ئاينىڭ 21-كۈنىنى «خەلقئارالىق ئانا تىل كۈنى» قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقى 2000-يىلدىن باشلاپ بۇ كۈننى ھەر يىلى خاتىرىلەپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە ئانا تىلىم بلوگىنىڭ تۆۋەندىكى تور بېتىدە بىر قىسىم ئۇچۇرلار بار ئىكەن:
http://anatilim.blogbus.com/logs/35011024.html

مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ ئۇچۇرنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى يازغۇچى ۋە زىيالىيلارنىڭ ئاشۇ كۈننى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر ئاز ئىزدىنىپ، ئۆز بىلىملىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلى ھەققىدە خەلققە پايدىلىق ماقالە ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ھازىر مۇشۇنداق بىر پائالىيەتكە ئىنتايىن ئېھتىياجلىق.

يېقىندىن بۇيان مېنىڭ كۆڭلۈم ئىنتايىن تىت-تىتچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، مەن ئانا تىلنىڭ يەرلىك مىللەت مائارىپىدىكى رولى ھەققىدە يېڭى ماتېرىياللارنى كۆرگەنسېرى، ئانا تىل مەسىلىسىدە ھازىر ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋالنىڭ نەقەدەر يامانلىقىنى، نەقەدەر خەتەرلىكلىكىنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن مۇشۇ خىلدىكى يازمىلارنى تېز-تېز تەييارلاپ تورغا يوللاشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان بولساممۇ، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان خىزمىتىم باشقىچە جىددىي ھالەتكە كىرىپ قېلىپ، بۇ ماقالىلەرنى تېز-تېز تەييارلاشقا ۋاقىت چىقىرىشتا قىينىلىپ قېلىۋاتىمەن. نۇرغۇن تورداشلار ئۆز ئىنكاسلىرىدا «بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك» دەپ سوراپتۇ. مەن بۇ سوئالغا ئالدىنقى يازمىلىرىمدا ئازراق جاۋاب بەردىم. يەنى ئۇيغۇرلار يەھۇدىيلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان بۇ بىر كەسكىن مەسىلىنى قانۇنىي ۋاستىلار ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۇچۇن ئىشنى ئالدى بىلەن ئاللىقاچان يېزىلىپ ۋە ماقۇللىنىپ بولغان، ئەمما ئىجرا قىلىنمايۋاتقان قانۇنلارنى ئىجرا قىلدۇرۇشتىن باشلاش كېرەك. ئاندىن ناچار، ئۇيغۇرلار ئۇچۇن پايدىسىز قانۇن – بەلگىلىمىلەرنى ئەڭ يۇقىرى بالداقتىن باشلاپ ئۆزگەرتىش يولىدا ئىش ئېلىپ بېرىش كېرەك. پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر مەسىلىنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم

ئىش ئېلىپ بېرىشى بىلەن ھەل قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. چوقۇم كۆچنى بىرلەشتۈرۈپ، قانۇنىي يوللار بىلەن بىر تۇتاش ئىش ئېلىپ بېرىش كېرەك. مەن يۇقىرىقى سوئالنىڭ باشقا جاۋابلىرىنى تېپىش ھەققىدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئويلىنىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر دىيارى ۋە چەت ئەلدىكى باشقا بارلىق قېرىنداشلارنىڭمۇ، بولۇپمۇ باشقا بارلىق بىلىم ئەھلىلىرىنىڭمۇ بۇ جەھەتتە قاتتىق ئىزدىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇيغۇر بىلىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن «بىلىمنىڭ زاكىتىنى بېرىش» روھىنى تىكلەش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش پەيتى ھازىر تولۇق يېتىپ كەلدى. يەنە ئۇخلاپ يېتىۋەرمەيلى. يەنە قاراپ ئولتۇرۇۋەرمەيلى. ئۇيغۇر ئەمەل ئەھلىلىرىدىنمۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مەمۇرىي ۋە مىللىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىر ئۇيغۇر خەلقى ئالدىغا قويۇلغان رەسىم بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خەنزۇ تىلى ساۋاتىنى چىقىرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇيغۇر مىللىتىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش. لېكىن بۇ يەنىلا بىر پارچە رەسىم، بىر دانە گۈزەل ئارزۇ. مەن كۆرگەن ئىلمىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ھازىر ئۆز دىيارىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان مائارىپ تۈزۈمىگە تايىنىپ تۇرۇپ يۇقىرىقىدەك ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر ھازىرقىدەك «قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمى» داۋاملىق يولغا قويۇلۇۋەرسە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئۇيغۇرلار يېرىم قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىنمۇ يامان يېرى، ئۇيغۇرلار تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن 60 يىل ئىلگىرى جۇڭگودا 56 مىللەت بار ئىدى. ھازىر ئۇنىڭدىن قانچىسى قالدى؟ قالغانلارغا نېمە بولدى؟ بولسا جىمجىت ئولتۇرۇپ تۇرۇپ، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ، بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر ئويلىنىپ بېقىڭ. ھازىر مېڭىۋاتقان يولىڭىز سىزنى قانداق بىر ئاقىۋەتكە، قانداق بىر تەقدىرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ئۇشبۇ يازمىدا يۇقىرىقى نۇقتىلار ھەققىدە بىر قىسىم مۇھىم ئىلمىي نەزەرىيىلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، مەن ئۇيغۇرنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بولىدىغان ھەر بىر قېرىنداشىمىزدىن بۇ يازمىنى بىر قېتىم ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار ھازىر بارلىقىنى ئىشقا سېلىپ، باشقىلار بىلەن قاتتىق رىقابەتلىشىپ تۇرۇپ، بەس-بەس بىلەن كىچىك بالىلىرىنى ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەردە ئوقۇشقا ماڭدۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇنداق ئاتا-ئانىنىڭ بىرسى بولسىڭىز، بالىڭىز كېلەر قېتىم سىزنى يوقلاپ قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ روھىي جەھەتتە قانداق ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنچىكىلەپ سوراپ بېقىڭ. مەن بۇ گەپنى ھازىر ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن كەلگەن خەتلەرگە ئاساسەن دەۋاتىمەن. بۇنداق يولنى تاللىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ مەقسىتى پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ بالىسىنى تېخىمۇ ياخشىراق جان بېقىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرۈش، بالىسىنى بەختلىك قىلىش. لېكىن قىلغان ئىشىڭىزنىڭ ئاقىۋىتى بالىڭىزنىڭ نەزىرىدە ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىش بولۇپ قالمىسۇن. ئىنسانلارغا خۇشاللىق، قانائەتچانلىق ۋە بەختلىك ئېلىپ كېلەلەيدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپ. سىزگە بەختلىك بولۇپ تۇيۇلغان بىر ئىشنىڭ باشقىلارغىمۇ شۇنداق بولۇپ تۇيۇلۇشى ناتايىن. بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ بىر ۋىجدانلىق ۋە غۇرۇرلۇق ئادەم بولىدىكەن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان، ئۆزى ئەڭ

قەدىرلەيدىغان بىر نەرسىدىن ئايرىلغاندا، ئۆزىنى داۋاملىق تۈردە بەختلىك دەپ ھېسابلىيالمايدۇ. ئۆزىدە داۋاملىق تۈردە بەختلىك تۇيغۇسى بولمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. ئۇشبۇ يازمىدا ئۆز ئائىلىسىدىن، ئۆزىنىڭ مىللىي جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان بالىلار دۇچ كېلىدىغان بىر قىسىم يامان ئاقىۋەتلەر بايان قىلىنىدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇنداق بىر بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى بولسىڭىز، بۇ يازمىنى چوقۇم بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىڭ.

مىللەتنىڭ ھالى ياخشىلانماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ھالى مەڭگۈ ياخشىلانمايدۇ. شۇڭا ئۆز ئائىلىسىنىڭ ھالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن يول تاللىغاندا، مىللەتنىڭ ھالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر يول تېپىشنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم، ھەتتا ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلۇپ قالماسلىق كېرەك. مانا بۇ يەھۇدىيلار يەكۈنلەپ چىققان تەجرىبە-ساۋاقلارنىڭ بىرسى. مەن يېقىندا ئۆزىگە «تارىم722» دەپ تەخەللۇس قويۇۋالغان بىر ئۇكىمىزنىڭ «قوپە ئېشەك، ئويغان، قۇياش كۆتۈرۈلدى» دېگەن ماۋزۇلۇق بىر يازمىسىنى ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىلەر ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاقىرىقلار ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىغا ناھايىتى ماس كېلىدىكەن. مەن ئوقۇرمەنلەرگە ئۇ يازمىنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. ئۇ يازمىنىڭ بىلىكتىكى تور بەت ئادرېسى:

http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=21148

مەن ئەمدى بۇ يازمىنىڭ رەسمىي مەزمۇنىنى باشلايمەن.

## 2. ھۆكۈمران تىلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپنىڭ ماھىيىتى ۋە تەسىرى – ئىجتىمائىي ۋە تەلىم-تەربىيە جەھەتتىكى كۆرگەن- بىلگەنلىرىمىز

### (1) تىلنىڭ مۇھىملىقى

بىز (ئەسلىدىكى ماقالىنىڭ 4 ئاپتورىنى دېمەكچى) ماقالىمىزنىڭ بۇ قىسمىنى يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ئانا تىلى، مەدەنىيىتى، مىللىي كىملىكى ۋە مىللىتىنىڭ يوقىتىلغىنىنى قانداق چۈشەنگەنلىكى، ھەمدە جىسمانىي جەھەتتىكى يوقىلىش بىلەن تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يوقىلىشنى قانداق چۈشەنگەنلىكى توغرىسىدىكى بىر قانچە مىسالدىن باشلايمىز.

كانادا ئونتارىئو (Ontario) ئۆلكىسى زەھەرسىزلەندۈرۈش مەركىزى (ئىنگلىزچە «detoxification center») نىڭ دىرېكتورى راندى كونسىللور (Randy Councillor) ئۆزىنىڭ «زېمىنىنىڭ ئاۋازى بىزنىڭ تىلىمىزدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ تىلىمىز يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. مانا بۇ ناچارلىشىشنىڭ بىرىنچى ئالامىتى. بىزنىڭ مىللىي ھاياتىمىز مۇنداق تۆت ئېلېمېنتنىڭ ئاساسىدا مەۋجۇد بولۇشى كېرەك: ئەنئەنە، مەدەنىيەت، قىممەت كۆز-قارىشى، ۋە تىل. ئەگەر سىز بۇ تۆت ئاساسنىڭ بىرسىنى يوقىتىپ قويسىڭىز، بىزنىڭ مىللىي ھاياتىمىز چۈۋۈلۈشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز مۇشۇنداق چۈۋۈلۈشنىڭ ئالامىتى بولغان ھاراقكەشلىك ۋە باشقا ناچار ئەھۋاللارغا دۇچ

كېلىمىز.»

بىز قانۇنىي جەھەتتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتىن بۇرۇن، كېمەيتىمە مائارىپتا زورلۇق كۈچى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى، ھەمدە ئاشۇنداق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق جەھەتتىكى يامان ئاقىۋەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. كېمەيتىمە مائارىپ دېگىنىمىز، باللارغا ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگەتمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمدار تىلنى ئۆگىتىش، شۇ ئارقىلىق باللارنىڭ ئانا تىلىنى ئۇلارنىڭ تىل بىلىمى ئىچىدىن چىقىرىۋېتىشقا قارىتىلغان. بۇ بىر ئاسمىلاتسىيىچىلىك بولۇپ، ئۇنداق قىلىش بىۋاستە تەن زەخىملىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا ناھايىتى ئېغىر روھىي زەخىملەرنى، ۋە ناھايىتى ئېغىر پسىخولوگىيىلىك، تىل، چۈشىنىش، ئەستە قالدۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش، خۇلاسە چىقىرىش، ۋە ئاساسلاش (ياكى سەۋەبىنى تېپىش) ئىقتىدارلىرى (ئىنگلىزچە cognitive ability) جەھەتتىكى، ھەمدە ناھايىتى ئېغىر مائارىپ، تەن-سالامەتلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي زەخىملەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق زەخىملەر مەڭگۈلۈك بولىدۇ: يەرلىك مىللەت خەلقلىرى بۇنداق زەخىملەرنىڭ تەسىرىدىن بىر ئۆمۈر خالىي بولالمايدۇ.

### (2) يەرلىك مىللەت مائارىپىدا قوللىنىلىدىغان زوراۋانلىق كۈچلەر: «تاياق»، «سەۋزە» ۋە «ئىدىيە»

جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە مائارىپشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بىز تىنچلىق تەتقىقاتچىسى جوھان گالتۇڭ (Johan Galtung) 1980-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان زوراۋانلىق كۈچىنىڭ مۇنداق 3 خىل شەكلىنى تەسۋىرلەيمىز: ھۆكۈمدارلار بىر ئورتاق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن «تاياق»، «سەۋزە» ۋە «ئىدىيە» دىن ئىبارەت 3 خىل كۈچتىن پايدىلىنىدۇ.

«تاياق» ئىشلىتىشنىڭ مىساللىرىدىن مۇنداقلىرى بار: جىسمانىي زوراۋانلىق كۈچى ئىشلىتىش ئارقىلىق باللارنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىپ ئەكېتىش، باللارغا ئۆز ئانا-تىلىنى ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن تەن جازاسى بېرىش، ياكى ئۇلارغا تاماق بەرمەسلىك.

1851-يىلىدىن 1920-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، نورۋېگىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار سائامى (Saami) ۋە كۋېن (Kven) مىللىتىدىن بولغان باللارغا نورۋېگىيە تىلى ئۆگىتىشتە ياخشى نەتىجە قازانغان بولسا، ئۇلارغا مۇكاپات تەرىقىسىدە قوشۇمچە مائاش بېرىلگەن. شۇنداقلا، ئەگەر كەمبەغەل باللار ۋە ئاتا-ئانىلار ئۆز ئانا تىلىنى تاشلىۋېتىش بەدىلىگە نورۋېگىيە تىلىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىشكە نىسبەتەن ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتقان بولسا، ئۇلار تاماق ۋە كىيىم-كېچەك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ خىل ئۇسۇل «سەۋزە» ئىشلىتىش، دەپ ئاتالغان.

«ئىدىيە» دىن پايدىلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇشۇ ماقالىنىڭ 3-قىسمىدا ئايرىم توختىلىمىز.

ئۆز تىلى، مەدەنىيىتى ۋە مىللىي ئۆزلۈكىدىن پسىخولوگىيە جەھەتتىن ئايرىلىش، ھەمدە باشقا بىر تىل، مەدەنىيەت ۋە كىملىكتىكى ئادەمگە ئايلىنىش كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۆز مىللىتىدىن جىسمانىي جەھەتتە ئايرىلىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بىر دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مەكتەپتە يېتىپ-قوپۇپ ئوقۇيدىغان مەكتەپ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنلارنى مەجبۇرى يولغا قويۇشى، يەرلىك مىللەت باللىرىنى ئۆز ئۆيىدىن ۋە ئۆز جەمئىيىتىدىن ئايرىۋېتىش، ئۆز ئۆيى بىلەن ئۆز جەمئىيىتىدىن ناھايىتى يىراقتىكى ئورۇنغا يۆتكىۋېتىش، بەزىدە ھەتتا ھۆكۈمران مىللەت جەمئىيىتىدىكى ئائىلىلەردە

تۇرغۇزۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «غەرق قىلىپ ئۆگىتىش تۈزۈمى» (submersion education) دىكى بالىلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە ئوقۇش ئاخىرلاشقاندا ئۆز جەمئىيىتىگە جىسمانىي جەھەتتىن قايتىپ كېلىشىگە كۆپىنچە ئەھۋالدا يول قويۇلدى. لېكىن، ھۆكۈمەت بۇنداق ئىشلارغا شەرتلىك يول قويىدىغان، بەزىدە بولسا بۇنداق ئىشلارنى مەڭگۈ چەكلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بالىلارنى ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنىدىغان ئىشلار تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق—بۇ جەھەتتىكى ھازىرمۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان مىساللار ئىنتايىن كۆپ.

## (3) «غەرق قىلىپ ئۆگىتىش تۈزۈمى» نىڭ مائارىپشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، جىسمانىي ۋە پسىخولوگىيىلىك جەھەتلەردىكى يامان ئاقىۋەتلىرى

ئەركىن سىدىقنىڭ ئىزاھاتى: «غەرق قىلىپ ئۆگىتىش تۈزۈمى» مۇنداق بولىدۇ: مەكتەپ يېشىدىن بۇرۇن باشقا بىر مىللەت رايونىغا كۆچۈپ بارغان بالىلار ئاشۇ يات مىللەت بالىلىرىغا قوشۇلۇپ ئوقۇيدىغان بولۇپ، بۇ بالىلارغا يات مىللەت تىلىدىن ئايرىم دەرس بېرىلمەيدۇ. (بۇ ئىزاھات تامام)

جىسمانىي جەھەتتىكى ئايرىۋېتىش ۋە باشقا ئاسسىمىلاتسىيىچىلىك «تاياق» لىرىنى ئىشلىتىشنىڭ پسىخولوگىيە، چۈشىنىش، ئەستە قالدۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش، خۇلاسە چىقىرىش، ۋە ئاساسلاش ئىقتىدارلىرى جەھەتتە، ھەمدە تىل ۋە مائارىپ جەھەتتە ئىنتايىن زىيانلىق تەسىرى بار بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ۋەيرانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۆۋەندە بىز مۇنداق بىر قانچە نۇقتىلار ھەققىدىكى مىساللارنى تەسۋىرلەپ ئۆتىمىز:

[1] كېمەيتمە مائارىپتىن كېلىپ چىققان ئوقۇ-ئوقۇتۇش نەتىجىسى جەھەتتىكى يامان ئاقىۋەتلەر.

[2] جەمئىيەت، ئىقتىساد ۋە باشقا ئىجتىمائىي يامان ئاقىۋەتلەر، مەسىلەن، يەرلىك مىللەتتىكى يۇقىرى نىسبەتلىك ئىشسىزلىق، تۆۋەن كىرىم، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشىشى، مىللىي خاسلىقتىن ياتلىشىشى ۋە روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشى.

[3] يۇقىرىقى ئىككىنچى ئاقىۋەتتىن كېلىپ چىققان يامان جىسمانىي ئاقىۋەتلەر، مەسىلەن، ھاراقكەشلىك، زىناخورلۇق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، زوراۋانلىق كۈچى ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىققان ئادەم ئۆلتۈرۈش، ۋە باشقىلار.

[4] يامان پسىخولوگىيىلىك ئاقىۋەتلەر، بولۇپمۇ مەكتەپتە يېتىپ-قوپۇپ ئوقۇيدىغان مەكتەپلەردە يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار.

ئەركىن سىدىقنىڭ ئىزاھاتى: ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر ھاياتىدا يۇقىرىقى بىر قانچە جەھەتلەردە يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان مىساللار ئىنتايىن كۆپ. شۇڭلاشقا، ۋاقىت ۋە ماقالىنىڭ ھەجمىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەسلىدىكى ماقالىدا بېرىلگەن مىساللارنى بۇ يەردە تەپسىلىي بايان قىلمايمەن. (بۇ ئىزاھات تامام)

نۇرغۇن بالىلار كۈندۈزلۈك مەكتەپلەر ۋە مەكتەپتە يېتىپ-قوپۇپ ئوقۇيدىغان (ياكى ياتاقلىق) مەكتەپلەردىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش جەريانىدا ياكى ئاشۇنداق ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆز ئانا تىلىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇنداق ئىشلار بەزىدە بىر ئەۋلاد دەۋرى ئىچىدىلا يۈز بېرىدۇ. بۇ جەھەتتە دۇنيادا مىڭلىغان مىساللار بار. بۇ يەردىكى مەسىلە بالىلار ئوقۇغان

مەكتەپنىڭ قانداق مەكتەپ ئىكەنلىكىدە ئەمەس. بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە مەكتەپنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش نىشانى بالىلارغا ئانا تىل ئاساسىدا باشقا تىلنىمۇ ئۆگىتىشمۇ ياكى ئانا تىلنى ئۇلارنىڭ تىل ئىقتىدارى قاتارىدىن كېمەيتىشمۇ، دېگەن نۇقتىدا. بالىلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ساقلاش ۋە مۇستەھكەم تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىر ئېنىق نىشان قىلغان ئاساستا ئۇلارنى يۇقىرى سەۋىيىلىك قوش تىللىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش-چىقماسلىقتا. لېكىن، ئاسسىمىلاتسىيىچىلىك كېمەيتمە مائارىپ تۈزۈمى ھازىرغىچە ۋە ھازىرمۇ يەرلىك ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان گاس ۋە قۇلىقى ياخشى ئاڭلىمايدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بولۇپ تۇرماقتا. ئەنئەنىۋى مەكتەپلەر، ھەممە بالىلار باشلانغۇچنى ئۆز ئانا تىلىدا باشلاپ، ھۆكۈمران تىلدىكى سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە ئاشۇ ھۆكۈمران تىل سىنىپىغا يۆتكىلىدىغان «ئۆتكۈنچى ئوقۇتۇش پروگراممىسى» نى يولغا قويغان مەكتەپلەردىمۇ يەرلىك مىللەت بالىلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىكى سەۋىيىسى ئىنتايىن ناچار ھالەتتە تۇرماقتا. شۇڭلاشقا ئۇلار ئانا تىلىنى ئۆز ئۆيىدە ئىشلىتەلمەيدۇ، ياكى بولمىسا ئانا تىلىنى ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ. مائارىپ تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقارغان تىل جەھەتتىكى ئاسسىمىلاتسىيىچىلىك دېگىنىمىز، مۇشۇنداق ئاسسىمىلاتسىيىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ بالىلىرى ياكى نەۋرىلىرى ئانا تىلنى ئۆگەنمەيدۇ، دېگەننى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر تىل جەھەتتە باشقا بىر مىللەتكە مەجبۇرى ئۆزگەرتىلىدۇ.

كېمەيتمە ھۆكۈمران تىلدىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن يەرلىك بالىلار بىلىم ئېلىش ۋە باشقا روھىي جەھەتلەردە ناھايىتى ئېغىر زىيانلارغا ئۇچرىدى. بۇنداق زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەرسە دەل ئاشۇنداق مائارىپ تۈزۈمىنىڭ ئۆزىدۇر. يەرلىك بالىلار كۆپىنچە ئەھۋالدا مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدا كەڭ دائىرىدىكى ناچار مۇئامىلىگە دۇچ كېلىدۇ. مائارىپشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، پسىخولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار بۇ نۇقتىنى كۈچلۈك دەرىجىدە ئىسپاتلىدى. ماففى (Maffi) تەھرىرلىگەن 2001-يىلدىكى بىر كىتابتىكى نۇرغۇن ماقالىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، تىلنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولغان بىر نەرسە كۆچمەن بولۇش، يەنە بىر نەرسە بولسا مەكتەپتىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت. تسۇي (Tsui) بىلەن توللېفسون (Tollefson) تەھرىرلىگەن 2004-يىلدىكى بىر كىتابتا پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار ئاساسىدا مۇنداق بىر يەكۈن خۇلاسىلەپ چىقىلغان: بىر يات تىلدىكى ئاساسىي ئىپادىلەرنى تېخى تولۇق ئۆگىنىپ بولالمىغان بالىلارغا ئاشۇ يات تىلدا دەرس ئۆتۈلسە، يالغۇز بۇ بالىلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى بىلەن چۈشىنىش، ئەستە قالدۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش، خۇلاسە چىقىرىش، ۋە ئاساسلاش ئىقتىدارلىرىنىڭ تولۇق يېتىلىشىگە دەخلى يېتىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان تونۇشى، غۇرۇرى، روھىي جەھەتتىكى تىنچلىقى ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش جەريانىغا ئۈنۈملۈك قاتنىشىش قابىلىيىتىگىمۇ دەخلى يېتىدۇ.

نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن شۇ نەرسە ئىنتايىن ئېنىق بولدىكى، قوش تىللىق بالىلارنىڭ ئاكادېمىيىلىك مۇۋەپپەقىيىتىنى ئالدىن مۆلچەرلەشتە، باشقا ھەر قانداق ئامىللارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ دەسلەپتە دەرسلەر ئۆز ئانا تىلىدا ئۆتىلىدىغان مەكتەپتە قانچە ئۇزۇن ئوقۇغانلىقى ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ئامىل يەرلىك مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىدىنمۇ مۇھىم بولۇپ، ھۆكۈمران قىلىنغان ياكى ئېزىلگەن يەرلىك مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئىنتايىن ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. ھازىر ئەڭ ناچار مائارىپ نەتىجىسى «غەرق قىلىپ ئۆگىتىش پروگراممىسى» دا

ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كۆرۈلۈۋاتقان بولۇپ، بۇنداق ئوقۇغۇچىلارغا ئانا تىل يا زادىلا ئۆتۈلمەيدۇ، ياكى بولمىسا ئانا تىل پەقەت بىر قوشۇمچە دەرس تەرىقىسىدە ئازراقلا ئۆتۈلىدۇ. يېڭى زېللاندىيە مائارىپ مىنىستىرى ئورۇنلاشتۇرغان بىر ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، پەقەت ھۆكۈمران تىلدىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان «غەرق قىلىپ ئۆگىتىش تۈزۈمى» ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئۈنۈمى ئەڭ تۆۋەن بولغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىكەن. توماس (Thomas) بىلەن كوللىئېر (Collier) 2002-يىلى 210،000 نەپەر ئىسپانىيىچە–ئىنگلىزچە قوش تىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان كەڭ – كۆلەملىك ئىلمىي تەتقىقاتتىن مۇنداق بىر يەكۈن چىقارغان: بىر يات تىل مەكتىپىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئۇلارنىڭ دەسلەپتە دەرسلەر ئۆز ئانا تىلىدا ئۆتىلىدىغان مەكتەپتە قانچە ئۇزاق ئوقۇغانلىقى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يەرلىك مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مائارىپتا مەغلۇپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ مۇھىم سەۋەب «غەرق قىلىپ ئۆگىتىش تۈزۈمى» دىن ئىبارەت.

يەرلىك مىللەت خەلقلىرى توغرىسىدىكى نۇرغۇن ستاتىستىكىلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇلار ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىنى كۆپلىگەن تارىخىي، جۇغراپىيىلىك، ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي، تىل ۋە مائارىپ جەھەتتىكى ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۆتمۈشتىكى ياكى ھازىرقى مۇستەملىكىچىلىككە ئۇچراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، يەرلىك مىللەت خەلقلىرىنىڭ بۈگۈن ئاشۇنداق تۆۋەن ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىدا بارغانسېرى مۇھىم رول ئويناۋاتقان نەرسە يولغا قويۇلغان مائارىپ تۈزۈمى، بولۇپمۇ كېمەيتمە مائارىپ تۈزۈمى، يەنى ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلنى يەرلىك مىللەت مائارىپىدىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش تىلى قىلىپ ئىشلىتىش بولۇۋاتىدۇ.

پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا، ھازىر يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت باللىرى ئېغىر تەن جازاسىغا ئۇچراۋاتقان، تامىقى كەمچىل بولۇۋاتقان، جىنسىي جەھەتتىن خارلىنىۋاتقان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە ئۇچراۋاتقان مىساللار ئىنتايىن كۆپ. ناچار مائارىپ تۈزۈمى سەۋەبىدىن ئىقتىسادىي ئورۇنىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلەپ كېتىشى يەرلىك مىللەت باللىرىدا تەن-سالامەتلىك جەھەتتىكى ئېغىر جىسمانىي زەخمىلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، بوۋاقلارنىڭ ئوبدان بېقىلماسلىقى، بوۋاقلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئوزۇقلۇقنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، خەتەرلىك ئىشلارغا سېلىنىشى، ئىشسىزلىق، بالا ئىشچىلىقى، ناچار ئۆي شارائىتى ۋە ناچار داۋالىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلار. ئېغىر دەرىجىدىكى جىسمانىي زەخىملىنىشلەردىن يەنە مۇنداقلىرى بار: ھاراقكەشلىكتىن كېلىپ چىققان سالامەتلىك ۋە باشقا بەدەن مەسىلىلىرى، ئۆي ئىچىدە ئاياللارنى ۋە باللارنى خارلاش، زىناخورلۇق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋە جىنايى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى قاتارلىقلار. بىر قىسىم دۆلەتلەردە، مائارىپ سىستېمىسى، بولۇپمۇ ياتاقلىق مەكتەپلەر، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى پەيدا قىلغۇچى بىۋاستە، ئەڭ مۇھىم ۋە ئاساسلىق سەۋەب ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

كۆپىنچە ئەھۋالدا تەن ۋە روھىي جەھەتتىكى زەخمىلەرنى مائارىپ تۈزۈلمىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دئېر جوردان (Deirdre Jordan) رەسمىي مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ مىللىي خاسلىققا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە كەڭ – كۆلەملىك ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 1988-يىلى

تۆۋەندىكىلەرنى يەكۈنلەپ چىققان: «تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىقتىسادىي ئاساسلاردىن قاتتىق چىققان كۈچلەرنىڭ تەسىرى، ھەمدە يەرلىك مىللەت خەلقىنى ئۆز ماكانى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ماددىي بايلىقلارنىڭ تالان-تاراج قىلىنىشى ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى يوقىتىپ تاشلىدى، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېسىل مىللىي خاسلىقىنىڭ ئورنىغا ئاشۇ يەرلىك مىللەتلەرنى ناچار مىللەت قىلىپ كۆرسىتىدىغان سەلبىي ئوبرازنى دەسسەتتى. يالغۇز بۇلارلا ئەمەس، يەرلىك مىللەتنىڭ مىللىي خاسلىقى بىلەن مىللىي مەدەنىيىتىنى يوقاتقان ئەڭ زور كۈچلەرنىڭ بىرسى مەكتەپتىن ئىبارەت بولدى.» ئاشۇنداق مائارىپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان نۇرغۇن باللار ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن، مىللىي مەدەنىيىتىدىن، ئۆز ئائىلىسىدىن ۋە ئۆزىنىڭ مىللىي جەمئىيىتىدىن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى.

1800-يىللىرىنىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ 1900-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر يەرلىك مىللەت، يەرلىك دۆلەت، ياكى يەرلىك خەلقنى تەلتۆكۈس يوقىتىش مەقسىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېلان قىلغان مىساللار ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆپ. مەسىلەن، مىللوي (Milloy) نىڭ 1999-يىلى بايان قىلىشىچە، كانادا ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن كانادادىكى ياتاقلىق مەكتەپلەرنىڭ رەسمىي نىشانى «ئىندىئانلىقلار مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش» بولغان. ئۇلار مۇنداق دېگەن: «كانادادىكى ھەر بىر ئىندىئانلىق دۆلەتنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسى ئېچىگە كىرىپ بولمىغۇچە، ئىندىئانلىقلار مەسىلىسى پۈتۈنلەي ھەل بولۇپ بولمىغۇچە، ھەمدە كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىندىئانلىقلار باشقارمىسى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغىچە، بىز بۇنداق مائارىپ سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى ھەرگىزمۇ توختاتمايمىز.»

ھەممەيلەنگە چۈشىنىشلىك بولغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھازىر ھېچقانداق دۆلەت ياكى مائارىپ ئورۇنلىرى مەلۇم بىر مىللەتنى يوقىتىش، ياكى ئۇنىڭغا زەخمە يەتكۈزۈش، ۋە ياكى ئۇنى باشقا بىر مىللەتكە ئايلاندۇرۇش غەرىزىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. لېكىن، ئاشۇ دۆلەت بىر مىللەتنى يوقىتىش، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش ياكى ئۇنى باشقا بىر مىللەتكە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يولغا قويغان تۈزۈلمە، ئىدېئولوگىيىلىك ئامىللار ۋە ئىجرا قىلىۋاتقان سىياسەتلەرنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۇ دۆلەتنىڭ ئاشۇنداق بىر غەرىزى بارلىقنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ. بۇرۇنقى بىر قەدەر ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىشلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بىز مۇشۇنداق بايقاشلارغا بىر قانچە ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئېرىشتۇق. ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلنى يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت باللىرىنىڭ ئاساسلىق دەرس ئۆتۈش تىلى قىلىپ ئىشلەتكەندە ئېغىر سەلبىي ئاقىۋەتلەر يۈز بېرىدۇ. بۇ نۇقتا بۇرۇنقى كونكرېت، ئىلمىي تەجرىبىدىن ئۆتكەن پاكىتلار ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلانغان، شۇنداقلا مۇكەممەل نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلى ئىلمىي تەتقىقات پاكىتلىرى ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلانغان (مەسىلەن، ب د ت نىڭ 1953-يىلىدىكى دوكلاتىغا ۋە ماگگا (Magga) قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ 2004-يىلىدىكى «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى»غا قاراڭ). بىز (ئەسلىدىكى ماقالىنىڭ 4 ئاپتورىنى دېمەكچى) شۇنى جاكارلايمىزكى، ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ مائارىپ ئەمەلدارلىرى يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇرۇپ، ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلنى يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت باللىرىنىڭ ئاساسلىق دەرس ئۆتۈش تىلى قىلىپ ئىشلىتىش مائارىپ سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويىدىكەن، بۇنداق سىياسەتنى ئۆزگەرتىشنى داۋاملىق رەت قىلىدىكەن، ئانالىتىك، ئىجتىمائىي-تىلشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە سىياسەتشۇناسلىق، ۋە مائارىپ سىياسىتىنى ئانالىز قىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ قاراپ، ئۇلاردا بىر مىللەتنى يوقىتىش، ياكى ئۇنىڭغا زەخمە يەتكۈزۈش، ۋە ياكى

ئۇنى باشقا بىر مىللەتكە ئايلاندۇرۇش غەرىزىنىڭ بارلىقىنى ناھايىتى كۈچلۈك ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.
ئاشۇنداق دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ بىر مىسالى كانادا ھۆكۈمىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ «ئىندىئانلىقلار ئىشلىرى باشقارمىسى» بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە «ئىندىئانلىق باللارنىڭ پاراۋانلىقى ۋە ياخشى تەربىيە كۆرۈشى ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بېرىش» باھانىسى ئاستىدا ئىندىئانلىقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بارغان. بۇ باشقارما ئەڭ ئاخىرى 1986-يىلى تاقالغان.
بۇ يازمىنىڭ ئۈشبۇ قىسمى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە داۋامى بار. ئۇنىڭ كېيىنكى قىسىملىرى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە «ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزگەن جىنايەت» ھەققىدە بولىدۇ.

## بۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تور ئادرېسلىرى تىزىملىكى:

1) ئۈشبۇ يازمىنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى»:
http://www.un.org/esa/socdev/unpfii/documents/E_C19_2008_7.pdf

2) بۇ يازمىنىڭ 1-قىسمى:
http://bbs.salkin.cn/read.php?tid-54612-fpage-0-toread--page-2.html

3) ب د ت نىڭ ھەر يىلى 2-ئاينىڭ 21-كۈنىنى «خەلقئارالىق ئانا تىل كۈنى» قىلىپ بېكىتكەنلىكى (ئۇيغۇرچە) :
http://anatilim.blogbus.com/logs/35011024.html
http://anatilim.blogbus.com/logs/34715312.html

4) ب د ت نىڭ ھەر يىلى 2-ئاينىڭ 21-كۈنىنى «خەلقئارالىق ئانا تىل كۈنى» قىلىپ بەكىتكەنلىكى (ئىنگلىزچە):
http://www.un.org/depts/dhl/language/index.html
http://webworld.unesco.org/imld

5) «قوپە ئېشەك، ئويغان، قۇياش كۆتۈرۈلدى»:
http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=21148

# خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل

## (3-قىسىم)

## 2009-يىلى 3-ئاينىڭ 1- كۈنى

مەن ئۈشبۇ يازمامدا كەڭگىس (Kangas) خانىم قاتارلىق 4 نەپەر دۇنياغا تونۇلغان مۇتەخەسسىسلەر تەييارلاپ، 2008-يىلى 21-ئاپرېلدىن 2-مايغىچە ئېچىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) نىڭ «يەرلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى 7-نۆۋەتلىك دائىمىي سۆھبەت يىغىنى»دا دوكلات قىلغان 30 بەتلىك ئىنگلىزچە «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى» نىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىمەن.

رەسمىي مەزمۇننى باشلاشتىن بۇرۇن، مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈم يېقىندا ھېس قىلغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن. مەن يېقىندا مەلۇم بىر ئۇيغۇر تور بېتىدە تۆۋەندىكى ئۇچۇرنى ئوقۇدۇم:

«بۈگۈن مەن داڭلىق يازغۇچىلار بىلەن بىللە بىر سورۇندا بولۇپ قالدىم. ئۇلار تۇيۇقسىزلا قوش تىلنى مۇلاھىزە قىلىشىپ قالدى. مەن ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىنىڭ جەۋھىرىنى سىلەرگە يەتكۈزۈشنى توغرا تاپتىم: قوش تىل مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، دانا تەدبىر، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە نۇر بەكرىنىڭ قوش تىل سىياسىتىگە قارشى كۆپلىگەن پىكىر يىغىپ ئۇنى تۈزكور، دېيىشتەك ئەھۋاللار بار. بۇ ئۇلارنىڭ پەقەت مىللىي ھېسسىياتى بويىچە، قارىغۇلارچە دېگەن گېپى خالاس. بۇنى بىز يازغۇچىلار ھېس قىلىپ يەتمىسەك، ئادەتتىكى كىشىلەر ئاسانلىقچە چۈشەنمەيدۇ. نۇر بەكرىنىڭ سىياسىتى توغرا بولغان، يەنى ھازىر مىللىتىمىز يېزىقنى ساقلاپ قالامدۇق ياكى ناننى تۇتۇپ يەمدۇق دېگەن مەسىلىگە دۇچ كەلدى، ئەگەر سەن كۆرۈنۈش بويىچە قالغان يېزىقىمىزنىلا ئوقۇتىمىز دەپ، خەنزۇ تىلىنى چەتكە قاقساڭ، سېنىڭ نېنىڭنى ياتلار تۇتۇپ يەيدۇ. ئەگەر سەن بۇ تىلنى بىلسەڭ ئۆزۈڭنىڭ نېنىڭنى ئۆزۈڭ تۇتۇپ يەيسە. ھەم مىللىتىمىز بىر قىسىم مىللەتلەردىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا رەھمەتلىك سەيپىدىن ئەزىزى نېمشقا يېزىقىمىزنى لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى ھەرپچە يېزىققا ئۆزگەرتتى ، پۈتۈنلەي مىللىتىمىزنىڭ بەزى مىللەتلەردىن تېزدىن ئېشىپ كېتىشى ئۈچۈن، لېكىن بۇ ياخشى نىيەت مەركەزدىكىلەر تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدى، بىز يەنە مۇشۇ يېزىقىمىزنى قوللانسۇن، بۇمۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ يېزىقى ئەمەس، ئەرەب ھەرپى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئەمدىلىكتە نۇر بەكرى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يولىنى تۇتتۇۋاتىدۇ، مانا بۇ دانا سىياسەت، ئۇ بىزنىڭ ئۇيغۇرنى تەرەققىي تاپقۇزماقچى، ئەمما يېزىقىمىزنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق قىلماقچى، بۇ ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادلارغا ياشاش پۇرسىتى قالدۇرماقچى، نۇر بەكرى ھازىر خەنزۇلارنىڭ «چەت ئەلنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئىگىلەپ ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈپ، روناق تاپقۇزۇش، ئۆزىمىزنىڭ مېغىزىنى ئۆزىمىز چېقىش» دېگەن مۇساپىسىنى قايتا بېسىپ، بىز ئۇيغۇرلارنى يېزىقتىكى ئاچچىق قىسمەتلەردىن بىراقلا قۇتقۇزماقچى، ئەگەر ئۇيغۇرلار يېزىق ئۆتكىلىدىن جايىدا ئۆتۈپ كەتسە قالدى ئىشلار

كىيىنكىلەرگە ئامانەت، مانا بۇ نۇر بەكرىنىڭ ئاجايىپ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن يولغا قويغان سىياستى. مانا بۇلار بۇ داڭلىق يازغۇچى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ پىكرى. » (شەخسىيلەرنىڭ ئىسمى ۋە باشقا بىر قىسىم جايلىرى قىسقارتىلدى.) مەن بۇ ئۇچۇرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىرەر ھەپتىگىچە بىر ئىنتايىن مۇرەككەپ روھىي ھالەت ئىچىدە ئۆتتۇم. ماقالە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا قولۇم زادىلا بارمىدى. ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىلىمى ئەڭ يۇقىرى كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بەزىلىرى «قوش تىللىق مائارىپ» مەسىلىسىگە مۇشۇنداق قارايدىكەن. تۆۋەن قاتلاملاردىكى يېڭى مائارىپ سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ ئىجرا قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىدىن نېمىنى ئۈمىد قىلىش مۇمكىن؟ ئادەتتىكى پۇقرالاردىنچۇ؟

ئويلاپ باقسام، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى ئەڭ دەسلەپتە بىر ئۇيغۇر ئوتتۇرىغا قويغان ئىكەن. ئۇ ئادەم بىلىم ئەھلىمۇ ياكى ئەمەل ئەھلىمۇ، ئۇنىسى ماڭا ئېنىق ئەمەس. ئىشقىلىپ ئۇ كىشىنىڭ مەن ئۇشبۇ يازمامدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن چەت ئەللەردىكى تارىخىي پاكىتلار، تارىخىي تەجرىبە ساۋاقلار، يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل توغرىسىدىكى ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن نەزەرىيىلىرى، ھەمدە بۇ جەھەتتىكى خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەردىن ئانچە خەۋىرى يوق بىر ئەرباب ئىكەنلىكى ئېنىق. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ھەتتا يەسلىدىن تارتىپ «قوش تىللىق تەربىيە» نى يولغا قويۇش سىياستىنى دەسلەپتە كۆتۈرۈپ چىققان كىشىمۇ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەل ئەھلى ئىكەن. ئاڭلىسام ئۇ كىشى ھەتتا بىر يىغىندا «تۇڭگانلارنىڭ ئۆز تىلى يوق، لېكىن ئۇلار بىر ئايرىم مىللەتقۇ؟ مەن ئۇيغۇرچىنى تازا دېگەندەك بىلمەيمەن، ئەمما مەنمۇ بىر ئۇيغۇرغۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغانىكەن.

مەن ئۇشبۇ يازمامنىڭ 1- ۋە 2-قىسمىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكىنىمدەك، دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە مائارىپ ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىش ئىشلىرى 1800-يىللىرىنىڭ باشلىرىدىلا باشلانغان بولۇپ، نۇرغۇن مىللەتلەر مانا ئاشۇنداق سىياسەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن. ھەتتا ھازىر دۇنيادا ئەڭ ئىلغار دۆلەت بولۇپ سانىلىدىغان ئامېرىكا بىلەن كانادامۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆز دۆلەتلىرىدىكى ئىندىئانلىقلارنى مانا ئاشۇنداق ۋاستە بىلەن يوقاتقان. بۇ يەردە مەن ئوقۇرمەنلەرگە ئابرال ئەپەندىنىڭ «ئامېرىكا ئىندىئانلىرى تەقدىرىدىن ئويلىغانلىرىم» دېگەن يازمىسىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. ئۇ ماقالىنىڭ تور بەت ئادرېسى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىدا بار. يۇقىرىقى بىر ئابزاس ئۇچۇردىن كۆرىۋالغىنىمىزدەك، ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنى مۇنداق ئىككى تاللاش يولىدىن پەقەت بىرسىنىلا تاللاشقا مەجبۇر، دەپ قارايدىكەن: ئۇنىڭ بىرى ئانا تىلنى ساقلاپ قېلىش، يەنە بىرى بولسا قولىدىكى ناننى ساقلاپ قېلىش. لېكىن، پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان، پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان، ب د ت مۇ بىر مەسلىھەتچى سۈپىتىدە قاراۋاتقان كەڭگېس خانىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى يەرلىك مىللەتنىڭ ئانا تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا «ئەگەر سىز باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن تارتىپ ئۆز ئانا تىلىڭىزنى ئۆگەنمەيدىكەنسىز، سىز ئۆز ئانا تىلىڭىزدىنمۇ ئايرىلىسىز، مىللىتىڭىزنىمۇ يوقىتىسىز، ھەمدە قولىڭىزدىكى ناندىنمۇ ئايرىلىسىز» دېگەنگە ئوخشاش بىر خۇلاسىگە كەلگەن. ئەگەر كەڭگېس خانىمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تەپسىلىيرەك بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇشبۇ يازمىنىڭ 1-قىسمىنى ئوقۇڭ. ئەگەر ئىنگلىزچىنى بىلسىڭىز مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىسىدا

بېرىلگەن كەڭگېس خانىمنىڭ تەرجىمىھالىنىمۇ كۆرۈپ بېقىڭ. بەزى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ «قوش تىللىق مائارىپ» توغرىسىدا، ھەمدە يەرلىك مىللەت باللىرىغا ئانا تىلنى ئۆگەتمىگەندە كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتلەر توغرىسىدا ئېلىپ بارغان ھېچقانداق ئىلمىي تەتقىقاتلىرى يوق. ئۇنداق قىلىشنىمۇ ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇلار يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتا ناھايىتى زور تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى بۇ جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە، دېيىشكە بولىدۇ. مەن ھازىرغىچە ئوقۇغان قوش تىللىق مائارىپ، يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالە ۋە كىتابلارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان بىر قىسىم مائارىپ تۈزۈملىرى ئۇيغۇر باللىرىنىڭ خەنزۇ تىل ساۋاتىنى تولۇق چىقىرىدۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ بىلىم ئاساسىنى ھەرگىزمۇ نورمال تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئاپىرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جۇڭگو جەمئىيىتىدە يات مىللەتلەر بىلەن ھەرگىزمۇ رىقابەتلىشەلمەي، پەقەت خەنزۇ تىلىنى ۋاستە قىلغان تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتلەرگىلا يارايدىغان ئادەملەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىدىن تولۇق ساۋاتى چىقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنىڭ باللىرىغا ئانا تىل بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يوقايدۇ. كەڭگېس خانىم ۋە ب د ت نىڭ «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى» دىكى ئىلمىي نەزەرىيىلەرگە ئاساسلانغاندا، يەسلى ۋە باشلانغۇچنىڭ 1-يىللىقىدىن باشلاپ پەقەت يات تىلنىلا ئۆگىتىش، ھەممە دەرسلەرنى يات تىلدا ئۆتۈش، يات مىللەت بىلەن يەرلىك مىللەت مەكتەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈۋېتىش، يەرلىك مىللەت باللىرىنى مەكتەپتە يېتىپ-ئوقۇيدىغان ياتاقلىق مەكتەپنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز ئانا تىل مۇھىتىدا ياشاش پۇرسىتىنى يوق قىلىۋېتىش، ئانا تىلنى مەكتەپ ئىچىدە چەكلەش، باللارنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆز ئۆيىدىن ۋە ئۆز مىللىي رايونىدىن يىراق جايلاردىكى يات مىللەت رايونىغا ئەۋەتىپ ئوقۇتۇش، يات تىل ئوقۇتۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە كۆرسەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش، يات تىل ئوقۇتۇشىدا نەتىجىسى ياخشى بولغان مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي ياردەم مىقدارىنى ئۆستۈرۈپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ مەكتەپ شارائىتىنى باشقىلارنىڭكىدىن جىق ياخشى قىلىپ بېرىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلار دەل بىر يەرلىك مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان خۇرۇچىدىن ئىبارەتتۇر.

بەزى قېرىنداشلىرىمىز ئۆز يازمىلىرىدا «ئۇيغۇر مائارىپىنى بەرپا قىلىش» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىدىكەن. مېنىڭچە «ئۇيغۇر مائارىپىنى بەرپا قىلىش» دەيدىغان ئىش مەۋجۇد ئەمەس. ئۇيغۇر مائارىپى 50-يىللاردىلا ئاللىقاچان بەرپا بولۇپ بولغان. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئاشۇ چاغدىلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيىلىنىپ كەلگەن بىر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ سەۋىيىسى جۇڭگو جەمئىيىتىدە خېلى يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىگەن. 1978-يىلى مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر دىيارىدىكى بارلىق باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپلەر بولۇپلا قالماستىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتىدىغان كۈچلۈك ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن قوشۇنلىنىپ بولغان ئىكەن (ئاشۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرسى ماڭا فىزىكا دەرسى بەرگەن، مەن ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ئەڭ قايىل بولغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئۇستازىم غاپپار ئابدۇغېنى ئىدى. مەن داۋاملىق «ئەگەر مەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتمىگەن بولسام،

ئاشۇ غاپپار ئاكا ئۇچرىغان ئادالەتسىزلىككە مەنمۇ ئۇچرىغان بولاتتىم»، دەپ ئويلايتتىم. ئالدىنقى كۈنى مەن بۇ ئاكىمىزنىڭ مۇشۇ 24-فېۋرال كۈنى 73 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن قايغۇردۇم. ئىنتايىن ئازابلاندىم. مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي.) مېنىڭ بىلىشىمچە، پۈتۈن جۇڭگو بويىچە شۇ چاغدا ئالىي مەكتەپتە ئۆز ئانا تىلىدا دەرس ئۆتەلەيدىغان يەرلىك مىللەتلەردىن پەقەت ئۇيغۇرلارلا بار ئىدى. ئۇيغۇر مائارىپى ھازىرغىچە نۇرغۇن يارامىلىق كىشىلەرنى يېتىلدۈردى. مەسىلەن، مەن «ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق» دېگەن يازمامدا تىلغا ئالغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى. قىسقىسى، ھازىرقى مەسىلە «ئۇيغۇر مائارىپىنى بەرپا قىلىش» قىلىش ئەمەس. ھازىرقى مەسىلە ئاللىقاچان بەرپا بولۇپ بولغان ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يوق قىلىنىشى. پۈتۈن ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن بىر كەسكىن مەسىلە بولسا، «ئۇيغۇر مائارىپىنى قوغداپ ۋە ساقلاپ قېلىش»تىن ئىبارەتتۇر. مەن ھەر بىر ئۇيغۇر قېرىنداشىمىزنىڭ بۇ ھەقىقەتنى ھېچقانداق ۋاقىتتا ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ئەمدى يازمامنىڭ ئەڭ بېشىدا تەسۋىرلىگەن بىر قانچە ئۇيغۇر يازغۇچىلار قىلغان سۆزلەرگە قايتىپ كېلەي. مېنىڭچە ھازىر ئۇيغۇر مائارىپىدا مىللەتكە ئىنتايىن ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغان بۇزغۇنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلار ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىلدىكى كىشىلەر: ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خەتىرى ئەڭ چوڭ بولۇۋاتقىنى بىرىنچى خىلدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار توغرىسىدا بۇ يەردە بىر نەرسە دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز تەپەككۇرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ بوش ئورۇننى ئۆزلىرى تولدۇرۇۋېلىشىنى سورايمەن.

ئىككىنچى خىلدىكىسى ئەمەل ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىدىغان، ئەمەل ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىدىغان، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنى يۇقىرى بولغان بىلەن ساپاسى ناھايىتى تۆۋەن، روھىيىتى ناھايىتى چىرىكلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار. بۇلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس. ئۇلارنىڭ سانى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 5 پىرسەنتىنىمۇ ئىگىلىمەيدۇ. لېكىن ئۇلار باشقىلارنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك پايدىلىنىش قورالى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىللەتكە كەلتۈرۈۋاتقان زىيانلىرى ئىنتايىن زور، ئىنتايىن ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان نۇرغۇن زىيانلارنىڭ ئورنىنى كەلگۈسىدە تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. مەن بۇ خىلدىكى كىشىلەرگە ھاياتلا بولسام قاتتىق غەزەپلىنىمەن. ئۇلارغا ئىنتايىن نەپرەتلىنىمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا تارىخ ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جاجىسىنى بېرەر.

ئۈچىنچىسى، بىلىم قەھەتچىلىكىدە ياشاشقا مەجبۇر بولغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەمەل ۋە بىلىم ئەھلىلىرى. بۇ كىشىلەرنىڭ مېڭىسى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل توغرىسىدىكى تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلار ۋە ھازىرقى زامان ئىلمىي نەزەرىيىلىرى بىلەن قوراللانغان ئەمەس-ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇچۇرلارغا ۋە بىلىملەرگە ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتى ئانچە يوق. بۇ جەھەتتىكى ئىلىم-پەن بىلىملىرىدىن خەۋىرى يوق (ئەگەر مەن چەت ئەلدە بولمىغان بولسام، ياكى ئىنگلىز تىلىنى ھازىرقىدەك پۇختا بىلمىگەن بولسام، مۇشۇنداق يازمىلىرىمدا پايدىلىنىۋاتقان ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش ماڭىمۇ مۇمكىن بولمىغان بولاتتى). ئىمكانىيىتى بارلار بار دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار بۇنداق بىلىملەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ خىلدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەل ئەھلىلىرى باشقىلار «قوش تىللىق مائارىپ» ئىشىدا تۈزۈپ چىققان خاتا لايىھەلەرنى پەقەت ئۆز ھېسسىياتىغا ياكى ئۆز خىيالىغا تايىنىپلا قوللاۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئاۋاز بېرىپ تەستىقلاۋاتىدۇ. ياكى بولمىسا، باشقىلار «دوپپىسىنى ئەكەل» دېسە،

بېشنى كېسىپ ئاپىرىپ بېرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپنى خەنزۇ مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇدىرىنى خەنزۇدىن قىلىش، ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئۆز ئۆيى ۋە ئۆز جەمئىيىتىدىن يىراق جايلاردىكى ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇيدىغان قىلىش، باشلانغۇچ 1-سىنىپىدىن باشلاپ پەقەت خەنزۇ تىلىنىلا ئىشلىتىش، ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى باشلانغۇچ 3-سىنىپىغا كۆچمىگىچە دەرسلىك قىلىپ ئۆتمەسلىك دېگەندەك ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق خاتا سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويۇۋاتىدۇ (مەن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى توردىكى ئىنكاسلاردىن بىلدىم). شۇ سەۋەبتىن ھازىر نۇرغۇن ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدىكى بالىلار ئۈچۈن «قوش تىللىق مائارىپ» دېگەن سۆز «پەقەت خەنزۇ تىلىنىلا ئۆگىنىش مائارىپى» بولۇپ قالغىلى تۇرۇپتۇ. يەنى ھېچقانداق ساۋاتى چىقمىغان يات تىلدا باشلانغۇچنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ ھەزىم قىلىش مۇمكىن بولماي، خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر مەكتەپ بالىلىرىنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش پائالىيىتى خەنزۇ تىلنى ئۆگىنىش سەۋىيىسىدىلا تۇرۇپ قالغىلى تۇرۇپتۇ (بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىسىدىكى بىر توردىشىمىزنىڭ ئىنكاسىنى كۆرۈپ بېقىڭ). بۇ خىلدىكى ئەمەل ئەھلى ئەمەس كىشىلەر بولسا ئۆز خىيالىغا ياكى ئۆز ھېسسىياتىغا تايىنىپ قالايمىقان سۆزلەۋاتىدۇ. رەسمىي بولمىغان شەخسىي سورۇنلاردا ئۇنداق سۆزلىسە مېنىڭچە مەسىلە چوڭ ئەمەس. لېكىن، ئۇنداق قاراشلارنى يېزىپ، خەلق ئىچىدىكى يۇقىرى نوپۇزى بىلەن ئېلان قىلسا، ئۇنىڭ مىللەتكە يەتكۈزىدىغان زىيىنىنىمۇ تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. مەن بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى ئەيىبلەشنى خالىمايمەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭ ئۇلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىقىم بار. لېكىن مەن ئۇلاردىن قاتتىق ئاغرىنماي تۇرالمايمەن. ئۇلارغا قاتتىق ئېچىنماي تۇرالمايمەن. مېنىڭ ئۇلارغا دەيدىغىنىم، يېڭى ئىشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىسىڭىز، ئۇنى قوللىماڭ. ئۇنى تەستىقلىماڭ. توغرا-خاتالىقىنى ئۆزىڭىز تېخى ھېچقانداق چۈشىنىپ يەتمىگەن، بۇرۇن توغرىلىقى ئىسپاتلىنىپ باقمىغان ئىشلارنى يېڭى سىياسەت قىلىپ بېكىتمەڭ ھەمدە يولغا قويۇپ ئىجرا قىلماڭ. ئىلمىي ئاساسىنى بىلمىسىڭىز، قالايمىقان سۆزلىمەڭ.

مەن ئۇيغۇر پاراڭ سورۇنلىرىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان سۆزلەرنىڭ بىرسى «مېنىڭ بۇ جەھەتتە ھېچقانداق بىلىمىم يوق ئىكەن»، بولۇپ، يەنە بىرسى «مېنىڭ بۇنداق ئىشلاردىن ئانچە خەۋىرىم يوق ئىكەن»دىن ئىبارەت. بۇ سۆزلەرنى ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى كىشىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىدۇ. بىلمىگەننى بىلمەيمەن، دېسىڭىز ھەرگىز يۈزىڭىز تۆكۈلمەيدۇ. ھەرگىز ئابرۇيىڭىزغا تەسىر يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە سىزنىڭ كىشىلەر كۆڭلىدىكى ئورنىڭىز تېخىمۇ ئۆسىدۇ. كىشىلەرنىڭ سىزگە بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. مەن چەت ئەلدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغىچە ئوقۇغان بىر قانچە ئۇيغۇرلاردىن بەزىبىر ئىشلار، بولۇپمۇ تارىخىي ئىشلار توغرىسىدا سوئال سورىغىنىمدا، ئۇلار جاۋابىنى بىلمىسىمۇ قالايمىقان بىر نەرسىلەرنى دەپ، ئۆزلىرىنى بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان ئىشلارنى ئۇچراتتىم. مەن ئۇلاردىن ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندىم. سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا سىز ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر بار. سىز ئىشىنىدىغان ئادەملەرمۇ بار. سىز بىر ئىنتايىن مۇھىم ئىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراشقا موھتاج بولۇپ قالغاندا، سىز قايسىسىنىڭ قېشىغا بارىسىز؟ سىز ئۈچۈن قايسىسىنىڭ قىممىتى بەكرەك يۇقىرى؟ مەن باشقىلارنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىگە قارىغاندا ماڭا ئىشىنىشىنى بەكرەك ئەۋزەل كۆرىمەن. ئەگەر سىز يۇقىرىقى 3-خىلدىكى كىشىلەرنىڭ بىرى بولسىڭىز، سىزمۇ مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردا باشقىلار ئىشەنسە بولىدىغان ئادەملەرنىڭ بىرى بولۇشقا تىرىشىپ بېقىڭ.

ئۇيغۇرلار «پرىنسىپاللىق ئىشلاردا چوقۇم ئىلمىي پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. بۇ يەردىكى «پرىنسىپاللىق ئىش» دېگەن نېمە، چۈشىنەمسىز؟ ستېفېن كوۋېي (Stephen Covey) ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ يەتتە ئادىتى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: پرىنسىپ بىلەن قىممەت كۆز قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم. پرىنسىپ دېگىنىمىز تەبىئىي قانۇنىيەتلەردىن ئىبارەت. ئۇ بىز ئۈچۈن بىر تاشقى نەرسە بولۇپ، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. قىممەت كۆز قارىشى بىز ئۈچۈن ئىچكى نەرسىدۇر. ئۇ سۇبيېكتىپ بولىدۇ، ھەممە بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان رولنى ئۆتەيدۇ. مەن كىشىلەرنىڭ پرىنسىپنى قەدىرلەيدىغان بىر دەرىجىگە يېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق بولغاندىلا سىز ھازىر ئۈمىد قىلغان نەتىجىگە ئېرىشەلەيسىز، ھەممە شۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ يول ئاچالايسىز. مېنىڭ «ئۈنۈملۈك ئىش قىلىش» قا بېرىدىغان ئېنىقلىمام ئەنە شۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ، جۈملىدىن جىنايەتچىلەرنىڭمۇ قىممەت كۆز قارىشى بار. قىممەت كۆز قارىشى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى باشقۇرىدۇ. پرىنسىپ بولسا ئاشۇ ھەرىكەتلەرنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. پرىنسىپ بىزگە بېقىنمايدۇ. بىزنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋىرىمىز بارمۇ-يوق، بىز ئۇنى قوبۇل قىلىمىزمۇ-يوق، بىز ئۇنى ياقتۇرىمىزمۇ-يوق، ئۇنىڭغا ئىشىنىمىزمۇ-يوق، ئۇنىڭغا بويسۇنىمىزمۇ-يوق دېگەنلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پرىنسىپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىۋېرىدۇ. مەن شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، كەمتەرلىك بارلىق گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئانىسىدۇر. كەمتەرلىك «ئىشلارنى كونترول قىلىدىغىنى بىز ئەمەس. ئىشلارنى كونترول قىلىدىغىنى پرىنسىپ. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنى پرىنسىپقا ئاتا قىلىشىمىز كېرەك»، دەيدۇ. غۇرۇر بولسا «ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچى دېگەن بىز. بىزنىڭ قىممەت كۆز قارىشىمىز بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى ئىدارە قىلىدىغان بولغاچقا، بىز ئۆز ھاياتىمىزنى ئۆزىمىز خالىغان يول بىلەن ياشىساق بولۇۋېرىدۇ»، دەيدۇ. سىز ئاشۇنداق قىلسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. لېكىن، سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىزنىڭ نەتىجىسىنى سىزنىڭ قىممەت كۆز قارىشىڭىز ئەمەس، پرىنسىپلار بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا بىز پرىنسىپلارنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. (ئەركىن سىدىقنىڭ ئىزاھاتى: ئىنگلىز تىلىدا «قىممەت كۆز قارىشى» دېگەن سۆز بىلەن «قەدىرلەش» دېگەن سۆزگە بىرلا «value» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ).

مەن بۇ بىر ئابزاس سۆزنى بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن قىستۇرۇپ قويدۇم، بىلەمسىز؟ مېنىڭ مەقسىتىم يەنىلا مۇنداق بىر نەرسىنى تەكىتلەپ قويۇش: كەڭگېس خانىم قاتارلىق خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر بىر ئۆمۈر ئېلىپ بارغان (كەڭگېس خانىم ھازىر 60 ياشتىن ھالقىپتۇ) ئىلمىي تەتقىقاتلار ئاساسىدا خۇلاسىلەپ چىققان ئىلمىي يەكۈنلەر «پرىنسىپلار» نىڭ كونتروللۇقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان ئىشلار بولۇپ، ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاتالمىش «قوش تىللىق مائارىپ» تۈزۈمى بولسا بەزى بىر غەيرىي «قىممەت كۆز قارىشى» نىڭ يېتەكچىلىكىدە مەيدانغا كەلگەن نەرسىلەردۇر. بۇنداق «قىممەت كۆز قارىشى»دىن كېلىپ چىققان ھەرىكەتلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى كونترول قىلىدىغىنى ئاشۇ «پرىنسىپلار» بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئالدىبۇرۇن ئىسپاتلىنىپ بولغان ئاقىۋەتلەرگە ئوخشاش يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىپ، ئۇيغۇرلار ۋەيرانلىققا ئۇچرايدۇ.

مېنىڭ ئالدىنقى 4 قېتىملىق يازمامغا قارىتا ئۇيغۇر تور بەتلىرىگە يېزىلغان ئىنكاسلاردا نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر «بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن سوئالنى كۆپ قېتىم سوراپتۇ. مەن ئۆزۈم چەت ئەلدە تۇرۇۋېلىپ، ۋەتەندىكىلەرگە «ئانداق قىلىڭلار، مۇنداق قىلىڭلار» دېسەم مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئۇنداق

قىلسام ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىمەن. شۇڭا مەن ھازىرغىچە پەقەت قانۇن ئىچىدە تۇرۇپ قىلغىلى بولىدىغان بەزى ئىشلارنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. ھازىر قىلغىلى بولىدىغان ئاشۇنداق ئىشلاردىن يەنە ئىككىسى بار. ئۇنىڭ بىرى، مېنىڭ «يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل» ھەققىدىكى بارلىق يازمىلىرىمنى بىرلەشتۈرۈپ، بېسىپ چىقىرىشقا قۇلايلىق بىر ھۆججەت قىلىپ تەييارلاپ (مەسىلەن، خەتلىرىنى كىچىك، قۇر ئارىلىقلىرىنى ئىخچام قىلىپ)، ئۇنى بېسىپ چىقىرىپ، ئۇنى ئۇيغۇر مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان بارلىق چوڭ-كىچىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلارغا بىر نۇسخىدىن يەتكۈزۈپ بېرىش. ئەگەر بۇ يازمىلارنى ئەينەن تارقىتىش سىزنى سەل ئەنسىرىتىپ قويىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىكى مەن ئۆزۈم قوشقان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسنى ئېلىۋەتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. مېنىڭ ئىسمىمنى ئۆچۈرۈۋەتسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەقەت 4 نەپەر خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ماقالىسىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئاپىرىپ بېرىشىڭىز دېگەندەك قۇلايلىق ئەمەس ياكى ئەندىشىسىز ئەمەس بولسا، ئۇنى سىزنىڭ ئەندىشىگە يولۇقمايدىغان تونۇشىڭىز، ياكى تونۇشىڭىزنىڭ تونۇشى يەتكۈزۈپ بەرسۇن. ئىشقىلىپ مېنىڭ بۇ يەردىكى ئۈمىدىم، ئۇيغۇر مائارىپى ساھەسىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ھېچ بولمىغاندا بۇ ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ قويغان بولسا. مەن بۇ يازمىلارنى تەييارلاش ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن دەم ئېلىش كۈنلىرىنى سەرپ قىلدىم. ئۆزۈمنىڭ كەسپىي ساھەسىدە ئىنگلىزچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلىش پۇرسەتلىرىنىڭمۇ بىر قىسمىنى قۇربان قىلدىم. بولسا بۇ يازمىلارنىڭ كۆچىدىن تولۇق پايدىلانساق. ئۇيغۇر مائارىپىدىكى ھازىرقىدەك خاتا سىياسەتنى ئۆزگەرتىش ئىشىدا، ئادەتتىكى پۇقرالار قىلالايدىغان ئىشلار بار. قىلالمايدىغان ئىشلارمۇ كۆپ. بىر قىسىم ئىشلارنى چوقۇم ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھازىرقى زامان مائارىپشۇناسلىقى، جەمئىيەتشۇناسلىقى، تىلشۇناسلىقى ۋە پسىخولوگىيىسى ساھەسىدىكى بۇ يېڭى بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇپ قالغان بولسا.

يەنە بىر ئىش، شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى 2009-يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىغا پىكىر ئېلىش ئۇقتۇرۇشى»نى ئېلان قىلىپتۇ. بۇ ئۇقتۇرۇش توغرىسىدا تۆۋەندىكى تور بەتلىرىدە تەپسىلىي ئۇچۇرلار بار ئىكەن:

http://bbs.salkin.cn/read.php?tid-60986.html
http://bbs.salkin.cn/read.php?tid-61093.html

مەن بۇ پائالىيەتنىڭ سەممىيلىك دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئەگەر دىيارىمىزدىكى كەڭ ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى مۇۋاپىق كۆرسە، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، نۆۋەتتىكى مائارىپ سىياستى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان يامان ئاقىۋەتلەردىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىپ قويغان بولسا. مەن ئەسلىدە بۇ قېتىم سەل ئۇزۇنراق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھېلىقى ئىنگلىزچە 30 بەتلىك ماقالىنىڭ قالغان قىسمىنى ئۇشبۇ يازمامدا تولۇق بېرەي، دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن يۇقىرىقى پۇرسەت ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، مەن ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈشنى خالىمىدىم. بولسا بارلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئىشقا جىددىي قارىشىنى، پىكىر-تەلەپ بېرىشكە ئاكتىپ قاتنىششىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2-ئاينىڭ 21-كۈندىكى «خەلقئارالىق ئانا تىل بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇر

دىيارىدىكى نۇرغۇن قېرىنداشلار ناھايىتى ياخشى يازمىلارنى تەييارلاپ ئۇيغۇر تور بەتلىرىدە بېرىپتۇ. بەزىلەر ھەتتا ئۆز مەكتەپلىرىدە مەخسۇس پائالىيەت ئۆتكۈزۈپتۇ. مەن بۇ ئەھۋالدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. بىر خىل يېڭىلىق ھېس قىلدىم. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاشۇ قېرىنداشلارغا چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن.

مەن ئەمدى ئەسلى ماقالىدىكى مەزمۇننى باشلايمەن. ئالدىنقى قېتىملاردىمۇ تىلغا ئالغىنىمدەك، ئەسلىدىكى ئىنگلىزچە ماقالە ئىسپات بېرىش خاراكتېرىدىكى ماقالە بولغاچقا، قانۇنىي نۇقتىنى چىقىش قىلىپ ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىلەرمۇ ماقالىنىڭ خېلى كۆپ مەزمۇننى تەشكىل قىلىدىكەن. ئۇ مۇلاھىزىلەر بۇرۇن دېيىلىپ بولغان مەزمۇن ئۈستىدە بولغاچقا، مەن ئۇنداق مۇلاھىزىلەرنى ئاساسەن قىسقارتىۋەتكەن بولۇپ، بۇ ئىشتىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 3. ئىرقىي قىرغىنچىلىق

بىز يۇقىرىدا ھۆكۈمران مىللەت تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپ يەرلىك مىللەت بالىلىرىغا ئىنتايىن يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. شۇنداقلا بىز بۇنداق مائارىپ ئىنتايىن كۈچلۈك ئاسسىمىلياتسىيە تۈسنى ئالىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇ يەرلىك مىللەت تىلى بىلەن مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدە ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىغانلىقىنىمۇ بايان قىلدۇق.

بۇنداق يوقىتىش كۆپىنچە ئەھۋالدا «مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق» (ئىنگلىزچە «cultural genocide»)، دەپ ئاتىلىپ كەلدى. «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن سۆزنى راخائېل لېمكىن (Rahael Lemkin) تۇنجى بولۇپ ئويلاپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن سۆز پەقەت مىللەتلەرنىڭ فىزىكىلىق ياكى جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىلىشىغىلا قارىتىلغان بولماستىن، بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ يوقىتىلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. بۇ يەردىكى «بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەرنى يوقىتىش» دېگىنىمىز ئاشۇ مىللەتنى ھۆكۈمران مىللەتنىڭ ئىچىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ قوشۇۋېتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، تىلى، مىللىي ھېسسىياتى، دىنى، ئىقتىسادىي مەۋجۇدلۇقى قاتارلىقلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ب د ت نىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى»نى تۈزۈپ چىقىش جەريانىدا، «مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئۇقۇمى ناھايىتى ئۇزۇن مۇنازىرە قىلىنغان. «كىشىلىك ھوقۇق ۋە ب د ت سېكرېتارىيات باشقارمىسى»نىڭ دەسلەپكى ھۆججىتىدە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى» گە «بىر گۇرۇپپا ئىنساننى مەقسەتلىك ھالدا ۋەيران قىلىش» دېگەن ئېنىقلىمىنى بەرگەن، ھەمدە ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىكى، بىئولوگىيە جەھەتتىكى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قىرغىنچىلىق، دەپ ئۈچ كاتېگورىيىگە ئايرىغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى 3-كاتېگورىيە «مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ۋەيران قىلىش» دېگەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەمدە تۆۋەندىكى ئىشلارمۇ ئاشۇ كاتېگورىيىگە كىرگۈزۈلگەن:

(1) بالىلارنى مەجبۇرى ھالدا باشقا بىر مىللەتكە ئايلاندۇرۇۋېتىش.

(2) بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەرنى مەجبۇرى ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئۆز ماكانىدىن قوغلىۋېتىش.

(3) ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى خۇسۇسىي تۇرمۇشتا ئىشلىتىشىنىمۇ چەكلەش.

(4) ئۆز ئانا تىلىدا يېزىلغان كىتابلارنى ياكى دىنىي كىتابلارنى سىستېمىلىق ھالدا يوقىتىۋېتىش، ياكى يېڭى باسما ماتېرىياللىرىنى چىقىرىشنى چەكلىۋېتىش.

(5) بىر مىللەتنىڭ تارىخىي ياكى دىنىي خاتىرە ۋەسىقىلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا يوقىتىۋېتىش ياكى ئۇلارنى باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىش، تارىخ، سەنئەت ياكى دىنىي قىممەتكە ئىگە ھۆججەت ۋە باشقا نەرسىلەرنى سىستېمىلىق ھالدا يوقىتىش ياكى يۆتكىۋېتىش.

«مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ب د ت نىڭ ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت كونسۇلى تەرىپىدىن تەييارلانغان يەنە بىر قانۇننىڭ دەسلەپكى لايىھىسى ئىچىگىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئۇ لايىھىنىڭ 3-ماددىسىدا «مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگىنىمىز بىر مىللەتنىڭ تىلى، دىنى، ياكى مەدەنىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مەقسەتلىك ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئىشلارمۇ كىرگۈزۈلگەن:

(1) بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ياكى مەكتەپلەردە ئىشلىتىشىنى چەكلەش ياكى ئۆز تىلىدىكى كىتاب-ژۇرناللارنى بېسىپ چىقىرىش ياكى تارقىتىشنى چەكلەش.

(2) بىر مىللەتنىڭ ئۆز كۇتۇپخانىسى، مۇزېيخانىسى، مەكتەپلىرى، تارىخىي خاتىرە مۇنارلىرى، دىنىي بىنالىرى ياكى باشقا مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىشنى توسۇش ياكى بۇنداق نەرسىلەرنى يوقىتىۋېتىش.

لېكىن، غەربتىكى بىر قىسىم ئەللەرنىڭ قارشى چىقىشى بىلەن، «مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئۇقۇمى ئەڭ ئاخىرى ب د ت نىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى» غا كىرگۈزۈلمىدى. قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئاساسلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

(1) بىر مىللەتنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىنىشىنىڭ دەرىجىسى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ يوقىتىلىشىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

(2) مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق نۇرغۇن ساختا ئەرزىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

(3) «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالسا، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ۋە تىلدىكى مىللەتلەرنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشىنى چەكلەپ قويىدۇ.

كۆلكىلىك يېرى شۇكى، ئامېرىكا ۋە كانادا قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى» گە كىرگۈزگەندە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆزى ئۇستىدىن ئەرز قىلىشىدىن ناھايىتى ئەنسىرىدى. (ئەركىن سىدىقنىڭ ئىزاھاتى: كەڭگېس خانىمنىڭ 800 بەتلىك كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، يۇقىرىقى ئىشقا قارشى چىققان دۆلەتلەر ئىچىدە جۇڭگومۇ بار ئىكەن.)

«مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق» نى ب د ت نىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق كېلىشىمى» تېكىستىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگىنى ئاشۇ كېلىشىمنىڭ يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسەت ۋە ھەرىكەتلەرگە قارىتا قوللىنىش دائىرىسىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ قويىدى. لېكىن، 1940-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ب د ت نىڭ بۇ كېلىشىمى رەسمىيلەشكەندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوغداش

توغرىسىدا باشقا نۇرغۇن مۇھىم خەلقئارالىق قانۇنلار ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، ئاسسىمىلياتسىيە سىياستى ھازىر مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا ئۆلچەملەرگە زىت كېلىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى (مەسىلەن، تور بەت ئادرېسى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىسىدا بېرىلگەن، ب د ت نىڭ 1992-يىلىدا ماقۇللانغان «مەدەنىي ۋە سىياسىي ھوقۇق توغرىسىدىكى خەلقئارا كېلىشىم» گە قاراڭ). بىراق، بۇ كېلىشىملەر ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرىنى مەنئى قىلغان بىلەن، ئۇلارنى بىر خىل جىنايەت، دەپ ھېسابلىمايدۇ. ب د ت نىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق كېلىشىمى» مۇ بىر جانلىق ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە قوللىنىلىشى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ.

«ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى» دە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلگەن: بىر مىللىي، ئېتنىك ياكى دىنىي گۇرۇپپىنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمىنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەر قانداق ھەرىكەت. گەرچە بۇ يەردە «يەرلىك مىللەت» دېگەن سۆز ئالاھىدە تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان ئېتنىكلىكى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بىر خىر قوغدىلىدىغان ئىنسانلار گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك يوق.

«ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى» 2-ماددىسىنىڭ 5 پاراگرافى ئاساسىي جەھەتتىن بىر مىللەتنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىنىشى توغرىسىدا سۆزلىگەن:

(a) بىر مىللەت ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈلۈشى

(b) بىر مىللەت ئەزالىرىغا ئېغىر دەرىجىدىكى بەدەن زەخمىسى پەيدا قىلىش

(c) بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىش

(d) ئۇلارنى بىئولوگىيە جەھەتتىن ۋەيران قىلىش، ھەمدە بۇ مىللەتنىڭ تۇغۇپ كۆپىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن مەخسۇس تەدبىر قوللىنىش.

بۇ يەردىكى پاراگراف (b) بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ بەدىنىگە زەخمە كەلتۈرۈشنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، ئۇلارغا روھىي جەھەتتە زەخمە كەلتۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پاراگراف (e) بولسا بىر مىللەتنىڭ بالىلىرىنى مەجبۇرى ھالدا باشقا بىر مىللەتكە ئايلاندۇرىۋېتىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىز 1-ماقالىمىزدە كۆرستىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كېمەيتمە مائارىپ، بولۇپمۇ ياتاقلىق مەكتەپ ئوقۇ-ئوقۇتۇشى بالىلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا ئىنتايىن ئېغىر ۋە مەڭگۈلۈك يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئاشۇنداق مائارىپ يەرلىك مىللەت بالىلىرىغا ئىنتايىن ئېغىر روھىي زەخملەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارايمىز.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇش يەرلىك مىللەت بالىلىرىنىڭ ئۆز مىللىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىدى. ئەمما، بىز ئۆزىمىزنىڭ 1-ماقالىسىدە كۆرستىپ ئۆتكەنىدەك، بۇنداق بالىلار ئوقۇشنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلى جەمئىيتىگە قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى، تىلى، ھەتتا ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پسىخولوگىيە جەھەتتىن مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ كەتكەن. يەنى، بۇنداق مائارىپ يۇقىرىقى بارلىق باغلىنىشلارنى تەلتۆكۈس بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئەمما، ئەڭ مۇھىم يېرى شۇكى، ياتاقلىق مەكتەپ ئوقۇتۇشى بالىلارنىڭ ئەسلى جەمئىيىتىدىن فىزىكىلىق جەھەتتىنمۇ مەڭگۈ ئايرىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ (ئەركىن سىدىقنىڭ ئىزاھاتى: ئىچكىرىدە ئوقۇغان ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى پۈتۈن ئۆمرىنى ئىچكىرىدە ئىشلەپ ئۆتكۈزۈشى مۇشۇ ئەھۋالنىڭ بىر تىپىك مىسالىدۇر).

ياتاقلىق مەكتەپ بىر مىللەت بالىلىرىنى مەجبۇرى ھالدا يەنە بىر مىللەتكە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، دەپ

قاراشقا بولىدۇ. بۇنىڭ بىر مىسالى باللارنى ئۆز ئائىلىسىدىن ئايرىپ ياتاقلىق مەكتەپكە بېرىشقا فىزىكىلىق جەھەتتىن مەجبۇرلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما، دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ ياتاقلىق مەكتەپنى يولغا قويۇشتا ئىنتايىن كۈچلۈك بېسىمى ۋە يوشۇرۇن مەجبۇرلاش كۈچى بار بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي فىزىكىلىق ۋاستىلەرنى بىۋاستە ئىشلىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنداق ئەھۋال ياتاقلىق مەكتەپ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن يولغا قويۇلۇپ، يەرلىك مىللەت ئاتا-ئانىلىرى «بالىلىرىمىزنى ياتاقلىق مەكتەپكە بەرمەي قۇتۇلالمايدىكەنمىز» دەپ قارايدىغان دەرىجىگە كەلگەن ۋاقىتتا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مانا بۇ جوھان گالتۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچىنچى كۈچ، يەنى «ئىدىيىدىن پايدىلىنىش» تىن ئىبارەت. (ئەركىن سىدىقنىڭ ئىزاھاتى: بۇنى بىر «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش جەريانى» دەپ قاراشقىمۇ پۈتۈنلەي بولىدۇ.) ئىدىيىدىن پايدىلىنىپ بېقىندى مىللەتنى بويسۇنغۇچى مىللەتچىلىك ئورنىنى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇرۇش ۋە ئاشۇنداق ئورۇننى ئىزچىللاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشقۇزۇش ۋاقتىدا، ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەت مۇنداق 3 جەرياندىن پايدىلىنىدۇ:

(1) ھۆكۈمدار مىللەتنىڭ تىلىنى، مەدەنىيىتىنى، قائىدە-نىزاملىرىنى، ئەنئەنىسىنى، تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى، تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش.

(2) ئاز سانلىق مىللەت ياكى بېقىندى مىللەتنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، قائىدە-نىزاملىرى، ئەنئەنىسى، تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشى قاتارلىقلارنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى كونا-پاسونلۇق، قالاق، يېڭى تېخنولوگىيە ۋە ئۆچۈر دەۋرىگە ماسلىشالمايدىغان قىلىپ كۆرسىتىش.

(3) ھۆكۈمدار مىللەت بىلەن بېقىندى مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، پسىخولوگىيە، مائارىپ، ئىجتىمائىي، تىل جەھەتلەردىكى ھېلىقدەك مۇناسىۋىتىنى بىر خىل نورمال مۇناسىۋەت قىلىپ كۆرسىتىش، شۇ ئارقىلىق ھۆكۈمدار مىللەت قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغان ۋە بېقىندى مىللەتكە پايدا يەتكۈزىدىغان ئىش قىلىپ كۆرسىتىش. مەسىلەن، ھۆكۈمدار مىللەت قىلىۋاتقان ئىش ئاز سانلىق مىللەتكە ياردەم قىلىش، ئۇلارنى مەدەنىيەتلىك قىلىش، ئۇلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئۇلارغا دېموكراتىيىنى ئۆگىتىش، ئۇلارغا ھوقۇق بېرىش، ھەمدە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، دېگەنگە ئوخشاش. ئەمما، ئەمەلىيەتتە بولسا بېقىندى مىللەتنىڭ بۇنداق ئەھۋاللارغا بويسۇنۇشى ۋە ئۇلارنى كۆرۈنۈشتە قوبۇل قىلىشى ھوقۇق جەھەتتىكى زور تەڭسىزلىك ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ زور ۋە يوشۇرۇن مەجبۇرلاش كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان.

فرانسىيىلىك جەمئىيەتشۇناس پىئېر بوردىئو (Pierre Bourdieu) مۇ مۇشۇنداق «ئويدۇرما ماقۇل بولۇش» بىلەن مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاتا-ئانىلار ھېلىقدەك ئىشلارنى قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئۆز كۆڭلىدە تونۇپ يېتىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ «يوللۇق ئىش» بولۇپ قېلىشىغا يول قويىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ۋە باللار بەزى ئىشلارغا بويسۇنمىسا دۆلەت ھاكىمىيىتى ئۆزلىرىنى جىسمانىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن جازالايدىغانلىقىدىن قورقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرى ناھايىتى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئىشلارغىمۇ قاتنىشىدۇ. مۇشۇنداق ۋاستىدىن پايدىلىنىپ يەرلىك مىللەت باللىرىنى ياتاقلىق مەكتەپ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا مەكتەپلەردە ئوقۇشقا مەجبۇرلىغاندا، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يېتەرلىك دەرىجىدىكى زورلۇق-زومبۇلۇق كۈچىنى ئىشلەتتى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، گەرچە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ب د ت نىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى»گە كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يەرلىك مىللەت باللىرى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

ئۇشبۇ يازمىنىڭ 3-قىسمى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ كېيىنكى قىسمى (يەنى ئاخىرقى قىسمى) «ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزگەن جىنايەت» ۋە «خۇلاسە» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەن ۋەتەندىكى ئۇيغۇر تىياتىرخانىسىدا بىرەر ئۇيغۇرچە سەھنە ئويۇنى كۆرۈپ باقمىغىلى ھازىر 25 يىلدىن ئاشتى. شۇڭا مەن ۋەتەندە ئىشلەنگەن ئۇيغۇرچە ناخشا-ئۇسسۇل ۋە ئىتوت VCD لىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. يېقىندىن بۇيان ھەر قېتىم ئاشۇنداق VCD نى كۆرگەن ۋاقتىمدا، ئىختىيارسىز ھالدا كاللامغا «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنداق نەرسىلىرى يەنە 25 يىلدىن كېيىن قانداق بولۇپ كېتەر؟ يەنە 50 يىلدىن كېيىنچۇ؟» دېگەن سوئال كېلىپ، كۆزۈم ئىختىيارسىز ھالدا ئىسسىق ياش بىلەن لىق تولىدىغان بولۇپ قالدى. بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا مەن ئامېرىكىدىكى بىر ئۇيغۇر تونۇشۇم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ يېقىندا يۇرتىدىكى دادىسىغا تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئوغلىنى يۇرتقا ماڭدۇرۇپ بىر قانچە يىل ئوقۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق ئوغلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىن تولۇق ساۋاتىنى چىقىرىۋالغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. دادىسى ئۇنىڭغا جاۋابەن: «بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ھازىر بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتىدىغان بىرمۇ مەكتەپ يوق!»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇيغۇر ماكانىدا ئۇيغۇر تىلىدا دەرس بېرىدىغان مەكتەپ بولمىسا، بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شۇڭا مەن ھەر بىر ئوقۇرمەنلەردىن ئۇشبۇ يازمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلارنى ئوبدان چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، شۇ ئاساستا «مەن ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىشقا نېمە تۆھپە قوشالايمەن؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاخىرىدا توردا شلارغا ئىككى قېرىنداشىمىز http://meripet.blogbus.com تا قالدۇرغان ئىنكاسىنى سۇنۇپ، بۇ يازمامنى ئاخىرلاشتۇرىمەن:

1-ئىنكاس: «يازمىلىرىڭىز يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى. ئوقۇماي دېسەم، ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ. ئوقۇسام ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك پۇچىلىنىپ كېتىمەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ خەنزۇچە يەسلىدە تۇرىدىغان قىزىم (بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇيغۇرچە يەسلى يوق) بىر كۈنى چوشقا كۈچۈكىنىڭ بەك ئوماق ئىكەنلىكىنى، چوڭ بولسا چوشقا باقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەپتۇ. تۇرۇپلا قالدىم، كۈلەيمۇ، يىغلايمۇ؟ كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدە چوشقا-چاشقاننىڭ ھېكايىلىرى تۇرسا، شۇنى سۆزلىمەي نېمىنى سۆزلەيدۇ بۇ بالا؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ جىيەنلىرىمگە ياخشى ئوقۇسىلا، چوقۇم ئارزۇ-ئارمىنىغا يېتىدىغىنىنى سۆزلەۋېتىپ، ئىشسىز يۈرگەن ماگىستىر دوستۇم ئېسىمگە يېتىپ، داۋاملىق سۆزلەشكە تىلىم كۆيىدى. جېنىم ئاكا، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ قىزىم قانداق قىلىشى كېرەك؟ دائىم ئويلاپ قالىمەن: پانىي ئالەمدىكىلەر بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنى كۆرەلەمدىغاندۇ؟ ئەگەر كۆرەلىسە، ئۇ ئالەم ئاللىبۇرۇن ئاتا-بوۋامنىڭ كۆز يېشىدا دېڭىز بولغاندۇ؟ قانداق قىلارسەن بالام؟ كېيىن راستتىنلا چوشقا باقارسەنمۇ؟ ئۇ ئالەمدە يىغلاپ، كۆر بولۇپ قالارمەنمۇ؟»

2-ئىنكاس: «سالام ئەركىن ئاكا: قانداق ئەھۋالىڭىز؟ مەن بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەلۇم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولدۇم. بۇ مەكتەپنى باشلانغۇچتىن تارتىپ ھەممىسنى قوش

تىللىق سىنىپ قىلىۋەتتى. بۇ باللارنىڭ ئۆگىنىشى بەك ناچار. بەزى پەنلەردىن (ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە) ئىمتىهان ئالسا، بىر سىنىپتىن ئاران 2- 3 بالا ئۆتىدۇ. مەن ئۆزۈم كومپيۇتېر ئوقۇتقۇچىسى، مەن ئۇلار بىلەن نۇرغۇن ۋاقىتلاردا سۆھبەتلەشسەم، ئۇلارنىڭ پىكرى ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش چىقتى. يەنى: ھەممىسىدە ئارزۇ بار، ئەمما ئۇلار بىز دەرس ۋاقتىدا خەنزۇچە سۆزلىسەك ھېچ نەرسە بىلەلمىدۇق . قانداقمۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتىمىز دېگەندەك ئۈمىدسىز، ئىشەنچسىز سۆزلەرنى قىلدى. دېمىسىمۇ شۇ ئۇلارغا ئانا تىلدا دەرس سۆزلىمەي، خەنزۇ تىلدا دەرس سۆزلەيدۇ. باشلانغۇچمۇ شۇنداق. بەزى سىنىپلارغا ھەتتا خەنزۇلار دەرس ئۆتىدۇ، چۈشىنەمدۇ چۈشەنمەمدۇ رەھبەرلەرنىڭ كارى يوق. پەقەت بىر سائەتلىك ۋەزىپىنى تۈگەتسىلا بولىدۇ. بۇنىڭغا مەكتەپمۇ خوش. مەن بۇ جەرياندا بەزى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەنمۇ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، شۇنداق تونۇشقا كەلدىمكى: بىزنىڭ مائارىپىمىز ھازىر بىر قۇرۇق جازىغا ئوخشاپ قاپتۇ . مەن مۇشۇ ئىشلاردا ئازراق بولسىمۇ مىللىتىم ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغۇم، باللارنى ياخشى تەربىيىلىگۈم بار. شۇ سەۋەبتىن سىزدىن قانداق قىلسام بولىدۇ، دەپ مەسلىھەت ئالاي دېگەن ئىدىم. ۋاقت چىقىرىپ مەسلىھەت بېرىشىڭىزنى سورايمەن. رەھمەت سىزگە.»

## بۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تور ئادرېسلىرى تىزىملىكى:

1. ئۇشبۇ يازمىنىڭ 1-قىسمى (كونا يېزىق):
http://bbs.salkin.cn/read.php?tid-54612-fpage-0-toread--page-1.html

2. ئۇشبۇ يازمىنىڭ 2-قىسمى (كونا يېزىق):
http://bbs.salkin.cn/read.php?tid-60320.html

3. ئۇشبۇ يازمىنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى»:
http://www.un.org/esa/socdev/unpfii/documents/E_C19_2008_7.pdf

4.«ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ تەقدىرىدىن ئويلىغانلىرىم»:
http://gulistan.cn/bbs/read.php?tid=141

5. كەڭگېس خانىمنىڭ قىسقىچە ئىنگلىزچە تەرجىمھالى:
http://akira.ruc.dk/~tovesk/allpubl.htm

6. ب د ت نىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق كېلىشىمى» (ئىنگلىزچە):
http://www.un.org/millennium/law/iv-1.htm

7. ب د ت نىڭ 1992-يىلدا ماقۇللانغان «مەدەنىي ۋە سىياسىي ھوقۇق توغرىسىدىكى خەلقئارا كېلىشىم» (ئىنگلىزچە):

http://www.unhchr.ch/html/menu3/b/d_minori.htm

8. «ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرى»:

http://www.bilik.cn/?dp-bbsthread-21470.html

# خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل

## (4-قىسىم)

**2009-يىلى 3-ئاينىڭ 15- كۈنى**

مەن ئۈشبۇ يازمامدا كەڭگىس (Kangas) خانىم قاتارلىق 4 نەپەر دۇنياغا تونۇلغان مۇتەخەسسىسلەر تەييارلاپ، 2008-يىلى 21-ئاپرېلدىن 2-مايغىچە ئېچىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) نىڭ «يەرلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى 7-نۆۋەتلىك دائىمىي سۆھبەت يىغىنى» دا دوكلات قىلىنغان 30 بەتلىك ئىنگلىزچە «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى» نىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىمەن.

## 4. ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت

«ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت» دېگەن سۆز 1915-يىلى باشلانغان ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقى مەزگىلىدىكى تۈركلەر بىلەن ئەرمىنىيلەر ئارىسىدىكى قىرغىنچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. گەرچە بۇ سۆز ئۇزۇن مۇددەت ھەربىي توقۇنۇشلارغا قارىتا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ھازىر ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان بىر ئەھۋال شۇكى، بۇ سۆزنى تىنچلىق مەزگىلىدىكى ئەھۋاللارغا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. «ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت» نىڭ نېمىلەردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقى 1998-يىلى 7-ئاينىڭ 17-كۈنىدىكى «رىم خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى قانۇنى» (ئىنگلىزچە «Rome Statute of the International Criminal Court»، قىسقارتمىسى «ICC Statute» بولۇپ، تۆۋەندە مەن ئۇنى «رىم قانۇنى» دەپ ئالىمەن) دا ئەڭ تولۇق تەسۋىرلەنگەن. رىم قانۇنىنىڭ 7-ماددا 1-ئابزىسىدا «ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت» كە مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلگەن: ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، مەلۇم بىر قورالسىز پۇقرالار نوپۇسىغا قارىتا ئېلىپ بارغان بەلگىلىك ساندىكى، كەڭ كۆلەملىك ياكى سىستېمىلىق ھۇجۇمدىن ئىبارەت. ئاشۇ پاراگرافتا بۇ سۆزنىڭ مەنىسى يەنە «بىر دۆلەت ھاكىمىيتى ياكى بىر تەشكىلات ئۆز سىياستى ئارقىلىق مەلۇم بىر پۇقرالار نوپۇسىغا قارىتا ئېلىپ بارغان بىر قاتار ھۇجۇملار» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنداق ئىش بىر سىياسەت ھېسابلىنىشى ئۈچۈن، بىر دۆلەت ھۆكۈمىتى ياكى بىر تەشكىلات ئاشۇنداق ھۇجۇمنى ئاكتىپلىق بىلەن ئېلىپ بېرىشى ياكى باشقىلارنى ئۇنى ئېلىپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئەڭ مۇھىم يېرى شۇكى، بۇنداق ھەرىكەت بىر ھەربىي ھۇجۇم بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

بىرىنچى قېتىملىق مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىمىزدا بايان قىلىنغان يەرلىك مىللەت بالىلىرى مائارىپىنىڭ شەكلى يۇقىرىدىكى «ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت» نىڭ تەلەپلىرىگە تولۇق چۈشىدۇ، دەپ قاراشقا پۈتۈنلەي بولىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرچە بۇ خىل مائارىپ شەكلى رىم قانۇنى

7-ماددا 1-پاراگراف ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرىكەتلەرنىڭ بىرسى، دەپ قارىساق، بۇ جىنايەت ئەلۋەتتە كۆپ خىلدىكى نەرسىلەرگە ئاساسلىنىپ ئۆتكۈزۈلگەن. شۇنداقلا مائارىپ دېگەن دۆلەت ھاكىمىيتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئىش بولغاچقا، بۇنداق سىياسەتنى چوڭقۇرلاپ يۈرگۈزۈشكە دۆلەت ھاكىمىيتى كۈچىمىگەن، دېيىش ناھايىتى تەس. بۇنداق ھەرىكەت چوقۇم كەڭ-كۆلەملىك ۋە سىستېملىق بولۇپ، پۈتۈن مائارىپ سىستېمىسىنى مۇشۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ.

رىم قانۇنى تۆۋەندىكى ئىش-ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

(a) قاتىللىق

(b) قىرغىنچىلىق

(c) قۇل قىلىش

(f) قىيىن-قىستاق قىلىش

(g) باسقۇنچىلىق قىلىش ۋە جىنسىي جەھەتتىكى باشقا ئەشەددىيلىكلەر

(i) تەشكىللىك ھالدا بەزى كىشىلەرنى يوق قىلىۋېتىش

(j) ئىرقىي ئايرىمچىلىق جىنايىتى

رىم قانۇنىدا ئۇشبۇ ماقالە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىككى كىچىك پاراگراف بار. ئۇنىڭ بىرسى (h) پاراگراف بولۇپ، ئۇنىڭدا «مەلۇم بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنى مىللىتى، ئېتنىكلىگى، مەدەنىيىتى ۋە دىنى قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىدا جازالاش». بۇ قانۇندا «جازالاش» دېگەن سۆزگە بېرىلگەن ئېنىقلىما مۇنداق: خەلقئارا قانۇنلارغا خىلاپ ھالدا، مىللىي كىملىكى سەۋەبىدىن بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرىدىن قەستەن ۋە ئېغىر دەرىجىدە مەھرۇم قىلىش. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىككى پارچە ماقالىمىزدا يەرلىك مىللەت باللىرىنىڭ مائارىپ ھوقۇقىنىڭ ماھىيىتىنى ئانا تىلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ تەكشۈرۈپ چىقتۇق. ھەممە يەرلىك مىللەت باللىرىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىنى ئۆز ئانا تىلدا ئېلىپ بارماسلىق مائارىپ شەكلى يەرلىك مىللەت باللىرىنىڭ مائارىپ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مۇشۇنداق مائارىپ ھوقۇقى رىم قانۇنىدا تەسۋىرلەنگەن ئاساسلىق ھوقۇقلارنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇشۇنداق ئاساسىي ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قالدۇرۇشتىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەر ئىنتايىن يامان بولۇپ، مۇشۇنداق سىياسەتلەر مەقسەتلىك ھالدا يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر دۆلەت ھۆكۈمىتى يولغا قويغان يەرلىك مىللەت باللىرىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىنى ئۆز ئانا تىلدا ئېلىپ بارماسلىق مائارىپ سىياستىنى رىم قانۇنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «جازالاش» بىلەن ئوخشاش، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

رىم قانۇنىدىكى ئۇشبۇ ماقالە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىككىنچى كىچىك پاراگراف (k) پاراگراف بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەرىكەت ئىنسان قىلىپىدىن چىققان، باشقىلارغا زور ئازاب-ئوقۇبەت، ياكى ئادەم بەدىنىگە، روھىي ياكى جىسمانىي سالامەتلىكىگە ئېغىر زەخمە ئېلىپ كېلىدىغان ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىككى پارچە ماقالىمىزدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يەرلىك مىللەت باللىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلدا ئوقۇيالماسلىقى ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر ۋە مەڭگۈلۈك روھىي زەخمىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك جىسمانىي سالامەتلىكىگىمۇ ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئاشۇنداق مائارىپ سىياستى يەرلىك

مىللەت باللىرىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىپلا قالماستىن، ئاشۇنداق مائارىپ سىياستى ئارقىلىق روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى زور ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنى «ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھەرىكەت» دەپ قاراشقا بولىدۇ، دەپ ھېسابلايمىز.

## 5. خۇلاسە

ناھايىتى روشەنكى، يەرلىك مىللەت باللىرى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ھازىرمۇ كەچۈرۈۋاتقان ھەر خىل شەكىلدىكى كېمەيتمە مائارىپ ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن يامان ۋە مەڭگۈلۈك روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى زەخمىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق مائارىپ شەكىللىرى زورلۇق كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار يېقىن ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ 1-قېتىملىق ماقالىمىزدا مۇھاكىمە قىلغىنىمىزدەك، بۇنداق مائارىپ سىياستى بىر قاتار كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچەملىرىگە خىلاپ بولۇپ، بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئۇلار ھازىرمۇ باللارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق مائارىپ سىياستى يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ھازىرقى زاماندىكى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچەملىرىنىڭ ئاساسى بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوغداش ئۆلچەملىرىگە زىت كېلىدۇ.

بىز ئۇشبۇ ماقالىدا يەرلىك مىللەت باللىرىنى ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇتماسلىق مائارىپ سىياستى قانداق دەرىجىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت بولىدىغانلىقى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇق. گەرچە كېڭىشىش ۋە خۇلاسلەش جەريانىدا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق كېلىشىمى»نىڭ دائىرىسى تارايتىلغان بولسىمۇ، بۇ كېلىشىم كېمەيتمە مائارىپ سىياستىنىڭ ئوبيېكتى قىلىنغان يەرلىك مىللەت باللىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى مەزمۇن قىلغان ھەرىكەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. بولۇپمۇ بىز بۇ خىلدىكى مائارىپ «ناھايىتى ئېغىر روھىي زەخمىلەر»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، «ناھايىتى ئېغىر جىسمانىي زەخمىلەر» بىلەن ئورتاق مەۋجۇد بولىدىغانلىقىنى، ھەمدە يەرلىك مىللەت باللىرىنى باشقا بىر مىللەتكە مەجبۇرى ھالدا ئۆزگەرتىۋېتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئەمما، تا ھازىرغىچە مۇشۇنداق ھەرىكەتلەرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان روھىي ئېلېمېنتلار بىر مىللەتنى فىزىكىلىق ۋە پسىخولوگىيىلىك جەھەتتىن ۋەيران قىلىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش غەرىزى بىلەن چەكلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ چەكلەنمە ئاشۇنداق مائارىپ سىياستىنى يولغا قويۇشنى بىر خىل ئىرقىي قىرغىنچىلىق، دەپ ھېسابلاشقا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىپ كەلدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، «ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت» دېگەن ئۇقۇمنىڭ چەكلىمىسى جىق ئاجىز بولۇپ، ئۇنى ھېلىقىدەك كېمەيتمە مائارىپ سىياستىگىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ. بىراق، كېمەيتمە مائارىپ بىلەن ئەڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان جىنايى ئىشلار كاتېگورىيىسىنىڭ توغرا قانۇنىي مەزمۇنلىرى تېخىچە ئېنىق ئەمەس بولۇپ، بۇ كاتېگورىيىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، كېمەيتمە مائارىپنىڭ يالغۇز يەرلىك مىللەت تىلى ۋە مەدەنىيىتىگىلا ئەمەس، يەرلىك مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ كەلتۈرىدىغان ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئاقىۋەتلىرى ھازىر پۈتۈنلەي ئايدىڭلىشىپ بولدى . ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشنىڭ ئايدىڭلىشىپ بولغىنىغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولدى. باشقا بارلىق قانۇن-پەرمانلارغا ئوخشاش، خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىمۇ ئاشۇ قانۇننىڭ ئىچىدىكى

ئىشلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ ماڭىدۇ. «ئىنسانىيەت ئۇستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت» ئۇقۇمىمۇ ئاشۇنداق تەرەققىياتنىڭ بىر ياخشى ئاساسى بولالايدىغان بولۇپ، مۇشۇنداق تەرەققىيات ئەڭ ئاخىردا كېمەيتمە مائارىپ پائالىيەتلىرى ۋە سىياسەتلىرىنىڭ بىر خىل جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. بىز ب د ت نىڭ يەرلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى دائىمىي سۆھبەت يىغىنىدىن مۇشۇ ئاساستا بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىش كۆرۈش مەسىلىسىدە ئويلىنىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. (ئەسلىدىكى 30 بەتلىك ماقالىنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.)

## ئاخىرقى سۆز

مەن كەڭگىس خانىم قاتارلىق 4 نەپەر مۇتەخەسسىسلەرنىڭ 2004-يىلىدىكى 1-قېتىملىق «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى» نىمۇ تېپىپ، ئۇنىڭ تور بەت ئادرېسىنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئەڭ ئاستىغا يېزىپ قويىدۇم. ئىنگلىزچىنى بىلىدىغان ھەمدە يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل ھەققىدە تېخىمۇ كەڭ بىلىمگە ئېرىشىشنى ئىستەيدىغان قېرىنداشلارنىڭ ئۇ ماقالىنىمۇ بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن كەڭگىس خانىمنىڭ 800 بەتلىك ئىنگلىزچە كىتابىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى بىرەر قۇر ۋاراقلاپ چىقتىم. ئۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار ھېلىقى ئىككى پارچە «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى» دىكى مەزمۇنلار بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، يەرلىك مىللەت تىللىرى، ئۇ تىللارنىڭ يوقىلىش ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۇستىدىمۇ ناھايىتى تەپسىلىي مەزمۇنلار بار ئىكەن. لېكىن يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل مەسىلىلىرىدە ھازىرغىچە بايان قىلىنمىغان مەزمۇنلار بولمىغاچقا، مەن ئۇ كىتاب توغرىسىدا باشقا ئايرىم يازما تەييارلىماسلىقنى قارار قىلدىم.

ب د ت نىڭ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى ھەققىدە 2007-ماقۇللانغان بىر باياننامىسى بار بولۇپ، ئۇنى «توپباغ» ئىسىملىك بىر قېرىندىشىمىز ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر بىز ۋە مەرىپەتتىكى تور بەت ئادرېسىنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىسىغا كىرگۈزۈپ قويىدۇم. مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ باياننامىنىمۇ بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

مەن يېقىندا تور ئارىلاۋېتىپ، «بىر دېھقاننىڭ مائارىپ نازارىتىگە يازغان خېتى» دېگەن بىر يازمىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ دېھقان قېرىندىشىمىز ناھايىتى ئەتراپلىق پىكىر قىلغان بولۇپ، قىزىققۇچىلار ئۇنى بىر قېتىم كۆرۈپ باقسا بولىدىكەن. ئۇ خەتنىڭ تور بەت ئادرېسىمۇ مۇشۇ يازمىنىڭ ئەڭ ئاخىرىسىدا بار.

ئامېرىكىلىق مەشھۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى مارتىن لۇسېر كىڭ (Martin Luther King) مۇنداق دەيدۇ: «مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن ئۆلۈشنى خالىمايدىغان ئادەم ياشاشقا لاياقەتلىك ئەمەس» (ئىنگلىزچە «A man who wont die for something is not fit to live»). مېنىڭچە ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى ۋە ھەر بىر غۇرۇر ئىگىسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئانا تىلى ۋە مىللىي مەدەنىيتى مارتىن لۇسېر كىڭ كۆزدە تۇتقان ھېلىقىدەك «بىر ئىش» بولالايدۇ. چۈنكى خۇددى ۋېنگرىيىلىك يازغۇچى ئاندراس سۇتو (Andras Suto) ئېيتقىنىدەك، «ئۆز ئانا تىلىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرى بولغان ئىنسان ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسىدىنمۇ ئايرىلىدۇ». مەن ئالدىنقى يازمامدا كوۋېي (Covey) ئەپەندىنىڭ «پرىنسىپ» نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلىرىدىن ئازراقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇم. مەن

ئۆزىنىڭدىن بۇ يەرگە يەنە ئازراق قوشۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

ئوخشىمىغان كىشىلەر ئۆز ھاياتى ئۈچۈن ئوخشىمىغان نەرسىلەرنى مەركەز قىلىپ تاللايدۇ. مەسىلەن، ئائىلە، پۇل، خىزمەت، كەسىپ، ھوقۇق، دوست، دىن، دۈشمەن، ئويۇن-تاماشا، ئۆز-ئۆزى ۋە پرىنسىپ قاتارلىقلار. ئۆزىڭىز ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر ئېنىق مەركەزنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، سىز ئىزچىل تۈردە ئۆز ھاياتىڭىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇنداق يۇقىرى دەرىجىلىك تۆت ئامىلغا ئىگە بولالايسىز: بىخەتەرلىك، يول باشچىلىق، ئەقىل ۋە كۈچ-قۇدرەت. بولۇپمۇ، ئەگەر سىز ئۆز ھاياتىڭىز ئۈچۈن پرىنسىپنى مەركەز قىلىپ تۇرغۇزسىڭىز، يۇقىرىقى تۆت ئامىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس ھازىرلىيالايسىز. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، نەرسىلەر داۋاملىق توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن، توغرا پرىنسىپ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت پايدىلىنالايمىز. پرىنسىپ ھېچقانداق نەرسىگە بېقىنمايدۇ. ئۇ خاپا بولۇپ قالمايدۇ، ھەمدە بىزگە ھەر خىل مۇئامىلىدە بولمايدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ياكى مۇھىتقا بېقىنمايدۇ. ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. ئۇ بۈگۈن بار بولۇپ، ئەتە يوق بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنى ئوت ياكى يەر تەۋرەش ۋەيران قىلالمايدۇ. ياكى ئۇنى ئوغرى ئوغرىلاپ كېتەلمەيدۇ. پرىنسىپنى مەركەز قىلغان ھايات بىلەن بىللە مەۋجۇد بولىدىغان يول باشلامچى بىلەن ئەقىل توغرا يول خەرىتىسىدىن، ئىشلارنىڭ قانداق يۈرۈشىدىغانلىقىدىن، بۇرۇن قانداق يۈرۈشكەنلىكىدىن، ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق يۈرۈشىدىغانلىقىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. توغرا يول خەرىتىسى بىزنىڭ قايسى مەنزىلگە يەتمەكچى ئىكەنلىكىمىز ۋە ئۇ مەنزىلگە قانداق يېتىدىغانلىقىمىزنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بىز ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدىغان ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق سان-سىپىرلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرى توغرىسىدا توغرا قارار ئالالايمىز. بىزنىڭ ئۆز ھەرىكىتىمىزنى تاللاش ئەركىنلىكىمىز بار، لېكىن ئۆز ھەرىكىتىمىزنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەش ئەركىنلىكىمىز يوق. ھەر بىر پرىنسىپ ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان مەلۇم تەبىئىي ئاقىۋەتلەر بىلەن بىللە مەۋجۇد بولىدۇ. بىز پرىنسىپ بىلەن ماسلاشقاندا ئۇنىڭدىن ئىجابىي نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. بىز پرىنسىپنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئىش تۇتساق، ئۇنىڭدىن سەلبىي ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئەمما پرىنسىپلار ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزلىرىدىن خەۋىرى بولۇش-بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغاچقا، بۇ خىل چەكلىمە ئۇنىۋېرسال بولىدۇ. بىز توغرا پرىنسىپلارنى قانچە كۆپ بىلسەك، بىزنىڭ ئاقىلانە ئىش كۆرۈشتىكى شەخسىي ئەركىنلىكىمىزمۇ شۇنچە زور بولىدۇ. بىز ئۆز ھاياتىمىزنى دەۋر بىلەن مۇناسىۋەتسىز، مەڭگۈ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلارغا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك ياشىشى ئۈچۈن يول ئاچالايمىز. قىسقىسى، پرىنسىپ باشقا بارلىق مەركەزلەرنى توغرا ئورۇنغا قويۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەركەزدىن ئىبارەتتۇر.

كەڭگىس (Kangas) خانىم قاتارلىق بۇ 4 مۇتەخەسسىس ئۆزلىرىنىڭ ئىككى پارچە «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى» دا ئوتتۇرىغا قويغىنى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى 150 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل ساھەسىدىكى تارىخىي ئىشلار ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلانغان توغرا پرىنسىپ ياكى تەبىئىي قانۇنىيەتلەردىن ئىبارەتتۇر. شۇڭلاشقا ئۆزىمىزنىڭ ئانا تىلى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىز ئۇيغۇر دىيارىدا چوقۇم ئۆز ئانا تىلىمىزدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەكتەپ تەربىيىسىنى يولغا قويۇشىمىز، «قوش تىللىق مائارىپ» تۈزۈمىنىمۇ چوقۇم ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى بويىچە يولغا قويۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلماسلىق بىر مىللەتنى

چوقۇم زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدۇ. مەن بارلىق ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ۋە ئۇيغۇر مائارىپچىلىرىنىڭ بۇ ئىشتىن تولۇق خەۋەر تېپىشىنى، ھەمدە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر بالىلىرىنى ھازىرقى تۇيۇق يولدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنى سەممىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بۇ يازمامنى ئىلھام توختى ئەپەندىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن (مەنبەسى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاستىدا): «ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشلەر نۆۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنى سۈكۈت ئىچىدە قولدىن بېرىپ قويماقتا! مەن ئېيتىمەنكى، ھەر بىر كىشى، ھەر بىر مىللەت ئىززەت-ئابرۇيي ساھىبىدۇر. جۇڭگونىڭ قانۇنى جۇڭگو پۇقرالىرى مىللەت، جىنس، دىن... ئايرىماستىن، بارلىق ھوقۇقلاردا باپباراۋەر، دەپ ئېنىق بەلگىلىگەن. بىراق، رېئال تۇرمۇشتا، ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتلىرى ئۈزلۈكسىز دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىماقتا، ھەتتا بەزى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمۇ ھاماقەتلەرچە بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنى كەمسىتمەكتە!! ھەي، ئۇيغۇرلار! سىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىڭلار دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغاندا، كانىيىڭلارنى قويۇۋېتىپ ئۆز ئاۋازىڭلارنى ئاڭلىتىڭلار! ئاۋامنىڭ نادانلىقى ھاكىمىيەتنىڭ ئۇياتسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ ئۇياتسىزلىقى ئاۋامنى نادان ھالەتتە قالدۇرىدۇ.»

## بۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تور ئادرېسلىرى توپلىمى:

1) 2004-يىلى ئېلان قىلىنغان 1-قېتىملىق «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى» (ئىنگلىزچە):
http://www.tove-skutnabb-kangas.org/pdf/PFII_Expert_paper_1_Education_final.pdf

2) يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى ھەققىدىكى ب د ت باياناتنامىسى (لاتىن يېزىقى):
http://www.uighurbiz.cn/forum/viewthread.php?tid=1195&extra=page%3D1
http://www.meripet.com/Academy/ 2009a0_bdt.htm

3) ئۇشبۇ يازمىنىڭ ئالدىنقى 3 قىسمى ئېلان قىلىنغان باشقا تور بەت ئادرېسلىرى (كونا يېزىق):
http://bbs.salkin.cn/read.php?tid-54612-fpage-0-toread--page-1.html
http://bbs.salkin.cn/read.php?tid-60320.html
http://bbs.salkin.cn/read.php?tid-62748.html

4) «بىر دېھقانىنىڭ مائارىپ نازارىتىگە يازغان خېتى»:
http://bbs.xabnam.com/read.php?tid-98236.html

5) ئۇشبۇ يازمىنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى»:
http://www.un.org/esa/socdev/unpfii/documents/E_C19_2008_7.pdf

6) يەرلىك مىللەت تىلى ھەققىدىكى خەلقئارا مۇتەخەسسىسلەر يىغىنلىرى:
http://www.un.org/esa/socdev/unpfii/en/EGM_IL.html

7) ئىلھام توختى: «بىپىجلىك ئايرودرومدىن فرانسىيە گائۇللىي ئايرودرومغىچە»:
http://www.uighurbiz.cn/forum/viewthread.php?tid=1178&extra=page%3D1

# خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپقا بەرگەن تەۋسىيەنامىسى

### 2010-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈنى

بارلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ تەقدىرىدە ھازىرمۇ شىددەتلىك ھالدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەڭ يېڭى ئەھۋالنى مۇشۇ 10-سېنتەبىر كۈنى «تەڭرىتاغ تورى» دا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك مائارىپ پىلانىنىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسى» («新疆中长期教育规划纲要征意见»، تور بەت ئادرېسى مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىسىدا بېرىلدى) دىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇ پىلاندا، 2012-يىلىغىچە ئىككى يىللىق قوش تىللىق تەييارلىق سىنىپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇش، 2015-يىلىغىچە قوش تىللىق مائارىپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇش، 2020-يىلىغىچە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دۆلەت تىلى ۋە يېزىقىنى پۇختا ئىگىلەپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مىللىي-خەنزۇ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مىللىيلار ۋە خەنزۇلار بىللە ئوقۇيدىغان سىنىپلار ۋە «قوش تىللىق» سىنىپلارنىڭ سانىنى ئاشۇرۇش، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتىغا دائىر ئالاھىدە دەرسلەرنىڭ سىرتىدا، ھەممە دەرسلەرنى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش دېگەنگە ئوخشاش ماددىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مەن يۇقىرىدىكى «پىلان» نى كۆرۈش بىلەن تەڭ، يېقىندا ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق بولغان كەڭگېس (Kangas) خانىم بىلەن ئەنگلىيە ئابېردىن (Aberdeen) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دۇنيادا تونۇلغان قانۇن ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىلى مۇتەخەسسىسى، دوكتور روبېرت دۇنبار بىرلىكتە يېزىپ، بۇ يىل (2010-يىلى) بېسىپ تارقاتقان بىر كىتابنى ئوقۇدۇم. بۇ كىتابنىڭ ئىسمى «يەرلىك مىللەت باللىرى مائارىپىنى تىل جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەت ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن جىنايەت، دەپ قاراشقا بولامدۇ ــ بىر دۇنياۋى نۇقتىئىنەزەر»، دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسىنىڭ تور ئادرېسىنى مەن مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىسىغا يېزىپ قويدۇم. بۇ كىتاب جەمئىي 8 بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 . مۇقەددىمە ۋە خۇلاسە
2 . يەرلىك مىللەت، قەبىلە ۋە ئاز سانلىق مىللەت باللىرىنىڭ مائارىپ ھوقۇقلىرى: قانۇنىي ئاساسلار
3 . تىل ۋە ئانا تىل نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم؟
4 . بىلىم ئېلىش ھوقۇقى: مائارىپ ئاساسلىرى
5 . بىلىم ئېلىش ھوقۇقى ۋە بىر قىسىم ئىقتىسادىي ئامىللار

6 . يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە خەلقئارالىق جىنايەت: ئىرقىي قىرغىنچىلىق
7 . يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە خەلقئارالىق جىنايەت: ئىنسانىيەت ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن جىنايەت
8 . قايسى شەكىلدىكى مائارىپ قانۇن ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ماس كېلىدۇ؟

بۇ كىتابتىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار مەن بۇرۇن «خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل» دېگەن ماقالەمدە تونۇشتۇرغان مەزمۇنلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ 8-باب، 3-بۆلۈمىدىكى «يەرلىك مىللەت، تەبىقە ۋە ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىغا بېرىلگەن تەۋسىيىنامە» دېگەن مەزمۇن مېنى بۇ قېتىم ئالاھىدە جەلپ قىلدى. شۇڭا مەن ئۇشبۇ ماقالەمدە ئاشۇ مەزمۇننى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى قارار قىلدىم. ئەسلىدىكى كىتاب جەمئىي 120 بەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىكى كۆپىنچە مەزمۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا ناھايىتى ماس كېلىدىكەن. شۇڭلاشقا مەن ئىنگلىزچە بىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرگە ئەسلىدىكى كىتابنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنداقلا مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى قېرىنداشلاردىن بۇ كىتابنىڭ ھەممىسىنى، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا ماس كېلىدىغان قىسمىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھازىرقى زاماندا بىر ئىش قىلىشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى ئىلمىي ئۇسۇلدىن ئىبارەت. كەڭگىس خانىمنىڭ ئۇشبۇ كىتابىدا پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا يەرلىك مىللەت مائارىپى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر-ئىككى يۈز يىللىق ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلەر، ھەمدە ئاشۇ بىلىملەرنى ئاساس قىلغان يەرلىك مىللەت مائارىپىنى قانداق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئىلمىي ئۇسۇللار بايان قىلىنغان. مەن ھەر بىر ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىن كەڭگىس خانىم ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئىلمىي ئۇسۇللاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇشۇپلىشنى، شۇ ئاساستا ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان «قوش تىللىق مائارىپ» سىياسىتىنىڭ ناتوغرا تەرەپلىرىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشنى، ئاندىن ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە ۋە قانۇنىي يوللار بىلەن ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۇيغۇر مائارىپىدىكى ناچار ئەھۋاللار ۋە ناتوغرا سىياسەتلەرنى ئۆزگەرتىش يولىدا قولدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## يەرلىك مىللەت مائارىپىغا بېرىلگەن تەۋسىيىنامە

تۆۋەندە مەن كەڭگىس خانىمنىڭ يېڭى كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «تەۋسىيىنامە» لەرنى ئىمكانقەدەر ئەينەن بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

يەرلىك مىللەت، تەبىقە ۋە ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىغا بېرىلگەن تەۋسىيىنامە:

### 1. ئانا تىل دەسلەپكى 8 يىل ئىچىدىكى ئاساسىي ئوقۇ-ئوقۇتۇش تىلى بولۇشى كېرەك

ھەقسىز مەكتەپ (ياكى دۆلەت ئىگىلىدىكى مەكتەپ) لەردە ئوقۇيدىغان يەرلىك مىللەت باللىرى كەم دېگەندىمۇ دەسلەپكى 8 يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ 1-تىلى ياكى ئانا تىلىنى مەكتەپ تىلى

قىلىپ قوللىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ دەسلەپكى 6 يىل ئىچىدە قەتئىي شۇنداق قىلىشى شەرت.

مەكتەپنىڭ سەككىزىنچى سىنىپىدىن كېيىن ئانا تىل مەكتەپ تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ داۋاملىق تۈردە سىنىپلاردىكى دەرس سۆزلەش تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلىشى، ھەمدە پۈتۈن ئوقۇ-ئوقۇتۇش جەريانىدا بىر دەرس سۈپىتىدە ئۆتىلىشى كېرەك.

## 2. بىر ھۆكۈمران ئورۇندىكى يەرلىك ياكى دۆلەت تىلىنى ياخشى ئۆگىتىش

يەرلىك مىللەت بالىلىرى بىر ھۆكۈمران ئورۇندىكى يەرلىك ياكى دۆلەت تىلىنى 2-تىل سۈپىتىدە ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك. بۇ تىلنى بىر لاياقەتلىك قوش تىللىق ئوقۇتقۇچى باشلانغۇچنىڭ دەسلەپكى يىللىقلىرىدىن باشلاپ ئۆگىتىشى، ھەمدە ئۇنى دەسلەپتە پەقەت ئاغزاكى ئۆگىنىشتىنلا باشلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ 2-تىل بىر دەرس سۈپىتىدە ئىزچىل تۈردە ئۆتىلىشى كېرەك. بۇ تىل 2-تىل ياكى چەت ئەل تىلى سۈپىتىدە، 2-تىل ياكى چەت ئەل تىلى پېداگوگىكىسى ياكى ئۇسۇلى بىلەن ئۆتىلىشى، ھەرگىزمۇ بالىلارنىڭ ئانا تىلى سۈپىتىدە ئۆتۈلمەسلىكى شەرت.

## 3. ئانا تىلدىكى ئوقۇتۇشتىن بىر ھۆكۈمران ئورۇندىكى يەرلىك ياكى دۆلەت تىلى ئوقۇتۇشىغا كۆچۈش

يۇقىرى دەرىجىلىك سىنىپلاردا بەزى دەرسلەر بىر ھۆكۈمران ئورۇندىكى دۆلەت تىلى ياكى خەلقئارالىق تىلدا ئۆتۈلسە بولىدۇ، ئەمما 7-سىنىپتىن بۇرۇن ئۇنداق قىلىنماسلىقى، ھەمدە پەقەت لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا شۇنداق قىلىنىشى كېرەك.

زۆرۈر تېپىلغاندا تەنتەربىيە، مۇزىكا ۋە تاماق ئېتىشكە ئوخشاش بىر-ئىككى ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك دەرسلەر تۆۋەن دەرىجىلىك سىنىپلاردىن باشلاپ 2-تىلدا ئۆتۈلسە بولىدۇ، ئەمما، ماتېماتىكا، جەمئىيەتشۇناسلىق ياكى تارىخقا ئوخشاش ئەقىل ۋە تىل جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان دەرسلەر ئەڭ بولمىغاندىمۇ 7-سىنىپقىچە بالىلارنىڭ 1-تىلىدا ئۆتۈلۈشى كېرەك.

## 4. ئۇنىڭدىن باشقا تىللارنىڭ بىر دەرس سۈپىتىدە ئۆتۈلۈشى

يەرلىك مىللەت بالىلىرىغا باشقا (يەنى ئانا تىل ۋە 2-تىلدىن باشقا) تىللارنىمۇ بىر دەرس سۈپىتىدە ئۆگىنىش پۇرستى يارىتىپ بېرىلىشى كېرەك. بۇ تىللار ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، ھىندىستانچە، ئىسپانىيەچە ۋە رۇسچە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 5. ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن زىچ باغلانغان مەدەنىي مەزمۇن ۋە ئۇسۇللار

ئانا تىلنى ئوقۇتۇش تىلى قىلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. مائارىپ ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ مەدەنىي مەزمۇنى مۇنداق ئىككى شەرتنى قانائەتلەندۈرۈشى شەرت. بىرىنچى، ئۇلار ئارقا كۆرۈنۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇشى، يەرلىك مىللەت بالىلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتقا ئۇيغۇن كېلىدىغان بولۇشى، يەرلىك مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى، بىلىم قۇرۇلمىسى، قىممەت قارىشى، تارىخى ۋە كىملىكىگە ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇشى، يەرلىك مىللەتنىڭ سۆزلىشەلەيدىغان ۋە ساۋاتلىق مىللەت بولۇش سالاھىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇشى، ھەمدە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى يەرلىك مىللەت خەلقلىرى قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇل بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى بىلەن ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى باللارنىڭ ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ سەرگۈزەشتلىرى بىلەن بىلىملىرىدىن باشلىنىشى، ھەمدە باللارنى كۆندىلىك ئەمەلىيەتچان تەپەككۇردىن ئىلمىي تەپەككۇرغا ئېلىپ بارىدىغان بولۇشى كېرەك.

## 6. مۇكەممەل تەربىيىلەنگەن قوش-تىللىق ياكى كۆپ-تىللىق ئوقۇتقۇچىلار

شۇ نەرسە ئۆز-ئۆزىدىن ئايدىڭكى، ئوقۇتقۇچىلار چوقۇم مۇكەممەل تەربىيىلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا زۆرۈر بولغان يەنە بىر نەرسە شۇكى، يەرلىك مىللەت باللىرىنى ئوقۇتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئەڭ كەم دېگەندە قوش-تىللىق بۇلىشى شەرت. يەككە تىللىق ئوقۇتقۇچىلار، بولۇپمۇ باللارنىڭ ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار، ئىككى خىل تىلنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن باللار بىلەن بىرلىكتە ئىككى خىل تىلدا نېمىنىڭ ئورتاق ئىكەنلىكىنى ۋە نېمىنى ئايرىم-ئايرىم ئىگىلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى بايقىيالمايدۇ. ئۇنداق ئوقۇتقۇچىلار باللارغا ياردەم قىلىپ، يەككە تىللىق باللاردا يوق بولغان، پەقەت يۇقىرى سەۋىيىلىك قوش-تىللىق ۋە كۆپ-تىللىق باللاردىلا بار بولغان پايدىلىق ئامىللارنى باللارغا بىلدۈرەلمەيدۇ. شۇنداقلا بىر يەككە تىللىق ئوقۇتقۇچى قوش-تىللىق بولۇش يولىدا تىرىشىۋاتقان باللار ئۈچۈن بىر ياخشى ئۈرنەكمۇ بولالمايدۇ.

## 7. يەرلىك مىللەت ئاتا-ئانىلىرى، جەمئىيتى، ۋە مائارىپ ئەمەل ئەھلىلىرى ئوقۇ-ئوقۇتۇش تاللاشلىرى ھەققىدە يېتەرلىك، ئىلمىي-تەتقىقات ئاساسىغا قۇرۇلغان بىلىملەرگە، ياخشى ئۈلگىلەرنى يارىتىش يولىدا ئادۋۇكاتلىق قىلىشقا موھتاج

يەرلىك مىللەت ئاتا-ئانىلىرى ئۆز پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ھەر خىل ئوقۇ-ئوقۇتۇش تاللاشلىرىغا ئىگە قىلىنىدىغان بولسا، ئۇلار ئالدى بىلەن كۆپ-تىللىق مائارىپنىڭ جەريانلىرى ۋە ئۇسۇللىرى ھەققىدە، شۇنداقلا ئوخشىمىغان تاللاشلارنىڭ ئۇزۇن-مۇددەتلىك ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە پۇختا ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغان ئۇچۇرلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇنداق ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلمەيدىكەن، ب د ت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن، يەرلىك مىللەت خەلقى چوقۇم بەرمىسە بولمايدىغان «تولۇق چۈشىنىپ تۇرۇپ بەرگەن ماقۇللۇق» دېگەن نەرسە مۇمكىن ئەمەس بولۇپ قالىدۇ، ياكى ئۇ بىر ساختا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مائارىپ ھوقۇق ئىگىلىرىمۇ مۇشۇنداق ئۇچۇرلارغا ئېھتىياجلىق – ھازىر ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىلا بۇ جەھەتتە يېتەرلىك ئۇچۇرغا ئىگە بولۇپ، ھازىرقى نۇرغۇن قارارلار نادانلىق ئاساسىدا ئېلىنىۋاتىدۇ. ياخشى ئۈلگىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە قارىتىلغان ئادۋۇكاتلىق، ئۇلار ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان بەس-مۇنازىرە، ۋە ئۇلارغا تايانچى بولىدىغان تەتقىقاتلار كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەردۇر.

## 8. سۈپەتلىك مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپلەردە ۋە جەمئىيەتتە سىستېمىلىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ھازىرقى سىستېمىنىڭ ئىنسانىيەتكە قانداق زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىلىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

مەكتەپ جەمئىيەتنىڭ ئەينىكىدۇر. جەمئىيەتتىكى سىستېمىلاشقان تەڭسىزلىك مەكتەپلەر ئىچىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ ۋە پەيدا بولىدۇ. يەرلىك مىللەتلەر، تەبىقە خەلقلىرى ۋە نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيەت بالدىقىنىڭ ئەڭ ئاستىدا تۇرىدۇ. ھازىر ئوخشىمىغان دەرىجىلەرنىڭ ھەممىسىدە

سىستېمىلىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش زۆرۈر. ھوقۇقدارلارنىڭ ھازىرقى سىستېمىنىڭ يالغۇز يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرى ھەققىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيا جەمئىيەتلىرىگە ئىقتىسادىي، مائارىپ ۋە ئىجادچانلىق جەھەتتىكى ئىسراپچىلىق ئارقىلىق ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرى ھەققىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارغا ئېھتىياجى بار. ھازىرقى سىستېم مەكتەپلەردە تىل جەھەتتىكى كۆپ-رەڭلىكنى ئازايتىپلا قالماي، بىئولوگىيە جەھەتتىكى كۆپ-خىللىقنى قانداق ساقلاشقا ئائىت بىلىملەرنىمۇ يوقىتىپ، شۇ ئارقىلىق يەر شارىدىكى ئىنسانلار ئۈچۈن ناچارلىشىپ مېڭىۋاتقان بىر شەرت-شارائىتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىمىز، ئوقۇرمەنلەرنى نېمە ئۈچۈن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكى، قانداق ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكى، ۋە ئىنسانلار دۇچ كېلىدىغان قىيىن ئۆتكەللەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قىسىم قوراللار بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئاخىرقى سۆز

دۆلەت ۋە مىللەتپەرۋەرلىك يالغۇز بىر ئىدېئولوگىيە ياكى سىياسەتنىڭ بىر شەكلى بولۇپلا قالماي، ئۇ بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا مىللەتپەرۋەرلىك ئىدېئولوگىيىسى بىلەن مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى مىللىي كىملىك بىلەنمۇ ناھايىتى زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇ بىر كۆپ ئۆلچەملىك ئۇقۇمنى تەشكىل قىلىدۇ، ھەمدە بىر ئالاھىدە تىل، بىر قىسىم ھېسسىياتلار ۋە سىمۋوللىرىمىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن ھۆكۈمدارلار باشقا بىر مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىشتا، ئىشنى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تىلىنى يوقىتىشتىن باشلىغان. جۇڭگودىكى بىر يۇقىرى دەرىجىلىك خەنزۇ ئەمەلدارنىڭ يېقىندا «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، ھەممىدىن بەك تىلىنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت. تىل – بىر مىللەتنىڭ جېنى. بىر مىللەتنى كۆڭۈلدىكىدەك كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى – ئۇنىڭ تىلىنى ئاستا-ئاستا يوقىتىشتىن ئىبارەت.» دېگىنىمۇ يۇقىرىدىكى ئىلمىي ئۇقۇمغا ئاساسلانغان.

ھەممىمىزنىڭ كۆرۈپ تۇرغىنىدەك، ئۇيغۇر تىلى ھازىر ھەر خىل خىرىسلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئۆزىمىزنىڭ ئانا تىلىنى قوغداپ قېلىشتا، بىز ئۇيغۇرلار ھازىر پۈتۈنلەي چارىسىزمۇ ئەمەس، ھەمدە مەڭگۈ پۈتۈنلەي چارىسىزمۇ قالمايمىز. مېنىڭ بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ. بىر ئوغۇل بالا دادىسى بىلەن بىر يېزا يولىدا مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ يولنى توسىۋالغان چوڭ دەرەخنىڭ قېشىغا كەلگەندە، بالا دادىسىدىن سوراپتۇ: «دادا، سېنىڭچە مەن بۇ دەرەخنى يۆتكىۋېتەلەيمەنمۇ؟» دادىسى دەپتۇ: «ئەگەر سەن بارلىق ئارتۇقچىلىقىڭنى ئىشقا سالساڭ، مېنىڭچە ئۇنى چوقۇم يۆتكىۋېتەلەيسەن.» بالا بارلىق كۈچى بىلەن بۇ دەرەخنى كۆتۈرۈشكە، تارتىشقا ۋە ئىتتىرىشكە ئۇرۇنۇپتۇ، ئەمما ئۇنى مىدىرلىتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىرادىسىدىن قايتقان ھالدا دەپتۇ: «دادا، سەن خاتالىشىپسەن. مەن ئۇنى يۆتكىيەلمىدىم.» دادىسى دەپتۇ: «يەنە بىر قېتىم سىناپ باق.» بۇ قېتىم بالا دەرەخ بىلەن ھەپىلىشىۋاتقاندا دادىسى كېلىپ ياردەملىشىپتۇ، ھەمدە ئىككىسى بىرلىكتە دەرەخنى يولنىڭ بويىغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دادىسى دەپتۇ: «بالام، 1-قېتىم سەن ھەممە ئارتۇقچىلىقنى ئىشقا سالمىدىڭ — سەن مەندىن ياردەم سورىمىدىڭ.»

بۇ ھېكايە بىزگە مۇنداق بىر مۇھىم دەرسنى ئۆگىتىدۇ: دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلار باركى، بىز ئۇلارنى يالغۇز قىلالمايمىز، بۇ دېگەنلىك ئۇ ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ھەممىمىزنىڭ ئەتراپىدا بىز ئىشقا سېلىپ، ئۆز نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلانساق بولىدىغان نۇرغۇن مەبلەغلەر بار. بۇ يەردىكى مۇھىم نەرسە ئۆزىمىزنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىش. بۇ ئالاھىدىلىك ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەش تۇيغۇسى، ئىرادە ۋە مۇھەببەت قاتارلىق ئىچكى مەبلەغلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا تاشقي مەبلەغلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەن ئۇشبۇ يازمامنى تۆۋەندىكى ئىككى ئابزاس سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. بىر خەلقئارالىق مۇتەخەسسىس يېقىندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلار ئۈمىدۋارلىقنى يوقاتماسلىقى كېرەك. خۇددى بىر قەدىمكى پەلسەپىنىڭ دېگىنىدەك، بىز ئۆز ئانا تىلىمىزنى ساقلاپ قىلىشنىڭ ئەمەلىيلىرىدا ئۈمىدسىزلىنىشكە مەجبۇرى بولساقمۇ، ئۆز ھەرىكىتىمىزدە ئۈمىدۋار بولۇشىمىز كېرەك.» يەنە بىر خەلقئارالىق مۇتەخەسسىس مۇنداق دېگەن: «مەن بۈگۈن ئىسپانىيىدىكى بىر كونفېرېنستا بېرناردو ئاتزاگا («Bernardo Atxaga») نىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئۆز سۆزىدە ئۆزىنىڭ داۋاملىق ھالدا ئانا تىلى ئوسكېرا (Eusquera) نى ئىشلىتىش ھوقۇقى، ھەمدە فرانكو (Franco) دەۋرىدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن جىمىقتۇرۇش سىياسەتلىرى ئۈستىدە توختالدى. مەن كاتالان (Catalan) دا ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ماڭا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى غەلىتە، يېڭى، ياكى باشقىچە تۇيۇلمىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان قورقۇتۇش سىياسىتى يۇقىرىقىلار بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش. بۇ يەردىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋال شۇكى، بىز ئىسپانىيىدە 44 يىل دەردىنى تارتقان سىياسەت ناتزى (Natzi) ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ئوڭچىل، ئىنتايىن ئوڭچىل، دىكتاتورلۇقىدىن كەلگەن بولۇپ، ھازىر جۇڭگودا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن سىياسەت بولسا سولچىللاردىن كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ يەر شارى يۈزىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ھاياتىم ماڭا شۇنى ئۆگەتتىكى، بىزنىڭ دىكتاتورچىلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان بىردىن-بىر قورالىمىز بىزنىڭ يۈرىكىمىزدىن ئىبارەت. بۇ ئۈچۈر ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق كىشىلەرگە يېتىپ بېرىشى كېرەك. ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەسلىكى كېرەك. ئۇيغۇرچىنى تويدا ۋە باشقا كۆڭۈل-ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئىشلىتىشى كېرەك. ماتەم مۇراسىمىدا ۋە ئازابلانغاندا ئىشلىتىشى كېرەك. ئائىلىدە ۋە بالىلارغا ئىشلىتىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەسلىكى كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئانا تىلىنى ۋاسكونىيا، كاتالونىيا، گالىشيا ۋە ۋالەنشىيان («Vasconia, Catalonia, Galicia, Valencian») رايونلىرىدىكى بىر-بىرى بىلەن يېقىن ئارىلاشقان ۋاقىتلىرىدا، مۇھەببەتلەشكەن ۋاقىتلىرىدا، قايغۇرغان ۋاقىتلىرىدا، ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىشلىتىپ تۇرمىغان بولسا، بىزنىڭ تىلىمىز ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئەمما، ئانا تىلنى خۇسۇسي ھاياتتا قوللىنىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر قوللىنىش. بىزنىڭ ئانا تىلىمىز مەكتەپتە ئۆتۈلمىگەن بولسىمۇ، خەلقىمىز ئۇنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەندى. گەرچە بىز ئىنتايىن ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىغان بولساقمۇ، بىز ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ئانا تىلىمىزنى ئاممىۋى سورۇنلاردا ئىشلىتەلەيدىغان ھوقۇققا قايتا ئېرىشتۇق. بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى ھېچ كىم يېڭەلمەيدۇ. ئۇنى پەقەت ئۆزىمىزلا يېڭەلەيمىز.»

## بۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تور ئادرېسلىرى:

**مۇشۇ ماقالىدا پايدىلىنىلغان كەڭگېس خانىمنىڭ يېڭى كىتابى:**

**http://www.e-pages.dk/grusweb/55/**

新疆中长期教育规划纲要征意见:

**http://www.tianshannet.com/news/content/2010-09/10/content_5228398.htm**

**ئەركىن سىدىقنىڭ بارلىق يازمىلىرى:**

**http://www.meripet.com/Sohbet/**

# ئانا تىل نېمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟

## 2010-يىلى 10-ئاينىڭ 6-كۈنى

بۈنىڭدىن بىر قانچە ئاي بۇرۇن، مەن ئامېرىكىغا يازلىق تەتىل جەريانىدا قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇشقا كەلگەن بىر ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچىنى ئۇچراتتىم. تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە مەن ئۇ قىزدىن «ياخشىمۇسىز؟ ئامېرىكىغا قاچان كەلدىڭىز؟»، دەپ سورىسام، ئۇ قىز بۇ ئىككى سوئالىمغا ئۇيغۇرچە جاۋاب بېرەلمەي، يۈزى ۋاللىدە قىزارغان هالدا سوئالىمغا خەنزۇچە جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئۇ قىزدىن باشقا سوئاللارنى سوراشقا كۆڭلۈم زادىلا بارمىدى (ئادەتتە مەن ئۇنداق ئۇيغۇر ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچراتقاندا، ئۇلاردىن نۇرغۇن سوئاللارنى سوراپ، ناهايىتى قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتەتتىم). مەن باشقىلاردىن سۈرۈشتە قىلسام، بۇ قىز ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئىكەن. هازىر بولسا بېيجىڭدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، ئىنتايىن چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتتىم. هەمدە بۇ ئىشنى نەچچە كۈنگىچە كاللامدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. هەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، هازىر جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر دىيارىدا شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ سانى شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتىدۇ.

بۈنىڭدىن 3-4 ئاي بۇرۇن، مەن ياپونىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، يېڭىدىن ئامېرىكىغا كەلگەن 9 ياشلاردىكى بىر كىچىك يىگىتنى ئۇچراتتىم. ئۇ مەن بىلەن پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە پاراڭلاشتى. تىلى خېلى مۇرەككەپ چاقچاقلارنىمۇ قىلىشتۇق. مەن بۇ يىگىتتىن ناهايىتى تەسىرلەندىم، هەمدە ئۇنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدىم.

ۋەتەندىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يۇقىرىدىكى قىزغا ئوخشايدۇ—ئۇلار ئۇيغۇرچىنى، هېچ بولمىغاندا ئادەتتە تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان ئۇيغۇرچىنىڭ ئېغىز تىلىنى بىلىدۇ. چەت ئەلدىمۇ يۇقىرىدىكى شاكىچىك يىگىتكە ئوخشايدىغان، ئۇيغۇرچىنى زادىلا بىلمەيدىغان ئۇيغۇر باللىرى ئانچە ئاز ئەمەس. دېمەكچىمەنكى، يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالدا تەسۋىرلەنگىنى هەرگىزمۇ هازىرقى ئومۇمىي ئەهۋالغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. لېكىن، بۇ ئىككى مىسال ئانا تىل ئىشىدا كىشىلىك تاللىشى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىشلەپ چىقارغان مەهسۇلاتى—تەربىيىلىگەن پەرزەنتلىرى بىر-بىرى بىلەن نەقەدەر ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەن يېقىندا بىرەيلەندىن جۇڭگو دائىرىلىرى يېقىندا «كېيىنكى 20 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ مەسىلىسىنى تۈپتىن هەل قىلىپ بولۇش» پىلانىنى تۈزۈپ چىققانلىقىنى ئاڭلىدىم. هەمدە هازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئازايتىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ خەۋەرلەرنى يېقىندا كۆرگەن، 2010-يىلى 10-سېنتەبىر كۈنى «تەڭرىتاغ تورى» دا ئېلان قىلىنغان «ش ئۇ ئا ر نىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك مائارىپ ئىسلاهاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پىلانىنىڭ مۇهىم مەزمۇنلىرى (2010—2020)» بىلەن

بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىپ باقتىم. بۇ «مائارىپ پىلانى» دا مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىكەن:

- 2012-يىلىغىچە ئىككى يىللىق قوش تىللىق تەييارلىق سىنىپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇش
- 2015-يىلىغىچە قوش تىللىق مائارىپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇش
- 2020-يىلىغىچە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دۆلەت تىلى ۋە يېزىقىنى پۇختا ئىگىلەپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش

يىگىرمە يىلدىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟ بۈگۈن تۇغۇلغان بالىلار 20 ياشقا كىرىدۇ. ھازىر 20 ياشلىق ياشلار 40 ياشقا كىرىدۇ. ھازىر 40 ياشلىق كىشىلەر بولسا 60 ياشقا كىرىپ، ئاساسەن پېنسىيىگە چىقىپ بولىدۇ. يېقىنقى 60 يىلنىڭ مابەينىدە جۇڭگودا بار بولغان ئەسلىدىكى 56 يەرلىك مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆچۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تىلى سۈپىتىدە ئىشلەتمەيدىغان بىر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. يەنى، بىر يەرلىك مىللەتنىڭ تىلىنى دۆلەتنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى ئارقىلىق 20-30 يىل ۋاقىت ئىچىدە يوق قىلىۋېتىش پۈتۈنلەي مۇمكىن. ئۇنداقتا يۇقىرىقى ئىككى «پىلان» لار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىمۇ ئاشۇنداق تەقدىرگە ئۇچرىسا، ئۇيغۇرلار تارتىدىغان زىيان قانداق زىيانلاردىن ئىبارەت بولىدۇ؟ ئانا تىل نېمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟ مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز-ئۆزۈمدىن مۇشۇنداق سوئاللارنى سوراشقا باشلىدىم.

ئانا تىلنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر خەلقىگە، جۈملىدىن كۆپىنچە ئوقۇرمەنلەرگە ناھايىتى ئايان. كۆپىنچە كىشىلەر بۇ خۇلاسىگە ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە تۇيغۇسى ۋە بىۋاسىتە كۆزىتىشى ئارقىلىق ئېرىشكەن بولۇپ، ئەسلىدە مېنىڭ بۇ يەردە مەزكۇر تېمىدا بىر نەرسە يېزىپ ئولتۇرۇشۇم ھاجەتسىز ئىدى. لېكىن مەن يەنىلا بۇ ماقالىنى يېزىشنى قارار قىلدىم. مېنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم، ئانا تىلنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە خەلقئارالىق تەتقىقاتچىلار، زىيالىيلار، ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىنىش ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىقارغان ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرنى خۇلاسىلەپ چىقىش. شۇ ئارقىلىق، ئانا تىلنى يوقىتىپ قويۇش جەھەتتىكى ئەڭ ناچار ئەھۋالدا، ئۇيغۇرلار زادى نېمىنى قولدىن بېرىپ قويىدىغانلىقىنى بىر قېتىم مۆلچەرلەپ بېقىش. مەن بۇ ئىشلارنى ئىلمىي ئاساستا توغرا ۋە مۇكەممەل چۈشىنىدىغانلار قانچە كۆپ بولسا، كىشىلىك تاللاشتا ئۇيغۇرلار تارتىدىغان زىيانلارنى ئازايتىش يولىنى تاللايدىغانلار شۇنچە كۆپىيىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

## 1. پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرى توغرىسىدا

مەن مەزكۇر ماقالىنى تەييارلاشتا، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى پارچە ماتېرىياللاردىن پايدىلاندىم. بىرى كەڭگېس خانىم بىلەن ئەنگلىيە ئابېردىن (Aberdeen) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دۇنيادا تونۇلغان قانۇن ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىلى مۇتەخەسسىسى، دوكتور روبېرت دۇنبار بىرلىكتە يېزىپ، بۇ يىل (2010-يىلى) بېسىپ تارقاتقان «يەرلىك مىللەت بالىلىرى مائارىپىنى تىل جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەت ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن جىنايەت، دەپ قاراشقا بولامدۇ—بىر دۇنياۋى نۇقتىئىنەزەر»، دېگەن كىتاب. يەنە بىرى بولسا، دوكتور جىم كۇممىنز (Jim Cummins) نىڭ

«قوش تىللىق بالىلارنىڭ ئانا تىلى: ئۇ نېمە ئۈچۈن مائارىپ ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم؟» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى. بۇ يەردىكى 1-ماتېرىيال توغرىسىدا مەن ئۆزۈمنىڭ «**خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپقا بەرگەن تەۋسىيەنامىسى**» دېگەن ماقالىسىدە بىر ئاز چۈشەنچە بېرىپ بولغان. ئىككىنچى ماتېرىيالنىڭ ئاپتورى جىم كۇممىنز ھازىر كانادا تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، ئۇ 70-يىللاردىن باشلاپ تىلدا ساۋاتلىق بولۇشنىڭ ماھىيىتى، ۋە كۆپ خىلدىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ 2-تىلنى ئۆگىنىشى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە «تىل، ھوقۇق ۋە پېداگوگىكا» قاتارلىق بىر قانچە پارچە كىتابلارنى يازغان. ئۇنىڭ 1986-يىلى يازغان «ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى كۈچلەندۈرۈش: ئارىغا كىرىش تۈزۈلمىسى» دېگەن ماقالىسى «ھاۋارد مائارىپ تەتقىقاتى» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ، ئاشۇ ژۇرنال تەرىپىدىن 1931-يىلدىن 2000-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مائارىپقا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان 12 پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. گەرچە بۇ 2 پارچە ماتېرىيال پەقەت 3 ئاپتور تەرىپىدىن تەييارلانغان بولسىمۇ، ئۇ يۈزلىگەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆپ يىللىق ئىلمىي تەتقىقاتى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان. مەسىلەن، كەڭگېس خانىمنىڭ مەزكۇر كىتابىنىڭ ئاخىرىدىكى «پايدىلىنىش ماتېرىيالى تىزىملىكى» نىڭ ئۆزىلا ئاشۇ چوڭ ۋاراقلىق كىتابىنىڭ 18 بېتىنى ئىگىلىگەن.

## 2. ئانا تىل نېمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟

مەن يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىككى پارچە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بىر يەرلىك مىللەت ئانا تىلى تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىنتايىن مۇھىم:

### 1) ئانا تىل مىللىي كىملىكنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى

مېنىڭ دۆلەت، مىللەت ۋە ئېتنىك گۇرۇپپىلار توغرىسىدىكى بىر قىسىم ئىنگلىزچە كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشىنىشىمچە، مىللەتپەرۋەرلىك مىللىي ئىدېئولوگىيە بىلەن مىللىي كىملىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىللىي كىملىك بولسا سىمۋوللىزم (يەنى بىر مىللەتنى باشقا بىر مىللەتتىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەر)، تىل ۋە مىللىي ھېسسىيات (بۇ مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ئارزۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تىن ئىبارەت 3 نەرسىدىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، تىل مانا ئاشۇ 3 نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىرىدۇر. مەن مىللىي كىملىك ھەققىدە بۇنىڭدىن كېيىن يازىدىغان بىر ماقالەمدە مەخسۇس توختىلىشىم مۇمكىن.

### 2) ئانا تىل مىللىي كىملىكنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى

ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھەر قانداق بىر تىلنىڭ 1-رولى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىش قورالى بولۇشتىن ئىبارەت. لېكىن، بىر يەرلىك مىللەت ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئىنتايىن مۇھىم روللىرىمۇ بار. ئۇ روللارنىڭ بىرى، ئاشۇ مىللەتنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ بەلگىسى بولۇشتىن ئىبارەت. بىر مىللەتنىڭ ئانا تىلىغا ئاشۇ مىللەتنىڭ تارىخىي بىلىملىرى كودلاشتۇرۇلغان ياكى قاچىلانغان بولىدۇ. بۇ بىلىملەر مەزكۇر مىللەتنىڭ كىم ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش ھېكايىلىرى، ئۇلارنىڭ مەقستى، ھەمدە ئۇلارنىڭ بارلىق

ئېغىزاكى ۋە يېزىق ئاساسىدىكى سەنئەت، ھۈنەر، ماھارەت ۋە باشقا بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئانا تىلنىڭ بۇ رولى مىللىي كىملىكنىڭ «سىمۋولىزم» دېگەن تەركىبى قىسمىغىمۇ ئازراق توغرا كېلىپ قالىدۇ.

يالغۇز يەرلىك مىللەتنىڭ ئانا تىللا ئەمەس، ئۇنىڭ يېزىقىمۇ مىللىي كىملىكنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى. جۇڭگودىكى خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئۆزىنىڭ يېقىندا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دائىرىلىگە يوللىغان بىر تەكلىپنامىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «تېخىمۇ ئەخمەقلىق شۇ بولدىكى، 1982 يىلى 9-ئاينىڭ 13-كۈنى ئاپتونوم رايون قانۇن چىقىرىش شەكلى بىلەن ئۇيغۇرچە، قازاقچە كونا يېزىقنى قوللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى جاكارلىدى. كونا يېزىق بىلەن خەنزۇچە پىنيىن بىر قاتارغا قويۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ماۋ زېدۇڭ دەۋرىدە باشلانغان يېزىق ئىسلاھاتى - شىنجاڭلىقلارنى ئاسسىملياتسىيە قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى نابۇت قىلىندى! ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش1961-يىلى باشلانغان. بىر مەزگىل سىناپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى بىكار قىلىش، ئاپتونوم رايون ئىچىدە خەنزۇچە پىنيىن بويىچە ئىشلەنگەن يېڭى يېزىقنى قوللىنىش، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان دەرسلىكلەرنى پۈتۈنلەي يېڭى يېزىق بىلەن چىقىرىش مەجبۇرىي مەجبۇرىي بەلگىلەندى. مۇشۇنداق مەجبۇرىي يولغا قويۇلغان يېزىق ئىسلاھاتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئەنئەنىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمايدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلار ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى تونۇمايدىغان، كونا يېزىقتىكى تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيالمايدىغان، كونا يېزىق بىلىدىغان چوڭلار يېڭى يېزىقنى بىلمەيدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈزۈك ھالەت كۆنسېرى ئېغىرلىشىپ، خەنزۇلىشىش بارغانسېرى ئومۇملاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كونا يېزىقى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەنئەنىسىنى خاتىرىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ۋاستە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاشۇ سىياسەت داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش كۆپ ئاسان بولغان بولاتتى. شۇ چاغدىكى خەنزۇ بېكىنمىچىلىك ئىچىدە تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. خەلقئارادىكى بېسىم نەزەرگە ئېلىنمىسىمۇ بولاتتى.»

### 3) ئانا تىل بىر ئايرىم دۆلەت بولۇشتىكى شەرتلەرنىڭ بىرى

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كەڭگېس خانىمنىڭ كىتابىدا دېيىلىشىچە، بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر ئايرىم دۆلەت قۇرۇشتىكى شەرتلەرنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر تىلى بولۇشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئانا تىلى بولمايدىكەن، ئۇلار بىر «خەلق» ئەمەس، پەقەت بىر گۇرۇپپا ياكى بىر ئاھالە، دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ئىنكار قىلىنىش ئېھتىماللىقى بار ئىكەن.

### 4) بالىلارنى ئانا تىلدا ساۋاتلىق قىلىپ يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ تىل ۋە مەكتەپ ئوقۇشىدىكى نورمال تەرەققىياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ

ئۆز يۇرتىدا تۇغۇلۇپ ئۇسۇۋاتقان بىر يەرلىك مىللەت بالىلىرى ئۈچۈن، بالىلارنىڭ ئانا تىل

سەۋىيىسى ئۇلارنىڭ كېيىن ئۆگىنىدىغان ئىككىنچى تىلدىكى سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. مەكتەپتە بالىلارنىڭ ئانا تىل ئىشلىتىشىنى كۆچەيتىش يالغۇز ئۇلارنىڭ ئانا تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىلا پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، بالىلارنىڭ مەكتەپ تىلىدىكى ھەر خىل ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ پايدىلىق. ئەگەر بالىلار باشلانغۇچتا ئانا تىلنى ئالدىدا ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن تولۇق ساۋاتىنى چىقارماي تۇرۇپلا يەنە بىر يات تىل ئۆگىنىدىكەن، بۇ بالىلار كەلگۈسىدە ئانا تىلىدىمۇ ۋە ئۇلار ئۆگەنگەن ئىككىنچى تىلىدىمۇ يېرىم ساۋاتلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال خەلقئارادا «يېرىم ساۋاتلىق قوش تىللىق» (semibilingualism) دەپ ئاتىلىدۇ. مەكتەپتىكى دەرسلەرنى بالىلارنىڭ ئانا تىلىدا ئۆتۈش ئۇلارنىڭ مەكتەپ تىلىدىكى ئاكادېمىك تەرەققىياتىغا ھەرگىزمۇ يامان تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. قوش تىللىق بولۇش بولسا بالىلارنىڭ تىل ۋە ئوقۇش جەھەتتىكى تەرەققىياتىدا ئىجابىي رول ئوينايدۇ. ئانا تىل ۋە ئىككىنچى تىلدىكى تىل سەۋىيىسى تۆۋەن بالىلارنىڭ بىلىم ۋە ئەقىل جەھەتتىكى تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

### 5) مەكتەپتە بالىلارنىڭ ئانا تىلىنى تاشلىۋېتىش بالىلارنى تاشلىۋەتكەنلىك بىلەن باراۋەر

ئەگەر مەكتەپ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا بالىلارغا «ئۆز تىلىڭ بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىڭنى مەكتەپ ئىچىگە ئەكىرمە» دېگەندەك سىگنالدىن بىرنى بېرىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنىڭ مەركىزىي قىسمىنىمۇ مەكتەپ ئىچىگە ئەكىرمەيدۇ. ئۇلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تاشلىۋېتىلىش ھېسسىياتى پەيدا بولسا، ئۇلارنىڭ دەرس ئاڭلاشتىكى ئاكتىپلىقى بىلەن ئىشەنچىسىمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىدۇ. ئەگەر بالىلار ئۆزلىرى بىلىم ئېلىۋاتقان جەمئىيەتكە تەۋەدەك ھېس قىلمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

تور بەت ئادرېسى مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن كەڭگېس خانىم قاتارلىق 4 مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «مۇتەخەسسىس ئىلمىي ماقالىسى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىككىنچىدىن، مەكتەپلەردىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇشتا پەقەت ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلنىلا ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەت ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بالىلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئىشلىتىشى ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن ھالدا چەكلەنگەن بولىدۇ. بالىلارنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىشىگە يول قويماسلىق، ياكى ئۇلارنى ئانا تىلنى پىششىق بىلىدىغان چوڭلاردىن ئايرىۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئانا تىلنى ئىشلىتىشىگە توسالغۇلۇق قىلىش، يەرلىك مىللەتنىڭ ئۆز تىلىنى كۆندىلىك تۇرمۇشتا ۋە مەكتەپتە ئىشلىتىشىگە يول قويماسلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئايرىۋېتىش ھەممە ياكى كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار يەرلىك مىللەت تىلىنى بىلمەيدىغان ھۆكۈمران مىللەت كىشىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئەھۋالدىمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ بىر روشەن مىسالى بالىلارنى ئۆيىدىن ئايرىپ، مەكتەپتە يېتىپ-قوپۇپ ئوقۇيدىغان مەكتەپكە ئوقۇتۇشتۇر. بۇنداق سىياسەتلەر ھازىرغا قەدەر بالىلارغا يالغۇز ئېغىر دەرىجىدىكى جىسمانىي زەخمىلەرنى كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئېغىر دەرىجىدىكى روھىي زىيانلارنىمۇ سالدى. بۇ زەخمىلەر مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق، پسىخولوگىيە جەھەتتىكى زەخمە، چۈشكۈنلۈك، ئەستە قالدۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش، خۇلاسە چىقىرىش، ۋە ئاساسلاش ئىقتىدارىدىكى زەخمە، تىل ۋە ئوقۇشتىكى زەخمىلەر. مۇشۇنداق زىيان-زەخمىلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ساھەلەردىمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدى.»

### 6) ئانا تىلنى ساقلاپ قېلىش دۇنيانىڭ تىل ۋە بىئولوگىيە جەھەتتىكى كۆپ خىللىقنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىر دىن-بىر شەرتى

ھازىر دۇنيادا ئېغىزدا سۆزلىنىدىغان تىللاردىن تەخمىنەن 7000 خىل تىل بار بولۇپ، نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئۇلارنىڭ 50 پىرسەنتى ھازىرقى بىر ئەۋلادنىڭ ۋاقىت مۇددىتى ئىچىدە يوقىلىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ 90 پىرسەنتى كېيىنكى 100 يىل ئىچىدە يوقىتىۋېتىلىشى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭلاشقا بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشى زۆرۈردۇر.

## 3. «ئانا تىل مۇھىم ئەمەس» دېگۈچىلەرنىڭ كۆز-قاراشلىرى

دۇنيادىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆتكەن ئەسىر بىلەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئىچىدە، بولۇپمۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، «ئېتنىكلىق پۈتۈنلەي ئۆلدى»، دەپ جاكارلىدى (ئەمەلىيەت بولسا پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ كېيىن يازىدىغان بىر ماقالىسىدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئايرىم توختىلىمەن). شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تىلنىڭ شەكىللىرى بىلەن فۇنكسىيىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ، تىل جەھەتتىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مەقسىتى، ياكى ئالاھىدە تىللار بىر ئۆلچىگىلى بولىدىغان مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس، دېگەن كۆز-قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار كۆرسەتكەن ئاساسلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ھەممە تىللار ھەممە ۋاقىتتا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا مەلۇم بىر تىلنىڭ باشقا تىللار بىلەن بولغان چەك-چېگرىسى توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا، بىر ئادەمنىڭ كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغىنى پەقەت ئاشۇ تىلنىڭ ئاشۇ زامان ۋە ئاشۇ ماكاندىكى ھالىتىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

(2) بىر قىسىم مودېرنىزمچى، بولۇپمۇ سىياسەتچى ئىلىم ئەھلىلىرى تىلنى شەخسلەرنىڭ ياكى بىر كوللېكتىپنىڭ كىملىكىنى تۇرغۇزۇشتىكى مۇھىم ياكى زۆرۈر ئامىل، دەپ ھېسابلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆپ-تىللىق بولۇشى، تىل بىلەن كىملىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئەگەر ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك باغلىنىش بولغان بولسا، تىل جەھەتتىكى كۆچۈش ئىنتايىن ئاز بولغان ياكى زادىلا بولمىغان بولاتتى.

لېكىن، يۇقىرىدىكى كۆز-قاراشلار زادىلا توغرا ئەمەس. پۈتۈن دۇنيادىكى مىڭلىغان، ئون-مىڭلىغان «ئېتنىك» تەشكىلاتلارنىڭ ئىسپاتلىغىنىدەك، مىللىي كىملىك، بولۇپمۇ تىلنى ئاساس قىلغان مىللىي كىملىك ئىنتايىن كۈچلۈك ئەسلىگە قايتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بىر تىل ئاشۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر توپىنى ئۆز-ئارا باغلاش ئارقىلىق، ئاشۇ كىشىلەر توپىنىڭ مىللىي كىملىكىنى نامايان قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قايسى كىشىلەر توپىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئېتنىك ياكى مىللىي يىلتىزى ئاشۇ تىلغا ماس كېلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئاشۇ تىلنى پۇختا بىلىش ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئەۋلادلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇلارنىڭ يېگىدىن يۈز بەرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك ياكى مىللىي ئادەم توپىنىڭ جۇغلانما تارىخى بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ. قىسقىسى، بىر تىل يالغۇز ئاشۇ تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۆز-ئارا

ئالاقىلىشىش قورالى بولۇش فۇنكسىيىسىنى ئۆتەپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئاشۇ كىشىلەر تۇپىنىڭ مەدەنىي كىملىكىنى، شۇنداقلا ئاشۇ كىشىلەر تۇپىدىن بولغان بۇرۇنقى بارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان مەدەنىي مىراسلارنىمۇ نامايان قىلىدۇ.

يەرلىك مىللەتلەردە «ئەنئەنىۋى بىلىملەر» دېگەن بىر ئۇقۇم بار بولۇپ، بۇ بىلىملەر ھەرگىزمۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ئەمەس. بۇ بىلىملەرنىڭ «ئەنئەنىۋى» بولۇپ قېلىشى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قەدىمىيلىكىدىن بولماستىن، بەلكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۇ بىلىملەرنى قانداق قولغا كەلتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىدىغانلىقىدا. يەنى، بىلىم ئېگىلەش ۋە بىلىمنى ئورتاقلىشىشنىڭ ئىجتىمائىي جەريانى ھەر بىر يەرلىك مەدەنىيەت ئۈچۈن ئالاھىدە تۈس ئالغان بولۇپ، مانا شۇنداق ئالاھىدىلىكى ئۇ بىلىملەرنىڭ «ئەنئەنىۋى» بىلىملەر بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ بىلىملەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ناھايىتى يېڭى بولىسمۇ، ئۇلار ئالاھىدە ئىجتىمائىي مەنىگە ۋە قانۇنىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار يەرلىك مىللەت خەلقلىرىنىڭ كۆچمەن بولۇپ كەلگەن خەلقلەردىن ۋە سانائەتلەشكەن جەمئىيەتتىن ئېگىلەيدىغان بىلىملەرگە زادىلا ئوخشىمايدۇ.

يەنى، ئۆزگىرىشنى يالغۇز بىلىم ياكى تىل ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بارلىق «ھايات» نەرسىلەر ئۈچۈن بىر بۇرۇندىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان ۋە زۆرۈر بولغان خۇسۇسىيەت، دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىلىم ۋە تىلمۇ «ھايات» نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشى (مەسىلەن، باشقا تىللاردىن يېڭى تېخنىكىغا ئائىت سۆزلۈكلەرنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق) ھەرگىزمۇ بىر تىلنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بوشراق رېئاللاشتۇرۇپ قويمايدۇ. شۇڭلاشقا يەرلىك مىللەت خەلقلىرىنىڭ تىل ۋە ئانا تىل توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 2-ئاساس بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ-قارشى.

## 4. ئانا تىل كىم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟

مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ 1-بۆلۈمدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمدەك، ئانا تىل ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن، خۇددى 2-بۆلۈمدە بايان قىلغىنىمدەك، ئانا تىل ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇ كىم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟ ئانا تىل ئالدى بىلەن ئاشۇ تىلنى ئىشلىتىدىغان يەرلىك مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم. ئۇنىڭدىن قالسا، ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن ئادالەتپەرۋەرلىكنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم قىلغان، بارلىق ئىنسانلارنى ياراتقۇچى بەرگەن ھوقۇق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشنى ئىستەيدىغان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. ئەڭ ئاخىرىدا، يەر شارىنىڭ تىل ۋە بىئولوگىيە جەھەتتىكى كۆپ خىللىقىنى ساقلاپ قېلىشنى ئىستەيدىغان بارلىق ھۆكۈمەت ۋە خەلقلەر ئۈچۈن مۇھىم. لېكىن، ئانا تىل يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىۋېتىش ياكى باشقا بىر مىللەتكە ئۆزگەرتىۋېتىش يولىدا ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان ھاكىمىيەتلەر ۋە كىشىلەر ئۈچۈن ئازراقمۇ مۇھىم ئەمەس. ئەگەر ھازىرقى دۇنيانى ئوبدان كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق شۇنى چۈشىنىپ يېتىمىزكى، خۇددى باشقا مۇھىم ئىشلاردىكى ئەھۋالغا ئوخشاشلا، يەرلىك مىللەت خەلقلىرى ئانا تىلنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇھاكىمىلەرگە قاتناشتۇرۇلمايدۇ. يەرلىك مىللەت خەلقلىرىنىڭ سۆزلىرى تەمسىل قىلىنغان ئەھۋالدىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ھۆرمەت قىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەمەس، مەسخىرە قىلىش تەرىقىسىدە شۇنداق قىلىنىۋاتىدۇ. يەرلىك مىللەتلەر

ئۆزلىرىنىڭ بىر ئىسمى بار ئانا تىلىنىڭ بار-يوقلۇقى ھەققىدە ئۆزلىرى قارار بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، بۇنداق قارارلار يات مىللەتتىن كېلىپ چىققان تەتقىقاتچىلار، بيۇروكراتلار ياكى سىياسەتچىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىۋاتىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتا، بۇنداق مۇھاكىمە ۋە قارارلار يەرلىك مىللەتنىڭ ئانا تىلىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ ياكى ئۇنى ئاكتىپلىق بىلەن يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالى ئۈستىدىكى قارارلارمۇ ھەرگىز ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇيغۇر بىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بولماستىن، بىر قىسىم تىلشۇناسلىق ئىلمىدىن ئاساسەن خەۋىرى يوق سىياسەتچىلەر ياكى ئەمەلدارلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان.

ئىنگلىزچىدا «linguicism» دېگەن بىر سۆز بار بولۇپ (بۇ سۆز «يۇلغۇن ئۇيغۇرچە-ئىنگلىزچە لۇغىتى» دە يوق بولۇپ، تۆۋەندە مەن ئۇنى ئۇيغۇرچە «لىڭگۇىسىزم» دەپ ئالىمەن)، ئۇنىڭ بىر ئىنگلىزچە لۇغەتتىكى مەنىسى مۇنداق ئىكەن: لىڭگۇىسىزم ئادەمنىڭ ئىرقى، يېشى ۋە جىنسى جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمە كۆز-قاراشنىڭ بىر شەكلى بولۇپ، كەڭرى دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ 1-مىللەت كىشىلىرىنىڭ 2- مىللەتنىڭ ئانا تىلىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، 2-مىللەتنىڭ ئېرىشكەن بايلىقى، مائارىپ سەۋىيىسى، ئىجتىمائىي ئورنى، ۋە خاراكتېرلىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. كەڭگېس خانىمنىڭ كىتابىدا دېيىلىشىچە، تۇرمىگە تاشلاش، قىين-قىستاق قىلىش قاتارلىق رەھىمسىز، ئاشكارا ۋە ھەممىگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ۋاستىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، لىڭگۇىسىزم ئارقىلىق بىر تىلنىڭ ئىشلىتىشىنى توسۇش جەريانى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچىدىن، لىڭگۇىسىزم يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ، ئۆز نوپۇسىنى كۆپەيتىپ تۇرۇشىنىڭ، ۋە ئۆزلىرىنى بىر ئۆز-تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى ئىستەيدىغان خەلق سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىشىغا يول قويمايدۇ. لىڭگۇىسىزم بۇنداق مەقسەتكە قۇرۇلما ئارقىلىق، شۇنداقلا يەرلىك خەلقنىڭ ئېڭىنى مۇستەملىكە قىلىپ، ھۆكۈمران ئورۇندىكى تىلدىن ئىبارەت بىرلا تىلنى ئىشلىتىش ئىدېئولوگىيىسىگە ئىشەندۈرۈش ئارقىلىق يېتىدۇ.

ئىلاۋە: كەڭگېس خانىمنىڭ مەزكۇر كىتابىدا «فىزىكىلىق مۇستەملىكە» بىلەن «كۆڭۈل مۇستەملىكىسى» دىن ئىبارەت ئىككى خىل مۇستەملىكە ئۇقۇمى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مېنىڭچە بۇ يەردىكى «كۆڭۈل مۇستەملىكىسى» نى بېسىۋېلىنغانلارنىڭ كۆڭلىگە بېسىۋالغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى قاچىلاپ، شۇ ئارقىلىق بېسىۋېلىنغانلارنىڭ كۆڭلىنى يېڭىدىن پروگراممىلاش جەريانى، دەپ چۈشەنسە بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەگەر بىر ئېتنىك ئادەم توپىنىڭ ئۆز ئانا تىلى بولمايدىكەن، ئۇلار «بىر خەلق ئەمەس، پەقەت بىر گۇرۇپپا ئادەم ياكى بىر گۇرۇپپا نوپۇستىنلا ئىبارەت؛ ئۇلار بىر ئايرىم دۆلەت بولۇشنىڭ بىر شەرتىگە، يەنى ئۆز ئانا تىلى بولۇشى كېرەكلىكى شەرتىگە چۈشمەيدىكەن»، دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ئىنكار قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئېتنىك گۇرۇپپىلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ھەر خىل قالپاق ۋە باھالارنىڭ تەسىرى بىلەن جەمئىيەتتە كۆزگە كۆرۈنمەس ۋە ئىناۋەتكە ئىگە ئەمەس بولۇپ قالىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەت ئۆز تىلى ئارقىلىق كېلىشتۈرۈپ، ئۆز ئىدىيىلىرى بىلەن يەرلىك مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭلىنى مۇستەملىكە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك مىللەت خەلقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلار، شۇنداقلا ھوقۇق ۋە ماددىي بايلىقلارنىڭ تەڭسىز تەقسىم قىلىنىشى بىر نورمال ئىش، ۋە بىر ئادىل ئىش، دېگەنگە ئىشىندۈرىدىغان قىلىدۇ.

قىسقىسى، فىزىكىلىق مۇستەملىكە، جىسمانىي زوراۋانلىق ۋە بىئولوگىيىلىك پەرقلەر ئاساسىدىكى مىللەتچىلىك بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھازىر دۇنيادا باي-كەمبەغەل پەرقىنى چوڭايتىدىغان، كەمبەغەللەرنى مەڭگۈ مال-مۈلۈكلۈك بولالمايدىغان قىلىدىغان، ھەمدە جەۋھەر گۇرۇپپىلارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ يەر شارىنىڭ بارغانسېرى تېز سۈرئەتتە ۋەيران بولۇشى جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى يوشۇرىدىغان تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە تېخىمۇ قەبىھ ۋاستىلەر ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

## 5. ئاخىرقى سۆز

مەن كۆرۈشۈپ قالغان بىر «ياخشىمۇسىز؟ ئامېرىكىغا قاچان كەلدىڭىز؟»، دېگەن سوئالغا ئۇيغۇرچە جاۋاب بېرەلمەيدىغان، ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، ھازىر بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ تەسىرى بىلەن، چوڭقۇر ئويلارغا پېتىپ، ھەمدە بىر ئاز ئىزدىنىپ، مەزكۇر ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. مەقسىتىم بىر مىللەت كىشىلىرى ئاشۇ ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش ئۆز ئانا تىلىنى يوقاتقاندا، ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە نېمىلەردىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش. مېنىڭچە ھازىر بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بولۇۋاتقان، ھەمدە ئاشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئاز ئەمەس. ئەگەر ھازىرقى دۇنياغا ئوبدان سەپ سالىدىغان بولساق، بىر قىسىم دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مىللەتلىرىگە بەلگىلەپ بەرگەن تاللاشلاردىن مۇنداق بىر قانچىسىنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز: (1) «يا ئانا تىلىڭغا تۇر، يا خىزمەتكە تۇر»، (2) «يا مىللىي كىملىكىڭگە ۋە ئانا تىلىڭغا تۇر، يا ئاپتونومىيە ۋە يەر ھوقۇقىغا تۇر»، (3) «سەن نېمە دېسەڭ دە، دۇنيا نېمە دېسە دېسۇن، مەن سېنى تىلىڭنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىمەن».

مەيلى سىز بۇ 3 خىل تاللاشلارنىڭ قايسىسىغا دۇچ كەلگەن بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىز ئۆز ئانا تىلىڭىزنى ساقلاپ قېلىشتا پايدىلانسىڭىز بولىدىغان نەرسىلەردىن كەم دېگەندىمۇ مۇنداق ئۈچى بار: (1) ياراتقۇچى ھەممە ئىنسانلارنى ياراتقاندا ئۇلارغا ئاتا قىلغان ئۆز يولىنى ئۆزى تاللاش ئىقتىدارى. سىز مۇشۇ ئىقتىدارىڭىزدىن پايدىلىنىپ، مەكتەپ بالىڭىزغا ئانا تىلنى ئۆگەتمىگەن ياكى ياخشى ئۆگەتمىگەن تەقدىردىمۇ، سىز ئانا تىلنى ئۆيدە ئۆگىتەلەيسىز. مەن ماقالەمنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان، ياپونىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىمۇ ئۇيغۇر تىلنى ياخشى سۆزلىيەلەيدىغان 9 ياشلىق ئۇيغۇر يىگىت مانا شۇنىڭ بىر ياخشى مىسالى. (2) ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى كونترول قىلىش، ئۆز قەلبىنى ئۆزى كونترول قىلىش، ئۆز يۈرىكىنى ئۆزى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت تۇغما تالانتى. (3) قانۇنىي يوللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش. بۇ جەھەتتە مەن بۇرۇنقى بىر ماقالەمدە تۆۋەندىكىنى يازغان ئىدىم: «دۆلەتلىك ۋە يەرلىك قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ قىلغىلى بولىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. بۇ

يەردىكى گەپ سىزنىڭ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ سىناپ بېقىشنى خالاش-خالىماسلىقىڭىزدا. سىزنىڭ ئاشۇنداق بىر يولنى تاللاش-تاللىماسلىقىڭىزدا. ياۋاش ئادەمنى تاپقاندا ئۇنى ھەممە ئادەمنىڭ بوزەك قىلغۇسى كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش. ... ئۇيغۇرلاردا 'ئۆز تەقدىرىڭنى ئۆز قولۇڭغا ئال' دېگەنگە ئوخشاش بىر گەپمۇ بار. بۇ سۆزلەر نورمال ئىنساندەك ياشايدىغان ئادەملەرگە قارىتىلغان. مېنىڭچە ھازىر ئۇيغۇرلارغا نورمال ئىنساندەك ياشايدىغان، ھېچ بولمىغاندا قانۇن سىزىقىنىڭ سىرتىغا چىقماي تۇرۇپ نورمال ئىنساندەك ياشاشقا ئۇرۇنۇپ باقىدىغان ۋاقىت كەلدى. مەن بۇرۇنمۇ ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئەگەر سىز بىر ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقمىسىڭىز، ئۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش ئېھتىماللىقى نۆل بولىدۇ.»

مېنىڭچە ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز-ئۆزىدىن «ئۇيغۇرلار قانداق بولۇپ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان بىر قاتار چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكىدەك بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى؟» دېگەن سوئالنى سوراۋاتىدۇ. بۇ سوئالغا نۇرغۇن كىشىلەر 2001-يىلدىكى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى خەلقئارالىق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ تۇرۇپ، خېلى توغرا جاۋاب بېرەلەيدۇ. لېكىن ئۇنداق قىلىشنىڭ ھازىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئانچە زور پايدىسى يوق. ھازىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ جەھەتتە سەۋەب ئىزدەيدىغان ۋاقىت ئەمەس. بەلكى چارە ئىزدەيدىغان ۋاقىت.

مەن مەزكۇر ماقالىنى تىلنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى توغرىسىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

--تىل ھەر بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئېگىز مۇنارى. ئەگەر ئاسسىمىلياتسىيە بىر مىللەتنىڭ كىملىكىنى بىتچىت قىلىۋېتىدىكەن، ئۇ مىللەتنىڭ خەلقىمۇ يوقىلىدۇ. (كارولي بارى، رىملىق شائىر، 1996)

--تىل بىلەن مەدەنىيەت يالغۇز سۆز بىلەن سۆز بوغۇملىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئادەم بىلەن ياراتقۇچىنى ئۆز-ئارا ئالاقىلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسە. ئەگەر مەن ئۆز تىلىمدا ئايەت ئوقۇيالىسام، ئۇ خۇددى بىر جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن چىققاندىن كېيىن ئالغان تۇنجى نەپەسىمگە ئوخشاش ئىش بولىدۇ. تىل بىلەن مەدەنىيەت بىز بىلەن ياراتقۇچىنى ئۆز-ئارا باغلاپ تۇرىدىغان ھەمرەيدىن ئىبارەتتۇر. (كانادا قەدىمىي تىللار ۋە مەدەنىيەتلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى، 2005)

--تىل بىلەن مەدەنىيەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئايرىلىۋېتىلىدىكەن، تىل پەقەت بىر قورال، ياكى بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن مەدەنىيىتىمىز بىزنىڭ كىملىكىمىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى، بىزنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىمىزنى، ۋە بىزنىڭ نەگە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. (كانادا قەدىمىي تىللار ۋە مەدەنىيەتلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى، 2005)

--بىز مۇشۇ زېمىندىن، ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ ماكانىدىن كەلگەن. بىز مۇشۇ زېمىنغا مەنسۇپ، ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى مۇشۇ زېمىندىن تاپىمىز. بىزنىڭ تىلىمىز بىزنى مۇشۇ بىر ھەقىقەتكە قايتا-قايتىلاپ ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنى تولۇق چۈشىنىش بىزنىڭ ئۆز تىلىمىز بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاش، كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىشىمىزنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن زۆرۈردۇر. (كانادا قەدىمىي تىللار ۋە مەدەنىيەتلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى، 2005)

--ئانا تىلىمىز ياراتقۇچىمىزدىن كەلگەن بىر سوۋغات. بۇنداق مۇقەددەس سوۋغاتنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تۇرۇش، ئۇنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق كېرەك.

(1998 ،Watahomigie )

--بىزنىڭ قەدىمكى تىلىمىز بىزنىڭ مەدەنىي ۋە روھىي مىراسلىرىمىزنىڭ ئاساسى. ئەگەر ئۇ بولمايدىكەن، بىز ياراتقۇچىمىز بىزدىن كۈتكەندەك بىر شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغان بولاتتۇق. (زەپەدا، 1990)

--بىزنىڭ ئانا تىلىمىز بولمايدىكەن، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. (كانادادىكى ئانا تىل توغرىسىدىكى ئالاھىدە يىغىننىڭ قارارى، 1990)

## بۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان ماقالىلەرنىڭ تور ئادرېسلىرى:

[1] مۇشۇ ماقالىدا پايدىلانغان كەڭگىس خانىمنىڭ يېڭى كىتابى:
http://www.e-pages.dk/grusweb/55/

[2] دوكتور جىم كۇممىنزنىڭ ئىلمىي ماقالىسى:
http://www.iteachilearn.com/cummins/mother.htm

[3]《新疆维吾尔自治区中长期教 育改革和发展规划纲要(2010—2020 年)》
http://www.tianshannet.com/news/content/2010-09/10/content_5228398.htm

[4] «مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالىسى»
http://www.un.org/esa/socdev/unpfii/documents/E_C19_2008_7.pdf

# يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەر

**2012-يىلى 5-ئاينىڭ 25-كۈنى**

مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرغىچە يازغان بىر قانچە ماقالىلىرىدە، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىدىكى «قوش تىللىق مائارىپ» نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. شۇنداقلا كەڭگېس خانىم (بۇ خانىم ھەققىدە http://www.meripet.com/Sohbet1/Erkinc7_kangas1.htm دە بىر قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بار) قاتارلىق خەلقئارادا تونۇلغان بىر قانچە مۇتەخەسسىسلەر بۇرۇنقى 150 يىل مابەينىدە دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان «قوش تىللىق مائارىپ» ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار نەتىجىلىرىگە ئاساسەن خۇلاسىلەپ چىققان ئىلمىي يەكۈنلەر، ھەمدە ئۇلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) گە بەرگەن يەرلىك مىللەت مائارىپى ھەققىدىكى تەكلىپ-تەلەپلەرنى شەرھلەپ ئۆتتۈم. ھەمدە شۇ ئاساستا ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويۇلغان «قوش تىللىق مائارىپ» نامى ئاستىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەكتەپ ئوقۇ-ئوقۇتۇشىدىكى رولىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەنزۇ تىلىنى دەسسىتىش سىياسىتىنىڭ ھازىرغىچە بايقالغان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە پۈتۈنلەي خىلاپ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ سىياسەت ھازىرقى تەرىقىدە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلىدىغان ئۇيغۇر ياش ئەۋلادلىرى ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەرنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئېغىر دەرىجىدە زىيان-زەخمىگە ئۇچراپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سۈپىتىدە ئېغىر دەرىجىدىكى چېكىنىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، كەڭگېس خانىم قاتارلىق خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر ئوتتۇرىغا قويغان، يەرلىك مىللەت رايونىدىكى يېسلە ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئۆز ئانا تىلىنى مەكتەپ تىلى قىلىپ ئىشلەتمىگەندە كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بار بولغان يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر بالىلار ئوقۇيدىغان مەكتەپلەردە يۈز بېرىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال ھازىر پۈتۈن مىللەتنى بارغانسېرى كۈچلۈك دەرىجىدە ئەندىشىگە سېلىۋاتىدۇ. «ئانا تىلىدىكى ساۋاتسىزلىق»، «خەنزۇۋانلىق ئۇيغۇرلار» دېگەن يېڭى سۆز ۋە يېڭى ئۇقۇم پەيدا بولۇۋاتىدۇ. مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن نۇرغۇن قېرىنداشلار داۋاملىق تۈردە «بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلغىلى بولماسمۇ؟» دەپ سوراۋاتىدۇ. بۇ سوئال مېنىڭ كاللامدىمۇ داۋاملىق ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، مەنمۇ ئۆز-ئۆزۈمدىن ئىزچىل تۈردە «مەن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن؟»، دەپ سوراپ كېلىۋاتىمەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە مەن يېقىندا يەرلىك مىللەت مائارىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەر، ھەمدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشۇ قانۇن-كېلىشىملەرگە ئىمزا قويۇش ئەھۋالى ئۈستىدە بىر ئاز ئىزدەندىم. مەزكۇر ماقالىدا مەن بۇ قېتىم يۇقىرىقى ساھەدە بايقىغان ئىشلارنى تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن.

مەن بۇ قېتىم پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىيال كەڭگېس خانىم بىلەن ئەنگلىيە ئابېردىن (Aberdeen) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دۇنيادا تونۇلغان قانۇن ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىلى مۇتەخەسسىسى، دوكتور روبېرت دۇنبار بىرلىكتە يېزىپ، 2010-يىلى بېسىپ تارقاتقان «يەرلىك مىللەت بالىلىرى مائارىپىنى تىل جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەت ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن جىنايەت، دەپ قاراشقا بولامدۇ—بىر دۇنياۋى نۇقتىئىنەزەر»، دېگەن كىتابىنىڭ ئىككىنچى بابى بولۇپ، بۇ بابىنىڭ ماۋزۇسى «يەرلىك بالىلار، قەبىلە بالىلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىنىڭ مائارىپ ھوقۇقىنىڭ قانۇنىي ئاساسلىرى» ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا مەن بىر قانچە خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەرنىڭ ئىنتېرنېتتىكى ئىنگلىزچە نۇسخىلىرىدىنمۇ پايدىلانغان بولۇپ، مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاخىرىغا ئاشۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ تور ئادرېسلىرىنى، شۇنداقلا مەن ھازىرغىچە «قوش تىللىق مائارىپ» ھەققىدە يازغان بارلىق ماقالىلەرنىڭ تور ئادرېسلىرىنى يېزىپ قويدۇم.

ھەممىيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، جۇڭگو ھازىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى جەھەتتە دۇنيادىكى پەقەت ئامېرىكىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق تەرەققىياتى ئاساسىدا خەلقئارا ئىشلاردا چوڭ رول ئوينايدىغان مۇھىم دۆلەتلەر قاتارىدا ئورۇن ئېلىشنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. ھەممە ئاشۇ يولدا تىرىشىۋاتىدۇ. جۇڭگو بۇ جەھەتتە يۇقىرىراق پەللىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى، ئۇنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا بولغان تەلەپلەرمۇ كۈچىيىپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى ئىمزالىغان خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىمۇ ب د ت ۋە باشقا خەلقئارالىق جەمئىيەتلەر تەرىپىدىن بارغانسېرى قاتتىق كۆزىتىلىشى ۋە باھالىنىشىمۇ مۇمكىن. ئاشۇنداق ئىشلارنىڭ تۈرتكىسىدە، جۇڭگونىڭ ئۆزى ئىمزالىغان خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەرگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش بولۇش، شۇنداقلا ئۇلار ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويۇۋاتقان «قوش تىللىق مائارىپ» نامى ئاستىدىكى خاتا سىياستىدە ئىجابىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىماللىقىمۇ پۈتۈنلەي يوق ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەر ۋە جۇڭگونىڭ ئۇلارنى ئىمزالاش ئەھۋالىنى چۈشىنىۋېلىش بارلىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، دەپ قارايمەن.

## 1. خەلقئارالىق كېلىشىملەرنى ئىجرا قىلىش مېخانىزمى

مەن رەسمىي مەزمۇننى باشلاشتىن بۇرۇن، خەلقئارالىق كېلىشىملەرنى ئىجرا قىلىش مېخانىزمى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن. خەلقئارا قانۇنلاردا يەرلىك مىللەت، تەبىقە، ۋە ئاز سانلىق مىللەت (تۆۋەندە مەن بۇلارنى قىسقارتىپ «يەرلىك مىللەت» دەپلا ئاتايمەن) بالىلىرى مائارىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ئۆلچەملەر بار بولۇپ، ئۇ ئۆلچەملەرنىڭ بەزىلىرى بىر قىسىم قانۇنىي جاۋابكارلىقى بار كېلىشىملەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن. يەنە بەزىلىرى بولسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى يوق، ئەمما سىياسىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم بولغان خەلقئارالىق ئاپپاراتلاردا ئىپادىلەنگەن. ھەر بىر خەلقئارالىق كېلىشىم ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەندە، بەزى دۆلەتلەر ئۇنىڭغا ئىمزا قويىدۇ. يەنە بەزى دۆلەتلەر بولسا ئۇنى تەستىقلايدۇ. ئىمزا قويۇشنى ئىنگلىزچە «sign» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ئۇ پەقەت بىر سىمۋوللۇق كۈچكىلا ئىگە. يەنى بىر دۆلەتنىڭ بىر خەلقئارالىق كېلىشىمگە ئىمزا قويغىنى ئۇ دۆلەتنىڭ ئاشۇ كېلىشىمنى قوللايدىغانلىقىنىلا بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۇ

دۆلەتنىڭ ھېلقى كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش قانۇنىي مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ. تەستىقلاشنى ئىنگلىزچە « ratify»دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ئەگەر بىر دۆلەت مەلۇم بىر كېلىشىمنى تەستىقلايدىكەن، ئۇ دۆلەتنىڭ ئاشۇ كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش قانۇنىي جاۋابكارلىقى بار بولىدۇ. ئەگەر بىر دۆلەت ئۆزى تەستىقلىغان بىر كېلىشىمگە ئەمەل قىلمايدىكەن، مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق ئاپپاراتلار ئۇ دۆلەتنى قانۇنىي جەھەتتىن جاۋابكارلىققا تارتالايدۇ. بىر دۆلەت مەلۇم بىر كېلىشىمنىڭ بەزى ماددىلىرىنى تەستىقلىمايدىغان ئەھۋالمۇ بار بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال بىر دۆلەت ئاشۇ بىر كېلىشىمنى تەستىقلىغان ۋاقىتتا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ خاتىرىلەنگەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىر دۆلەتنىڭ مەلۇم بىر كېلىشىمنى تەستىقلاش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندە، يۇقىرىقى تەرەپلەرنىمۇ ئېنىق تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 2. ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى

ئىنسانلارنىڭ ئوقۇش (ياكى مائارىپ) ھوقۇقى ب د ت تەرىپىدىن 1948-يىلى 12-ئاينىڭ 10-كۈنى ماقۇللانغان «ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» نىڭ 26-ماددىسىدا بايان قىلىنغان. بۇ 26-ماددىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق (نەقىل):

(1) ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوقۇش ھوقۇقى بار. ئوقۇش پەقەت بولمىغاندىمۇ باشلانغۇچ ۋە ئاساسىي باسقۇچلاردا ھەقسىز بولىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى مەجبۇرى بولىدۇ. تېخنىكىلىق ۋە كەسپىي مائارىپ ھەممە كىشلەر ئۈچۈن ھازىرلانغان بولۇپ، ئالىي دەرىجىلىك مائارىپمۇ شەرتى توشقان ھەممە كىشلەر باراۋەر بەھرىمەن بولالايدىغان قىلىنىدۇ.

(2) مائارىپ ئىنسان خۇسۇسىيىتىنى تولۇق يېتىلدۈرۈشنى، ھەمدە كىشىلىك ھوقۇق بىلەن ئاساسىي ئەركىنلىككە بولغان ھۆرمەتنى كۈچەيتىشنى ئۆز نىشانى قىلىدۇ. ئۇ بارلىق ئەللەر، بارلىق ئىرقىي ۋە دىنىي گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ئۆز-ئارا چۈشىنىش، ئۆز-ئارا سەۋرچانلىق (ياكى ئۆز-ئارا يول قويۇش) ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداقلا ب د ت نىڭ تىنچلىقنى ساقلاش پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئالغا سۈرىدۇ.

(3) ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىلىرى ئالىدىغان تەربىيەنىڭ تۈرى بىلەن ئوقۇيدىغان مەكتەپنى تاللاشتا ئەڭ دەسلەپكى ھوقۇققا ئىگە بولىدۇ. (نەقىل تۈگىدى)

بۇ ئۇنىۋېرسال خىتابنامە بىر كېلىشىم ئەمەس بولۇپ، ھەرقايسى ئەللەر ئۇ توغرۇلۇق قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. ئەمما ئۇ بىر تۈپتىن مۇھىم بولغان خەلقئارالىق ئاپپاراتتۇر. 26-ماددىنىڭ 1-پاراگرافى ھەر بىر ئادەمنىڭ مەكتەپ تەربىيىسى كۆرۈشنى ۋە مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. 2-پاراگراف بولسا ئاشۇنداق مائارىپنىڭ «ئىنسان خۇسۇسىيىتىنى تولۇق يېتىلدۈرۈشنى نىشان قىلىش» بىلەن تەمىنلەيدۇ. 3-پاراگراف بولسا «ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىلىرى ئالىدىغان تەربىيەنىڭ تۈرى بىلەن ئوقۇيدىغان مەكتەپنى تاللاشتا ئەڭ دەسلەپكى ھوقۇققا ئىگە » ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## 3. ب د ت نىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى ھەققىدىكى خەلقئارالىق شەرتنامىسى

مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ھوقۇقى ھەققىدىكى جاۋابكارلىقى بار قانۇنىي ئاساسلار ب د ت نىڭ 1966-يىلىدىكى ئىككى پارچە كىشىلىك ھوقۇق كېلىشىملىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ بىرى «ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى ھەققىدىكى خەلقئارالىق شەرتنامە» بولۇپ، ئۇنىڭ 13-ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن (نەقىل):

1. بۇ شەرتنامىگە كىرگەن دۆلەت ۋە پارتىيىلەر ھەر بىر ئادەمنىڭ مائارىپقا بولغان ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار مائارىپنىڭ ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ غۇرۇر تۇيغۇسىنىڭ تولۇق يېتىلىشىگە قارىتىلىشىغا، مائارىپنىڭ كىشىلىك ھوقۇق بىلەن ئاساسىي ئەركىنلىكلەرگە ھۆرمەت قىلىشنى كۈچەيتىشكە قوشۇلىدۇ. بۇ شەرتنامىگە كىرگەن دۆلەت ۋە پارتىيىلەر يەنە مائارىپنىڭ بارلىق ئادەملەرنىڭ بىر ئەركىن جەمئىيەتتە ئۈنۈملۈك ياشاش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدىغانلىقىغا، بارلىق ئەللەر ۋە بارلىق ئىرقىي، ئېتنىك ۋە دىنىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشى، ئۆز-ئارا يول قويۇشى، ۋە ئۆز-ئارا دوستلۇق ئورنىتىشىنى كۈچەيتىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا ب د ت نىڭ تىنچلىقنى ساقلاش پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئالغا سۈرىدىغانلىقىغا قوشۇلىدۇ.

2. بۇ شەرتنامىگە كىرگەن دۆلەت ۋە پارتىيىلەر مۇشۇ ھوقۇقنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ:

(1) دەسلەپكى ئوقۇش (ئىلاۋە: بۇ ئىنگلىزچە «Primary Education» دېيىلىدىغان بولۇپ، مېنىڭ چۈشىنىشىمچە ئۇ يېسلە، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەجبۇرى ئوقۇش بولۇپ، ئۇ ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن ھازىرلانغان بولىدۇ.

(2) تېخنىكىلىق ۋە كەسپىي ئوقۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل شەكىلدىكى ئىككىنچى مائارىپ ئومۇميۈزلۈك ھازىرلانغان بولىدۇ. ھەممەيلەننىڭ بارلىق مۇۋاپىق ۋاستە بىلەن پايدىلىنىشىغا تەييار قىلىنىدۇ. ھەمدە تەدرىجىي ھالدا ھەقسىز ئوقۇش شەكلىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

(3) ئالىي دەرىجىلىك مائارىپمۇ ئوخشاشلا ھەممەيلەننىڭ ئۆز مۇمكىنچىلىكى ئاساسىدا ھەر بىر مۇۋاپىق ۋاستىلەر ئارقىلىق پايدىلىنىشىغا ھازىرلانغان بولىدۇ، ھەمدە تەدرىجىي ھالدا ھەقسىز ئوقۇش شەكلىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

(4) ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئوقۇشنى ئوقۇيالمىغان ياكى تاماملىيالمىغان كىشىلەر ئاساسىي مائارىپ ئوقۇشنى ئىمكان قەدەر ئەڭ يۇقىرى پەللىگىچە ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

(5) ھۆكۈمەت ھەر دەرىجىلىك مەكتەپ سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاكتىپلىق بىلەن ئېلىپ بارىدۇ، مۇۋاپىق ئوقۇش مۇكاپات سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ، ھەمدە ئوقۇتقۇچى خادىملارنىڭ ماددىي شەرت-شارائىتىنى توختاۋسىز ھالدا ياخشىلايدۇ.

3. بۇ شەرتنامىگە كىرگەن دۆلەت ۋە پارتىيىلەر ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزى تۇغقان ياكى قانۇنلۇق ھالدا بېقىۋالغان پەرزەنتلىرى ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرنى ئۆزلىرى تاللاش ئەركىنلىكلىرىگە ھۆرمەت

قىلىدۇ. ئۇلار تاللىغان مەكتەپلەر ھۆكۈمەت قۇرمىغان مەكتەپلەر بولسىمۇ، پەقەتلا ھۆكۈمەت چىقارغان ياكى ھۆكۈمەت تەستىقلىغان ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەملەرگە توشسىلا بولۇۋېرىدۇ. بۇ شەرتنامىگە كىرگەن دۆلەت ۋە پارتىيىلەر يەنە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى ۋە ئۆز ئەقىدىسى بويىچە پەرزەنتلىرىنىڭ دىن ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ.

4. بۇ ماددىنىڭ ھېچ قانداق قىسمىنى شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلارنىڭ مەكتەپ قۇرۇش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش ئەركىنلىكلىرىگە ئارىلىششىغا پايدىلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشى مۇشۇ ماددىنىڭ 1-پاراگرافىدا بايان قىلىنغان پرىنسىپلار بىلەن ھۆكۈمەت قۇرمىغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇشى ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك، دېگەن تەلەپكە ئەمەل قىلغان ئاساستا بولىدۇ. (نەقىل تۈگىدى)

بۇ شەرتنامىگە جۇڭگو ھۆكۈمىتى 1997-يىلى 27-ئۆكتەبىر كۈنى ئىمزا قويغان بولۇپ، ئۇنى يەنە 2001-يىلى 27-مارت كۈنى تەستىقلىغان.

بۇ شەرتنامىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۈچ چوڭ ئالاھىدىلىكى بار. بىرىنچىسى، ئۇنىڭ «ئىرقىي، ئېتنىك ۋە دىنىي گۇرۇھ» لارنى مەخسۇس تىلغا ئالغانلىقى. ئىككىنچىسى، شەخسلەرنىڭ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مەكتەپ قۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆزلىرى ئېلىپ مېڭىش ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانلىقى. ئۈچىنچىسى بولسا، « ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزى تۇغقان ياكى قانۇنلۇق ھالدا بېقىۋالغان پەرزەنتلىرى ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرنى ئۆزلىرى تاللاش ئەركىنلىكلىرىگە ھۆرمەت» قىلىش، «ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى ۋە ئۆز ئەقىدىسى بويىچە پەرزەنتلىرىنىڭ دىن ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ھۆرمەت» قىلىش، شۇنداقلا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئەمەس، شەخسلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئەركىنلىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ پاراگراف ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆز پەرزەنتلىرىنى ھۆكۈمەت قۇرمىغان ۋە ھۆكۈمەت خىراجەت بەرمىگەن مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاق تەربىيىسىگە ئىگە بولۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ.

## 5. ب د ت نىڭ باللار ھوقۇقى ھەققىدىكى شەرتنامىسى

يۇقىرىقى شەرتنامىدىنمۇ بەكرەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى ب د ت نىڭ 1989-يىلىدىكى «باللار ھوقۇقى ھەققىدىكى شەرتنامىسى» دىن ئىبارەت. بۇ ب د ت نىڭ مائارىپ ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە بىر ئاساسىي شەرتنامە بولۇپ، ب د ت نىڭ باشقا بارلىق كىشىلىك ھوقۇق شەرتنامىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ شەرتنامىنى تەستىقلىغان دۆلەتلەرنىڭ سانى ھەممىدىن كۆپ.

بۇ شەرتنامىنىڭ 29-ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن (نەقىل):

1. بۇ شەرتنامىگە كىرگەن دۆلەت ۋە پارتىيىلەر باللار مائارىپىنىڭ تۆۋەندىكىلەرگە قارىتىلىدىغانلىقىغا قوشۇلىدۇ:

(1) بالىنىڭ خۇسۇسىيىتى، تالانتلىرى، ئەقلىي ۋە جىسمانىي قابىلىيەتلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە

تولۇق يېتىلدۈرۈش (نەقىل تۈگىدى).

بۇ شەرتنامىنىڭ 30-ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن. (نەقىل):

ئېتنىك، دىنىي ۋە تىل جەھەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ياكى يەرلىك مىللەت خەلقى مەۋجۇت بولغان ئەللەردە، ئاشۇنداق بىر ئاز سانلىق مىللەتكە ياكى يەرلىك مىللەتكە تەۋە بولغان بالىنىڭ ئۆز ئادەم تۈركۈمىدىكى باشقا كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بىر جەمئىيەتتە ئۆز مەدەنىيىتىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئۆزىنىڭ دىنىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئىزهار قىلىش ۋە ئۇنى پراكتىكا قىلىش، ياكى ئۆز ئانا تىلىنى قوللىنىش هوقۇقىدىن مەهرۇم قىلىنمايدۇ. (نەقىل تۈگىدى)

بۇ شەرتنامىگە جۇڭگو هۆكۈمىتى 1990-يىلى 29-ئاۋغۇست كۈنى ئىمزا قويغان بولۇپ، ئۇنى يەنە 1992-يىلى 2-مارت كۈنى تەستىقلىغان.

مائارىپ هوقۇقى بىر قىسىم رايونلۇق كىشىلىك هوقۇق شەرتنامىلىرىدىمۇ ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، كەڭگىس خانىم ئۆز كىتابىدا ئاشۇ شەرتنامىلەر ئۈستىدىمۇ خېلى تەپسىلىي توختالغان. ئەمما بۇ يەردە مەن ئۇلارنى بايان قىلمايمەن.

## 6. ئامېرىكا سان فرانسىسكو شەهرىدىكى بىر ئالىي دەرىجىلىك سوت دېلوسى

مائارىپ هوقۇقىغا خىلاپلىق قىلىش قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە مەن بۇ يەردە ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى سان فرانسىسكو شەهرىدە يۈز بەرگەن بىر سوت دېلوسىنى تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن. بۇ مەزمۇنمۇ كەڭگىس خانىمنىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە سان فرانسىسكودا ياشايدىغان 1800 نەپەر خەنزۇ مىللىتىدىن كېلىپ چىققان، ئىنگلىزچىدىن ساۋاتى يوق باللارغا پەقەت ئىنگلىز تىلىدىلا دەرس ئۆتۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن 1974-يىلى لاۋ ئىسىملىك بىر خەنزۇ كىشى نىكولس (Nichols) ئىسىملىك بىر ئامېرىكىلىق ئۈستىدىن ئەرز قىلغان. ئامېرىكا ئالىي سوتىنىڭ بۇ ئەرز ئۈستىدىن چىقارغان هۆكۈمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ (نەقىل):

ئاساسلىق ئىنگلىز تىلى ماهارىتى بۇ هۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشىدا ئىنتايىن هالقىلىق رول ئوينايدۇ. باللارنىڭ بىر مەكتەپ پروگراممىسىغا ئۇنۇملۇك قاتنىشىشىدىن بۇرۇن ئاشۇنداق ئاساسلىق تىل ماهارىتىنى تولۇق ئىگىلەپ بولغان بولۇشىنى بىر ئالدىنقى شەرت قىلماسلىق، هۆكۈمەت مەكتەپلىرىنى ئەخمەق قىلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. بىز بىلىمىزكى، ئىنگلىز تىلىنى بىلمەيدىغان باللار سىنىپتا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قىلچىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان بولۇپ، ئۇلارغا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنىڭ هېچ قانداق ئەهمىيىتى بولمايدۇ (نەقىل تۈگىدى).

بۇ دېلو مائارىپ هوقۇقى جەھەتتىكى قانۇن بىلەن چېتىشلىق ئەمەس. ئەمما بۇ يەردىكى يات تىلدا ئېلىپ بېرىلغان ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئەهمىيەتسىز ئىكەنلىكى ھەققىدىكى يەكۈن، هېلقىدەك ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەممە مائارىپ هوقۇقىغا خىلاپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مۇشۇنداق ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر دىيارىدىكى خەنزۇ تىلىدىن هېچ قانداق ساۋاتى يوق ئۇيغۇر باللارغا پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ

مائارىپ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدىغان ئىشقا ياتىدۇ. مەن بۇ يەردە ھەر بىر ئۇيغۇردىن تۆۋەندىكى ئىشنى ئەستىن چىقارماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن: جۇڭگو ھۆكۈمىتى « ئېتنىك، دىنىي ۋە تىل جەھەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ياكى يەرلىك مىللەت خەلقى مەۋجۇت بولغان ئەللەردە، ئاشۇنداق بىر ئاز سانلىق مىللەتكە ياكى يەرلىك مىللەتكە تەۋە بولغان بالىنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى قوللىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ.» دېگەن شەرتنامىگە 1990-يىلى 29-ئاۋغۇست كۈنى ئىمزا قويغان بولۇپ، ئۇنى يەنە 1992-يىلى 2-مارت كۈنى تەستىقلىغان.

## 7. ئاخىرقى سۆز

نۇرغۇن كىشىلەر ب د ت ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى توغرىسىدا چىقارغان قانۇنلىرى بار، بۇ قانۇنلار يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلى، ئۆز دىنى، ئۆز مەدەنىيىتى، ئۆز ئۆرپ-ئادىتى، ۋە ئۆز ئەنئەنىسى قاتارلىق نەرسىلىرىنى قوغداش ۋە ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ مېڭىشنى بىر پۈتۈن كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. مەنمۇ ھازىرغىچە شۇنداق ئويلاپ كەلگەن بولساممۇ، بۇ ھەقتىكى ھەقىقىي ئەھۋالدىن تولۇق خەۋىرىم يوق ئىدى. بۇ قېتىم دۇنياغا تونۇلغان مۇتەخەسسىسلەر قاتارىدىكى كەڭگېس خانىم بىلەن روبېرت دۇنبار ئەپەندىنىڭ بىر كىتابىدىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا بىر ئاز ئىزدىنىپ، بۇ ھەقتىكى ئىشلارنىڭ نەدىن نەگىچە ئىكەنلىكىنى بىر قېتىم ئېنىقلاپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم. مەن يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىم بۇ ھەقتىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى خېلى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئەگەر كەم قالغان يەرلىرى بولسا، چەت ئەلدىكى باشقا ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلارنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن (ئەگەر بۇ ھەقتە مەن چۈشۈرۈپ قويغان مەزمۇنلار بار بولسا، ئۇنى ماڭا ئېلخەت ئارقىلىق بىلدۈرۈپ قويسىڭىز، سىزدىن چوڭقۇر مىننەتدار بولىمەن). يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەرنىڭ ئىچىدە يەرلىك مىللەتلەر ئۆز ئانا تىلى، دىنى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلارنى قوغداش ۋە ئۇلارنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە پايدىلانسا بولىدىغانلىرىمۇ بارلىقنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمدىكى گەپ بۇ ئۆزىگە پايدىلىق شارائىتلاردىن قانداق پايدىلىنىش مەسىلىسىدۇر. بۇ ئەۋزەللىكلەردىن قانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەتنىڭ خاتا ۋە قانۇنسىز سىياستى تۈپەيلىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ يوقاپ كېتىشىنى خالىمايدىغان ۋە ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرالمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق. مەن مەزكۇر ماقالىدا تونۇشتۇرغان مەزمۇنلارنىڭ سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويماسلىقنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، سىزنىڭ ئىرادىڭىزنىڭ يەنىمۇ چىڭىيىشىغا پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىر ئاجىز مىللەت ياكى يەرلىك مىللەت ئۈچۈن سىرتتىن كېلىدىغان ياردەم ئىنتايىن چەكلىك بولىدۇ—مەزكۇر ماقالىدىكى مەزمۇن بۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قالغىنى ئاشۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە باغلىق.

### بۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان ماقالىلەرنىڭ تور ئادرېسلىرى:

مۇشۇ ماقالىدا پايدىلانغان كەڭگېس خانىمنىڭ يېڭى كىتابى:

http://www.e-pages.dk/grusweb/55/

ئەركىن سىدىقنىڭ بارلىق يازمىلىرى:
http://www.meripet.com/Sohbet/

ب د ت نىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى ھەققىدىكى خەلقئارالىق شەرتنامىسى:
http://www2.ohchr.org/english/law/cescr.htm

ب د ت نىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى ھەققىدىكى خەلقئارالىق شەرتنامىسىنى تەستىقلىغان دۆلەتلەر:
http://treaties.un.org/Pages/ViewDetails.aspx?src=TREATY&mtdsg_no=IV-3&chapter&4=lang=en

ب د ت نىڭ باللار ھوقۇقى ھەققىدىكى شەرتنامىسى:
http://www2.ohchr.org/english/law/crc.htm

ب د ت نىڭ باللار ھوقۇقى ھەققىدىكى شەرتنامىسىنى تەستىقلىغان دۆلەتلەر:
http://treaties.un.org/Pages/ViewDetails.aspx?src=TREATY&mtdsg_no=IV-11&chapter&4=lang=en

ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى:
http://www.un.org/en/documents/udhr/index.shtml

يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى ھەققىدىكى ب د ت باياناتنامىسى:
http://www.meripet.com/Academy/2009a0_bdt.htm

# «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دىن «مەئارىفۇل لۇغەتەين» گىچە

-ئەلىشىر نەۋائىي سىلىشتۇرما تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە
دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي

## كىرىش سۆز

نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەرگە ئوخشاشلا، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر-قازاق-قىرغىز تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىمۇ "نەۋائىي تەتقىقاتى" ئاتلىق بىر دەرس تەسىس قىلغانىدى. بۇ نۆۋەت، تەشكىل مېنىمۇ مۇشۇ ساھەدە ئۆز چامى ۋە ئىمكانىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەمگەك قىلغان ۋە قىلىۋاتقانلارنىڭ بىرى ساناپ، مەزكۇر دەرسنى ماڭا تەقسىم قىپتۇ. تەشكىلگە كۆپ رەھمەت!

بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر ئىبنىي غىياسىددىن نەۋائىي ئىلىم دۇنياسىدا 500 يىلدىن بۇيان تەتقىق قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ كىملىكى، كىشىلىكى، ئەسەر - ئەمگەكلىرى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى ھەققىدە توم-توم كىتابلار يېزىلدى ۋە يېزىلماقتا. ئەگەر نەۋائىي ئۇ قەدەر ئالىيجاناب ئۆرنەك ئىنسان بولمىسا، ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى ئۇ قەدەر قىممەتلىك ئەينەك ئەسەرلەر بولمىسا ئىدى، ئىلىم ئەھلى ئۇنىڭغا بۇ قەدەر ئىخلاس قىلمىغان بولاتتى.

ئالىي مەكتەپلەردە "نەۋائىي تەتقىقاتى" دەرسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئەلمىساقتىن بۇيانقى تۇنجى ئىش ئەمەس. ئۇ پەقەت كونا مەدرىسەلىرىمىزدىكى " نەۋائىي" ئاتلىق دەرسنىڭ كۆچۈرۈلمىسى.خالاس. دېمەكچىمەنكى، بىز بۇ بۈگۈنكى "نەۋائىي تەتقىقاتى" دەرسىنى ئۆتۈش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۈنۈم قازىنىش جەھەتلەردە كونا مەدرىسلىرىمىزدىكى "نەۋائىي " دەرسىنى بېسىپ چۈشەلمىسەك، ئۆزىمىزنىڭ " تەرەققىي قىلىپ كەتكەن " ۋە "راۋاجلىنىپ كەتكەن" لىكىمىزدىن لاپ ئۇرمىساق بولىدۇ.

شۇ ۋەجدىن، مەن : " نۆۋەتتىكى (نەۋائىي تەتقىقاتى) دەرسىمىزدە ئالدى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ( مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين) ، (ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە) ناملىق ئەسىرىنى بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكى (مەئارىفۇل لۇغەتەين –قوش تىللىق مائارىپ) ئەمەلىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلساق دەيمەن" دېۋىدىم، دەرس ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىم بىردەك چاۋاك چېلىپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى، قارىغاندا، ياقتى، ئەمسىچۇ؟! مۇئەييەن بىر تەتقىقات شۇ تەتقىقاتچى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، سېلىشتۇرۇلمىسا، ئۇنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايدۇ – دە ! شۇنىڭ بىلەن "مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين" دىن "مەئارىفۇل لۇغەتەين " گىچە دېگەن بۇ ماۋزۇ ئوتتۇرىغا چىقتى.

"مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين" دېگەن ئەسەر 15 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدا ، ئەرەب-پارس تىللىرى ئىسلام مەدەنىيىتى مۇنبەرلىرى ۋە ئىچقلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر – تۈرك تىلىنىڭ

سوستاۋىغا خۇددى سەلدەك ئېقىپ كىرىۋاتقان چاغدا ، ئۆز دەۋرىنىڭ شىرى ئاتالغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىي تەرىپىدىن يېزىپ ئېلان قىلىنغان . "قوش تىللىق مائارىپ " (مەئارىپۇل لۇغەتەين ) بولسا ، 20 – ئەسىرنىڭ 70 – يىللىرىدا ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى مەدەنىيەت – مائارىپ ساھەسىدە خەنزۇ تىلى بىلەن يانمۇ يان ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان چاغدا ، ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا بىلىم ئادەملىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كېيىنچە ، ئۇ تەرەققىي قىلىپ كۈنىمىزدىكى ياش ۋە ھاياتى كۆچكە ئىگە پەن_"قوش تىلچىلىق" (双语娟) پېنى بولۇپ شەكىللەنگەن.

"مۇھاكەممەتۇل لۇغەتىين"دېگەن ئەسەرنىڭ مەقستى ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر_تۈرۈك تىلىنىڭ شۇ دەۋر ئوتتۇرىدا ئاسىياسىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ساھەسىنى كونترول قىلىۋاتقان پارس تىلىدىن ھېچبىر قالغۇچىلىكى يوق ،بەلكى سۆزلۈك خەزىنىسى ،'ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە قوللىنىش ئەپچىللىكى قاتارلىق جەھەتلەردە پارس تىلىدىن ئەۋزەل بىر تىل ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ ،'ئالەمگە جاكارلاش ئىدى.

"قوش تىللىق مائارىپ"تەدبىرىنىڭ غايىسى بولسا مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋ جۇد تىل _يېزىقىنى ،شۇ جۈملىدىن ئاز دېگەندىمۇ 1500يىلدىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىل يېزىقى ئۆز ساھەسىدە ،جۇڭگو تۇپرىقىدا دۆلەت تىلى قىلىپ قوللىنىۋاتقان خەنزۇ تىلى بىلەن تەڭ باراۋەر قوللىنىلىش ئىمكانىغا ئىگە قىلىش ۋە ئىمكانىيەت مەيدانىنى ئەبەدىي قوغداشتىن ئىبارەتكى ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر تىل – يېزىقىنى ئاداققىي جەھەتتە يوقىتىپ تاشلاش ئەمەس. ھەرگىز! سىز بۇ چۈشەنچىمىزگە ۋە يەكۈن ھۆكۈمىمىزگە " جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تەڭ – باراۋەردۇر. دۆلەت ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا ۋە مەنپەئەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ: ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىش مۇناسىۋەتلىرىنى قوغدايدۇ... ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل – يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە " (قاراڭ: "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى" نىڭ 4 – ماددا خەنزۇچە 10 – بەت ، خەلق نەشرىياتى 1982 – يىل نەشرى) دەپ بەلگىلەنگەن . "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى"نى ، (37-ماددا: " مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي مائارىپنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىدۇ، ھەرخىل مەكتەپلەرنى ئاچىدۇ ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى كۆپ خىل شەكىل بىلەن راۋاجلاندۇرىدۇ، شارائىتى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ ئالىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ ... ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلغان مەكتەپلەر (سىنىپلار) ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنىڭ شارائىتى يار بېرىدىغانلىرى ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدا دەرس ئۆتۈشى كېرەك " ( قاراڭ: " جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى" ، ئۇيغۇرچە 35-،36 - بەتلەر ، مىللەتلەر نەشرىياتى 2001-يىل نەشرى) دەپ بەلگىلەنگەن " جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى"نى شۇنداقلا "جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى " قاتارلىق سىياسىي ۋە ئەمەلىي ھۆججەت،دەلىللەرنى ئاساس قىلىپ كۆرستىمىز .

بىراق ، نۆۋەتتە مېنى تېڭىرقاتقان سوئاللار شۇ : بەزى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل – يېزىقىنى

تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنى سىياسەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ، بەس-بەس بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئالدىراۋاتقانلارنىڭ دەلىل ئىسپاتى نېمىدۇ؟ ئۇيغۇر تىل – يېزىقى دەسلەپ ئالىي مەكتەپلەردە ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نۆۋەت قەيەرگە كېلىدۇ ؟ ئاندىنچۇ ؟ ئى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەۋلادلىرى! مىڭ يىللاردىن بۇيان مەدەنىيەت ۋە مائارىپنىڭ ھەممە ساھەسىدە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان تىلىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا ، ئەمدى سەن قانداقمۇ تەرەققىي قىلغان ، راۋاجلانغان مىللەت بولىسەنكى !؟

"نەۋائىي تەتقىقاتى" دەرسىنى ئېچىپ بەرگەن تەشكىلگە مىڭ رەھمەت دەيمەن ، كىم بىلىدۇ ، بۇ دەرسنى ئۆتۈش جەريانىدا ، 15 – ئەسىردىكى "مۇھاكىمەتۇل لۇغەيەين"نى ، خۇسۇسەن ئۇنىڭ بەش ئەسىردىن بۇيان نامايىش قىلىپ كېلىۋاتقان غەلىبە مېۋىسىنى كۆنىمىزدىكى "مەئارىفۇل لۇغەتەين"(قوش تىللىق مائارىپ)نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ، ئەمەلىي ئىجراسى ۋە ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشى بىلەن دەۋر روھىغا ئۇيغۇن ۋە ئىنسان ۋىجدانىغا مۇناسىپ ھالدا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلساق ، بەلكىم يۇقىرىدىكى سوئال تۈگۈنلىرىمىز يېشىلىپ قالار ، ئىنشائاللا !

مېنىڭچە ، ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دەۋرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان رېئال مەسىلىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىنىپ ، خەلقىمىزگە پايدىلىق بىر ئۇنۇمگە ئېرىشىلمىسە ، نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىنى ماختاپ ، نەزم توقۇش بىلەنلا نەتىجىلەنگەن تەتقىقاتىنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى ۋە ئەمەلىي قىممىتى بولمايدۇ ، ئەلۋەتتە . شۇڭا ، مەن بۇ ئەسىرىمگە "ئەلىشىر نەۋائىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە " دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويدۇم .

## 1. تىلىمىز ، دىلىمىز ۋە بىلىمىز

بۈيۈك مۇتەپەككۇر بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ "مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين " ناملىق ئەسىرىدە : " سۆز ئۈنچىدۇر ، ئۇنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر ، گۆھەر دېڭىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ ، ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ ۋە گۆھەرچىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ " دېگەن (قاراڭ : شۇ ناملىق ئەسەر، قولىيازما، 3-بەت). ئەگەر بىز بۇ يەردىكى "سۆز" كەلىمىسىنى ئومۇمىيەتلىك كەڭ مەنىدە "تىل " دېگەن ئۇقۇمنىمۇ بىلدۈرىدۇ ، دەپ چۈشەنسەك ، بۇ ھالدا مەزكۇر بايان بىزگە بىر تىلنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۇ تىلنىڭ ئۆزىنىڭ ساھە-مەيدانىدا ئاشۇنداق بىر تىل بولۇپ ۋە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى دەسمىنى تولىمۇ روشەن ۋە ئوبرازلىق نامايان قىلىپ بەرگەن بولىدۇ . دېمەكچىمەنكى ، ھەرقانداق بىر تىل ئۆزىنىڭ ئىستېمال مەيدانىدا بەجايىكى بىر گۆھەردۇر . تىل ساھىبى ، سۆز ئىگىسى ئۆز تىلىنىڭ بۇ قەدەر يۈكسەك قىممىتىنى بىلىشى كېرەك. بۇ – بىر تىل ئىگىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئەڭ ئەقەللىي ساۋات ، ئەڭ باشلانغۇچ بىلىمدۇر .

شۇنداق ، بىزنىڭ تىلىمىز شۇ قەدەر قىممەتلىك . چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئانىمىزنىڭ تىلى . بىزنىڭ ئانىمىز دۇنيادىكى پۈتكۈل ئانىلارغا ئوخشاشلا ئەزىز . سۆيۈملۈك ۋە قەدىرلىك بولغىنىغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلىمۇ ئالەمدىكى ھەرقانداق مۆھتەرەم تىللارغا ئوخشاشلا مۆھتەرەم ، ئېتىبارلى ۋە بىباھادۇر .

بىزنىڭ تىلىمىز شۇ قەدەر قىممەتلىك .چۈنكى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ "چاھاردىۋان" ئى، "خەمسە"سى مۇشۇ بىزنىڭ بىباھا تىلىمىز بىلەن يېزىلغان . "تۈركىي تىللا دىۋانى" بىلەن يۈسۈپ خاس

ھاجىپنىڭ "قۇتاتغۇبىلىك"ئىمۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بېتىگە بىزنىڭ مۇشۇ ئۇنچە كەبى تىلىمىز بىلەن تىزىلغان .

بىزنىڭ تىلىمىز شۇ قەدەر قىممەتلىك. چۈنكى بىزنىڭ تارىخىمىز كەچمىشىمىز ، بىزنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىمىز ، پەقەت بىز چۈشىنەلەيدىغان سېھىرلىك مۇزىكا ئاھاڭلىرى بىلەن ئورۇندىلىدىغان جاھانغا داڭدار ئون ئىككى مۇقامىمىزنىڭ تېكىستلىرىمۇ ئۇشبۇ گۆھەر مىسالى تىلىمىز بىلەن بايان قىلىنغانكى، بۇ ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى ئەمەلىيەتتە دەل ئاشۇ بىزنىڭ تەڭداشسىز مىراسلىرىمىزنىڭ باھاسى دەل بىزنىڭ دۇردانە تىلىمىزنىڭ باھاسىدۇر .

ئەمەلىي ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى ، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان 53 يىل ۋە شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 47 يىل مابەينىدە ، ئۇيغۇر تىلى پۈتكۈل جۇڭخۇا ئېلىدىكى زاڭ، موڭغۇل ۋە چاۋشيەن قاتارلىق يېزىقى بار مىللەتلەرنىڭ تىللىرى قاتارىدا ھېچبىر سۇنۇپ قالغىنى يوق . ئۇيغۇر تىل – يېزىقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان كومپارتىيىگە ۋە ھۆكۈمەتكە ھېچقانداق بىر زەرەر يەتكۈزگىنى يوق . ئەمەلىي پاكىت شۇكى ، ئۇيغۇرنىڭ تىلى ۋە يېزىقى بولغانلىقى ئۈچۈنلا پارلاق قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر تىل – يېزىقى باش بەلگە بولغان رەڭدار ۋە مول ئۇيغۇر مەدەنىيىتى زاڭ ، موڭغۇل ۋە چاۋشيەن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا پۈتكۈل جۇڭخۇا ئېلىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بىر تۆھپىكار مىللىي مەدەنىيەت بولۇپ قوشۇلدى . ھەتتا ئىقتىسادى ئۈنۈم ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ، ئۇيغۇر تىل – يېزىقى ھېچبىر پېتىدىن چۈشكىنى يوق . ئۇنىڭ بىلەن يېزىلغان ۋە نەشر قىلىنغان گېزىت –ژۇرناللار ، سىياسىي ، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغا يېيىلىپ ، ئۇنى ئىشلىگۈچى نەشرىياتچى ۋە كىتابچىلارغا ئىقتىسادىي پايدا يەتكۈزۈپ ، ئۇلارنى ئىش ۋە ئاش بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە ، ئۇنىڭ بىلەن نىدالاندۇرۇلغان بارلىق سىملىق ۋە سىمسىز رادىئو – تېلېۋىزىيە مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئىنتېرنېت تورلىرى ئۆزلىرىنىڭ "مۇنبەت تۇپراق " لىرى ، "ئالتۇن كۆزنەك"لىرى ۋە "كۆڭۈلدىكى سۆزلىرى" بىلەن جىلۋىلىنىپ ، كومپارتىيىنىڭ ئەدلى – ئادالىتىنى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئىمكان كاپالىتىنى ، شۇنداقلا ئۇيغۇرنىڭ ئىقتىدار –قابىلىيىتىنى ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇق ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە . مانا بۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا كۆز يۇمۇپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان بۇيۈك ئۇتۇقكى ، ئەگەر ئۇيغۇر تىل – يېزىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاساس – بۇ ئۇل بولمىسا ، بۇ ئۇتۇقنىڭ ئىستىقبالى تۇتۇق ، ھەتتا كېلەچىكى پۈتۈنلەي يوق بولىدۇ . خالاس . بۇ نۇقتىنى ، بۇ ئاددىي زاكوننى جەزمەن پىكىر بىرلىكى بىلەن تونۇپ يېتەيلى ، ئى ئۇيغۇرلار !

بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىي: " سۆز ئۈنچىدۇر ، ئۇنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر " دەيدۇ . بۇ ئىككى جۈملە ئەمەلىيەتتە ، تىل بىلەن دىلنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتىگە بولغان ئەڭ قىسقا ، ئەمما ئەڭ دانا شەرھتۇر.

دېمەكچىمەنكى ، تىل بەجايىكى گۆھەردۇر ، ئەمما بۇ گۆھەرنى گۆھەر قىلىدىغان ، ئۇنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلىدىغان نەرسە كۆڭۈلدۇر، دىلدۇر. ئەگەر دېڭىزنىڭ بىپايان قوينى ۋە ئۇنىڭ خاس مۇھىتى ۋە شارائىتى بولمىسا ، ئۇنىڭدا ئۈنچە –گۆھەرنىڭ بولۇشىمۇ بىر گۇمان ! ئاشۇنداق قىممەتدار ، ئالىي دەرىجىلىك گۆھەر بولۇپ يېتىلىشى مۇمكىن ئەمەس . خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ، بىر تىل ساھىبىنىڭ كۆڭلىدە ، دىلىدا ئۆز تىلىغا نىسبەتەن يېتەرلىك ئورۇن ، يېتەرلىك مۇھەببەت ۋە سۆيۈك بولمىسا ئۇ تىلنىڭ ئۆز ساھەسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق ، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ ئەمەلدىن قالماي ، ئۆز سورۇنىدا ئەبەدىلئەبەد قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە

ئىگە قىلىدىغان نەرسە بىزنىڭ دىلىمىزدۇر ، ئەگەر بىز ئۇيغۇر مىللىي تىلىمىزنى چىن دىلىمىزدىن سۆيسەك ، سۆيگەندىمۇ ھەممىمىز – رەئىسمۇ ، دېھقانمۇ ، نازىرمۇ ، چولپانمۇ ، مەكتەپدارمۇ ، پۇلدارمۇ ...بىر نىيەتتە ، دىل بىرلىكى بىلەن سۆيسەك ، بىزنىڭ تىلىمىز تاكى قىيامەتكىچە بار بولىدۇ. ئەكسىچە ، ئەگەر بىز ئۆز تىلىمىزنى چىن دىلىمىزدىن بىر نىيەت ، بىر مەقسەتتە سۆيمىسەك ، قەدىرلىمىسەك ، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئىستىقبالى بارغانسېرى تار بولىدۇ ، ھەتتا ئاخىرىدا يوقىلىپ ، پۇتۇنلەي تارمار بولىدۇكى ، ھېچبىر ئۇيغۇر بۇ ئاقىۋەتنى خالىمايمىز ، ئەلۋەتتە !

ئەلىشىر نەۋائىي بىزگە ئۈرنەك . ئەلىشىر نەۋائىي بىزگە ئەينەك . بوۋىمىز ئەلىشىر ئېبنىي غىياسىددىن نەۋائىينىڭ زامانىنىڭ زورى بىلەن ئەرەب – پارىس تىلى ئومۇملىشىپ كەتكەن ئاشۇ 15 – ئەسىردە ، ئۆزىمۇ 40 يېشىغىچە پارسچە شېئىر يازغان تۇرۇقلۇق ، يازغاندىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ھەرقانداق پارس ئەدىبلىرىنى قايىل قىلغۇدەك يۇقىرى سەۋىيىلىك پارسچە شېئىر يازغان تۇرۇقلۇق ، يازغاندىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ھەرقانداق پارس ئەدىبلىرىنى قايىل قىلغۇدەك يۇقىرى سەۋىيىلىك پارسچە دېۋان يېزىپ ، نەشر قىلدۇرغان تۇرۇقلۇق ، ئاخىرىدا زامانىنىڭ تەتۈرلۈك قىلىشلىرىغا زامانداشلىرىنىڭ مەسخىرە قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلماي ، ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشنى تەشەببۇس قىلىشى ۋە ئۆزى باش بولۇپ ئۇيغۇر – تۈرك تىلىدا ئاشۇنداق ئالەمشۇمۇل مول ۋە نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشى ئەمەلىيەتتە ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دىلىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئانا تىل مۇھەببىتىنىڭ شانلىق مەھسۇلىدۇر . ھالبۇكى ، 21 –ئەسىردە كەڭ ئىمكانلار ئىچىدە ياشاۋاتقان بىز نەۋائىي ئەۋلادلىرى ، ئالدى بىلەن ئىش بېشىدىكى ۋەلىيلەر ، مەكتەپدارلار ۋە پۈتكۈل مەدەنىيەت – مائارىپ كادىرلىرى باش بولغان بارلىق زىيالىي ئۇيغۇرلار ئەگەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن ، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قەدرىنى بىلگەن بولساق ، ئەمدى ئۇنى ئەلىشىر نەۋائىيچە سۆيەيلى ، ئۇنىڭغا ئەلىشىر نەۋائىيدەك كۆيەيلى . پەقەت بىزنىڭ دىل رىشتىمىز ئۆز تىل –يېزىقىمىزغا خۇددى ئەلىشىر نەۋائىينىڭكىدەك مۇستەھكەم باغلانسا ، بۇ ھالدا بىزنىڭ تىلىمىزنى ئالىي مائارىپ سورۇنىدىنمۇ ، ئوتتۇرا مائارىپ سورۇنىدىنمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ھەرگىز ھاجەت چۈشمەيدىغانلىقنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز ۋە بۇ مەسىلىنىڭ تېگىنى ئوچۇق بىلىپ يېتىمىز .

"گۆھەر دېڭىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ ، ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ ۋە گۆھەرچىلەر ئالدىدا ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ " دەيدۇ بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىي .

بىر مىللەتنىڭ تىلى قىممەت جەھەتتە بەجايىكى بىباھا گۆھەردۇر . شۇڭا ، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ، جەمئىيەت ۋە قىسمەت ئەھۋالىنى ھېچ قالدۇرماي خاتىرىلەپ كېلىۋاتقان تىلىنى چىن دىلىدىن سۆيۈشى كېرەك . بىراق ، بىر مىللەتتە ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى ساقلاپ قېلىش ، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ تىلنىڭ قىممىتىنى تونۇش ۋە ئۇنى مۇھەببەت بىلەن سۆيۈش كۇپايە قىلمايدۇ ، بەلكى يەنە ئۇ مىللەتتە ئۆز تىلىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پائالىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان كۈچلۈك ، مىللىي ئىرادە ، مەھكەم باغلانغان بەل بولۇشى لازىم . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئەگەر بىز ئۇيغۇر مىللىتى مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ۋە جۇڭگو مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئوخشاشلا مىقدار ۋە ئوخشاشلا ئىقتىدار بىلەن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېلىۋاتقان گۆھەر تىلىمىزنى قوغدايمىز ۋە ئۇنى ئۆز ساھەسىدە يەنىمۇ راۋاجلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز ، ئەمدى بۇ غايە ئۈچۈن بېلىمىزنى مەھكەم باغلاپ ، قانۇنىي يوسۇندا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك .

بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىي بىر ئۇيغۇر ئىنسانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئۆز تىلىنىڭ قىممىتىنى تونۇش، ئۇنى چىن يۈرىكىدىن سۆيۈش جەھەتتىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە ئۇ قىممەتلىك تىلنى ۋە ئۇ سۆيۈملۈك يېزىقنى قوغداش قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان كۈچلۈك ئۇيغۇر ئىرادىسىگە ساھىب بولۇش جەھەتتە ئۈلگە زات ئىدى . شۇنداق ، ئۇ ئۆز ھاياتىدا ئۇيغۇر -تۈرك تىلىنى دىلىدىن قىزغىن سۆيدى . ئاندىن خۇددى غەۋۋاس دېڭىزدىن گۆھەر سۈزۈپ چىققاندەك پىداكار ۋە نەق ئەمگەك ئارقىلىق ئۇيغۇر – تۈرك تىلىنى شۇ چاغدىكى دۇنيا مەدەنىيەت ساھەسىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلدى . ئاندىن ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئەبەدىلئەبەد قوغدىلىشىنى بولسا ، سىز -بىزگە ئامانەت قىلدى .

ئامانەتكە خيانەت قىلىش ئۇيغۇر مىللىتىگە يات نائەھلىلىكتۇر . ھالبۇكى ، بىز ئۇيغۇرلار بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىينى ئۈلگە قىلىپ ، ئۆز تىلىمىزنىڭ قىممىتىنى تونۇساق، ئۇنى پىكىر بىرلىكى بىلەن چىن دىلىمىزدىن سۆيسەك ، ئۇنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىلىمىزنى مەھكەم باغلىساق ، بۇ ھالدا مۇنۇ ھەقىقەت كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ :

ئۇيغۇر مىللىتى ئەلمىساقتىن بۇيان ئۆزىنىڭ تىلى ، ئۆزىنىڭ دىنى ۋە ئۆزىنىڭ يېرى بار مۇكەممەل بىر مىللەت . شۇڭا ئۇ دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىنى تەلەپتىكىدەك ئۆگىنىپ ، ئىگىلەش (بۇ ھەقتە ئەسىرىمىزنىڭ "زۆرۈرىيەت ، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت " دېگەن بابىدا دادىغا يەتكۈزۈپ بايان قىلىمىز) ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيدۇ .

ئۇيغۇر تىلى – ئۇيغۇرنىڭ جېنى! جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدا ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ جېنىنى قوغدىيالايدىغان بولۇشى كېرەك ۋە چوقۇم قوغدىيالايدۇ !

چۈنكى ، جۇڭگودا كومپارتىيىنىڭ ئادالىتى بار . خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ " ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل -يېزىقنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە " دېگەن كاپالىتى بار !

## 2. زۆرۈرىيەت ، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت

### -قوش تىللىق مائارىپ ۋە ئۇيغۇر تىل يېزىقىنىڭ تەقدىرى

مۇئەييەن مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بۇ ئالەم زۆرۈرىيەت ئالەمدۇركى، دۇنيادىكى نۇرغۇن شەيئى ۋە ئىشلار زۆرۈرىيەت ئالقىنىدا گۈللەپ ياشنايدۇ، مەغلۇپ بولغانلار بولسا ، ئاخىرىدا يەنىلا زۆرۈرىيەت ئايىغى ئاستىدا يەنچىلىپ تۈگەيدۇ .

نۇرغۇن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىچە ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاندىن تارتىپ، 15 – ئەسىر نەۋائىي زامانىغىچە بولغان ئارىلىقتا ،تۈركىي تىللار سوستاۋىغا ئەرەب ، پارس تىللىرى ئاممىلىرىنىڭ شۇنچىۋالا كۆپلەپ كىرىپ ئۆزلىشىپ كېتىشى، ھەتتا مەدەنىيەت – مائارىپ ساھەسىدە تۈركىي تىلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكۈدەك دەھشەتلىك دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى پۈتۈنلەي زۆرۈرىيەتتىن ، ئوچۇق ئېچىپ ئېيتقاندا ، زامانىنىڭ زورىدىن بولغان. دەرۋەقە، تارىخنىڭ ھېچبىر بېتىدە ، شۇ چاغلاردا بىرەر پادىشاھ ياكى باشقا بىرەر ھۆكۈمران تەرىپىدىن : "بۈگۈندىن ئېتىبارەن تۈركىي تىل ئەمەلدىن قالدى . ئەمدى ، تۈركىيلەر ھەممىڭلار ئەرەبچە ياكى پارسچە سۆزلەڭلار . ۋە يېزىڭلار ، دەپ

پەرمان قىلغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ . ئەمما ، ئالەمنى ۋە ئادەمنى يېپيېڭى قاراش بىلەن چۈشەندۈرىدىغان ئىسلام دىنىنىڭ تۈركىي مىللەتلەر دۇنياسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى ھەيۋەت بىلەن پەتىھ قىلىشى ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەرەب مىللىتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەرەب تىلى بىلەن نازىل بولغان "قۇرئان كەرىم " ۋە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ ئۇيغۇر –تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياغدەك يېقىشى ۋە نېملا دېگەنبىلەن تۈركىي مىللەتلەردىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان پارس ئالىملىرىنىڭ ، شائىرلىرىنىڭ ئىسلام پەلسەپىسىنى تەشۋىق قىلىپ يازغان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر – تۈرك ئەدىبلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشى... قاتارلىق نەق ئامىللار بىر زۆرۈرىيەت كەلكۈننى شەكىللەندۈرۈپ ، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ساھەسىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى راستتۇر . ئەرەب ئىسلام مائارىپىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ۋە تەقلىد قىلىپ ئېچىلغان مەكتەپ – مەدرىسىلەردە ئون بەش –ئون ئالتە يىللاپ دۇم يېتىپ دۇم قوپۇپ ئوقۇغان تۈركىي تىللىق تاشلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك دەرسى " قۇرئان كەرىم " ، تەفسىر ۋە ھەدىس شەرىف بولغانكى ، بۇ مۇتلەق زۆرۈر دەرسلەرنىڭ تىلى ئەرەبچە بولۇشى ۋە بولغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ . چۈنكى ھەرقانداق بىر تىلنىڭ يەنە بىر تىل بىلەن ستىلىستىك ئۆزگىچىلىك جەھەتتە ئوپئوخشاش ۋە باراۋەر بوپكېتىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېتىراپ قىلىنغان تەقدىردە ، ئەرەب تىلىدا بارلىققا كەلگەن پەلسەپە تەلىماتلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئەڭ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان تىل ئەڭ ئالدى بىلەن پەقەت ئەرەب تىلى بولىدۇ . ئەلۋەتتە . مۇشۇنداق ئەمەلىيەت ، شۇنداقلا ئۇيغۇر –تۈرك ئالىملىرىنىڭ قەلبىدىكى ئىسلامىيەتكە بولغان مۇھەببەت ئۇلارنى ئاڭلىق -ئاڭسىز ھالدا ئەدەبىي تىلدا ئەرەبلىشىش ، يېزىش ئەمەلىيىتىدە بولسا پارسلىشىش يولىغا يېتەكلەپ كەتكەن .

بۈيۈك مۇتەپەككۇر بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ " مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين " نى يېزىشى ۋە رەت قىلغۇسىز پاكىتلار ئاساسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ، ئاخىرىدا "ئۇيغۇر –تۈرك تىلى سەنئەت ۋە سانائەت تىلىدۇر " (تۈركىي ھۆنەرىست) دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمۇ زۆرۈرىيەتتىن بولغان .

ئەلىشىر نەۋائىي تولىمۇ سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇكى ، ئەرەب تىلى ھەقىقەتەنمۇ پاساھەتلىك تىل : ئوخشاشلا ، پارس تىلى ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك تىل. ۋەھالەنكى ، مېنىڭ ئانا تىلىمچۇ ؟ ئاللاھ مېنىمۇ ئەرەب ، پارس مىللەتلىرىگە ئوخشاشلا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ساھىب بولغان ئايرىم بىر مىللەت قىلىپ ياراتقان ۋە ئۆزۈمگە خاس بولغان مىللىي تىل ئاتا قىلغان تۇرسا ، مېنىڭ تىلىم زادى نېمىشقا ئەمەلدىن قالىدىكەن ؟

ئەلىشىر نەۋائىي زۆرۈرىيەت تۇيغۇسى ئۆز ۋۇجۇدىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆز ئانا تىلىغا بولغان تونۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئەمگەك قىلىش جەريانىنى بۈيۈك دەرىجىدە مۇجەسسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : " ياشلىقىمنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئاغزىم جەۋھەردانىدىن بەزى گۆھەرلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ گۆھەرلەر تېخى نەزم يىپىغا ئۆتكۈزۈلمىگەن ، پەقەتلا كۆڭلۈم دېڭىزىدىن نەزم يىپىغا يۈزلەنگەن ئۇ گۆھەرلەر تەبئىتىم غەۋۋاسىنىڭ ئىجتىھاتى بىلەن ئېغىز ساھىلىغا چىقىشقا باشلىغانىدى . دەل شۇ چاغدا ، مەنمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەنئەنە بويىچە پارس تىلى بىلەن يېزىشقا يۈزلەنگەنىدىم . بىراق ، ئەقىل يېشىغا قەدەم قويغىنىمدىن كېيىن ، ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا تەبئىيتىمگە بەخشەندە قىلغان غارايىبچانلىق ، ئەستايىدىللىق ۋە مۇشكۈلاتچىلىق روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تۈركىي تىل ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم . مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن ، كۆز ئالدىمدا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر ئالەم نامايان بولدى . مەن ئۇ يەردە ،

توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇزىننەت ئاسمىنىنى كۆردۈم . دۇرلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ جۇلالىق بىر يۈكسەكلىك خەزىنىسىنى ئۇچراتتىم . ئۇنىڭ يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن گۈلشىنىگە يولۇقتۇم: ئۇنىڭ ھەرىمى ئەتراپىغا ئادەم ئايىغى تەگمىگەن ، غارايىباتلىرىغا ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەندى . ئەما خەزىنىسىنىڭ يىلانلىرى دەھشەتلىك ، گۈللىرىنىڭ تىكەنلىرى سان – ساناقسىز ئىدى . مەن دەپ ئويلىدىم . مېنىڭ يۈكسەك ئىرادەم ، قورقۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىئىتىم بۇ يەردىن شۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىشىمگە يول قويمىدى : مەن بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم . تالانتىم لەشكەر بولۇپ بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات ئويناتتى . خىيالىم قۇش بولۇپ بۇ ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى . دىلىم سەرراپ بولۇپ ، بۇ جەۋھەرلەر خەزىنىسىدىن ھېسابسىز قىممەتلىك ياقۇت ۋە دۇرلارنى ئالدى . كۆڭلۈم گۈل تەرگۈچى بولۇپ ، بۇ گۈلشەن رەيھانزارىدىن بىھېساب خۇش پۇراق گۈللەرنى يىغدى . بۇ ئۇتۇق ۋە بايلىقلارغا ، بۇ پايدا ۋە غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولغىنىمدىن كېيىن ، ئۇنىڭ نەتىجە گۈللىرى دەۋر ئەھلى ئۈچۈن بىمالال ئېچىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئىختىيارسىز چېچىلىشقا باشلىدى ". (قاراڭ : مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين"،28 - ، 29 - ، بەتلەر ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى – 1988 – يىل نەشرى )

دېمەك ، زامانىنىڭ زورى شۇ قەدەر يامان ، ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى شۇقەدەر ئېغىر بولسىمۇ ، ئۇيغۇرغا خاس يۈكسەك ئىرادىگە ، قورقۇشتىنمۇ ، بىپەرۋالىق قىلىشتىنمۇ خالىي ئالىيجاناب تەبىئەتكە ساھىب بولغان ئەلىشىر نەۋائىي ھايات – مامات گىردابىغا كېلىپ قالغان ئانا تىلىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ، بىجاندىل مۇھاكىمە قىلىپ ، ئەقلىي ھۆكۈم چىقىرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بىلگەن ۋە بىلگىنىنى دەرھال ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ كۆرسەتكەن .

بىزنىڭ زامانىمىزدا " قوش تىللىق مائارىپ " تەدبىرىنىڭ ئەمەلىي ئىجراغا قويۇلۇشىمۇ زۆرۈرىيەتتىن ئىكەنلىكى ھەممە ئادەمگە بەش قولدەك ئايان . يەنى 1949 – يىل 1 – ئۆكتەبىردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى . جۇڭگو زېمىنىدا ياشاۋاتقان 56 مىللەت خەلقى مىسلىسىز بىرلىككە كەلگەن بىر مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى . بۇ دۆلەت ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت تىلى ئەمەلىيەتتە خەنزۇ تىلى ئىدى . خەنزۇ مىللىتىنىڭ تىلى ئەمەلىيەتتە جۇڭگو دۆلىتىنىڭ دۆلەت تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ، خەنزۇدىن باشقا 55 مىللەت كادىرلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى . مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن مەركەزدە ۋە ھۆكۈمەت زۆرۈر دەپ قارىغان جايلاردا مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرى ئېچىلىپ ، ئۇ يەرلەردە خەنزۇ بولمىغان ياشلارغا ۋە كادىرلارغا خەنزۇ تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنىدىغان سىياسەتلەر دەرس قىلىپ ئۆتۈلدى . يەنە مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن جۇڭگو مائارىپ ساھەسىدە "قوش تىللىق مائارىپ " يەنى " جۇڭگودىكى تىل – يېزىقى بار مىللەتلەرگە ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۆگىتىش مائارىپى" مەيدانغا كەلدى . دەرۋەقە ، جۇڭگونىڭ بەزى رايونلىرىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم رايونلار قۇرۇلدى ۋە مەزكۇر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم رايونلاردىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ساھەب بولغان مىللەتلەرگە قارىتىلغان " جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى " تۈزۈلۈپ ، ئېلان قىلىندى . مەيلى " جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى" دا بولسۇن ،مەيلى " جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى " دا بولسۇن ، ئوخشاشلا تارىختىن بۇيان تىل – يېزىقى بار مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئىلھامبەخش ، ئىلھامبەخشلا ئەمەس ، بەلكى ھەقىقەتبەخش ، ھۆرىيەتبەخش بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى . بۇ بەلگىلىمىلەرنى قەغەز يۈزىدىن ئوقۇساق

ھەقىقەتەنمۇ ئىلھام ئېلىپ ، سۆيۈنۈپ ، ھۆكۈمەتنى كۈيلەپ كېتىمىز : ھەقىقەتەنمۇ كومپارتىيىنىڭ دانالىقىدىن سۆزلەپ كېتىمىز : ( بۇ قانۇنىي بەلگىلىمىلەر ئەسىرىمىزنىڭ بىرىنچى بابىدا ئەقلەن كۆرستىلگەچ ، بۇ يەردە تەكرارلىمىدۇق )

مېنىڭچە ئەللىك نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شانلىق غەلىبىلىرى بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقى شۇ تاپتا ، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى زۆرۈرىيەتتىن مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتلىق بىر ئىش ، ئۆتكۈنچى بىر تەدبىر ئەمەس ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى ھاياتى ۋە كەلگۈسى ياشامىسى ئۈچۈن جەزمەن ئورۇنداشقا تېگىشلىك بىر مەجبۇرىيەت دەپ قارىماقتا . چۈنكى ،'ئەللىك نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت خەنزۇ تىلىنىڭ جۇڭگو زېمىندا ، يالغۇز سىياسىي تىل ئەمەس ، بەلكى پەن تېخنىكا تىلى ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق تۇرمۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئومۇمىي مەدەنىيەت تىلى ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى . مۇشۇنداق ئەھۋالدا ، ھەر بىر ئۇيغۇر ئىنسانى جۇڭگودىكى تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ تىل – يېزىقى بار بوپكەلگەن باشقا قېرىنداش مىللەت ئىنسانلىرىغا ئوخشاشلا ، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى سىنىپ پۇقرا بوپقالماسلىق ئۈچۈن ، يەنى مەيلى سىياسىي تۇرمۇشتا بولسۇم ، مەيلى پەن – تېخنىكا ھاياتىدا بولسۇن ۋە مەيلى ئومۇمىي مەدەنىيەت ياشامدا بولسۇن ، خەنزۇ خەلقى بىلەن ئوخشاش ۋە باراۋەر بولغان ياشاش ئىمكانىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن خەنزۇ تىلنى مۇكەممەل ئىگىلەشنىڭ بولمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە " خەنزۇ تىلى بىلمەيدىكەن " دېگەن بانايى سەۋەب ۋە ئەمىلى سەۋەب بىلەن قارا مەدىكارلىققمۇ قوبۇل قىلىنمايۋاتقان يۇزمىڭلىغان ئۇيغۇر دېھقان ئىشلەمچىلىرىمۇ بۇ زاماندا خەنزۇ تىلى ئۆگەنمىسە زادىلا بولمايدىغانلىقنى بىلىپ يەتتى . بۇ ھالدا ئۇيغۇر خەلقى نۆۋەتتىكى قوش تىللىق مائارىپنىڭ سەۋىيىسنى ئۆستۈرۈپ ، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشى ، دەرس سائەتلىرىنى كۆپەيتىش يولى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدىن ، ھەتتا يەسلى مائارىپىدىن باشلاشقىمۇ رازى ،دەپ قارايمەن ،

بىراق، زامان كەلتۈرگەن زۆرۈرىيەت ، تۇرمۇش ئېپادىلەۋاتقان مەجبۇرىيەت شۇ قەدەر كەسكىن ۋە شۇ قەدەر رەھىمسىز بولسىمۇ ، ھېچبىر ئۇيغۇر ئۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئانا تىل ۋە يېزىقىدىن بىر كۈن بولسىمۇ ۋاز كېچىشكە ھەرگىز رازى بولمايدۇ ، چۈنكى مېنىڭ تەتقىقاتلىق چۈشەنچەمچە ، ئۇيغۇر مىللتى ھەر نېمە دېگەن بىلەنمۇ ئۇنداق مەسئۇلىيەتسىز مىللەت ئەمەس . بۇنىڭغا ئۇيغۇرنىڭ بىر مىڭ بەش يۈز يىللىق تىل –يېزىق تارىخى گۇۋاھلىق بېرىدۇ . بۇنىڭغا ، ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنىڭ نۇسرىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئەرەب – پارس تىلى مەپتۇنلۇقى ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇرنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەسىر قىلىۋالغان 14 - . 15 - ، ئەسىرلەردىمۇ يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن ئۇيغۇر – تۈرك تىلنى نابۇتلۇقتىن ساقلاپ قالغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۆلارنىڭ سەپ بېشدا تۇرغان بايراقدارى ئۇلۇغ ئەلىشىر نەۋائىي شاھىتلىق بېرىدۇ .

بۈيۈك مۇتەپەككۇر بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ "مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين" ناملىق ئەسىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ يەكدىللىق بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق ، ئۇنىڭ ھەر كەلىمە سۆزىدىن ئۇيغۇر – تۈرك تىلىغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۈيغۇسىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقنى ئېتىخار بىلەن ھېس قىلىمىز . ئەمەلىيەتتىمۇ ، ئاتمىش يىللىق ئۆمرىدە ئاتمىش ئۈچ پارچە كىتاب يازغان (قاراڭ: مۆجىزىي: "تەۋارىخي مۇسقىييۇن " 56 – بەت بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 – يىللىق نەشرى ، نەشرگە تەييارلىغانلار :ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر ) ، سۆز ئىشلىتىش جەھەتتە ،

كېيىنكى چاغلاردا ياۋروپانىڭ سۆز ئۇستىلىرى بولۇپ داڭق چىقارغان مىگېل ئىدى سېرۋانتىس (1547-1616)، ۋىلىيام شېكسپىير (1564 -1616) ۋە ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن (1799-1837-يىللار) قاتارلىقلارنىمۇ ئۇزاق ئارقىدا قالدۇرۇپ ، پۈتكۈل ئەسەرلىرىدە جەمئىي بىر مىليون ئۈچ يۈز يەتمىش سەككىز مىڭ ئاتمىش يەتتە سۆز ئىشلەتكەن (قاراڭ : "بۈيۈك ئەلشىر نەۋائىي "، 113 – بەت ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2001- يىل نەشرى ، تۈزگۈچى : ئابلىمىت ئەھەت) ، ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا – 1499 – يىلى، ئۇيغۇر – تۈرك تىلىنىڭ نۇسرىتى ھەققىدە "مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين" ناتلىق كىتابنى ئالاھىدە يېزىپ ئېلان قىلىشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭدىكى مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ، ئەلۋەتتە .

مېنىڭچە ، بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلشىر نەۋائىي ئالەمدىن ئۆتكەن ئاشۇ مىلادى 1501-يىلدىن تاكى 2001 – يىلغىچە بولغان ساق بەش يۈز يىلنىڭ مابەينىدە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھېچبىرسى نەۋائىينىڭ ئانا تىلنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈش ، ئۆز تىلىنى يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن سۆيۈش روھىغا خىيانەت قىلغىنى يوق. ئىشەنمىسىڭىز قاراپ بېقىڭ : ئاياز شىكەستەنىڭ " جاھاننامە "سىدىن ، مۇجىزىينىڭ " تەۋارىخي مۇسقىييۇن " دىنچە ، مۇسا سايرامىنىڭ "تارىخي ھەمەدىي " سىدىن تارتىپ مۇھەممەتئىمىن توختايېفنىڭ " قانلىق يەر " دىنچە ، ئابدۇرەھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈرنىڭ " ئويغانغان زېمىن " دىن ، ئەھمەد زىيائىينىڭ " يۈسۈپ – مەھمۇد داستانى" غىچە ، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ " تۈگمەس ناخشا" سىدىن ، روزى سايىتنىڭ " دېھقان بولماق تەس " غىچە ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ " ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە " سىدىن ، زوردۇن سابىرنىڭ " ئىزدىنىش " ، " ئانا يۇرت " دىنچە ... بولغان مىڭلىغان تارىخي ئەدەبىي ۋە دىنىي ئەسەرلەرنىڭ ھېچبىرسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى بىرەر نۇقسان ياكى ئاجىزلىقى كۆرۈلمەيدۇ . ھەتتا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەللىك نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىيات ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىدىمۇ ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر زامان كەلگەندە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالماسلىقىدىن ، ياكى زامانىۋىلىششقا توسقۇن بوپقالىدىغانلىقى ھەققىدە بىرەر كەلىمە پىشارەتمۇ بېرىلمەيدۇ .

ۋەھالەنكى ، تارىخ بۇ مىلادى 2002 – يىلغا كىرگەندە ، كۆن سىلە –بىزنىڭ مۇشۇ پارلاق كۆنىمىزگە كەلگەندە ، "بەزى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلىدىغان تەبئىي پەن دەرسىنىڭ ھەممىسنى ، ئۇيغۇر تىل – ئەدەبىيات دەرسىنىڭ 75% خەنزۇچە سۆزلەپ ئۆتۈش " ، شۇ ئارقىلىق ئالىي مائارىپتا ئۇيغۇر تىل – يېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىلانىنىڭ ئەمەلىي ئىجراغا قويۇلۇشىنى زادى نېمىدەپ چۈشىنىمىز ۋە نېمىدەپ چۈشەندۈرىمىز ؟ ئەجەبا ، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان " قوش تىللىق مائارىپ " تەدبىرىنىڭ تەبئىيكى يۈزلىنىشى ۋە ئاداققى مەقستى مۇشۇمىدى ؟ ئەمدى ، بۇ پىلاننى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ سەمىگە تۈزۈك سالماي ، كەلگۈ تىل ئەھلىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقماي ، يەنى ھېچكىمنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىغان ھالدا ، ئىمام ئەخپەشنىڭ ئۆچكىسىگە ئوخشاشلا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ، ئەمەلىي ئىجراغا قويغان ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ بۇ قىلغىنى زۆرۈرىيەتمۇ ، مەجبۇرىيەتمۇ ياكى مەسئۇلىيەتمۇ ؟!

مەن بۇ سوئاللارنى ئالدى بىلەن ، ئالدىمدىكى مېنىڭ دەرسىمنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ، يەنى 21 – ئەسىرنىڭ رەسمىي ئىگىلىرىدىن سورىدىم .

ئۇلار : " مۇئەللىم ، بۇ سوئاللار ئۇنچىۋالا ئاسان ، ئوڭاي سوئاللار بولمىدى . شۇڭا ، بىز بىرئاز

سىياسەت ئۆگىنىپ ، ماتېرىيال كۆرۈپ ، ئاندىن جاۋاب بەرسەڭ " دېيىشتى .

ئاندىن ، ئۇ سوئاللارنى ئۆزۈمدىن سورىدىم . ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئاداققى تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە سەل ئويلىنىۋالغۇم ، سەل - پەل تۇرۇۋالغۇم كەلدى . ئەمسەچۇ ؟ ئەگەر "ھەئە ، جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپ تەدبىرىنىڭ ئاداققى مەقستى ( قوش تىللىق مائارىپ) نى ( يەك تىللىق مائارىپ) قا ئۆزگەرتىپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى " دەي دېسەم ، "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسي قانۇنى " دىكى " جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى باپباراۋەردۇر . ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە " دېگەن ھۆرىيەتبەخش راست گەپنى نېمدەپ چۈشەندۈرىمەن ؟ بۇ دانا بەلگىلىمىلەرنى " شۇنداقلا ، ئانچىكىملا دەپ قويغان ، ئادەم ئالدايدىغان قۇرۇق گەپلەر !" دېگىلى بولمايدۇ-دە !

بۇ يەردە ، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئالىي مائارىپ سورۇنىدا تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىلانىغا قوشۇلۇپ . ئۇنى ئەمەلىي ئىجراغا قويغان ئۇيغۇر كادىرلىرىمىزغا ھە دېگەندىلا قاتتىق گەپ قىلغۇم يوق . كىم بىلىدۇ ، ئۇلارنىڭمۇ ئويلىغانلىرى باردۇر ، ھالبۇكى ، ئۇلارنىڭ ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن ھوقۇقدارلارنىڭ ئەمەل - مەنسەپ قولدىكى چاغدا كۆرستىدىغان جاسارەتلىك ئەلپازى بىلەن ، ئەمەل - مەنسىپىدىن چۈشكەندىن كېيىنكى مىسكىن ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلماي تۇرۇپ ، ئالدىراقسانلىق بىلەن تەنقىد قىلساقمۇ تازا توغرا بولماس .

شۇڭا ، مەنچە يەنە ئۆگەنسەم ، يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ ، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلسام . شۇ جۈملىدىن ھەمپىكىر بۇرادەرلىرىمدىنلا ئەمەس ، بەلكىم " مەن ئۇيغۇر زىيالىيسىمەن " دەيدىغان پۈتكۈل قېرىنداشلىرىمدىن ئۆتۈنۈپ قالسام ، ھەممىمىز ، يەنى كونا - يېڭى رەئىسمۇ ، سابىق -سادىق نازىرمۇ ، ئادەتتىكى كادىرمۇ ، تىلشۇناسمۇ ، ئەدىبمۇ ، دېھقانمۇ ، ئارمانمۇ ، چولپانمۇ ... بارلىقىمىز ئىمانىمىز ۋە ۋىجدانىمىز بىلەن بىر پىكىر قاتناشتۇرۇپ باقساق :

زادى ئۇيغۇر تىل -يېزىقىنىڭ ئالىي مائارىپ ساھەسىدە تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسي قانۇنى " غا ئۇيغۇنمۇ ؟ مۇنداق قىلىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۇڭخۇا ئىلىدىكى زاتى ، موڭغۇل ۋە چاۋشيەن قاتارلىق ئەزەلدىن تىل - يېزىقى بار مىللەتلەر بىلەن باراۋەر ھالدا ، ھەم ئۆزىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ، ھەم جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسىنىڭ روناق تېپىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش بۇرچىنى ئاقلاپ ، سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا ، يوقىلىش تەرىپىگە قاراپ ئەمەس ، بەلكىم گۈللىنىش ، تەرەققىي قىلىش تەرىپىگە قاراپ ، دادىل قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش تۈپ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنمۇ ؟

بىز بۈگۈنكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ، خۇسۇسەن زىيالىي كادىرلار پەقەت ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ تۆت - بەش يىللىق جىق بولسا ئون يىللىق سەلتەنەت ئورۇندۇقىمىزنىڭ غېمىنى يەپ ، ئۆزىمىزنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىمىزنى دەپ ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئومۇمىي جۇڭخۇا ئىلىدىكى قېرىنداشلىق تەقدىرىنىڭ غېمىنى يەپ بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى دەپ ، يەنى يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز بىلەن ئىش كۆرىدىغان بولساق ، بۇ مەسىلىنى كاۋاپمۇ كۆيمىگەن ، زىخمۇ كۆيمىگەن ھالدا ، ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايمىز .

ئەڭ نازۇك يېرى شۇكى . " ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ئالىي مائارىپ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدارە -

ئورگانلاردا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدۇ " دەيدىغان قىزىل سەللىلىك ھۆججەت بولمىغانىكەن ، بۇ مەسىلە شۇ تاپتا . سىلە بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ، سەككىز مىليون ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىز مۆھتەرەم ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ " ئىختىيار"ئىمىز ۋە " ئارزۇيىمىز " دىكى ئىش بولۇپ كۆرۈنمەكتە . ھالبۇكى ، بۇ مەسىلە بۈگۈن ھەل قىلىنماي " ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالىي مائارىپتىكى ئورنىنى قوغدىيالماسلىق " بولۇپ گەۋدىلىنىۋاتقان بۇ ئېچىق قويۇۋېتىلسە ، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زەنجىرسىمان ئىنكاس پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىنى موخو قىلىدۇ : ئالدى بىلەن ، ئالىي مەكتەپتە چىقىش يولى قالمىغان ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى تېزلا چۆكىدۇ . ئارقىدىنلا باشلانغۇچ مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى مائارىپىنى نەس باسىدۇ . ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيدۇ : مائارىپ ئاساسىي قالمىغان نەشرىياتچىلىق سۇغا چىلىشىدۇ ، ئۇيغۇرچە رادىئو- تېلېۋىزىيە تۈگىشىدۇ . ئەڭ مۇھىمى ، مەزكۇر ساھەدە بىمالال ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان پۈتكۈل ئۇيغۇر ئىشچى –خىزمەتچىلەر تىلسىزلىقنىڭ دەردىدىن ، مۇقامىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ئىچىدە ئېغىر خورسىنىپ ، ئىشسىزلىق ۋە ئاشسىزلىق چۆلىدە تەمتىرەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇكى ، ئاللا ھېچبىر ئۇيغۇرغا بۇ ھالەتنى كۆرسەتمىسۇن !

خۇلاسە كالام ، قوش تىللىق مائارىپ تەدبىرى بىلەن ئۇيغۇر تىل – يېزىقىنىڭ تەقدىرىنى بىر – بىرىگە تەتۈر تاناسىپ قىلىپ قويماسلىقنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار . ئۇ بولسىمۇ يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق روھىمىز بىلەن ، ئۇيغۇر تىل – يېزىقىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان ئەللىك نەچچە يىلدىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قانۇنىي ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسنى تولۇق قوغداشتىن ئىبارەت ، بۇ ئىشتا ، ئەگەر بىز راستىنلا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەككى ، ئۇ ئۇلۇغ بوۋىمىز بىزگە تاپشۇرغان ئامانەتكە ھەرگىز خىيانەت قىلماسلىقىمىز لازىم .

ئەمىسە ، تېخى تۈنۈگۈنلا بېيجىڭغا بېرىپ چوڭ مەجلىس ئېچىپ ، " نەۋائىي بىزنىڭ بۈيۈك بوۋىمىز ، بىز ئۇيغۇرلار نەۋائىي ئەۋلادلىرى بىز ! دەپ مەيدىمىزگە مۇشتلىغان ، يىغىندا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنى كىتاب قىلىپ جاھانغا ئېلان قىلغان تۇرۇقلۇق ، بۈگۈن بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپلا ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تىل – يېزىقنى دەپسەندە قىلىپ ، ئۇنى ئالىي مەكتەپلەردىن ھەيدەپ چىقارساق ، ب ئۇ بۈيۈك بوۋىمىز نەۋائىينىڭ ئۇلۇغ روھىغا ۋە سۇنماس ئىرادىسىگە قىلىنغان كەسكىن خىيانەت بولماسمۇ ؟ بۇ –ئاقكۆڭۈل خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنىنى ۋە بىگۇناھ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىنى قارىلاپ قىلىنغان نەق جىنايەت بولماسمۇ ؟؟؟

## 3. يەك تىللىق ئەمەس قوش تىللىق ۋە كۆپ تىللىق بولۇش بىزگە ئۇدۇم

ھازىرقى دۇنيادا ، مۇئەييەن ئەقدە ئاساسىدا مىللەت بولۇپ ئۇيۇشقان ھەرقانداق بىر خەلق ئۆز زىيالىيلىرىدىن ۋەتەن ، خەلق ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئاممۇۋى خىزمەتتە يەكدىللىق بولۇشنى ، يەنى ئورتاق غايە ، ئورتاق ئىستەك ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئەمگەكتە ، جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىر دىل ، بىر نىيەتتە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . چۈنكى ، بۇ خىل يەكدىللىق ئومۇم ئۈچۈن ، كوللېكتىپ ئۈچۈن نۇسرەت قازاندۇرىدۇ . ئورتاق كۈرەشنى غەلىبىگە باشلايدۇ. ئەمما ، رەڭگارەڭ مەدەنىيەت بىلەن زىننەتلەنگەن بۇ ئالەمدە ھېچبىر مىللەت ئۆز زىيالىيلىرىنىڭ پەقەت مىللىتىنىڭلا ئانا تىلىنى بىلىدىغان ، ئۆزى بىلەن بىللە ياكى قوشنا بولۇپ ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەرنىڭ

تىلنى بولسا مۇتلەق بىلمەيدىغان يەك تىللىق بوپقېلىشنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى ، بۇ خىل يەك تىللىق ھەرقانداق بىر ئىنساننى ياكى ئىنسان توپىنى ھامان يېتىملىك ۋە نادانلىق بۇلۇڭىغا تاشلايدۇ . شۇڭا ، ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقى ئۆز زىيالىيلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە پىششىق بىلىدىغان بولغىنىدىن باشقا ، ئۆزى بىلەن قېرىنداش ياكى ئاداش بولۇپ ياشاۋاتقان بۆلەك مىللەتلەرنىڭ تىلىنىمۇ ئوبدان بىلىدىغان بولۇشىنى ئالقىشلايدۇ. بۇنىڭدىن چىقتىكى ، قوش تىللىق مائارىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدە كۆڭۈل رايى ۋە قەلب مايىللىقى جەھەتتە ئاجايىپ كەڭ ۋە مۇستەھكەم بولغان ئاممىۋى ئاساسقا ئىگىدۇر . مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئەگەر رەھبەرلىرىمىزنىڭ غەمخورلۇق بىلەن تولغان كۆڭلىدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسىنى يېتىك دەرىجىدە ئۆستۈرۈش ، خەنزۇ تىلىنى(يەنى نى) ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش ئارزۇسى تۇغۇلغان بولسا ئۇيغۇر تىل – يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۇچۇنلا پىلان قۇرماي ، توغرىدىن توغرا خەنزۇچە سەۋىيىنى راسا ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرىنى كونتېرتىپكە قويسا بولىدۇكى ، ئەگەر ئۇ تەدبىرلەر پەقەت " جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى" دىكى " ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل – يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە " دېگەن دانا بەلگىلىمىگە مۇخالىپ بوپقالمىسىلا ، خەلق ئۇنى كەم-كۈتىسىز ئىجرا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ چوقۇم ئۈنۈمى بولىدۇ

مېنىڭچە ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە قارىتا ھېچقانداق بىر غەيرىي پىكرى يوق . ھەممە ئادەم شۇ تاپتا ، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئالدى بىلەن خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى جۇڭگو تۇپرىقىدا مەيدانغا كېلىۋاتقان سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋە پەن تېخنىكىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى دەل ۋاقتىدا ئىگىلەش ئىقتىدارىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ھەرقانداق يېرىدە مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق تۈرىگە بىۋاستە قاتنىشىپ ، جۇڭگو پۇقراسى بولۇشنىڭ پەيزىنى بىمالال سۈرىيەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى ! تۈرلۈك كەچۈرمىشلەر ۋە رېئال دەرسلەر ئارقىلىق ، خەنزۇچە بىلمەيدىغان جۇڭگو پۇقراسى ئارىسىدا ، ئەمەلىيەتتە نەقەدەر پەرق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرىپ كەتتى . ھېكايەت : بالىلىقىمدىن ، ئابدۇرەھىم ئىسىملىك بىر ئاغىنەم بار ، كىچىك ۋاقتىمىزدا ئۆيىمىز تام قوشنا بولۇپ ئانىلىرىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاش – تاماق سۇنۇشۇپ ، ئىناق – ئېجىل ئۆتۈشەتتۇق . ئۇنىڭ دادىسى مەھەللىمىزدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى ، مېنىڭ دادام بولسا يېزىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى ئىدى . قىسمەت ، مەن چوڭ بولۇپ مەكتەپتە ئوقۇپ ، بېيجىڭدا مۇئەللىم بولدۇم ، ھېلىقى ئاغىنەمۇ چوڭ بولۇپ ، دادىسىدا ئوقۇپ ، كېيىن دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ مەھەللىمىز مەسجىدىنىڭ ئىمامى بولدى . بالىلىقتىن كەلگەن دوستلۇقىمىز بۇزۇلۇپ كەتمىدى . بارساق ، كەلسەك ، ئىزدىشىپ ، ھال –مۇڭلىشىپ تۇردۇق . قىياپەت جەھەتتە ، ئۇنىڭ بېشىدا سەللە . مېنىڭ بېشىمدا دوپپا ، يا بولمىسا يالاڭۋاشتاق بولسامۇ ، كۆڭۈللەر بىر – بىرىمىزگە ئوچۇق ۋە سەمىمىي ئىدى . ئۇ ئىمام بولغان ئاغىنەمنىڭ مەن مۇئەللىم بولغان بۇرادىرىدىن بىرلا ئاغرىنىشى بار ئىدى . ئۇ بولسىمۇ ، مېنىڭ خىزمەت بىلەن بېيجىڭدا تۇرۇپ قالغانلىقىم ئىدى ، " قايتىپ كېلىڭلار ، ئاداش ، ئەمدى ، يۇرتىمىزغا دەرھال يېنىپ كېلىڭلار " دەيتتى ئۇ ھەر قېتىم خوشلىشىش ئالدىدا جىددىي قىلىپ : " ئۇ يەردە ھەتتا ئۇيغۇرچە مەكتەپمۇ يوق ئىكەن ، بالىلىرىڭلار ئۇيغۇرچە ئوقۇمىسا ، خەنزۇلىشىپ كېتىدۇ ، مۇشۇنداق بولسا بولارمۇ ؟!" مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا بىرنېمىلەرنى دەپ جاۋاب بېرەتتىم . ئەمما ئوشۇقچە زولۇنلاشمايتتىم .

يىللار بىر – بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتتۈۋەردى . بىر قانچە يىل بۇرۇن ئۇ ئاغىنەم ھەج قىلىپ " ھاجىم " بوپكەپتۇ . بۇلتۇر تۇغقان يوقلاپ يۇرتقا بارغىنىدىم ، ئۇ ھاجىم ئاغىنەم بىلەن ئوخشاشلا قىزغىن كۆرۈشتۇق ، چوڭقۇر ئەھۋاللاشتۇق ، سوقا – سۆھبەت ئارىسىدا ئۇ : " مەن بۇ يىل ئىككى نەۋرەمنى ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەردە ، مەخسۇس ئۇيغۇر قاتارلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان خەنزۇچە سىنىپقا ئەۋەتتىم " دېۋىدى . قىزىقىپ سورىدىم " سىلە بۇرۇن بالا –پەرزەنتلەرنى ئۇيغۇرچە مەكتەپلەرگە بېرىپ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بۇرچىنى ئادا قىلدۇرۇپلا مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىككە شاگىرت قىلىپ بېرىدىغان كىشى ئىدىڭلا بۇ سەپەر مۇنداق ئۆزگىرىش قىلىشىڭلارغا نېمە سەۋەپ بولدىكىن؟ " ھاجىم ئاغىنەم مېنىڭ بۇ سوئالىمغا مۇنداق ھېكايە بىلەن جاۋاپ بەردى : " ئۈچ يىل مۇقەددەم ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ھەج سەپىرىمىزنى ئادا قىلىپ كەلدۇق . ئاللاھ قوبۇل قىلغاي . قايتىش سەپىرىمىز تۈركىيە ئىستانبول ، روسىيە موسكۋا ئارقىلىق بوپقالدى. ئىستانبول ئايرودۇرۇمدىن ئۈچقاندا تاتارىستانلىق كامال ئىسىملىك بىر ھاجىم بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپ قالدىم ، ئۇ كامال ھاجىمنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ھەج قىلىپ قايتىپ كېلىشى ئىكەن . تونۇشۇپ ھال –مۇڭلىشىپ قالدۇق . ئۇ كىشىنىڭ دىنىي ئەقىدە بابىدىكى ئەتراپلىق ھەمدە جانلىق قاراشلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى ، ئەسلىدە كامال ھاجىم موسكۋادا چۈشۈپ تۇغقان يوقلاپ بولغاندىن كېيىن، تاتارىستانغا قايتماقچى ئىكەن، بىراق ، مېنىڭ موسكۋادا يىگىرمە تۆت سائەت توختايدىغانلىغىمنى ئۇقۇپ ، مەن موسكۋادىن ئايرىلغۇچە ماڭا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ، مەن بىلەن بىر مېھمانسارايغا چۈشتى . بىز تۈننى كۈندۈزگە ئۇلاپ مۇڭداشتۇق . بۇ جەرياندا كامال ھاجىمنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلەر بىلەن ، شۇنداقلا مېھمانساراي خىزمەتچىلىرى بىلەن رۇس تىلىدا راۋان سۆزلىششى مېنى بەكمۇ ھەيران قىلدى . ئەجەپلىنىپ :"ھاجىم ، مەن سىلىنىڭ ئۇ تاپىلەر بىلەن بەش – ئون مىنۇتلاپ رۇسچە گەپلىشىپ كەتكەنلىرىنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدىم . ض زلىرى بۇ ئورۇس زۇۋانىنى قەيەردە ئۆگەنگەن؟" دەپ سورىدىم . " مۇشۇ روسىيەدە!" - ئايىغى ئاستىدىكى زېمىننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى كامال ھاجىم : " بىز روسىيە گراجدانىسىز . ھالبۇكى ، رۇسچە بىلىشىمىز بىر ئۈچۈن بۇرچتۇر، سىلە جۇڭگولۇق ھاجىم خەنزۇچە بىلمەمدىلا ، ئەجبا ؟!"مەن سەل توختىۋېلىپ ، راست گەپنى قىلدىم :" مەن خەنزۇچىنى مۇتلەق بىلمەيمەن ، بىز ھەتتا ئۇ يار دىندىكىلەرنىڭ زۇۋانىنى ئۆگەنمىسەكمۇ بولدۇ دەپ قارايمىز"، گېپىمنىڭ ئايىغى چۈشە – چۈشمەيلە ، كامال ھاجىم بىز تونۇشقاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاچچىق بىلەن توۋلاپ كەتتى :" جاھالەت! ئىسلامغا ئاھانەت كەلتۈرگەن جاھالەت! ھەممىگە مەلۇم ، ئەزىز پەيغەمبىرىمىز جانابىي رەسۇلىللاھۇ ئەلەيھي ۋەسسەلەمە ئۆز زامانىسىدا ، ئەسىرگە چۈشكەن يەھۇدىي مۇشرىكلىرىدىن ئەرەپلەرگە خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇشقا رازى بولغانلارنى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىۋەتكەن ۋە مۇبارەك ئېغىزىدىن رەھمەت شىرنىلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئوتلۇبۇل ئىلىم ۋەلەۋبىسسىين) ( ئىلىم ئەشۇ يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگۈنۈڭلار ) دېگەن ، ھالبۇكى جۇڭگودا بۈگۈن ئىلىم بارمۇ – يوق ؟ بار ، جۇڭگودىكى ئىلمنى خەنزۇچە بىلمىسىلىرى قانداق ئۆگىنىدىلا ۋە ئىلىم ئۆگەنمىسىلىرى قانداقمۇ مۇسۇلمان ھېسابلىنىدىلا ؟! شۇنى بىلسەڭ كېرەككى ، ئىي ھاجىم ، بۈگۈنكى كۈندە خەنزۇ ۋە رۇس مىللىتى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن سىلە –بىزگە ھاكىملىق قىلىۋاتىدۇ ، ئەگەر سىز – بىز ئۇلارنىڭ زۇۋانىنى بىلمىساك ، ئۇلار بىزنى ئەدناسى ئىنسان قاتارىدىمۇ كۆرمەيدۇ جۇمۇ!"

بولغان گەپ شۇ . بۇ گەپلەر سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىمۇ قانداق . ھېچ بىلەلمىدىم . ئەمما

كامال ھاجىمنىڭ ئىلمىسىزلىك مۇسۇلمانلىق ئەمەس ، ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن تىل – زۇۋان ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش شەرت، دېگەن تۈپ نۇقتىسىنەزىرى شۇندىن بۇيان مېنىڭ كۆڭۈل ئالىمىمدە بىر ئۆزۈل – كېسىل ئىنقىلاب پەيدا قىلدى."

يەنە ھېكايەت : 1997 – يىلى ئۆكتەبىردە ، دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئىجازىتى بىلەن مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ " ئىسلام دىنى ئاساسلىرى " ( ئۇسۇلۇددىن ) ئىلمى بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇردۇم . بۇ جەرياندا مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆز ئىمكانى بىلەن كېلىپ ئوقۇۋاتقان نەۋرەم دېمەتلىك ئۇيغۇر ئەزھەرىيلەردىن ئاتمىش – يەتمىشچىسى بىلەن تونۇشتۇم . سىرداشتىم ، پەردىشەپلىك دوست بولۇپ دىلكەشلەشتىم . ئارىلىقتا ، تەلەپكە ئاساسەن ئۇيغۇر يېزىقچىلىقى بويىچە بىلىم ئاشۇرىدىغان بىر كۇرس ئاچتۇق ۋە ئىسمىنى " نىل دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇر ئەنجۇمەنى" دەپ ئاتىدۇق . ئوقۇغۇچىلار قىزغىن ئۆگەندى . مەنمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆگەتتىم . شۇ ئارىدا سەككىز – ئون بالا بەزى كۈنلەردىكى دەرسكە توپ ھالدىلا كەلمەيدىغان بوپقالدى . سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردۈم . ئۇلاردىن بىرسى مۇنداق ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: " مۇئەللىم ، بىز ۋەتەندىكى چاغدا خەنزۇ تىلى ئۆگۈنۈشنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنىكەنمىز . مىسىرغا كەلگەندىن كېيىن ، بىر مۇنچە ئەرەب دوستلىرىمىز بولدى . ئۇلار ھەدېگەندىلا : " جۇڭگو دېگەن ئۈچىنچى دۇنيادىكى ئۇلۇغ دۆلەت ، سىلەر جۇڭگو پۇقراسى بولغاندىكىن ، ئەلۋەتتە خەنزۇچە بىلسىلەر ، شۇڭا بىزگە خەنزۇچە گەپ قىلىپ بەرسەڭلار ، خەنزۇچە خەت ئۆگىتىپ قويساڭلار " دەيدۇ . بىز : " خەنزۇچە بىلمەيمىز ، بىز مۇسۇلمان بولغاندىكىن ، خەنزۇچە ئۆگەنمەي ئەرەبچە ئۆگىنىمىز دەپ بۇ يەرگە كەلدۇق " دېسەك ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى مەسلەھەتلىشىۋالغاندەكلا ئوخشاش قاراش ، ئوخشاش پىكىر بىلەن قايناپ : " سىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغاندىكىن قۇرئاننى ئوقۇپ چۈشىنىش زۆرۈرىيىتىدىن ئەرەپ تىلى ئۆگىنەيلى دېگىنىڭلار خاتا ئەمەس ، ئەمما جۇڭگو پۇقراسى تۇرۇقلۇق ، جۇڭگونىڭ دۆلەت تىلىنى ئۆگىنىپ بىلمىگىنىڭلار پەقەت قاملاشماپتۇ . بۇ ھالدا سىلەرنى قانداقمۇ بىلىم ئادىمى دېگىلى بولىدۇ ؟ !" دەپ كايىپ كېتىدۇ . ئەرەبلەر بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى خەنزۇچە بىلىدىغانلارنى داڭلاپ ، سۆيۈپ كىتىدۇ . بىزدەك خەنزۇچە بىلمەيدىغانلارنى بولسا ، كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە مىسىر شىركەتلىرى خەنزۇچە بىلىدىغان تەرجىمان ياللايتتۇق دەپ ، ئىزدەپ يۈرىدۇ . شۇڭا ، بىز ئىش – ئەمگەك تېپىپ ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قەددىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ، شۇنداقلا خەنزۇچە بىلىدىغان جۇڭگولۇق مۇسۇلمان بولۇپ ، ھەقلىق ھالدىكى ئىناۋىتىمىزنى تىكلەش ئۈچۈنمۇ خەنزۇچە ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدۇق . شائىخەيدىن كەلگەن بىر پروفېسسور خەنزۇچە ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقانىكەن ، شۇنىڭغا بېرىۋاتىمىز . شۇ سەۋەپتىن سىزنىڭ شۇ كۈندىكى دەرسىڭىزگە كېلەلمەي قالدۇق ، ئەپۇ قىلغايسىز ! "

مانا بۇ جاھان كۆرگەن ئۇيغۇر ئوغلانلىرىنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلەردىن كېيىنكى ئەمەلىي تەسىراتلىرى ، بۇلارغا يەنە ئوبزۇر يېزىپ ، گەپ يورغىلىتىش كەتمەس ، دەپ ئويلايمەن .

دېمەك ، قەيت قىلىپ ئېيتساق شۇ تاپتا ئاۋام خەلقمۇ ، ئىلىم ئەھلىمۇ ھەممە ئادەم خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنىڭ زامانىنىڭ تەقەززاسى ، دۆلىتىمىزدىكى باشقا جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىلەن تەڭ ئالغا ئىلگىرلەشنىڭ زۆرۈر ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . ئەمما بۇ دېگەنلىك "ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن بەزدى " ، " ئۇيغۇرلار ئۆز ئانا تىلىنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان يارىماس تىل بوپقالغانلىقىنى تونۇپ يەتتى " دېگەنلىك ئەمەس ، ھەرگىز! مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، شۇ تۇرقىدا . ھېچبىر ئۇيغۇر ئۆز ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىنى

دەسستىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باققىنى يوق .

چۈنكى ، ئۇيغۇرلاردا تىل مەسىلىسدە ، شامال قايسى تەرەپكە چىقسا شۇ تەرەپكە قىڭغىيدىغان ، جاھاندا قايسى تىل ئاقسا شۇنىڭغا يېتىشۋىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىدىغان ئادەت يوق . دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ھەرقانداق شارائىتتا ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ، ئۆز ئانا تىلىنى خۇددى ئانىسىدەك ئەزىزلەيدىغان ، باشقا تىل ھەرقانچە مۆتىۋەر بوپكەتسىمۇ ، ئۇنى پەقەت ئەشۇ باشقا تىل سالاھىيتى بىلەن ئۆگىنىپ ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇدىغان ، ئۆزى بولسا ، قوش تىللىق ئىنسان بولۇپ ، مەرىپەت بىلەن ياشايدىغان پەزىلەت بار .

شۇنداق . تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق ، قايسىبىر دەۋردە ، ھازىرقىغا ئوخشاش " قوش تىل بولۇش " شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ . ئەمما ئەمەلىيەتتە قوش تىللىق بولۇشنىڭ ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئارىسىدا ئەلمىساقتىن بۇيان ، خۇسۇسەن ئىسلامىيەتتىن كېيىن ، ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۆزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئۇدۇم ھالىتىگە كەلگەنلىكى كۆرۈلىدۇ . ئالايلۇق ، مىلادى 11 – ئەسىردە ، بۇ ئالەمدە تېخى " قوش تىل سىلىشتۇرما تەتقىقاتى " دەيدىغان ئۇقۇممۇ مەۋجۇد ئەمەس ئىدى . ئەشۇ چاغدا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى مەھمۇد كاشغەرىي ئون يىل ئۆمۈر سەرپ قىلىپ داۋان ئېشىپ ، دەريا كېچىپ ، تۈركىي قەبىلىلەرنى ئارىلاپ سۆز – كەلىمە توپلىغان ، كېچىلىك بەزمىدىن ۋە كۆڭۈلۈك سەيلى ساياھەتتىن كەسكىن ۋاز كېچىپ ، ئۇلارنى تۈر – تۈرگە ئايرىپ رەتلىگەن ، تىل ئىلمى بويىچە ئۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلغان ۋە ئاخىرىدا ئۇيغۇر –تۈركچە كەلىمىلەرنى ئەرەب تىلى بىلەن ئوچۇقلاپ چۈشەندۈرۈدىغان دۇنيا بويىچە تۇنجى قوش تىللىق قامۇس -" تۈركىي تىللار دىۋانى " نى تۈزۈپ جاھانغا ئېلان قىلغان . دېمەك ، مەھمۇد كاشغەرىي جاھان قوش تىل سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنىڭ ھەقلىق بىرى : " تۈركىي تىللار دىۋانى " بولسا ئالدى بىلەن ، ئۇيغۇر قوش تىلچىلىقى ئىلمىنىڭ ئەلا قىممەتلىك ، ئەلا نادىر شاھ ئەسىرى ، شۇندىن بۇيانەت، يەنى مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئەشۇ مەھمۇد كاشغەرىي زامادىن تارتىپ قوش تىللىق ھەتتا كۆپ تىللىق بولۇش ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئارىسىدا مودىغا ۋە نورمال ئادەتكە ئايلانغان . شۇڭلاشقا ، يۇرتىمىزدىكى زامانىسىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرى بولغان " قەشقەر ساچىيە مەدرىسەسى" ۋە " كۇچا ساقساق مەدرىسەسى" قاتارلىقلاردا دەرسگۇيلۇق قىلغان ( دەرس ئۆتكەن ) مۇدەررىسلەرنىڭ ھەممىسى ئانا تىل ئۇيغۇرچىدىن باشقا ، ئەرەپ تىلى ۋە پارس تىلىنى پىششىق بىلىدىغان كۆپ تىللىق زىيالىيلاردىن بولغان . مەزكۇر ئالىي مائارىپ يۇرتلىرىدىكى مۇدەررىساخۇنۇملار (ئۆز دەۋرىنىڭ پىروفېسورلىرى ) تەفسىر ، ھەدىس قاتارلىق دەرسلەرنى ئەرەپ تىلىدا سۆزلىسە ، " خوجاپىز" ( خوجا ھاپىز ئەسەرلىرى ) نى پارسچە . ،" نەۋائىي" نى بولسا ئۇيغۇرچە سۆزلەپ تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەت ئېھتىياجلىرىنى قامداپ كەلگەن .

ئۇزاق قەدىمدىكى كوماراجىۋا دەۋرىگە كەتمىسەكمۇ ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مائارىپىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ، ئۇ چاغلاردا گەرچە " قوش تىللىق مائارىپ " دەيدىغان تېرمىن مەۋجۇد بولمىسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئىلىم –ئېرپان ھاياتىدا قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇر مائارىپنىڭ مۇھىييەت سالمىقىنى ئىگىلەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرىمىز ، ئەمدى ، بۇ خىل ئەمەلىيەتنىكى قوش تىللىق مائارىپنى دەۋر ئالاھىدىلىكى بويىچە " ئۇيغۇر –ئەرەبچە مەركەزلىك قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى " ۋە "ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە مەركەزلىك قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى " دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشىمىز مۇمكىن.

ئۇيغۇرچە – ئەرەبچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى دېگىنىمىز ، 10 – ئەسىردە ، ئۇيغۇر قارىخانىلار دۆلىتىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق ئابدۇلكەرىمخاننىڭ باشچىلىقىدا ، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە مۇشەررەپ بولغاندىن تارتىپ ، 20 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىغىچە يەنى جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئوبدان ئون ئەسىر ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە (يەنى 10 – ئەسىردىن 13 – ئەسىرلەرگىچە) ئۇيغۇر مائارىپى تەدرىجى ھالدا ئىسلام مائارىپىنىڭ ئىزىغا سېلىنغان . ئالىي مائارىپتا تەفسىر ، ھەدىس ، رىيازىيات( ماتىماتىكا) ، ئىلمي نۇجۇم . ( ئاسترونومىيە) ، تەقۋىم ( كالىندارچىلىق)، قاتارلىق ئاساسلىق پەنلەر ئەرەپچە ئۆتۈلگەچكە ئۇيغۇرچىدىن باشقا ئەرەبچىدىمۇ كامالەتكە يەتكەن زىيالىيلار تەربىيلىنىپ چىققان . بۇ مەزگىلدە ئەرەبچىدە تازا كامالەتكە يەتكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن مۇھەممەد ئەبۇ نەسىر فارابىدەك ئالىملار ھەممە ئەسەرلىرىنى بىۋاستە ئەرەبچە يېزىپ ، مۇسۇلمان دۇنياسىغا ئۆزىنىڭ ئەرەب تىلى بويىچە يېتىشتۈرۈلگەن تالانتىنى نامايان قىلغان بولسىمۇ ، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرىنى يەنىلا ئانا تىلى ئۇيغۇرچە بىلەن يازغان ، بۇنىڭغا بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ " قۇتادغۇ بىلىك" ئاتلىق شاھ ئەسىرى، شائىر ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ " ئەتەبەتۇل ھەقايىق " ( ھەقىقەتلەر بوسۇغىسىدا) ناملىق يىرىك ئەسىرى قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ .

بۇ دەۋرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ( يەنى 14 – ئەسىردىن 16 – ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ) بولسا ، ئۇيغۇرلاردىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان پارسلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە ، خۇسۇسەن ئىسلامي تىل – ئەدەبىيات ساھەسىدە بىر قەدەر ئالدىدا مېڭىۋاتقانلىقى ۋە شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردىن چىققان ئەبۇلقاسىم فىردەۋسي ، خوجا ھافىز شيرازىي ، شەيخ مۇسلىھۇددىن سەدىي ۋە ئابدۇراھمان جامىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قايىل قىلارلىق يىرىك ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئوتتا ئاسيا تىل – ئەدەبىيات دۇنياسىدا مۇتلەق ئۈستۈن نوپۇز تىكلەپ كەتكەنلىكى سەۋەپلىك كۆپ سانلىق تۈركىي تىللىق ئەدىپلەر " يېزىقچىلىقتا پارس تىلىنى قوللىنىش ئادىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ، بەزەن تۈركىي تىللىق شائىرلار خىلى بۇرۇنلا ، مەسىلەن ، ئەزەربەيجان شائىرى نىزامىي گەنجەۋىي 12 – ئەسىردە ، ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق تۈركىي شائىر ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي 13 – ئەسىردە، پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشنى باشلاپ بەرگەچكە ، كېيىنچە مەيدانغا چىققان شائىرلار ، خۇسۇسەن دورامچى ياش ئەدەبلەر ئىچىدە پارسگۈيلۈق (يەنى پارس تىلى بىلەن ئەسەر يېزىش ) چېكىدىن ئاشقان دەرىجىدە ئەدەپ كېتىپ ، ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى " شېئىر يازغىلى بولمايدىغان قوپال تىل " دەپ ئاھانەت قىلىشقا قەدەر يەتكەن ، بىراق گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، بۇ خىل ھەقسىزلىق ئاخىرقى ھېساپتا ئۇيغۇر تىلىنى نابۇت قىلالمىغان . خۇددى ئەسىرىمىزنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ، بۇ ھالغا بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر ئىبنىي غىياسىددىن نەۋائىي باش بولۇپ قەتئىي خاتىمە بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ ھەرقانداق پارسپەرەسنىڭ تىلىنى لال قىلىدىغان نادىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق يىگىرمە يىل ھارماي – تالماي كۈرەش قىلىپ ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋۇلمەس ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان .

ئۇيغۇرچە – ئەرەبچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى ، يەنى 17 – ئەسىردىن 20 – ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىققا كەلسەك ، بۇ مەزگىلدە بۈيۈك ئەجداد ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىزىنى باسقان كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۇتلەق نوپۇزىنى قوغداپ ، ئوقۇ – ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېلىپ بارغان ، ئۆز

ئەسەرلىرىنى بولسا ، ئومۇمەن ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان ، بۇنىڭغا خىرقەتىي ، ئاياز شىكەستە ، زەلىلىي . نەۋبەتىي ، ئابدۇرەھىم نىزارىي ، غەرىبىي ، گۇمنام ، سەبۇرىي ، موللا بىلال ، تەجەللىي ، مۆجىزىي ۋە مۇسا سايرامىي قاتارلىق نامايەندىلەرنىڭ ئەدەبىي ، تارىخىي ۋە دىنىي ئەسەرلىرى ، شۇنداقلا قەدىرخان ياركەندىي ۋە ئامانىنساخان نەفسىي قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن رەتلەنگەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دۇردانە تېكىستلىرى مىسال بولالايدۇ .

ئەمدى ، ئۇيغۇرچە – خەنزۇچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى دېگىنىمىز 20 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىدىن باشلانغان ۋە بۈگۈن بىز ياشاۋاتقان شۇبۇ مائارىپ دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ يىپپېڭى دەۋردە ، ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئۆز ئانا تىلى ئۇيغۇرچىدىن باشقا دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇچىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ ، بۇنىڭدىن بۆلەك ، ئىلمىنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى تەقەززا قىلغان ئېھتىياج بويىچە ئىنگلىز تىلى ، ياپون تىلى ، رۇس تىلى ۋە گېرمان تىلى قاتارلىقلار بويىچمۇ مائارىپ كۆرۈۋاتىدۇ، دەرۋەقە ، بۇ ساھەدە ، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى دۆلىتىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز تەرەققىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى سۈرئەت قەدىمى تەلەپ قىلىۋاتقان دەرىجىگە يەتكۈزۈش جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇد ، بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى جىددىي تۈزۈش قىلىپ ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە تۈگىتىشىمىز كېرەك (بۇ ھەقتە ئەسىرىمىزنىڭ" تەتقىقات ۋە تەرەققىيات " دېگەن بۆلۈمدە تەپسىلى توختىلىمىز) ، بىراق ، بۇ يەردە بىز مۇھاكىمىگە قويۇۋاتقان مەسىلىنىڭ جان يېرى شۇكى ، تەدبىر قوللىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ دۆلەت تەلەپ قىلغان ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش بىر مەسىلە ، ئۇيغۇر تىل – يېزىقىنى دەسلەپ ئالىي مائارىپ ساھەسىدىن باشلاپ ، تەدرىجىي ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش بولسا ، ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر مەسىلە ، بىز بۇ ئىككى مەسىلىنى ھەرگىزمۇ ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز ياكى بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويماسلىقىمىز لازىم .

يەنە دېسەك ، يۇقۇرىدا قىسقىچە بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىتلار ئوچۇق ھالدا چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇكى بىرىنچىدىن ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قوش تىل بويىچە مائارىپ كۆرۈشى يالغۇز بۈگۈنلا بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس ، بەلكى ئۇ مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ، ئۇيغۇر خەلقى ئۆچۈن ئادەت بوپكەتكەن بىر ئىش . ئىككىنچىدىن ، ئۇيغۇرلار ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆز ئانا تىلىدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيدۇ ، ئەينى ۋاقىتتا قوش تىللىق مائارىپ تەلەپ قىلغان بۇرچنى ئادا قىلىپ ، مەدەنىيەت تەرەققىياتى نىشان قىلغان پەللىگىمۇ چوقۇم يېتەلەيدۇ . بۇ مەسىلىنى يەنىلا بۇيۈك ئەجدادىمىز ئەلىشىر نەۋائىي ئەڭ مېغىزلىق بايان ئارقىلىق قايىل قىلارلىق ھالدا چۈشەندۈرگەنىكى ، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇتلۇق ئەسىرى " مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين" ( ئىككى تىل توغرىلىق مۇھاكىمە ) دە ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئىيتىدىنلا قوش تىللىق بولۇشقا لايىق قىلىپ يارىتىلغان ، تىل ئۆگىنىشكە ماھىر بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىما قىلىپ مۇنداق دېگەن: " ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارىنىڭ تەبىئىيتىدىنلا پارسلارنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە دەلىل ئىسپات بۇنىڭدىنمۇ قايىل قىلارلىق بولمايدۇكى ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلاردا ياشلارنىڭ ، قېرىلارنىڭ ، چوڭلارنىڭ ، كىچىكلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋتى ئوخشاش دەرىجىدە بولۇپ ئۇلار ئۆز ئارا ئارىلىشىدۇ ، گەپلىشىدۇ ، يەنە كېلىپ پارسلاردا بىلىم ۋە زېھىن ئەھلى كۆپرەك ئۇيغۇرلاردا بولسا بىلىمسىز ۋە ساددە كىشىلەر پارسلارغا قارىغاندا كۆپرەك ، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭىدىن كىچىكىگىچە ، بېگىدىن پۇقراسىغىچە دېگۈدەك پارس تىلىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ . ھەممىسى ئۆز ھالىغا يارىشا سۆزلىيەلەيدۇ . ھەتتا ئۇيغۇر

شائىرلىرى پارس تىلىدا گۈزەل شېئىر ۋە شېرىن ماقالىلەرنىمۇ يازالايدۇ ..." ( شۇ نامىلىق ئەسەر ، 7-،8-بەتلەر، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى )

قىسقىسى ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھولۇقۇپ ، بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا يۈگۈرۈپ كەتكۈدەك ئىش يوق . ئىشنىش كېرەككى ئون ئەسىردىن بۇيان نامىزىنى ئەرەبچە ، دۇاسىنى ئۇيغۇرچە قىلىپ كېلىۋاتقان خەلقىمىز ، بۈگۈنكى يېڭى دەۋر تەقەززا قىلغان ئۇيغۇرچە – خەنزۇچە قوش تىللىق بولۇشنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ يۈزدە يۈز چىقالايدۇ. شۇڭلاشقا ، ۋەلىيلىرىمىز مائارىپ پىلانى تۈزگەن چاغدا ، ھەم ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە مائارىپ كۆرسە ، خەلقنىڭ يۈكى ئېغىر بوپكېتەرمىكىن دېگەن ياخشى نىيەت بىلەن بولسىمۇ ، جانجان ئۇيغۇر تىل – يېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدىغان ھەم بىھۇدە ، ھەمدە خەلقنىڭ نەپرىتىگە ، تارىخنىڭ لەنىتىگە قالىدىغان ناھلى ئىشنى قىلىپ تاشلىماسلىقلىرى كېرەك دەپ قارايمىز .

## 4. تەتقىقات ۋە تەرەققىيات

### - قوش تىللىق مائارىپ ۋە ئۇيغۇر تىل – يېزىقنىڭ ئىستىقبالى

بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلىشر ئىنبىني غىياسىددىن نەۋائىي ئۆزىنىڭ "مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن "(ئىككى تىل توغرىلىق مۇھاكىمە ) ئاتلىق مۇبارەك ئەسرىدە ، 15 – ئەسىردىكى تۆركىي تىللىق زىيالىيلارنىڭ تىل – ئەدەبىيات ساھەسىدە پارس تىلىنى قوللىنىشقا قىزىقىپ كېتىشى ۋە " تۆركىي تىل پارس تىلىغا يەتمەيدۇ" دېگەن بىمەنە قاراشنىڭ جەمىيەتتە خېلى كەڭ كۆلەمدە بازار تېپىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلغاندا ، بۇنىڭ تىل تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدىن ، يەنى تەتقىقات ئارقىلىق تۆركىي تىلنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق تىلدىن قالغۇچىلىكى يوق، كامىل ئىقتىدارغا ساھىب بىر تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرستىپ بەرمىگەنلىكتىن بولغان ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن . ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:" شۇ قەدەر مول نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان بۇ سۆز – ئىبارىلەر بىرەر كىشى تەرىپىدىن مۇلاھىزە قىلىنىپ ، ھەقىقي ھالىتى كۆرستىپ بېرىلمىگەنلىكتىن تاكى مۇشۇ كۈنگىچە يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرۇپ قالغان . بىلمىسىز ھەم بېلى بوش تۈرك يىگىتلىرى ئاسانلىقنى قوغلىشىپ ، پارس تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەن . ۋەھالەنكى ، ئەگەر ئۇلار ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن ۋە ئىشنىڭ ھەقىقىتىگە چوڭقۇر چۆككەن بولسا ئىدى ، ئۆز تىلىدىكى شۇ قەدەر كەڭ ئىمكانىيەتنى تاپقان ۋە بۇ تىلدىكى ھەرقانداق پىكىرنى ئىپادىلەش ، خوش سۆزلۈك ، شائىرلىق ۋە داستانچىلىق سەنئەتلىرىنى بىمالال جەۋلان قىلدۇرۇش تېخىمۇ ئاسان ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى "،"ھەممە سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى شۇكى ، تۆركىي تىلنىڭ پارس تىلىغا قارىغاندا شۇنچە ئارتۇقلىقى ،'ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى شۇقەدەر نازۇك ۋە ئەۋرىشىم تەرەپلىرى نەزم قائىدىلىرى تەرقىسىدە نامايان قىلىنمىغان، ئەكسىچە ، مەخپىيەتخانىغا تاشلىنىپ قىلىپ ئۇنتۇلۇشقا ئاز قالغان" (قاراڭ: شۇنامىلىق ئەسەر ،26_،28_بەتلەر . ئەسلى مەتن 77_،78_،79_بەتلەر .بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى1988_يىلى نەشرى ) .دېمەك . ئەلىشىر ناۋائىينىڭ قارىشىچە ،بىر تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىق ئورنىنى ئەبەدىيەتلىك قوغداپ قېلىشتا ، ئۇنىڭغا تالىق تەتقىقاتنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىلىپ بېرىش ياكى بارماسلىق

،'ئاجايىپ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەمدى، 21_ئەسىردىكى ئۆز ئەھۋالىمىزغا كەلسەك ، بۈگۈنكى قوش تىللىق مائارىپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان بۇ يېڭى دەۋرىمىزدە ،ھېچ ئويلىمىغان بىر ئەھۋال "ئالىي مەكتەپ ،'ئىنىستىتوت ۋە ئوتتىرا تېخنىكومىلاردا پەۋقۇلئاددا كەسىپلەرنىڭ ھەممىسدە قەدەممۇ قەدەم خەنزۇچە ئوقۇ_ ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش كېرەك " (قاراڭ :"شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان قوش تىللىق ئوقۇ _ئوقۇتىشى ۋە تەتقىقاتى "19_بەت ،بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2001_يىلى نەشرى) دېگەن پىكىرنىڭ ئوتتۇرغا قويىلىشى ۋە بۇپەكىرنىڭ "قەدەممۇ _ قەدەم " دېگەن ۋاقىت جەدۋىلى قىسمىمۇ ئېلىپ تاشلىنىپ ،'ئومۇمى __تۇپتۇللا ئىجراغا پەرما نقىلىنىشى بىزدە :"مەزكۇر پىكىر ۋە ئىرادىمۇ تەتقىقات ئاساسى تازا مۇكەممەل بولمىغان ئەھۋالدا ئوتتۇرىغا ۋە ئىجراغا قويۇلۇپ قالدىمۇ _قانداق ؟ دېگەن سەممىي ئوينى پەيدا قىلدى . ئەسىرىمىزنىڭ بۇ قىسمىدا مۇشۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىك مۇلاھىزىمىزنى ئىلىم ۋە ئەمەل ئەھلىلىرىنىڭ مۇھاكىسگە مۇنداق قويىمىز :

### 1. قوش تىللىق مائارىپنىڭ مەملىكتىمىز مىقياسىدىكى ئومۇمىيەتلىك ئەھۋالى

شۇنى بىلىش كېرەككى ، قوش تىللىق مائارىپ بۈگۈنكى كۈندە ، يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا بېشىغا كېلىۋاتقان توي ئەمەس . بەلكى ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدا ياشاۋاتقان ، خەنزۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ساندا ئاز بولغان 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ئورتاق چۈشكەن بىر مەرىكىدۇر . ھالبۇكى بۇ ئومۇمىيەتلىك تەلىم – تەربىيە ھادىسىسىنىڭ پۈتكۈل مەملىكتىمىز مىقياسىدىكى ئومۇمىيەتلىك تەتقىقات ئەھۋالىنى ئۆگىنىپ ۋە چۈشىنىپ ئوتۈشىمىز ھەقىقەتەن زۆرۈر . بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزچە 1979 – يىلى مايدا ، " جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق ئوقۇ – ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتى " قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ قوش تىللىق مائارىپى يىلدىن يىلغا ئۆز سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ، ئۇ ئومۇمىي جۇڭگو مائارىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بوپقالدى . تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى ، قوش تىللىق مائارىپنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق تەتقىقاتى جۇڭگو زېمىنىدە تىلشۇناشلىق ئىلمىغا تەۋە يېڭى بىر تارماق ئىلىم "قوش تىللىق ئىلمى" نى بارلىققا كەلتۈردى . مەزكۇر قوش تىللىق ئىلمى شۇ تۇرقتا- باشتا قابىل پېشقەدەم ئالىملىرى ، ئاياغدا ماھىر ياش ئىزباسار مۇتەخەسسىسلىرى بولغان زور ھاياتى كۈچكە لىگە بىر ئىلىم سالاھىيىتى بىلەن جۇڭگونىڭ ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئىلىم سورۇنلىرىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك روللارنى ئويىنماقتا . مەزكۇر قوش تىل ئىلمى ئۆزىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى ۋە ئەمەلىي خىزمەتلىرى ئارقىلىق ئىلمىي يوسۇندا شەرھىلەپ كىرلىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپىك پۈتكۈل مەملىكتىمىز مىقياسىدىكى ئومۇمىيەتلىك تەتقىقات ئەھۋالىنى ئەڭ قىسقا جۈملىلەر بىلەن يىغىنچاقلاپ ، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتىن چۈشىنىشىمىز مۇمكىن :

### بىرىنچى ، قوش تىللىق مائارىپنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى بويىچە تەتقىقات ،

بۇ ساھەدە ، مەملىكتىمىزنىڭ ئاتاقلىق تىلشۇناسلىرى بولغان يەن شۈجۈن ئەپەندىم ۋە ماشۈلياڭ ئەپەندى قاتارلىقلارنى جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق مائارىپى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنىڭ سەردارلىرى دېيىشكە بولىدۇ ، چۈنكى ، ئۇلار ئۇزۇن يىللار جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسدە يېزىپ چىققان بىر قاتار ئەسەرلىرى ئارقىلىق ، مەملىكتىمىزدىكى

ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپنىڭ نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى تەتقىقات يۈكسەكلىكىدە يورۇتۇپ بەرگەن . ئالايلۇق ، يەن شۆجۈن ئەپەندىم ئۆزىنىڭ " جۇڭگو سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان " ( ئوتتۇرا جۇڭگو سانائەت ئىنىستىتوتى نەشرىياتى 1985 – يىل نەشرى) ناملىق كىتابىدا ، مەملىكىتىمىزدىكى خىلمۇ خىل مۇرەككەپ تۈس ئالغان قوش تىللىق ، ھەتتا كۆپ تىللىق بولۇش ھادىسىسىنى سىستېمىلىق ھالدا تەھلىل قىلىپ ، جۇڭگو سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى ۋە تەتقىقات ئۇسلۇبىنى ئەتراپلىق شەرھلەپ كۆرسەتكەن ، ئۇ مەزكۇر ئەسىرىدە ، يەنە مەملىكىتىمىز مىقياسىدا قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ، بۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان يېڭى تىپتىكى دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقىش ، قوش تىللىق مائارىپ قانۇنىنى يولغا قويۇش ، شۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىنى تۈنجى بولۇپ يورۇتۇپ بەرگەن . ماشۈلياڭ ئەپەندى بولسا ئۆزىنىڭ "قوش تىللىق بولۇش مەسىلىسىگە بولغان تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك" ( "خەنزۇچە ئۆگىنىش" ژۇرنىلى 1981-يىل 1 – سان ) ، " قوش تىللىق بولۇش ۋە قوش تىللىق ئوقۇ – ئوقۇتۇش " ( "مىللەتلەر تىل – يېزىقى" ژۇرنىلى 1986 – يىل 2 – سان ) ، " قوش تىل تەتقىقاتىدىكى قوش سۆزلەر مەسىلىسى " ("مىللەتلەر مائارىپى" ژۇرنىلى 1988-يىللىق 6 – سان ) ، " قوش تىل ھادىسىسى ۋە قوش تىل تەتقىقاتىدىكى بىر نەچچە مەسىلە " ( بېيجىڭ تىل ئىنىستىتوتى نەشرىياتى1988 – يىل نەشرى) قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم ئىلمىي ئەسەرلىرىدە شۇنداقلا " مىللەتلەر يېزىقى ۋە قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ھەققىدە " ، " قوش تىللىق بولۇش مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلەنگەن نۇتۇق " ، قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى تىرىشىپ ياخشى قىلايلى " قاتارلىق مۇھىم نۇتۇقلىرىدا ( بۇ نۇتۇقلار مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتتى نەشرىياتى نەشر قىلغان " ماشۈلياڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئەسەرلىرى " ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ) قوش تىللىق بولۇشنىڭ تەدبىرى ، مەملىكىتىمىزدە قوش تىللىق بولۇش ئىجتىمائىي ھادىسىسىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى ، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى قوش تىللىق بولۇش ھەتتا كۆپ تىللىق بولۇش ھادىسىسى ۋە پارتىيەنىڭ مىللەتلەر تىل – يېزىق سىياستى ، قوش تىللىق بولۇش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش ۋە چۈشەنچىلىرىنى شەرھلەپ ، مەملىكىتىمىز قوش تىلچىلىق ئىلمىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىنى تېخىمۇ تولۇقلىغان . ئۇنىدىن باشقا ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پروفېسسور گەي شىڭجى ئەپەندى يازغان " قوش تىللىق ئوقۇ – ئوقۇتۇش ئاساسىي بىلىملىرى"قاتارلىق قوش تىللىق مائارىپقا ئائىت بىر قاتار ئەسەرلەر نەشر قىلىنىپ ، مەملىكىتىمىز قوش تىلچىلىق ئىلمىنىڭ كۈندىن كۈنگە پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلماقتا ( قاراڭ : " قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات " ، 2 – توم 10-، 11 – بەتلەر ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستتى نەشرىياتى 1999 – يىل نەشرى) .

### ئىككىنچى ، قوش تىللىق مائارىپنىڭ مەقستى ۋە غايىسى ھەققىدىكى تەتقىقات .

جۇڭگودا يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپنىڭ نۆۋەتتىكى ماقستى ۋە ئۇنىڭ ئاداققى غايىسى زادى نېمە ؟ بۇ مەسىلە جۇڭگودىكى پۈتكۈل ئازسانلىق مىللەتلەر ، خۇسۇسەن تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ تىل – يېزىقى بار بولۇپ كېلىۋاتقان مىللەرلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈدىغان ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ نازۇك بىر مەسلە بولۇپ ، مەملىكىتىمىز ئالىملىرى بۇ ھەقتىمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات سەمەرىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئالايلۇق . " جۇڭگو مىللەتلەر تىلشۇناسلىقى تارىخى " ۋە "

مىللەتلەر تىلشۇناسلىقى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى " قاتارلىق خاس ئەسەرلىرى ، شۇنداقلا ئۆزى نەشرگە تەييارلىغان " قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات " ناملىق تۆت توملۇق ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى ئارقىلىق ئىلىم ساھەسىگە تونۇلغان مىللەتلەر مائارىپى نەزەرىيىچىسى ۋە قوش تىللىق ئوقۇ – ئوقۇتۇش ئەمەلىيەتچىسى ، پروفېسسور ، دوكتور ۋاڭ يۈەنشىن ئەپەندى مۇنداق يازىدۇ : " مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈۋاتقان قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمى بولسا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ، شۇنداقلا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان كۆز ئالدىدىكى نەق مەنپەئەت بىلەن كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش چىقىش نۇقتىسى قىلىنغان تۈزۈمدۇر " ، " قوش تىللىق مائارىپ ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلىۋاتقان تۈرلۈك ئوقۇتۇش ئۇسلۇبلىرى شەكىل ، جەريان ۋە دەرس سائەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرقلىق بولسىمۇ ، ئاداققى غايە بىرلا ، ئۇ بولسىمۇ ، بىرىنچىدىن ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى بىلەن مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ، قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش ، ئىككىنچىدىن ، ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلىنى ئوخشاش دەرىجىدە پىششىق بىلىدىغان قوش تىللىق خادىملارنى تەربىيلەپ ، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر " ( ۋاڭ يۈەنشىن : " جۇڭگو مىللەتلەر تىلشۇناسلىقى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى " ، 322-، 323 - ، بەتلەر ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى ) .

## ئۈچىنچى ، ئاز سانلى مىللەتلەرنىڭ تىل – يېزىق قوللىنىش مەسىلىسىگە دائىر قانۇن ۋە سىياسەتلەر ھەققىدىكى تەتقىقات .

مەملىكىتىمىز ئالىملىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق قوللىنىش مەسىلىسىگە دائىر چىقارغان قانۇن ۋە سىياسەتلىرى ، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە – ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قوش تىللىق مائارىپنى ئەمەلىلەشتۈرۈشكە قارىتا قوللانغان تەدبىرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كىلىۋاتقانلىقى كۆرۈلىدۇ . ئالايلۇق ، ئۆزىنىڭ " مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە قوش تىللىق مائارىپ " ۋە مىللەتلەر ، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ " قاتارلىق ۋەزنىلىك خاس ئەسەرلىرى بىلەن ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان پروفېسسور ، دوكتور تېڭ شىڭ ئەپەندىنىڭ باشچىلىقىدا ، مائارىپ مىنىستىرلىكى فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە نۇقتىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مەركىزىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە يېزىلغان " 20 – ئەسىر جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلىرى ۋە مائارىپ –نەزەرىيە ، سىياسەت ۋە ئەمەلىيەت " ناملىق يىرىك خاس ئەسەردە " ئازسانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق مائارىپىغا دائىر سىياسىي نەزەرىيلەر ۋە سىياسەتلەر " دەپ مەخسۇس بىر باپ ئېچىلغان . مەزكۇر باپتا ، جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپقا دائىر ئاساسىي نەزەرىيلەر نىسبەتەن تەپسىلى بايان بىلەن چۈشەندۈرۈلگەندىن باشقا ، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللەتلەر تىل – يېزىقىغا دائىر چىقىرىلغان قانۇن ، سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەر يىل تەرتىپى بويىچە تىزىلىپ ، بىرمۇ بىر شەرھلەنگەن . شۇ باپنىڭ جۇڭگو مىللەتلەر تىل – يېزىق خىزمىتىنىڭ فاكچىن ، ۋەزىپە ۋە تەدبىرلىرى ئۈستىدە توختالغان قىسمىدا مۇنداق دېيىلىدۇ : " 1991 – يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەستىقلاپ تارقىتىلغان دۆلەت مىللەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ( ئازسانلىق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كوكلەت ) ئىدا ،

جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل – يېزىق خىزمىتىنىڭ رېئال ئەھۋالى ئوبيېكتىپ ھالدا تەھلىل قىلىنىش بىلەن بىر چاغدا ، 1990 – يىللار جۇڭگو مىللەتلەر تىل – يېزىق خىزمىتىنىڭ فاڭجېنى ، ۋەزىپىسى ۋە قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان . قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا مۇنداق:

مەملىكىتىمىز مىللەتلەر تىل – يېزىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ، شۇنداقلا ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ :

1. يېڭى دەۋر مىللەتلەر تىل – يېزىق خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي فاڭجېنى بولسا، ماركسىزمنىڭ تىل – يېزىق باراۋەرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىل – يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ، ئالغا بېسىشىغا ۋە گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولۇشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئىش كۆرۈش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ، ئايرىم – ئايرىم يېتەكچىلىك قىلىش، ئاكتىپ، ئېھتىياتچان ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن مىللەتلەر تىل يېزىق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ، شۇ ئارقىلىق ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر .

2 – يېڭى دەۋر مىللەتلەر تىل – يېزىق سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش : مىللەتلەر تىل – يېزىق خىزمىتىنىڭ قانۇن – تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ، ماركسىزىملىق مىللەتلەر تىل – يېزىق نەزەرىيىسى ۋە سىياستىنى تەشۋىق قىلىش ، مىللەتلەر تىل – يېزىقى بويىچە قائىدىلەشتۈرۈش ، ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئۈچۈرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ، مىللەتلەر تىل – يېزىقى بويىچە تەرجىمە قىلىش ، نەشر قىلىش ، مائارىپ ئېلىپ بېرىش ، خەۋەرلىشىش ، رادىئو ئاڭلىتىش ، تېلېۋىزور ۋە قەدىمىي ئەسەرلەرنى رەتلەش قاتارلىق ئىشلارنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، مىللەتلەر تىل – يېزىقى بويىچە ھەمكارلىشىش ۋە ئۆز ئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇش قىلالايدىغان خادىملارنى تەربىيلەشنى كۈچەيتىش ، شۇنداقلا ھەرقايىسى مىللەتلەرنى ئۆزئارا تىل – يېزىق ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

3. مىللەتلەر تىل – يېزىق خىزمىتىنىڭ فاڭجېن ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىدىغان تەدبىرلەر بولسا ، ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئايرىم – ئايرىم يېتەكچىلىك قىلىش ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل – يېزىقلىرىنىڭ قوللىنىلىش ۋە يولغا قويۇلۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشى ئىشلەش ، قەدىمدىن بۈگۈنگىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىپ كەلگەن مىللەتلەر يېزىقلىرىغا نىسبەتەن ئۆگىنىش ، قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش ، مىللىي تىل – يېزىقنىڭ شۇ مىللەت مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈۋاتقان رايوننىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايىسى ساھەلىرىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشىغا ھەقىقىي رەۋىشتە كاپالەتلىك قىلىش ، شۇنداقلا مىللىي يېزىقنىڭ قائىدىلەشتۈرۈلۈشى ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئۇنى كۈنسايىن مۇكەممەللەشتۈرۈش ..." قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . ( قاراڭ : تېك شىك : " 20 ئەسىر جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلىرى ۋە مائارىپ – نەزەرىيە ،

سىياسەت ۋە ئەمەلىيەت " ، 351- ، 352 - ، بەتلەر. بېيجىڭ مەللەتلەر نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى)

دېمەك ، يۇقۇرىدىكى نەقىللەردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، قوش تىللىق مائارىپ مەملىكىتىمىز مىقياسىدا ، مەيلى نەزەرىيە ئاساسى جەھەتتىن بولسۇن ،مەيلى مەقسەت ،نىشانى جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى سىياسەت جەھەتتىكى قانۇنىي كاپالىتى جەھەتتىن بولسۇن ئومومىيۈزلۈك مۇكەممەل تەتقىقات ئاساسىغا ئىگە .ئەمدى بۇ تەتقىقاتلار ئەمەلىيەتتە، قوش تىللىق مائارىپنىڭ دۆلىتىمىز ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئومومىيۈزلۈك ساغلام تەرەققىياتقا ئىگە بولۇشىنى زۆرۈر ئاساسلار بىلەن ھساپلىندۇ .ئەڭ مۇھىمى ،بۇ نەقىللەرنىڭ ھىچ بىرسىدە مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە ،'ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل _يېزىقلىرىنىڭ چەكلەش ۋە مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە بوغۇپ قويۇشقا ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىما . ئىشارەت قىلىدىغان بىرەر جۈملىمۇ ئۇچرىمايدۇكى ، بۇ ھال بىزنى مەركۇر تەتقىقاتلارنىڭ روھىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىغا تەدبىقلاپ كۆرۈشمىزگە ئۈندەيدۇ .

## 2. قوش تىللىق مائارىپنىڭ نۆۋەتلىق تەتقىقات ئەھۋالى،

بۇ يەردىكى نۆۋەتلىق تەتقىقات دېگىنىمىز ، مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەمەس ، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇئەييەن بىر مىللەتكىلا قارىتىپ ياكى ئايرىم بىر ئازسانلىق مىللەتنىڭلا ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئىلىپ قىلىنغان تەتقىقاتنى كۆرسەتمەيدۇ . بۇ خىل تەتقىقات ھەرقانداق بىر ئازسانلىق مىللەتنىڭ ئۆز ئەزالىرىدىن بولغان ئالىملار تەرىپىدىن قىلىنىشىمۇ ياكى باشقا مىللەتتىن بولغان ئالىملار تەرىپىدىن قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن .

مەملىكىتىمىزدە قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقاتىنىڭ بۇ تۈرىمۇ خېلى مۇكەممەل دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلماقتا . بىز بۇ يەردە ، مەخسۇس چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ئەھۋالى تەتقىق قىلىنىپ يېزىلغان " چاۋشيەن مىللىتىدە قوش تىللىقلىشىشنىڭ شەكىللىنىش جەريانى " دېگەن كىتاپ ۋە ئۇنىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئارقىلىق بۇ تېمىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمىز . بۇ كىتابنى مانجۇ مىللىتىدىن بولغان دوكتور گۇەن شىنچيۇ خانىم يازغان . گۇەن خانىم ئۆزىنىڭ بۇ بەش بابلىق خاس ئەسرىدە ، چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىق مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ ، جۇڭگودىكى ئەللىك بەش ئازسانلىق مىللەت بولۇپ ياشاۋاتقان ھەرقايسى ئەل ئىنسانلىرى ئۇچۇنمۇ ئۈرنەك بولغۇدەك تولىمۇ ئەھمىيەتلىك تەجرىبە ۋە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ چىققان . ئاپتور بۇ ئەسرىدە ، چاۋشيەن مىللىتىدىكى قوش تىللىقلىشىش ئەھۋالىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى تەتقىق قىلىپ چىقىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى مىغزلىق بايان قىلغاندىن باشقا ، " چاۋشيەنچە - خەنزۇچە قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلىشىدىن چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىقلىشىشنى شەكىللەندۈرگەن ئىچكى ئامىللارغا نەزەر " ، "چاۋشيەنچە - خەنزۇچە قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلىشىدىن چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىقلىشىشنى شەكىللەندۈرگەن تاشقى ئامىللارغا نەزەر " دېگەن مەخسۇس ئىككى بابنى ئېچىپ ، ئازسانلىق ئورنىدىكى بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھەم ئۆز ئانا تىلىنى ھەمدە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق پىكىر - ئالاقە قورالى بولغان باشقا بىر تىلنى ئوخشاشلا پىششىق دەرىجىدە ئىگىلەشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئىچكى -تاشقى ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى ئاجايىپ تەسىرلىك ۋە قايىل قىلارلىق تەسۋىرلەپ كۆرسەتكەن .

دوكتۇر گۈەن شىنچيۇ خانىمنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، چاۋشيەن مىللىتىنى مەملىكىتىمىزدىكى تىل - يېزىقى بار مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ يۇقۇرى سەۋىيىلىك قوش تىللىقلاشقان مىللەت قىلىپ چىقىشقا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان ئىچكى ئامىل مۇنداق تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : بىرىنچى ، چاۋشيەن مىللىتىگىلا خاس بولغان كۈچلۈك مىللەتپەرۋەرلىك ئېڭى ، ئىككىنچى چاۋشيەن مىللىتىگىلا خاس بولغان ئەپ بىلەن ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاش ئېڭى ، ئۈچىنچى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە بولغان قايىللىق ،'ئەمما كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ساھىپ بولغان قوش تىللىقلىشىش ئىدىيىسى ، ئۈمىدۋار ، ئاكتىپ ۋە تىرىشچان تىل ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى ، ئەمدى چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىقلىششنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان تاشقى ئامىللار بولسا : بىرىنچى ، چاۋشيەن تىل - يېزىقى بويىچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشنى قوغدايدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇدىغان قانۇن - تۈزۈم تۇرغۇزۇش ، ئىككىنچى ، قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمى ئاستىدىكى ئاساسىي مائارىپنى ئەڭ يۇكسەك سەۋىيە بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش ، ئۈچىنچى ، قوش تىللىق مائارىپ بىلەن ئالاقىدار بولغان سەرەمجانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشنى ياخشى ئىشلەش ، تۆتىنچى ، ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان يېڭى شەيئىلەر ۋە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلىپ ، بۇ ئارقىلىق چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىق مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش ( قاراڭ : شۇ ناملىق ئەسەر،51-،64-، 74-،90-،115-،141-،155-،182-، بەتلەر ) .

بىز بۇ يەردە دوكتۇر گۈەن شىنچيۇ خانىم يازغان " چاۋشيەن مىللىتىدە قوش تىللىقلىششنىڭ شەكىللىنىش جەريانى " نامىلىق كىتاپنىڭ مۇناسىۋەتلىك باپ ۋە مەزمۇن ھالقىلىرىنىڭ ماۋزۇلىرىنىلا تەرجىمە قىلىپ قويدۇق . ئۈمىد شۇكى ، ئۇيغۇر قوش تىللىق مائارىپى ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق بىلىم ئەھلىلىرى مەزكۇر كىتاپنى ئەستايىدىللىق بىلەن ، كۆڭۈل قويۇپ بىر ئوقۇپ چىقساق، كىتاپتا بايان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك جەريان ۋە ئەھۋاللارنى ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇد ھالىتىمىز ۋە تۇرقىمىزغا تەدبىق قىلىپ ، سېلىشتۇرۇپ باقساق ، ئەگەر پەرق تاپساق ، ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىمىزنى بايقىساق ھېچ ئىككىلەنمەي ، بىز بىلەن تەقدىرداش بولغان ئۇ ئىلغار ئاز سانلىق مىللەتتىن ئۆگەنسەك .

### 3. ئۆزىمىزنىڭ تەتقىقاتى ۋە بىزگە تالىق تەتقىقاتلار ،

قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدە ئۆزىمىز ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلار شۇنداقلا قېرىنداش مىللەتلەرگە مەنسۇپ باشقا ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر قوش تىلچىلىقى توغرىسىدا خالىسانە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى بابىدا ئۆز ئىمكانىمچە ئىزدەندىم . پروفېسسور ، دوكتور ۋاڭ يۆەنشىن ئەپەندى نەشرگە تەييارلىغان " قوش تىللىق ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات" نامىلىق تۆت توملۇق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى بىرمۇ بىر ۋاراقلاپ چىقتىم . تاپالىغىنىمچە ، مۇناسىۋەتلىك گېزىت - ژۇرناللار ۋە كىتاپلارنى تېپىپ ، مۇتالىە قىلدىم . بۇ يەردە ، ئەشۇ ئوقۇپ كۆرگەنلىرىم ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە دەپ قارىغان ئۈچ ئەسەر ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆز مۇلاھىزەمنى قىسقىچە قويۇپ ئۆتىمەن :

بىرىنچى ، شىنجاڭ كەسپلەر ئۇنىۋېرستېتى دىن گاۋ خۇيچېڭ ئەپەندى يازغان " شىنجاڭدا قوش تىللىقلىششنىڭ كېلىپ چىقىشى ، تەرەققىياتى ۋە رولى ھەققىدە يۈزەكى تەھلىل " نامىلىق ئەسەر ، تۆت باپ ۋە ئالتە پاراگرافتىن تەشكىل تاپقان بۇ ئەسەر " قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات " ئاتلىق ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىنىڭ ئۈچىنچى تومىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا " شىنجاڭدا ياشاۋاتقان

مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ، ئولتۇراقلىششى ۋە تىل قوللىنىش ئەھۋاللىرى "، " شىنجاڭدىكى قوش تىللىقلىشىش هادىسىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى " ، " قوش تىللىق مائارىپ ۋە قوش تىللىقلاشقان خادىملارنى تەربىيىلەشنىڭ ئاساسلىق يولى" دېگەن ماۋزۇلار بويىچە مېغىزلىق بايان بېرىلىپ ، شىنجاڭدىكى قوش تىللىقلىشىش مەسىلىسى نىسبەتەن توغرا قاراش بىلەن لىللا مەيداندا تۇرۇپ شەرھىلەنگەن ، ئالاهىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى ، ئەسەرنىڭ " دۆلەتنىڭ تىل - يېزىق سىياستى قوش تىللىقلىششنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردى " دېگەن پاراگرافىدا، شىنجاڭدىكى قوش تىللىقلىشىشنىڭ مەملىكەتنىڭ باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى قوش تىللىقلىششقا ئوخشاشلا ، " جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئاساسىي قانۇنى " " جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت -مائارىپى قانۇنى " ۋە " جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى " قاتارلىق دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئوخشاش قىممەتتە ئاقىدىغان دۆلەتلىك قانۇنلار ، شۇنداقلا " شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ بەلگىلىملىرى" قاتارلىق يەرلىك ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان مەخسۇس بەلگىلىملەرنىڭ قوغدىشى ئاستىدا ، يەنە داۋاملىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ، شۇنداقلا قوش تىللىق مائارىپ ئارقىلىق ئۇنىڭ يەنە ھەقلىق رەۋىشتىكى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدىغانلىقى قانۇن ئاساسي بىلەن ئىلمىي هالدا شەرھىلەپ كۆرستىلگەن .

مېنىڭچە گاۋ خۇيچېڭ ئەپەندىنىڭ قوش تىللىقلىشىش ۋە قوش تىللىق مائارىپ مەسىلىسىگە نىسبەتەن چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى ئىلمي ، سەممىي ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ، هالبۇكى ئىلىم ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق تونۇشتا بولسا ، شىنجاڭدىكى قوش تىللىقلىشىش ، شۇنداقلا قوش تىللىقلىششنى قوغدايدىغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە قوش تىللىق مائارىپى تۈزۈك يولغا كىرىپ قالماي ، ساغلام يول راۋاجلىنالايدۇ .

ئىككىنچى ، قىرىندىشىمىز نۇسرەت تۇردى يازغان " قوش تىللىقلىشىش ۋە ئانا تىلىمىز " دېگەن ماقالە ، بۇ ماقالە مۇبارەك ژۇرنال " شىنجاڭ مەدەنىيتى " نىڭ 2000-يىل4-5 (قوشما) سانىنىڭ 103- بىتىگە ئېچىلغان "تىل ۋە تەرەققىيات " دېگەن سەھىپىسگە بېرىلگەن . ئاپتور نۇسرەت تۇردى جاھان قوش تىلچىلىقى ئىلمىنىڭ سەردارلىرىدىن بولغان چىنگىز ئايتماتوفنىڭ "كۆپ تىللىق بولۇش شەراپەت ، ئەمما ئانا تىلنى بىلمەسلىك جىنايەت" دېگەن مەشھۇر ئۆزۈندىسىنى ئۆز ماقالىسىگە سەھىپە بېشى قىلىش ئارقىلىق ، مۇھاكىمىگە قويۇلغان قوش تىللىقلىشىش مەسىلىسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ شەرەپلىك ، ئەمما نازۇك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئۇقتۇرغان ئومۇمىي مەزمۇن ئورامىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بۇ ماقالە قوش تىللىقلىشىشنىڭ نېمىلىكىنى ، قوش تىللىق بولۇشتا ئانا تىلىمىز بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانداق ئورۇن ۋە قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە مەركىزى قىلغان بولۇپ ، ئاخىرىدا " ئانا تىلىمىزنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان هالدا ، قوش تىللىق بولۇشتىن ئىبارەت بۇ يېڭى دەۋر تەلەپ قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ئاكتىپ قاتنىشايلى " دېگەن خۇلاسىنى چىقارغانلىقى بىلەن مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە . ئاپتورنىڭ بۈگۈنكى كۈندە يالغۇز ئۇيغۇر تىللا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيتى دۇچ كېلىۋاتقان ،" قوش تىللىقلىشىش" بولۇپ ئېپادىلىنىۋاتقان بۇ مەسىلىگە جىددى نەزەر ئاغدۇرۇپ ، ئاكتىپ ئىزدەنگەنلىكى ۋە بۇ ھەكتىكى كۆز قارىشىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ . شۇڭا ، مەن بۇ ماقالىنى ئۇيغۇر قوش تىلچىلىقى ئىلمىنىڭ ئەمەلىي رىقابەتتە نۇسرەت بىلەن روناق تېپىشى ئۈچۈن باش قاتۇرغان

ياخشى ئەسەر ، دەپ باھالىدىم .

ئەمما ، ماقالىنى تەكرار ئوقۇغىنىمدا ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات داۋامىدا ئاستا-ئاستا ئاساسىي مەدەنىيەت بولۇش ئورنىدىن چۈشۈپ قېلىشقا ئەگىشىپ ، ئۇيغۇر تىلىمۇ تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا يۈزلەندى . ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن جانلىنالماسلىقى ، تەرەققىيار سەۋىيىسىنىڭ ئىزچىل تۆۋەن بولۇپ تۇرۇشى ..." دېگەن ئىككىنچى ئابزاسنىڭ ئەمەلىيەتتە تولىمۇ پاسسىپ قاراشلىق بىھۇدە ۋايساش بولغانلىقى سېزىلىپ كۆڭلىمىزنى غەش قىلىدۇ .

مەلۇمكى ، بۈگۈنكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىر قېرىنداش مىللەت ، ھالبۇكى ئون مىليۇنغا يېقىن نوپۇسلۇق بىر قېرىنداش مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسلۇق خەنزۇلار ئاساسىي گەۋدە بولغان جۇڭگونىڭ ئاساسلىق مەدەنىيىتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، ئەلۋەتتە ، ئەمما ، پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇيغۇرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەبەدىلئەبەد ئاساسىي مەدەنىيەت بولىدۇكى ، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتى ھەرقانچە ئالتۇن مەدەنىيەت بوپكەتسىمۇ ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئۆگىنىش ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇدىغان قوشۇمچە نەرسىدىنلا ئىبارەت . خالاس ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۈگۈن ئاساسىي مەدەنىيەت بولۇش ئورنىدىن چۈشۈپ قالمىدى ۋە مەڭگۈ چۈشۈپ قالمايدۇ!.

"ئۇيغۇر تىلىمۇ تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا يۈزلەندى" دەپ بەتدۇا ئاۋلىيالىق قىلىشنىڭ ئاساسىي زادى نېمىدۇر ؟! بىزنىڭچە ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر مىللەت بولۇپ تۇرۇش سالاھىيىتىلا بولۇدىكەن ، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ھەرگىزمۇ يۈزلەنمەيدۇ، بۇ بىر تەرەپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، سىز-بىز ئۆزىمىزنى " مەن ئۇيغۇرمەن " دەپ مەيدىمىزگە مۇشتلاپ يۈرگەنىكەنمىز ، تىرىكلا بولساق ئۇيغۇر تىلىنى تۇرمۇشىمىزدىكى ، مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ھەرگىزمۇ يۈزلەندۈرمەيمىز : بىزچە ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش دېمەك ئۇيغۇر مىللىتىنى قوغداش دېمەكتۇر ، ئەڭ مۇھىمى ، ئۇيغۇرنى ، ئۇيغۇر تىلىنى مەۋجۇدلۇق كاپالىتىگە ئىگە قىلىش بىزنىڭ ئەڭ ئېپتىدائىي ھەققىمىزدۇركى ، بۇ ھەققىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ، گېزى كەلسە ھېچ ئىككىنەنمەي جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز!

"ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن جانلىنالماسلىقى، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئىزچىل تۆۋەن بولۇپ تۇرۇشى " دېگەندە نېمە كۆزدە تۇتۇلغانكىن؟ ئەگەر جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەللىك ئۈچ يىل نەزەردە تۇتۇلغان بولسا ، قاراپ باق : تۇردى ئاكا قاتارلىق بىر قانچە پىشقەدەمنىڭ ئېغىزىدىلا قېپقالغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دەسلەپ سىمغا ئېلىندى ، ئاندىن نوتىلاشتۇرۇلدى ، ئاندىن ئۇنىڭ دۇردانە تېكىستلىرى توم تومى بىلەن نەشر قىلىندى ، ئاندىن تۆرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئېلىندى . ئەدەبىيات گۈلزارى ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتچىلىكتىن ھېكايىچىلىققا ، ھېكايىچىلىقتىن پوۋېستچىلىققا ، پوۋېستچىلىقتىن رومانچىلىققا بالداقمۇ – بالداق ئۆرلەپ ، خىلمۇ خىل مەزمۇت ۋە يامان ئەمەس سۈرئەتلىك قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلدى. ھەركەتلىك سەنئەت بولسا ، باشتىكى لەپەر ئېيتىشىش ۋە سەھنە ئەسىرى ئويناشتىن ، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولغان زامانىۋى دىراممىلارنى ئويناشقا ، ئۇنىڭدىن تېلېۋىزىيە ، كىنولاشتۇرۇشقا تەرەققىي قىلدى . ئەسلىدىكى مەھەللىۋى نەۋرۇز قۇتلاشلىرى ۋە مەشرەپ چايلىرى بۈگۈنكى كۈندە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ھەتتا پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا بىرلا چاغدا كۆرسىتىلىپ ، خەلقئالەمگە ھوزۇرلىنىش بېرەلەيدىغان كۆلەم ۋە سەۋىيىنى ياراتتى ، تەرەققىيات ئەدەبىيات – سەنئەت ساھەسىدىن ھالقىپ ، سانائەت ،تېبابەت ۋە تىجارەت ، ساھەلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئالغا باسقان ، ئىلغار گەۋدىسىنى كۆرسەتمەكتە ، ئالايلۇق ، "ئارمان" باش بولۇپ يول ئاچقان ئۇيغۇر يېمەك – ئىچمەك سانائەتى بۇگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ "ئامىنە" تەييار چۆپلىرى، "ئابلاجان" نانلىرى ۋە "ئىدرىس" قايماقلىرى بىلەن رىقابەت بەيگىسىدە زەپەر بويىنى كۆرسەتسە ، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر شىپاخانىسى زەربدارلىقىدىكى ئۇيغۇر تېبابىتى ئۆزىنىڭ دورىگەرلىك ، داۋالاش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ھەممە تارماقلىرى بويىچە ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ ، خۇددى " موڭغۇل تېبابىتى" ۋە زاڭزۇ تېبابىتى" دېگەنگە ئوخشاشلا ، ئۆزىنىڭ جۇڭخۇا تېبابىتى سورۇنىدىكى ئورنىنى " ئۇيغۇر تېبابىتى" دېگەن ئالتۇن نام بىلەن يازدۇرۇش ئۇچۇن بوشاشماي كۈرەش قىلماقتا . ئۇيغۇر تىجارىتىمۇ ، بۇرۇنقى يەككە تىجارەت ۋە كىچىك يايمىچىلىق، چەرچەنچىلىكتىن ، " ئىزچىلار " سودا چەكلىك شىركىتى ، " ئىسمايىل" ئۈزۈم پادىشاھى چەكلىك شىركىتى ، دېگەندەك شىركەتلىشىشكە ، تەنھا شىركەتلىشىشتىن ،شىركەتلەر گورۇھى گەۋدىسى ھاسىل قىلىشقا ، تەرەققىي قىلىپ ، ئىشىسىز ۋە ئاشسىز قالغان قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىنى ئۆزلىرى سىلىيالىغۇدەك كۆلەم ۋە دەرەم شەكىللەندۇرۇش ئۇچۇن چېلىشماقتا ۋە ئېلىشماقتا .

...مانا بۇلار ئۇيغۇر تىل-يېزىقى يادرولۇقىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تومۇرىدا مەھمۇد كاشغەرىي ، ئەلىشىر نەۋائىي كەبىي ئەجدادلارىنىڭ قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان باش ئەگمەس ، بويى بەرمەس ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بوشاشماستىن كۆرۈش قىلىشى ئارقىسىدا ، تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ھەرئامال بىلەن يۇقۇرى كۆتۈرۈپ ، ئالغا سىلجىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئاياىنچلىق مىساللىرى ، خالاس ، دېمەكچىمەنكى ، تەتقىقەت رېئاللىقنى ئېتىبارغا ئېلىشى ، " بىرنى بىر دېگۈلۈك " دېگەن ئۇيغۇر سەممىيتى بىلەن ئەمەلىيەتنى لىللا ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى لازىم ، ئەلۋەتتە .

ئۇچىنچى ، ۋاڭ جېنبېن ۋە ئابلا ئەمەت يولداشلار يازغان " شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان قوش تىللىق ئوقۇ – ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتلار" ( بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2000-يىل نەشرى) ناملىق خەنزۇچە خاس ئەسەر، بۇ ئەسەر مەزكۇر تېمىدىكى تۇنجى خاس ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ ، مۇبارەك بولسۇن! شۇنداقلا ، ئەسەرنىڭ بىرىنچىسى بابىدا بېرىلگەن " شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل-يېزىق ئەھۋالى" ، " پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىزچىل ھالدا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە" قاتارلىق پاراگرافلاردا ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالى ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل – يېزىق قوللىنىش مەسىلىسىگە قارىتىپ چىقارغان قانۇن ، سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلىرى ھۆججەتلىك مول نەقىللەر بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ ، بۇلار تولىمۇ مۇھىم بولغان ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە .

بىراق ، " شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇچە ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ تارىخىدىن ئەسلىمە" ، " جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ رايوندا ئازسانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا – باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزىلەر" ، " شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇچە ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ ھازىرقى ئەھۋال ۋە چارە -تەدبىرلەر" ، " خەنزۇچە ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە رولى ۋە ئەقلىي تەربىيە رولى"، "

خەنزۇچە ئوقۇ-ئوقۇتۇشتا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوبيېكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك " ، " تىل ئىقتىدارىغا تالىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش " ، "خەنزۇچە ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ جەريانىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە"،"سىناق ئىلىش"،"خەنزۇچە دەرسلىك ماتېرىيالىنىڭ يېزىلىشى"،"خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەربىيلىنىشى ۋە تەتقىقات خىزمىتى "،"چەت ئەل تىلى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى ئېقىملارھەققىدە ئومۇمىي بايان" بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى باپتىن تەشكىل تاپقان مەزكۇر "شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتلار " ناملىق بۇ كىتاپتا ، ئەمەلىيەتتە قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئەمەس بەلكى يەك تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ، يەنى خەنزۇچە ئوقۇ-ئوقۇتۇشلا سۆزلەنگەن . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، مەزكۇر كىتاپ شىنجاڭدىكى خەنزۇ بولمىغان مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇ تىلى ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى ۋە تەتقىقاتىنىلا بايان قىلغان . شۇڭا ، بۇ كىتاپنىڭ قايتا نەشرىدە كىتاپ ئىسمىنى " شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتلار" قىلىپ ئۆزگەرتكەن تۈزۈك . پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، كىتاپنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق ، يەنى كىتاپ ماۋزۇسى بىلەن ئىچىدىكى بايان قىلىنغان مەزمۇن مۇۋاپىق بولىدۇكى ، بۇنى خەنزۇچىدا ،(نامى يوللۇق بولغاندىلا ، گەپ ئاقىدۇ) دەيدۇ!

بۇ يەردە ، كۆڭۈل بۆلۈپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشىمىزگە ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مەسىلە شۇكى ، شىنجاڭدا ئۇزۇن يىللار تىل-يېزىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىلىم ئەھلىلىرىمىز يازغان نوپۇزلۇق خاس ئەسەردە ، " قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش" ئەمەلىيەتتىكى " خەنزۇ تىلى ئوقۇ-ئوقۇتۇشى" دەپ قارالغان . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، مەزكۇر كىتاپنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە ئاپتورلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنچە ئالىملىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ، " قوش تىللىق ئوقۇ – ئوقۇتۇش " ۋە قوش تىللىق مائارىپ" دېگەن گەپ ئەمەلىيەتتە " خەنزۇچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش "ۋە "خەنزۇ تىلى مائارىپى " دېگەن بولىدىكەن . ئەمدى ، بۇ چۈشەنچە بىلەن " جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپ ئاساسلىقى خەنزۇ تىلى (جۇڭگو مىللەتلەر ئاراتىلى)بىلەن ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپتۇر" ( قاراڭ : " 20 – ئەسىر جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلىرى ۋە مائارىپ " ،337-بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى2002-يىل نەشرى)،"قوش تىللىق مائارىپ جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا يولغا قويۇلغان ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرى ۋە خەنزۇ تىلدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپتۇر" (قاراڭ: يۇقۇرىدىكى ئەسەر 342-بەت) دېگەن چۈشەنچىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك ، ئوتتۇرىدىكى پەرق نېمەدېگەن زور –ھە؟! دېمەكچىمەنكى ، مانا بۇنىڭدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ياكى قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيە جەھەتتىن مەملىكەتمىز مىقياسىدىكى ئومۇمىيەتلىك تەتقىقاتلاردىنمۇ ، نۇقتىلىق تەتقىقاتلاردىنمۇ نەقەدەر تۆۋەن تۇرىدىغانلىقى ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى ، بىز جەزمەن ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقاتى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تۈزىتىپ ، تەتقىقات سەۋىيىمىزنى مەملىكەتىمىزدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات ۋە نۇقتىلىق تەتقىقات سەۋىيىسىگە چوقۇم يەتكۈزىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشىمىز كېرەك ، شۇنداق بولغاندىلا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قوش تىللىق مائارىپىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئىقبال تامان گۈلدەك ئېچىلىدۇ .

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ، يۇقۇرىدىكى پاكىتلىق بايانلار سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشلار ۋە ئۆگىنىشلەردىن يەكۈن چىقىرىپ ئېيتالايمىزكى ، قوش تىللىق مائارىپ ياكى قوش تىللىق

ئوقۇ-ئوقۇتۇش دېگىنىمىز ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوخشاش قىممەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپ ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ ، قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ھەرگىزمۇ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە يوقىتىش ئەمەس ، بەلكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقلىرىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ، خەنزۇ تىلى بىلەنمۇ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىپ ، ئازسانلىق مىللەتلەر زىيالىيلىرىنى " ئانا تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوخشاشلا ماھىر " قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت . ھالبۇكى ، قوش تىللىق مائارىپتا، ئازسانلىق مىللەتلەر تىل – يېزىقلىرى بويىچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوقۇ – ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشتا تەڭ قىممەتتە ئوخشاش ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئاندىن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ . ئەڭ مۇھىمى ، قوش تىللىق مائارىپ پەقەت ئازسانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالدىنقى شەرتىگە كاپالەتلىك قىلىنغاندىلا ، ئاندىن ئۇ "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى"دا بەلگىلەنگەن " جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل – يېزىقنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە " دېگەن قانۇنىي بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ئىش بولىدۇ . بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئەگەر ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقلىرى ھەرقانداق باھانە ۋە سەۋەپ بىلەن چەكلەنسە ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا ، بۇ ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىنغان خاتا ئىش بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ سەممىيەت بىلەن ئېيتىمىزكى، بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا " ئالىي مەكتەپ، ئىنىستىتوت ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ، پەۋقۇلئاددە كەسپلەردىن باشقا بارلىق كەسپلەردە خەنزۇ تىلى بىلەن ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلى بېرىشنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك" دېگەن پىكىر بويىچە يولغا قويۇلغان، ئەمەلىيەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل-يېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەدبىرى "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى" دا بەلگىلەنگەن " ئازسانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل – يېزىقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە " دېگەن قانۇنىي بەلگىلىمىگە ئېنىق ھالدا خىلاپلىق قىلىنغان خاتا تەدبىردۇر . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئىمكان بار بالدۇرراق تۈزىتىلىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايمىز. چۈنكى ، بىر مىللەتنىڭ تىل-يېزىقى ئالىي مائارىپتا قوللىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى دېگەنلىك ، ئەمەلىيەتتە ئۇ مىللەتنىڭ تىل-يېزىقى تەرەققىي قىلىش ئىمكانىدىن مەھرۇم قىلىندى دېگەنلىك بولىدۇ . پاكىت شۇكى ، بۈگۈنكى دۇنيادا ھەقىقىي تەرەققىيات پەقەت ئالىي مائارىپ ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ ، ئەلۋەتتە، ھالبۇكى ، بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز ئانا تىلىمىزنىڭ يادرولۇقىدا شەكىللەنگەن ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى ، تىجارىتى ، ساناتى ۋە ئەدەبىيات –سەنئىتى ... قاتارلىق كۆپ شاخچىلار بىلەن ئىپادىلەنگەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمىزنىڭ جۇڭخۇا ئېلىدىكى زاڭ، موڭغۇل، ۋە چاۋشيەن قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا ئالىي مائارىپ سورۇنىدا ئۆز تىل – يېزىقىمىز بىلەنمۇ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش ، شۇ ئارقىلىق ھەقىقىي يۈسۈندىكى تەرەققىي قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشنى جانۇكۆڭۈلدىن خالايمىز.

يەنە شۇنداق قارايمىزكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ، ئەمەلىيەتتىكى ئۇيغۇر تىل – يېزىقنى مائارىپ سورۇنىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت خاتا تەدبىرنى يولغا قويۇشنىڭ ھەقىقىي جاۋاپكارى بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز ئەمەس ، بەلكى بىز زىيالىيلار ، خۇسۇسەن ، بىز تىل – يېزىق خىزمىتى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زىيالىيلار بولۇشىمىز كېرەك . چۈنكى ئەگەر بىز تىل – يېزىق

خادىملىرى تەتقىقاتنى ياخشى قىلىپ ، مەملىكىتىمىزدە يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئەمىلىيەتتە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقلىرىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا ، خەنزۇ تىلى مائارىپىنىمۇ ماس قەدەمدە كۈچەيتىپ ، ئازسانلىق مىللەتلەر زىيالىيلىرىنى ھەم ئۆز ئانا تىلىنى ھەم خەنزۇ تىلىنى ئوخشاشلا سۇدەك بىلىدىغان ۋە ماھارەت بىلەن قوللىنالايدىغان قوش تىل ئەھلى (زۇل-لىسانەين) قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئاقىلانە ياخشى مائارىپ ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتنى بىلەن ، دەسلەپ ئۆزىمىز ياخشى چۈشىنىپ ، ئاندىن ئۇنى باشلىقلىرىمىزغىمۇ ئوبدان چۈشەندۈرەلىگەن بولساق ، بەلكىم رەھبەرلىرىمىز ئۇنداق خاتا پەرمان چۈشۈرۈپ تاشلىمىغان بولاتتى ۋە بىزمۇ بۈگۈنكى بۇ بەجايىكى ئانا تىلنىڭ چەكلىنىشىدەك راھەتسىز ۋە ئەندىشىلىك ئېغىر ۋەزىيەتكە قالمىغان بولاتتۇق .

-خەيرىيەت! "قوتاندىن بىر قوي قاچقاندىن كېيىن تۈزەتسەڭمۇ كېچىككەن بولمايسەن"دەيدۇ ئۇيغۇر بوۋايلار ، ھېلىھەم بولسىمۇ دەرھال ئۆزىمىزگە كېلىپ ھېلىقىدەك بىھۇدە ، تاپا -تەنىلىك ۋايساشلارنى قويۇپ ، تەتقىقاتنى ۋىجدانەن ياخشى ئېلىپ بارساق ، يەنى قانۇن -سىياسەتلەرنى خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمان ئارزۇسىنىمۇ ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ گۈزەل كېلەچەك يارىتاشقاتىغان قەتئىي ئىرادىسىنىمۇ ياخشى تەتقىق قىلساق ، تەتقىقات بىلەن ئەمەلىيەتنى چەمبەرچەس بىرلەشتۈرۈپ ، رىقابەت ئىچىدە دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرلىسەك ، بۇ ھالدا ، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ ئالىي مائارىپ مۇنبىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل مەدەنىيەت سورۇنىدىكى ھەقلىق ئورنىنى جەزمەن قوغداپ قالالايمىز ۋە ئۇنى ھەقلىق رەۋىشتىكى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا يۈزلەندۈرەلەيمىز.

بىز ئۇيغۇرلار كومپارتىيىنىڭ ئادالىتىدىن ھېچقاچان شەكلەنگەن ئەمەسمىز . ئەللىك ئۈچ يىللىق شانلىق مۇساپىلىك يولدا ، گاھى-گاھى يولغا قويۇلۇپ قالغان خاتا سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى كومپارتىيىنىڭ ھەمىشە ۋاقتى - ۋاقتىدا تۈزىتىپ كەلگەنلىكىنى ئوبدان بىلىمىز . ھالبۇكى بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن يولغا قويۇلۇپ قالغان مەزكۇر ئۇيغۇر تىل-يېزىقنى ئالىي مائارىپ سورۇنىدا ئىشلىتىشتىن قالدۇرۇشتەك تەدبىرنىمۇ جەزمەن ۋاقتىدا تۈزىتىپ بېرىدۇ . دەپ يۈزدە يۈز ئىشىنىمىز!

## خاتىمە

دەرۋەقە ، بىزدە قانۇندىن تولاراق سىياسەت بويىچە ئىش بېجىرىلىدۇ . يەرلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن ھۆججەت قىلىپ چۈشۈرۈلگەن بىر قارارنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان قانۇن ماددىلىرىغا ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش گوياكى پۈقرالارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەستەك كۆرۈلىدۇ ۋە كۆرستىلىدۇ.

بىراق باش شۇجى جياڭ زېمىن يېقىندا : "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن خەزىنىسى" دېگەن كىتاپقا يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزىدە " دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش " دېگەن ستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن . داھىمىزنىڭ بۇ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ تەلىماتىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بولغاچقا بۇ ئەسەرنى يېزىپ ، خەلقنىڭ ئوچۇق مۇھاكىمىسىگە قويۇشقا جۈرئەت قىلدۇق .

ئەگەر دېگەنلىرىمىز توغرا بولسا ، ئاۋاز قوشۇشقا مۇشەررەپ بولساق ، ناۋادە خاتا دەپ تاشلىغان

بولساق تەنقىدكە مۇيەسسەر بولساق . بۇ ھەر ئىككى ئەھۋالدا ئەل خۇمار قولىمىز خەلق سۆيەر كۆكسىمىزدە . مانا بۇ بىزنىڭكى كۆڭۈلدىكى سۆزىمىز . تەبئىيكى ، بۇنىڭغا جاۋاپكار ۋىجدانىمىز ئۆزىمىز!.

2002-يىل 5- نويابىر شەھرى بېيجىڭ

ئاپتور : مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ، شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى: 2002-يىللىق 6-سان

بۇ ماقالە ۋەتەندىكى Bilik.cn تور بەتىنىڭ تۆۋەندىكى سەھىپىسىدىن ئېلىنىپ، ULY غا ئۆزگەرتىلدى:

http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=5359

# «قوش تىللىق مائارىپ» قا ئائىت يازمىلارغا چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار

ئىلاۋە: مەن ھازىرغىچە تەييارلاپ، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تورلاردا ئېلان قىلغان ماقالىلەرنىڭ ئىچىدە دىنغا ئائىت ماقالىلەردىن قالسا «قوش تىللىق مائارىپ» ھەققىدىكى ماقالىلەرگە چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولدى. ئەمما، ھازىرقىدەك ۋاقىتتا كەلگەندە ئۇ ئىنكاسلارنى لازىم قىلىپ قالىدىغانلىقىمنى ئالدىن پەرەز قىلمىغان بولغاچقا، مەن ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئىنكاسلارنى تولۇق ساقلاپ قويماپتىمەن. شۇڭلاشقا مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرىغا پەقەت ئۆزۈم ساقلاپ قويغان ئىنكاسلارنىلا كىرگۈزۈپ قويدۇم. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆپۈنچە ئىنكاسلارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ يېزىپ قويمىغان بولغاچقا، بىر قىسىم ئىنكاسلارنى ئىگىسىز كىرگۈزۈشكە مەجبۇرى بولۇپ قالدىم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(1) ئاتالمىش قوش تىللىق مائارىپ، قوش تىللىق ئوقۇتۇشنىڭ ئۇيغۇر بالىلىرىغا ئەكەلگەن زىيىنىنى، يەنى تەپەككۇر توسالغۇسى، پسىخىك توسالغۇ، فىزئولوگىيىلىك توسالغۇ ... قاتارلىقلارنى مانا مەن ئەمەلىي كۆرۈپ ھېس قىلغانىمەن. پۈتۈنلەي خەنزۇچە چىقىرىلغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ئىمتىھان سوئالىغا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئىمتىھان ۋاقتىنى توشقۇزىۋەتكەن سەبىيلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىك، بىزارلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراشقا چىدىيالماي، قاتتىق ئازابلانغان ئىدىم. ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھەممە مەكتەپلەردە دېگۈدەك قوش تىل سىنىپلىرى بولۇپ، بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى قوش تىل سىنىپلىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلىدىن تۈزۈك ساۋاتى چىقماسلىق، بىر قىسىم جايلاردا ھەتتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىمۇ خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشنى تەلەپ قىلىشتەك ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىكلەر؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىللىق ۋە مەۋسۇملۇق نەتىجىسىدە ئىلگىرىكى بىر سىنىپتا بىر قانچە ئوقۇغۇچى لاياقەتسىز بولىدىغان ھالەتنىڭ دەل ئەكسىچە بىر سىنىپتا ئاران بىر قانچە ئوقۇغۇچىلار لاياقەتلىك بولالايدىغان ھالەتلەر؛ بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئىي پەنلەرنى ئانا تىلدا ئۆگىنىش ھوقۇقى ۋە پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇشى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان تەپەككۇر كەمتۈكلۈكى (يەنى تەبىئىي پەنلەرگە دائىر ئانا تىلدىكى تەپەككۇرنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇشى)؛ ئوقۇغۇچىلاردىكى پسىخىك ۋە جىسمانىي ساغلاملىق مەسىلىلىرى، يەنى مەكتەپتىن بىزار بولۇش، مەكتەپتىن قېچىش، ئىشتىھاسىزلىق، روھسىزلىق، جۇغى كىچىك، بەدىنى ئاجىز بولۇش ... قاتارلىق بىر قاتار ئىنتايىن ئېغىر، چىداپ تۇرغۇسىز، تەخىرسىز مەسىلىلەر ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىماقتا! بۇ ئېنىقكى بىر خاتا يۆنىلىش! قېنى دۇنيادا قايسى تەرەققىي قىلغان، ئىلغار مىللەت ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى خەقنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغان؟ بىز ئۇيغۇرلار شۇنچە ئاجىز، شۇنچە قورقۇنچاق بولۇپ كەتكەندىمىزمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشتا كەڭ جامائەت پىكرى ھاسىل قىلالمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن

بەلگىلىك ساندىكى ئادەملىرىمىز يىغىلىپ، بىرلىشىپ ئىلمى ئاساسلىرىمىز بىلەن يوللۇق تەلەپلىرىمىزنى قويالمايمىز؟

(2) ئەسلى بۇرۇن ياخشى ئىدى. باشلانغۇچ 3- يىللىقتا چىققاندا ئۆگۈتىلەتتى. ھازىر بىر قىسىم رەھبەرلەر مىليۇنلىغان سەبى بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى ئۆزىنىڭ ئۆسۈشتىكى پەشتىقى قىلىۋالدى. ئەركىن سىدىق ئەپەندى دىگەندەك ئالدى بىلەن تەتقىق قىلىپ بىقىش كىرەك ئىدى. پەقەت ئىككى ئۈچ يىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ،خەنزۇ سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر بالىلارنىڭ خەنزۇچىنى چۈشۈلداپ سوزلىگىنىگە قاراپلا يولغا قويىۋەتتى. بىزگە قانچىلىك زىيىنى بولىدىغانلىغىنى پەقەت 20 يىلدىن كېيىن خەنزۇچە سوزلىيەلەيدىغان نۇرغۇنلىغان قارا ئىشلەمچىلەر مەيدانغا كەلگەندە ئاندىن بىلىپ يىتىمىز.

(3) بىزنىڭ مەكتەپتە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى،، بىز زامانلاردە ھەدەپ تەشۋىق قىلغان ئىدۇق ئۇقۇتقۇچىلارنىمۇ ئۇقۇتۇپ كېلىپ دىگەندەك ، شۇ ئۇقۇتقۇچىلار ھازىر مائارىپتىن چىقىپ كېتىپ باشقا ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، لېكىن باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئاساسەن ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنى خەنزۇ مەكتەپكىلا بېرىۋاتىدۇ، قوش تىللىق ئۇقۇتۇشى باشلانغۇچتا بولمىسا ئۇمۇملىشىپ ماڭغان، ئەمما ئاتا- ئانىلار ئىلگىرلەش بولمايدىكەن ياكى ئۇنى ياكى بۇنى بىلىپ ماڭمايدىكەن ، ئۇنىڭدىن خەنزۇچىغىلا بەرسەك بولغۇدەك دەپ، بالىلىرنى قايتىدىن چىقىرۋېلىپ خەنزۇ سىنىپلارغا بېرىۋاتىدۇ،، ناھىيمىزنىڭ مىللى ئۇقۇتۇشى يەنە بىر نەچچە يىلدىن كيىن قانداقراق بۇلاركىن ئەمدى؟

(4) ئىنتايىن ئىسىل تىما!!! ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ قولىغا دەرت كەلمىسۇن~~سىزگىمۇ رەھمەت ياۋۇز ئەپەندىم. دىمىسىمۇ ئانا تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا ھەربىر ئاتا -ئانا بولغۇچىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىتى بار.بالىنى تۇغۇپ قويغانلا ھىساپ ئەمەس،مۇھىمى ئۇنىڭغا ئەڭ توغرا بولغان ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆگۈتۈش~~قارىغۇلارچە بالىڭىزنى خاتا يولغا ماڭدۇرسىڭىز سىز گۇناھكار بولىسىز!~~ھەر بىر ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ ئولتۇرۇپ بالىسى ئۈستىدە ياخشىراق تاللاش ئېپ بېرىشىنى ئۈمۈد قىلىمەن.

(5) تىلنىڭ مىللەتنىڭ يۇقىلىشى دۇنيادا رېئال مەسىلە دۆلتىمىزدىكى مىللەت ۋە تىلنىڭ يۇقىلىشى ئىنىق ئىپادىلەنگەن مىللەت مانجۇ خىرىسقا ئۇچراۋاتقان مىللەت بىز ،ھەممىز بىلىمىز ئانىنىڭ بالا تەربىيلەشتە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنىنى لىكىن ئانىمۇ بالىنىڭ كەلگۈسى ۋە ئۇنىڭ جەمىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقۇرى بۇلىشىنى ئويلايدۇ ،بۇلۇپمۇ ھازىرقى ۋەزىيەتتە قانداق قىلغاندا شۇنداق ياخشى تۇرمۇشقا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولغىلى بۇلىدۇ بەلكىم ھەممىز بىلمىنى ياخشى ئىگەنلىگەندە دىيىشىڭلار مومكىن ،بىلمىنى قانداق قىلغاندا قايسى تىلنى ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقنى ئىسپاتلىغىلى ۋە جەمىيەتتە مەلۇم ئورۇننى ئىگەللىگىنى بۇلىدۇ ،كۆزۈمىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ دىيەلەيمىز ھەم دىگۈزىدۇ خەنزۇ تىلنى بىلگەندە ئاندىن ئاتا -ئانىنىڭ كۈتكەن ئۈمۈدى ئەمەلگە ئاشىدۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ئانىمۇ ئىككىلەنمەي شۇ تىلدا ياخشى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ،'ئائىلە تەربىيسى ئارقىلىق تىلىمىزنى ساقلايمىز دىسەك بۇ مومكىن بولمايدىغان بىر ئىش،پەقەت ئائىلە تەربىيسى ئارقىلىق ياخشىلىغىلى

بۇلىدىغان بولسا بىز بۇنداق كۆڭگە قالمايتۇق دىسەم گەپ جىق خاتالىشىپ قالماي

(6) نىمە دىسەم بولا ئەگەر مىللىتىمىزدىن ئاشۇنداق ئۆز مىللىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار 60% بولىسدى . بونداق ئاقىۋەت بولمايتى . بۇنداق بولۇشدا يەنىلا مىللەتنىڭ نادانلىقى مۇھىم ئامىل ھسابلىنىدۇ. بىز ھازىر ياخشى كۆن كۆرۈشنى ئويلاپلا مىللىي غورور دىگەن ئەڭ موققەددەس نەرسىمىزنى يوقىتىپ قويدۇق بۇ بىر -ئىككى ئادەمنىڭ قولىدىن كىلىدىغان ئىش ئەمەس . بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە تىرشىش كىرەك . بۇنداق كىتىۋەسە تارىختا شانلىق تۆھپىلەرنى ياراتقان ئۇلۇغ بىر مىللەت پەقەت تارىخى كىتابدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالىدۇ.

(7) مۇشۇ ئەسىرنىڭ مەزمۇندىن قارساقمۇ رايونىمىزدا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قوش تىللىق مائارىپىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەقسىتىنىڭ قوش تىللىق، پايدىلىق مائارىپمۇ ياكى خوش تىللىقمۇ پىكرى ئۈچۈق كىشلەر ھىس قىلىپ يەتتى..... مىللىي ئۆزلۈك تەرەققىياتىغا ھەققى كۆڭۈل بۆلىدىغانلار كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن بولسا ئىدى،'ئىشلار....

كۆپلىگەن قېرىنداشلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىلا ،ياخشلار تېخمۇ ياخشى بولۇشنىڭلا كويىدا،تىلىمىزنى قانداق قوغداش 'ئۆزلۈكىمىزنى قوغداش دېگەنلەر ئويلاش بىر ئوشۇقچە ئىشتەك ھالەتكە كەلدى،بىراق بىزمۇ شۇنىلا ئويلاشقىلا كۆندۈرۈلگەندەك قىلىمىز،

بەلكىم بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت-ئەنئەنىسنى،تارىخنى چولتا ياكى باشقىچە بىلشتىن كېلىپ چىققان مىللىي ئۆزلۈك ۋە غۇرۇر ئېڭى سۇسلاشقان مانقۇرتلۇقنىڭ ئالامىتى ياكى نەتىجسى بولسا كېرەك..... ئاغرىنغان بىلەنلا بۇلمايدۇ ئەلۋەتتە،چوقۇم تىلىمىزنى،'ئۆزلۈكىمىزنى قوغداشنى ئۆزىمىزدىن باشلاش زۆرۈر

كۆڭلۈم شۇنداق بىر قىسما بولۇۋاتىدۇ. ئاللا مىللىتىمىزنى ،'ئۆزلۈكىمىزنى ،تىلىمىزنى ئوزۇڭ ساقلىغايسەن. ئەركىن سىدىق ئاكىنىڭ بىز ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى يوللاپ تۇرغىنىغا كۆپ تەشەككۈر.

(8) پىكرىڭلىنى كۈچلۈك قوللايمەن. ئائىلە تەربىيسى ئەلۋەتتە ئادەمنى قانداق ئادەم قىلشتا رولى چوڭ بۇلىدۇ.....بىراق يۇقارقى ئارزۇنىڭ پىكرىنىڭ تىللنى قوغداش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش بىلەن بىۋستە ماھىتەتلىك باغلىنشنى چوڭ ئەمەس......ئەگەر شۇ ئائىلە تەربىيەسگە مىللى ئوزلۈك غورۇرنى ،'ئوز مىللىتىنىڭ ھەققى تارىخ مەدەنيەت تەربىيسنى بىركتۇرۇلسە ئۇنۇمى تىخمۇ ياخشى بۇلىدۇ ....دەپ قوشۇلغان بۇلسا باغلىنشنى كۇرۇش مومكىن ئىدى...بىراق مۇنداق ئائىلە تەربىيەدىكى ئائىلەر قانچىلىك .............قىسقىسى مىللى ئاڭ بۇلمىغان مىللەتكە قالغىنى قورۇق سۇز بۇپ قالىدۇ . ھىلى ھەممۇ ئوز تىلىمىزنىڭ شلىتىش دائىرسى ۋە قىممىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ تۆۋەنلەپ كەتتى....

ئەسلىدە بۇ دەسلىپدىلا كەڭ دائىردە ئىنكار قىلىنغان بۇلسا ئۇنۇمى بۇلاتتى، ئەمدى بۇ مائارىپنى باشلاپ ئەمىلەشتۇرۇپ بۇلدى..........كىينكىلەر قانداقمۇ بۇپ كىتەر......باللارغا ئاپا دەپ تىل چىقماي ماما دەپ تىل چىقىردىغان ھالەتكە كەپ قالارمىزمۇ...............ئۇلارنىڭ ئومۇدىغۇ شۇ........كىشى قايسى يولغا باشلىسا شۇنىڭغا ماڭىدىغان ھالەتكە باشچىلاپ چۇككەندەك قىلىمىز.

(9) بۇ ھەقىقەتەن ياخشى تىما كەن!!!!! بۇ تىمىنى تۈگەتكىچە قەلبىم بىر قانچە قېتىم لەرزگە كەلدى،،، مەن جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى شەھرىدە ئىشلەيمەن،،،مىنىڭ خوجايىنىم بولسا تۈركىيەلىك،،،چىن (جۇڭگو) غا كەلگىلى 6-7 يىل بوپتۇ، ئىككى بالىسى بار.. ئىككىنجى بالىسى چىندە تۇغۇلغان ،3يېرىم ياشقا كىردى،،،بالىسىنى بىر خەنزۇ ئايال باقىدۇ،، بالىسى ھازىرغا قەدەر يا تۈركچىنى يا خەنزۇچىنى راۋان سۆزلىيەلمەيدۇ..بىر ئېغىز تۈركچە بىر ئېغىز خەنزۇچە،،يە چۈشەنگىلى بولمىغان دەپ خوجايىنىمۇ ناھايىتى خاپا. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ناھايىتى خەتەرلىك .

(10) مەن مانا ئىچكىردە ئوقۇۋاتقىنىمغا تۆت يىل بولاي دىدى.....قوش تىلنىڭ زىيىنىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى قىزغىن سۆيىدىغان مەندەك بىر قېرىندىشىڭلارمۇ ھېس قىلدى....تولۇق ئوتتوردا ئۇيغۇرتىلىدا ئوقۇپ تۇرۇپمۇ ھازىر بەزى گەپ سۆزلىرىمنى ئۇيغۇرچىدا تاپالماي قىينىلىپ خەنزۇچىلا دەۋىتىمەن،،، ....مەن چېغىمدا تىل بايلىقىمنى خۇرۇتۇپ قويدۇم....ئەگەر ئاشۇ بالىلار ئۇيغۇرچىنى تۈزۈك بىلمەي ،كىيىن گاچىدەك سۆزلەپ يۈرسە بۇنىڭ ئامالىنى كىم قىلىدۇ؟؟؟ تۆۋەندىكىسى مەن ئۇچرىغان بىر قىسىم ئەھۋاللار:

تولۇق ئوتتۇردىكى سىنىپ مەسئۇلۇم كىچىك ئوغلىنى مەجبۇرىي خەنزۇ مەكتەپكە بەردى،بالىسى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي ،بىر سۇڭلۇق رەسىمگىلارنى چاپلاپ كېلىڭلار دىسە،مالىم رەسىم سىزىپ كېلىڭلار دىدى دەپ كەلگەن...ئوقۇتقۇچۇم ئەتىسى ئەسلى تاپشۇرۇقنى بالىسىنىڭ خاتا چۈشىنىپ كەلەەنلىكىنى بىلىپ بالىسىنى ئەيىپلەپ كېتىپتىكەن،،،'ئوغلى نىمە دەپتۇ دەڭلار :" ئەگەر سەن مېنى خەنزۇ قىلىپ تۇغۇپ قويغان بولساڭ ،ھەممىنى بىلەتتىم"دەپ يىغلاپ كېتىپتىكەن،'ئوقۇتقۇچۇم بالىسغا ئىچى ئاغرىپ شۇ كۈنىلا ئۇيغۇرچە مەكتەپكە يۆتكىۋەتتى....

تەتىلدە ھويلىدا كىتاپ كۆرۈپ ئولتۇرسام مەھەللىمىزدىكى ئەمدى بىرىنجى يىللىقنى پۈتتۈرگەن ئوماق ئۇكىلىرىمدىن بىر نەچچىسى چۇرقىرىشىپ كىرىپ كەلدى،'ئارىدىن بىرسى:"ئاچا،سىز خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟ ئاپام دادام خەنزۇچە بىلمەيدىكەن،،، ھەممىمىز تەتىل تاپشۇرۇقىمىزنى ئىشلىيەلمىدۇق،چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز "دەيدۇ...مەن ئۇلارنى ئەركىلىتىپ "ھەممىڭلار خەنزۇچە سىنىپتا ئوقۇمسىلەر ؟"دىسەم ھەممىسى "ياق! ئۇيغۇرچىدە ئوقۇيمىز" دىدى...ھەيران بولۇپ تاپشۇرۇقنى ئېچىپ قارىسام خەنزۇ مەكتەپ باشلانغۇچ1-يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ماتىماتىكا تەتىل تاپشۇرقى ئىكەن...."ۋوي،نىمشقا ئۇيغۇرچىنى بەرمىدى ؟ بۇ خەنزۇچىنى بىلمەمسىلەر ؟"دىسەم ،"شۇ،مۇئەللىم تارقىتىپ بەرگەن ،تەتىل توشقاندا يىغاتتى،،

داۋامىنى ئەتە يازايچۇ؟كومپيۇتېرنىڭ توكى تۈگەپ قالدى

(11) بىزگە ئائىلە تەربىيىسىنى بىرۋاتقان ئاتا-ئانىمىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى قانچىلىك ؟بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزغا قانچىلىك بىلىم بىرىپ كىلىۋاتىدۇ؟بىزنىڭ مىللەت ئىچىدە قانچىلىك ئادەم ساۋاتلىق ،قانچىلىك ئادەم ئۆزىمىزنىڭ مەدىنىيىتىنى بىزلەرگە چۈشەندۇرۇپ بىرەلەيدۇ؟ ئازراق ئوقۇمۇشلۇق ئادە چوڭ بولغاندىن باللاردىن باشقا باللار ئائىلىدە ئائىلە تەربىيىسى قانچىلىك بولماقچى ،بەلكىم سىز جەنۇپلارغا بارغانسىز ئۇيەردىكى بىزنىڭ ئاق كۆڭۈل مىللىتىمىز پۇخرالىرى قانچىلىق بىلىم قۇرۇلمىدا ، شۇ ئاتا ئانىلار باللارغا قانچىلىك ئائىلە تەربىيىسى بىرۋاتىدۇ؟مەكتەپلەرچۇ؟

سىزچە ئائىلە تەربىيىسىدە ساقلاپ قالغىلى بولمىسا، قايسىمىز قايسى ئۇسۇلدا؟ كىم ئارقىلىق ھازىرقى

دەۋرىمىزدىكى ياشلىرىمىزغا ئانا تىلىمىزنى قوغداشنى يېزىقىمىزنى ساقلاپ قىلىشقا چاقىرىمىز. ئاددى بىر مىسال شەھەردىكى بىلىملىك بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان بالا بىلەن چەت يىراق يېزىدىكى ئاددى ساتتا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئىككى بالىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. باشقىنى ئەمەس ئائىلە تەربىيىسىنى سېلىشتۇرۇڭ. بىزنىڭ ئائىلە تەربىيە ياخشى بولغان بولسا بىز مۇشۇ كۈنگە قالمايتۇق. يەنە ئەبلە تەربىيە كىچىكىدىكەن بىزنىڭ كىيىن مىللەت ،تىل، يېزىقتىن ئىغىز ئىچىش پەقەت مۇشۇ توردىلا قالدۇ خالاس.

(12) شۇنداق ، بىز تارىخ بېتىدا قېپ قالغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى. شۇ تارىخ بېتىدىلا قېپ قالغانلا بولماستىن بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇ بۇرجىكىمىزدىنمۇ مانا مۇشۇنداق ئاستا - ئاستا يۇمشاق ، يامانلارنىڭ تەسرىدە يوقاپ كەتكىلىۋاتىمىز، بۇ دەلىبىزنىڭ بۇگۈنىمىز،تۈنۈگۈنىمىز.... ھەقىقەت.بۇھەقىقەت ھازىر قايسى دەرىجىگە بېرىپ يېتىۋاتىدۇ؟ بىلىم ، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش يەنى ئەركىن سىدىق ئەپەندى تەكىتلەپ ئۆتكەندەك توغرا ئۇسۇلدا ئۆگىنىش ، ئۆز ئۆزىنى مۇستەھكەملەش ئارقىلىق بۇ خىل نامۇۋاپىق بولغان قوش تىللىق مائارىپنىڭ يامان تەسرىدىن ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئوخشۇلۇق ئۆتەلىشىگە ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئاتا - ئانا بولغۇچىلىرى بولغان بىزدە ئىنتايىن زور مەسئۇلىيەت ، مەجبۇرىيەت بارلىقىنى ھېس قىلىشىمىز كېرەك

(13) ھەي قوش تىللىق مائارىپ ھەي قوش تىللىق مائارىپ. سەن بىچارە خەلقنىڭ نادانلىشىپ نەقەدەر گاراڭ ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇرسەن. بىچارە خەلق سېنى ئىشلىتىپ ياخشى خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئېرىشىشنى ئويلاشتى، ئۇلار مۇشۇ يول ئارقىلىق تۇرمۇشنى ھازىرقىدىن تېخىمۇ ياخشى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. چۈنكى رادىئومۇ شۇنداق دەپ سۆزلەۋاتاتتى، تېلېۋىزورمۇ شۇنى سۆزلەۋاتاتتى. باشلىقلارمۇ شۇنداق دەۋاتاتتى.

ئەڭ ئادىل، ئادالەتلىك بولغان ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن مائارىپمۇ ئۇلارنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناۋاتاتتى. مۇشۇنداق تۇرسا يەنە خەلقتىن ئاغرىنىمىزما؟ ئۇلارغا ھەقنى بىلدۇرمەك تولىمۇ تەس. تىل كېسىلىدۇ... دىل كىسىلىدۇ... گېزى كەلسە باشمۇ ھەم... دۇنيادا بىرىگە سوپەتلىك نەرسە، بىرىگە ئاز نەرسە قىممەتلىك بولىدۇ. بىر يېرىم مىليادلىق چوڭ دۆلەتتە خىزمەت تاپالمايۋاتقان خەنزۇلارمۇ ساماندەك تۇرسا سىز ئۇ تىلنى ئۆگەنگەنگە خىزمەت تېپىلىپ قالارما. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ ئالدى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر تەرەققىي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىزنى يېتەكلەپ مېڭىپ تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تۇرسا ئۇلار ۋەدىسىنى ئورۇنلىماي سىزگە نۆۋەت كېلەرما؟

خەلقتە تاللاش يوق، بالىنى مەكتەپكە بەرمەي دېسە مەجبۇرى مائارىپ، بېرەي دېسە قوش تىللىق مائارىپ بويىندىن قىسىۋاتقان. ...ئانا تىلنى بىلمەي يات تىلغا باشچىلاپ كىرىپ كېتىۋاتقان ھەر بىر كىشى مىللەتنىڭ گۆرىنى بىر كەتمەن بىر كەتمەندىن قېزىۋاتقانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتى.

(14) ۋوي كەيننى يازىمەن دىسەم يوللىنىپ كەتتى ئۈستىدىكى يازمام...توغرا چۈشىنەرسىلەر..........تەتىل توشقاندا يىغاتتى تاپشۇرقىمىزنى ،شۇڭا بەزى يەرلىرىنى قالايمىقان ئىشلەپ قويدۇم،توغرا بولمىسىمۇ مەيلى ئەمدى،" شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى،بىلمەيمەن ئەمەس ،بۇ ئۇكىلىرىم سىنىپتىكى ئۆگىنىشى ئەڭ ياخشى بالىلار ئىدى،'ئەمدى تەتىل تاپشۇرۇقنى ئىشلىيەلمىسە؟؟؟؟شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۈرۈپ قويسام،ھەممىسى

بەس-بەستە چۇڭقۇلداپ بىردەمدىلا ئىشلەپ بولۇشتى...ئىچىم شۇنداق ئاچچىق بولۇپ قالدى،'ئەمدى تېخى پىنييندىن ساۋادىنى چىقارغان باللارغا تەلەپلىرى خەنزۇچە تاپشۇرۇقلارنى بېرىپ نىمە قىلماقچىكىنە؟"چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەيلى "دىمەيۋاتقاندۇ؟؟؟

تۇلۇق ئوتتۇرا مەزگىلىمدە،دەرس تەكرارلاش ئۈچۈن مەكتەپ هويلىسىدا يۈرسەم، كورلا شەهەرلىك 8-باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كىچىك دوستلىرىم مۇ ئۇ يەردە ئاتلانغۇچ سەكرەپ ئويناۋىتىپتۇ،دىققىتىم ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا چۈشتى:

" تىز بولۇڭلار،نادىرە،نى بىيې تەي گو فېن ئا...."بۇ نىمە گەپ؟؟؟دىققەت قىلسام ئۇلارنىڭ ئون گېپىنىڭ سەككىزى خەنزۇچە ئىدى........

ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان نەۋرە ئاچام چوڭ ئوغلىنى ئېلىپ يۇرتقا كەلدى،،،بالا تۆت ياشقا كىرىپ قالسىمۇ تۈزۈك گەپ قىلىشنى بىلمەيتتى...بالىغا قارايدىغان ئادەم بولمىغاچقاشۇ يەردىكى باغچىغابەردى. بالا ئاپا دىيەلمەي "ما ما "دىيىشنى ،'ئۇكا دىيەلمەي" دى دى "دىيىشنى،"خوش"دىيەلمەي "زەيجىيەن"دىيىشنى ئۆگىنىۋالدى.... ئاچامغا بالاڭنىڭ تىلى خەنزۇچە چىقىپتۇ ھە دىسەم ،هەدەم :" بىز ئۇنىڭغا باللار تىلى ئۆگەتمىگەن شۇ "دەيدۇ....

هە؟؟؟؟'ئەسلىدە ئۇكامغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا گەپ سۆزلەرنى چوڭلاردەك دىيىشنى تەلەپ قىلىپ كەپتىكەن...توۋا ھەممىمىز "دەددە"،"هۇممە"،"نەننە"دەپ "دادا"،"سۇ"،"نان"دىگەننى ئىپادىلەپ چوڭ بولمىدۇقمۇ

ئۇكامنىڭ بەزىدە هويلىدىكى ئوينىغىلى كىرگەن يېزىدىكى باللارغا گېپىنى ئۇقتۇرالماي يەرنى تېپىپ يىغلاپ كېتىشلىرىگە قاراپ ئىچىم شۇنداق ئاچچىق بولۇپ قالدى.... بولمىسىغۇ ئاچام ئەر-ئايال ھەرئىككىلىسى ئوقۇتقۇچى،'ئاچچىقىم كېلىپ تاغامغا:" هېلىمۇ ئوقۇتقۇچى بولۇپ قاپتىكەن،بولمىسسا بالىسىنى قانداق تەربىيلەيدىكىنە،،،هە بوپتۇ .هەدەم ئۇسسۇلنى ياخشى ئوينىسۇن،'ئاكام توپنى بەكرەك تەپسۇن،،،شۇنداقلارنىڭ باللىرى مۇشۇنداق يارامىلىق بولىدۇ...قارىمامسىز ،'ئۇكامدىن كىچىك باللار چاڭىلداپ سۆزلەيدۇ ئۇيغۇر تىلدا،،،يا خەنزۇچە بىلمىسە،يا ئۇيغۇرچە....كىيىن نەۋرىڭىز بىلەن تەرجىمان تەكلىپ قىلىپ گەپلەشمىسىڭىز بولمايدىكەن..."........ئائىلە تەربىيسى ياخشى بولسىلا ،قوشتىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن تەهتىت ئەمەس دىسەك بەكلا خاتالىشىمىز!!!2007-يىلى تۇنجى قارار ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تۇلۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردى....ئەمسە سىز شۇلاردىن بىر نەچچىسى بىلەن ئەهۋاللىشىڭ....ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا پىكىرلىشىڭ.....شۇندىلا 9يىل ئۇيغۇر تىلىدا تەربىيە ئالغان دەپ ئىشەنگەن بۇ قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئەهۋالىنى ھەقىقي چۈشىنىسىز!!!

"بېكىنمە"،"پېئىل" دىگەن نىمە ئاچا؟...ئاداش "

(15) ئاداش «乐 观» نى ئۇيغۇرچىدە نىمە دەيتۇق؟...مانا بۇ ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاجىئەسى.....سىڭلىمنى ئىچكىرى تۇلۇقتا ئۆتكىنىدە ئەجەپ ئەۋەتمەيلى دىمەپتىكەنمەن دەپ شۇنداق پۇشايمان قىلمەن قېرىنداشلىرىم.!!!شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ ئوقۇۋاتقان باللار ئىچكىردە خەنزۇلار بىلەن بىرگە ئوقۇسا خەنزۇتىلى جەھەتتە ئاجىزلىرى قانچىلىك چۈشكۈنلىشىپ كەتتى بۇنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟'ئەگەر ئاشۇ سەركىلەر شىنجاڭدا ئوقۇغان بولسىدى مىللىتىمىز ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەپ بولاتتى

ھە ....

بىز نىمە ئۈچۈن ئالىي مائارىپ تەربىيسنى ئۇيغۇر تىلىدا ئالالمايمىز؟؟؟بۇ سوئالغا جاۋاپ تاپالماي يۈرسەك نەدىن چىقتى ماۋۇ قوشتىللىق مائارىپ؟؟؟مىللەت مەۋجۇدلىقىغا تەھتىت بولۇۋاتقان بۇ مائارىپ تۈزۈمىنىڭ ماھىيتىنى تەھلىل قىلايلى

پوۋىزدىكى بىر ئاكىمىزنىڭ بۇ تۇغۇرلۇق دىگەن گېپى مېنى تولىمۇ ئويلاندۇرىدۇ:

" قىزىمنى مەندەك بولۇپ قالمسۇن دەپ ئۇيغۇرچىگە بەردىم،مەنمۇ نەچچە يىل ئىچكىردە ئوقۇغان،بەزىدە دەيدىغان گېپىمنى تاپالماي شۇنداق قىينىلىپ كېتىمەن،يا يېزىشتا ياخشى ئەمەس،يا سۆزلەشتە،،،بۇنىڭغا بەك دىققەت قىلساق بولغۇدەك...ئۇنىڭ دىيىشچە بىر دوستىنىڭ ئوغلى گىرمانىيگە ئوقۇشقا چىقىپتۇ، دوستىنىڭ ئوغلى كىچىكىدىن خەنزۇ چە مەكتەپتە ئوقۇغانىكەن،گىرمانىيەگە بارغاندىن كىيىن بىر جەدۋەل تولدۇرۇپتۇ، جەدۋەلدە" ئانا تىلى" دەيدىغان يەرگە بۇ بالا ھېچ ئىككىلەنمەي "ئۇيغۇر تىلى "دەپ يېزىپتۇ،،،تىزىمغا ئالغۇچى ئۇيغۇر تىلى دىگەننى كۆرۈپ بۇ جەدۋەلنى ئۇيغۇر تىلىدا قايتا بىر قېتىم تولدۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلىپتۇ،بۇ بالا ھەرقانچە چۈشەندۈرۈپمۇ بۇ ئىشنى ھەل قىلالماپتۇ،چۈنكى ئۇ ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلمەيدىكەن.... ئۇ يەردىكى خادىم" سىز ۋەتەنگە قايتىپ ئۇيغۇر تىلىدا مۇكەممەل سەۋىيگە ئېگە بولۇپ كېلىڭ، مەيلى قاچان كېلىڭ،بىز سىزنى شۇ چاغقىچە ساقلايمىز~~قارشى ئالىمىز"دەپتۇ،شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا گىرمانىيەدىن يېنىپ كېلىپ ئىككى يىل ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىپ ئاندىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.."

بۇ يەردىكى مەسىلە گىرمانىيەلىكلەر ئۇيغۇر تىلىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ئەمەس ئەلۋەتتە، نىمە ئەمسە؟؟ 'ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۆز ئانا تىلىدا ساۋادى يوق،'ئۆز ئانا تىلىنى سۆزلىيەلمەيدىغانلارنىڭ كەسپتە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ھەم چوڭقۇر تەپەككۇر ئىقتىدارى بولمايدىكەن......

ھەي.....شۇڭا مۇشۇنداق ئۇيغۇر تىلىنى ياراتماي مۇشۇ كۈنگە قاپتىمىز ئەمەسمۇ؟ خەنزۇتىلى بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ كېتىدىغان ئىش بولسا ،'ئاۋۇ كوچىدا ھارۋا سۆرەپ كېتىۋاتقان ،كوچا تازلاۋاتقان خەنزۇلار خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ كەتسە بولمامدۇ؟؟ خىزمەت دىگەن قورساقتىكى ئۇماچ مەسلىسى

بىز دائىم ياتاقتا ئۇيغۇر باللار پاراڭلاشساق ئۇيغۇرچە خەنزۇچىنى ئارلاشتۇرۇپ سۆزلىشەتتۇق،،بىر كۈنى ياتاقدىشىم:" سىلەر ئۇيغۇر تۇرۇپ نىمشقا پاراڭلاشقاندا خەنزۇچە قېتىۋالىسىلەر؟ مەن بەزى گەپلەرنى چۈشەندىم" دىۋىدى مەن" ئۇنداق دىسەك نىمە بوپتۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى يوق "دىسەم،،'ئۇ كۈلۈپ:" ھە ئەمسە ،بىلدىم،سىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خەنزۇچە گەپلەرنىڭ مەنىسنى ئىپادىلەيدىغان سۆز يوق،شۇڭا بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەپسەنىدە ..سىلەردە سۆزلۈك بەك ئازمۇ نىمە".....

ئەمدى بۇنىڭغا نىمە دەيمەن؟؟؟بۇرۇن ئەجەپ دىققەت قىلماپتىكەنمەن دىسە،توۋا،مەھمۇد قەشقەرى "تۈرك تىلى ھۆنەرىس"دەپ قويمىغان بولسا ،'ئۆز ئانا تىلىمنى نەلەردە يېتىم قىلار بولغيتىم ھە؟؟؟ بىز بىرنەچچە قىزلار ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ مەكتەپتىكى 40نەچچە ئۇيغۇر قىزنىي يىغىپ مۇشۇ مەسلىنى مۇھاكىمە قىلدۇق...ھەمدە ھەممىنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى ،بىز كەلگۈسدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانىسى بولىمىز،بۇنىڭدىن كيىن پاراڭلاشقاندا ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكە تىرىشايلى دىيىشتۇق،،بۇ ئىشىمىز ھەقىقەتەن ئۈنۈملۈك بولدى...كۆرۈشكەندە "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم"دىيىشتىن تارتىپ "خوش ئەمسە.ئاللاغا ئامانەت"دىيىشكىچە ھەممە گەپنى ئۇيغۇرچىدە دىيىشىدىغان بولدۇق....ئۇيغۇرچىسنى تاپالمىساق بىر-بىرىمىزدىن سورىدۇق....

بىز بۇ پائالىيەتنى بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا كېڭەيتسەك دەپ ئويلاۋاتىمەن~~~قېنى،مۇنبەردىكى ستۇدىنىتلاردىن بىزنى قوللايدىغانلار بارمۇ؟

ھەممە ئىشنى ئوڭۇشلۇق باشلىساق قىلغىلى بولىدۇ!مەن سەن كۆچىگەنگە نىمە ھەل بولاتتى دىمەڭ،قاراڭ دەسلەپتە بىز 5~6قىز بۇ ئىشنى باشلىدۇق،'ئاندىن 40نەچچىگە كېڭەيدى،مۇشۇنداق قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى سىز يەنە بىر دوستىڭىزغا يەتكۈزۈڭ....ئۈمىدسىزلەنمەڭ

بىز مانا مۇشۇنداق ساپ ئۇيغۇرچىدە تەربىيە ئالغان تۇرۇقلۇق تىلىمىزدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدۇق!!!ئەمدى بۇ سەبىي ئەمدى تېخى تەپەككۇرى يېتىلىۋاتقان كىچىك باللارغا قوشتىللىق تۈزۈمدە دەرس بەرسە،مىللىتىنىڭ نىمە ؟دىسە "ئۇرغۇي"دەيدىغانلار تېخىمۇ كۆپ چىقامدۇ؟'ئىككىنجى مانجۇ بولۇپ قالمىزمىكىن دەپ شۇنداق ئەنسىرەيمەن،،،تارىختا مەرپەتتە گۈللىنىپ ،مۇڭغۇل تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان ئانا تىلىمىنىڭ ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىر بۇلۇڭدا بويۇن قىسىپ قېلىشىغا ،"ئۇيغۇر تىلى قانداق تىلدۇ؟قانداق سۆزلەيدىغاندۇ؟"دەپ ھاڭۋېقىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ھەرگىز چىداپ تۇرالمايمىز ئەلۋەتتە!!!

ئارزۇ،'ئائىلە تەربىيىسنى ياخشى ئېلىپ بارايلى دەپسىز، شۇ ئائىلە تەربىيىسنى ئېلىپ بارىدىغان ئانىلار. ئاتىلارنىڭ سەۋىيىسى نەدىن -نەگىچە؟ بۇنى ئويلىدىڭىزمۇ ؟ چەت يېزىلاردىكى مۇماي بوۋايلارمۇ بىلىپ كەتتى "دەنشى"،"لازا"،"چېڭسەي"،"جۇسەي"،،،،،،،،،،،،،،،،،دىگەنلەرنىڭ مەنىسىنى. بۇلار مۇشۇ سەۋىيىسى بىلەن قانداق بالا تەربىيلەيدۇ؟ شۇنداق بالا تەربىيلىيەلەيدىغان ئاتا-ئانىلار نى ئاۋۋال بارماقنى چىقىرىپ ساناپ باقامدۇق قانداق؟ شۇنداق بىر ئەۋلات ئاتا-ئانىلار مەيدانغا كەلگۈچە قانچىلىك ئۇيغۇر قوشتىللىق مائارىپىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتەر؟؟

شۇنداق ،تىل ئۆگىنىش كېرەك!!خەق ئىنگلىز تىلى ئۆگەنسە،بىز خەنزۇتىلى ئۆگىنىشىمىز كېرەك!!!

دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ ئادەم ئىشلىتىدىغان تىلنى بىلگىنىمىزدىن پەخىرلىنىشىمىز كېرەك!!!بىراق شۇمۇ ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەك،'ئەنە شۇ پەخىرلەنگەن ۋاقتىمىزدا ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرتىلىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىمىزدىنمۇ يەنە بىر قېتىم پەخىرلىنىشنى ئۇنۇتمايلى!!!!!

(16) ئەسلى بۇنى ئوبدان بىر ماقالە قىلىپ تەييارلاي دېگەن بىراق ۋاقىت ۋە ماتېرىيالنىڭ قىسلىقىدىن يېزىپ بولالمىدىم، ھەم ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇننى تەخىرسىز ھالدا بۇ يەرگە يوللىدىم. مىنكاۋخەنلەر بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە مۇھتاج . 1990-يىلى تۇنجى تۈركۈمدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلاندى. بۇ چاغدا نۇرغۇنلىرىمىز بۇ ئادىل، توغرا بولغان قاراردىن خۇشاللاندۇق. كۆپچىلىك ئۇلارنى ئىستىقباللىق بولىدۇ، ئىسىل خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئېرىشىدۇ دەپ چوڭقۇر ئىشەندى ھەم ئۇلاردىن خۇشاللاندى. ئۇلار ھەم ئۆز زامانلىرىدىكى سىنىپداشلىرىنىڭ، ھەتتا مەكتەپداشلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار ئىدى . شۇڭا ئۇلاردا ئۈمۈد چوڭ ئىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ خىل ياخشى سىياسەت ئىزچىل داۋاملاشتى ۋە كۆلەم جەھەتتىن كېڭىيىپ باردى. دەسلەپ شىنجاڭ تولۇق ئوتتىرا مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان بولسا كېيىن شىنجاڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنىشقا باشلىدى. .. ئاخىرىدا بولسا ئۇلار سان جەھەتتىن خېلىلا كۆپىيىپ ئۇيغۇر تىلدا ئوقۇغانلار بىلەن خەنزۇ تىلدا ئوقۇغانلار ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلالىغۇدەك ھالەتكە كەلدى.

ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدىن ئىسسىق ئۆيلىرى قەدىردان ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن 3000 كېلومېتىر يولنى بېسىپ ئىچكىرىدىكى شەھەرلەرگە يول ئالدى. مەكتەپتە ئۆزلىرىگە

تۈشلۈق ئوقۇغانمۇ بولدى. ھەرقېتىم يىلدا بىر قېتىم قەرەللىك يۈز بېرىدىغان پويىز ئىستانسىسىدىكى يىغا زارنى كۆرسەملا ئىچىمنى ئاچچىق بىر نەرسە قاپلىۋالىدۇ. تولۇقنىڭ، تولۇقسىزنىڭ تېخى ئاتا-ئانا مېھرىگە قانمىغان ئەشۇ سەبىي باللارنىڭ بىر يىلنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن دىدارلاشقاندىكى ھالىتى كىشىگە ئائىلىسىگە قايتۇرۇلغان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئەسلەتتى...

ئۇلار ئالدى بىلەن ئاتا ئانىسىنىڭ ئەڭ ئەقىللىق پەرزەنتى ۋە يۈرەك-پارىسى، ئاندىن مىللەتنىڭ ئۈمىدى، ئەڭ ئاۋانگارت كىشىلىرى ئەمەسمىدى. نەتىجىدە نېمە بولدى. ئاتا-ئانىلىرى ‹ئىستىقباللىق بولىدۇ› دەپ شەكسىز ئىشەنگەن نۇرغۇن ئېقتىساسلىق باللىرىمىز ياكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە، ياكى خەنزۇ مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە كىرەلمەيدىغان خەنزۇلارمۇ تولۇق ئارىغا ئالمايدىغان، ھەم ئۇيغۇرلارمۇ تولۇق ئارىغا ئالمايدىغان ئالاھىدە بىر توپقا ئايرىلىپ قالدى. سەترەڭ ئېيتقاندا مىللەت ئىچىدىكى مىللەتكە ئايلاندى. ئەڭ نادىر، ئەڭ ئېسىل كىشىلىرىمىز مەدەنىيەت چەمبىرىكىمىزدىن چىقىپ كەتتى. ئاھ بۇنىمە دېگەن ئېچىنىشلىق ھال ھە.

ئۇلار ئۆز تىلىدا تەپەككۇرى بۇزۇلمىغان ھالەتتە ئوقۇۋەرگەن بولسا مىللەتكە نەقەدەر نادىر كىشىلەر بولۇپ يىتىشىپ چىقار بولغىيدى.........

ئەپسۇس بىز بۈنى تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلدۇق، تولىمۇ تولىمۇ يەنە بىر تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلدۇق. باللارنى قوش تىللىق قىلىمەن، خەنزۇچە مەكتەپكە بېرىمەن دېگۈچىلەرمۇ ھامان پۇشايمان قىلىدۇ. ئەسلى ئۇ غەمنى يېيىشنىڭ بۇرۇندىنلا ھاجىتى يوق ئىدى. ئەكسىچە خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەندىن كۆرە ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەن بولسا بەكرەك ئىستىقباللىق بولار ئىدى. ئەسلى تىل ئۆگىنىشنىڭ ماھىيىتى" ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆز ئانا تىلى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" بولسا توغرا بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ھەممىسى بىر دۆۋە ئەخلەت .

مەن مىنكاۋخەنلەرنى كۆزگە ئىلمىغان نۇرغۇن مىنكاۋمىنلارنى كۆرگەن ھەم ئۇچراتقانمەن. كېيىن ئېيتالايمەنكى مىنكاۋخەنلەر بىلەن مىنكاۋمىنلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر ھاڭ بار. بۇنى ئىچكىرىدە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ھەممىدىن بەك ھېس قىلىدۇ. ئۇيغۇرچىدا ئوقۇغان باللار ئۇلار بىلەن ئارىلاشمايدۇ، قەستەن ئەمەس تەبىئىيلا شۇنداق بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا بۇ ئىش شۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەنكى بۇ ھاڭ بەزىلەرنىڭ تويى ئىشىغىمۇ تەسىر كۆرستىدۇ.

بىز كەڭ قورساقلىق، ئاقىلانىلىك بىلەن ئويلىساق بۇ خىل ھاڭنىڭ شەكىللىنىشىنى توسۇشتا بىز مىنكاۋمىنلارنىڭ (چۈشىنىشلىك بولسۇن دەپ خەنزۇچىسىنى ئىشلىۋەردىم) يۈكسەك ۋە باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز بار. ھەم ئۇلارنىڭ ئۆز مېھرىمىز بىلەن توپىمىزغا قايتۇرۇپ كېلىش ۋەزىپىمىز بار. ئۇلارغا ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى تونۇشتۇرۇش، ئۆزىمىز ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىنى ئېلىۋېتىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. قېنى زىيالىيلار مىنكاۋمىنلار بىز قولنى قولغا قوشۇپ كۆرەش قىلايلى. قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيمىزكىن ھەم قانچىلىك ئىشلارنى قىلىپ قانچىلىك نەتىجە قازىنالايمىزكىن. تىرىشقان تاغ ئاشار. ھەممىمىز ئىشنى ھازىردىن، ھەممە ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى.

(18) ئازات.ئەپەندى : سىزنى %100 قوللايمەن......مەن تۆلۈق ئوتتۇرىغا ئىمتىھان بەرگەندە 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تۆلۈق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولالىدى....بۇ سان بارغانسىرى ئېشىپ بېرىپ 2006-يىلىغا كەلگەندە 5500 نەپەر نەتىجىسى ئەڭ

ياخشى چىققان ئوقۇغۇچىلار ئىچكىرگە قاراپ يول ئالدى~~~ئۇلارغا شۇنداق ھەۋەس قىلدۇقكى،بىزمۇ قاچان شۇلاردەك ئىچكىرلەردە ئوقارمىز دەپ كەتكەنىدۇق.....تۇلۇق ئوتتۇرنى شىنجاڭدا ئوقۇپ چىكىردىكى ئالىي مەكتەپكە ئۆتتۇق....ئالىي مەكتەپكە كىلىپ شۇنى ھىس قىلدىمكى ئانا تىلغا يات بىر تىلدا بىلىم ئېلىش بەكلا قىيىنكەن....

تىل ئارقىلىق تىل ئۆگىنىمىز تېخى ئېچكىرى تولۇقتا ئوقۇۋاتقان ئىنى سىڭىللىرىمىزدىن سوراپ باقايلى~~ئۇلاردا قانچىلىك بېسىم باركەن؟' ئۇلارنىڭ مەدەنىيتى ھەم ئىتىقادى قانچىلىك كاپالەتكە ئېگە بوپتۇ؟ بېيجىڭ لۇخى ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئۇيغۇر باللارمۇ چوكانتال بايرىمىدا قەبرە سۈپۈرۈشكە چىقىپتۇ!!!قەبرە ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرۈپتۇ. يۇرتنى سېغىنىش،تىلدىن قىينىلىش دەرسلەردە يېتىشەلمەسلىك بۇ سەركىلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىسىنى كۆرسەتتى. قانچە ئۆگەنسەكمۇ ماۋۇ خەقتەك بولالمايمىز،بولدىلا.. مۇشۇنداق بەل قويىۋەتىدىغانلارمۇ كۆپ. يەنە تېخى روھىي بېسىملار تۈپەيلى ئېلىشىپ قالغان،'ئاڭلاش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان يارامىلىق پەرزەنتلىرىمىزگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ قويايلى!! بۇ دىگەن مەن ئۆززۈم يولۇققان ئەھۋاللار. كوچىلاردا بازار ئايلانسا "ئوغرى"دەپ تۇتىۋالىدىغان ،'ئۇرىدىغان،كەمستىدىغان ئىشلارنى مەن دىمەي تۇراي. ئاشۇ باللار ئۇيغۇر تارىخنى بىلەمدىغاندۇ؟ 'ئۇيغۇر مەدەنيتنى بىلەمدىغاندۇ؟

ھەتتا تىلشۇنىزۇردا كۈندە چىقىدىغان ئۇيغۇر رىياسەتچىللىرىنىمۇ تونۇمايدىغان تۇرسا،'ئەمدى بەرىكەتلىك يازغۇچىلىرىمىز ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك ھەم كىملىك توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىنى بىلىشى ھەم ئوقۇپ چۈشىنەلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئېتراپ قىلىمەن!!!ئىچكىردىكى ھەممە مەكتەپتە بار ،ھەممىمىز بىر ئۇيغۇر تۇرۇپ ،'ئىچكىرى تۇلۇقنىڭ ،شىنجاڭدا ئوقۇغان دەپ ئايرىش. بىزنىڭ مەكتەپتىمۇ بار. چەتكە قىقىلىپ كېتىدىغان ئەھۋال. ئۇيغۇر تىلدا سۆزلىيەلەيدۇ،بىراق تارىخ ھەم مەدەنىيەت ،'ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە سۆزلىسەك گەپ قىستۇرالمايدۇ...بەزى گەپلىرىمىزنى چۈشىنەلمەيدۇ.ماقال-تەمسىلنىمۇ توغرا جايىدا ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ.....بۇ ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكىمۇ؟؟؟؟ ئۇلار راستىنلا بىزدىن ئايرىلىپ قالدى~~~ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە مۇھتاج!!!

(19) دىمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەندىم لىكىن سىز مىنىڭ دىمەكچى بولغۇنۇمنى چۈشەنمەپسىز ،سىز جەنۇپتىن مەن شىمالدىن ئىككى تەرەپنىڭ نىمە ئۈچۈن مۇنداق چوڭ پەرقى بار جەنۇپتا ئۇيغۇرلارنىڭ نۇپۇسى كۆپ يىرى ئاز شىمالنىڭ يىرى كۆپ ئاھالىسى ئاز بۇلۇپمۇ ئۇيغۇرلار ،پىرسەنلەشتۈرسەك شىمال تەرەپتە ئۇيغۇرلار %30 كە يەتمەيدۇ جەنۇپتا ئۇيغۇرلار %85 تىن تۆۋەن ئەمەس ،مەدىنيەت مەسلىسىگە كەلسەك شىماللىقلار كۆپ سانلىق مىللەتلەر ئارىسدا ياشىغاچقا ھەم يىرى مول بولغاچقا ئىقسادىي ياخشىراق شارائىتى ياخشى شۇ يەردىكىلەرمۇ ئاساسەن ئۆز تىلىمىز دىن ياتلاشتۇق ھەممىزى خەنزۇچە تىلنى ياخشى ئۆگەنسەك مەيلى خىزمەتتە بولسۇن دىھقانچىلىقتا بولسۇن نەپكە ئىرىشدىكەنمىز دەپ باللارنى مىللەت ئىگى بىلەن ئەمەس تۇرمۇش جەمىيەتنىكى ئۇرۇننى ئويلىشىپ باللارنى خەنزۇچە مەكتەپلەرگە بىرىۋاتىمىز ھەم ئۈگۈنىۋاتىمىز بۇ يەردە مۇھىمى قانۇن تۈزۈم ھاكىمىيەت ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ دىگەن ئىدىيە ،جەنۇپتا تىخىمۇ شۇنداق تىرىلغۇ يەر، ئاز ئىقساد دىگەندەك ئەمەس ئۇ يەردىمۇ مىللەت ئىدىيىسى ئىككىنجى مەسلە ،بىرىنجى مەسلە ئاتا-ئانىلارنىڭ باللارنى قانداق قىلغاندا دۆلەت كادىرىغا ئايلاندۇرۇش جەمىيەتتە ياخشى بولغان تۇرمۇشقا ئىرىشتۈرۈش ستىگى يىتەكچى ئۇرۇندا تۇرىدۇ،جەمىيەتتە قايسى تىل ئاقسا شۇ تىلنىڭ ئىگىسى

بولغان مىللەتنىڭ ئانىسى شۇ تىل ئىدىيىسى بىلەن تەربىيلەيدۇ ،يەنە يۇرت ئاق ساقىلى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك يۇرت ئاقساقىلى مىللەتنى تىلنى قانچە سۆيسە خەلقمۇ ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ قىلىدۇ سۇنىڭ بىشى لاي

(20) رەخمەت سىزگە ئاكا. بۇ تېما ناھايتى ياخشى يوللىنىپتۇ. مەن ناھايتى تەسرلەندىم. بىز ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھازىر شۇنداق قورقۇنۇشلۇق ئىش پەيدا بولۋاتىدۇكى ئۇ بولسىمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ قوش تىللىق ئوقۇتۇشنىڭ ماھيىتىنى چۈشەنمەي ھەدەپ سەبى باللىرنى قوش تىل سىنىپى بىلەن خەنزۇتىلى سىنپلىرغا ئوقۇشقا بېرىش.مەن ئۆزۈم بۇيىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قەشقەرگە خىزمەتكە چىقتىم. ئۆزۈم ئوقۇتقۇچى بۇ مەكتەپتىكى قوش تىل باللىرىنىڭ 90% ياكى ئەدەبىياتنى بىلمەيدۇ ياكى خەنزۇتىلنى بىلمەيدۇ.مەن بۇلارغا قاراپ ئىچىم سيىرىلىپ كېتىدۇ. ھازىر بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا كۆن ئۆتسىلا بولدىغان بولدىغان ،'ئوقۇتقۇچىلار كۆن ئۆتۈپ ئايلىق ئالسىلا بولدىغان مەكتەپ بولسا قۇرۇق جازا بولۇپ قاپتۇ.باشلىقلارچۇ قوش تىل دىگەن نىمە ؟بۇ نىمە قىلىدۇ ،بىزگە نىمە پايدىسى بار بۇنى ئەسلا چۈشەنمەي نىمە دىسىلا ماقۇل دەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ .بۇنىڭغا نىمە دىگۈلۈك.مۇشۇنداق مېڭىۋەرسەك تەقدىرىمىز نەگە بارار ھەي

(21) شۇنداق...سىزنىڭ بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى توغرا تەھلىل قىلغىنىڭىزغا قوشۇلىمەن. ئەمدى ئائىلە تەربىيىسى دىيىشىڭىزدە كۆزدە تۇتقان تەربىيلىگۈچى بىزنى كۆرستىدۇ شۇنداققۇ؟تەربىيلەنگۈچى بىزنىڭ باللىرىمىز. سىز بىز باللارنى ئائىلىدە قانداق تەربىيلەشنى بىلمىز ،'ئۇنداقتا سىز ئاشۇ چەت رايۇنلاردا،بولدىلا بىزدەك ئوقۇش،تەربىيلىنىش پۇرستىگە ئېگە بولالمىغان تەڭتۇشلىرىڭىزغا نىمە دەيسىز؟ ئۇلارمۇ بىز ئويلىغاننى،بىز قىلالىغاننى قىلالامدۇ؟'ئۇيغۇرلاردىن قانچىلىك ئادەم ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالالىدى؟ بىز ئۆزىمىزنىلا ئويلىساق بولمايدۇ،'ئاشۇ تەربىيلىنىش پۇرستىگە ئېگە بولالمىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ باللىرىمۇ بىزنىڭ باللىرىمىز!!مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى!!! باللار مەكتەپتە قوش تىل ئۆگىنىپ تۇرسۇن،بىز ئائىلىدە تەربىينى كۈچەيتەيلى دەپ يۇرسەك زىيانىنىڭ چوڭىنى تارتىمىز~~ئەۋلادلىرىمىز تېخىمۇ زور بۆلۈنمە ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ... بۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ!!! بۇرۇننىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈش ئاقىلانىلىك ئەمەس. شۇڭا بىز بۇ خىل مائارىپ تۈزۈمنىڭ ئىلمىي بولغان شەكلىنى تەتقىق قىلىپ ئاندىن قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك!!!! ئەركىن سىدىق ئەپەندى بۇ ھەقتە ماقالىسىدە ئېنىق توختىلىپ بولغان.

(22) مەن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشقا نىسبەتەن ئۆز قارشىمنى ساقلاپ قالغان ئىدىم مەن ئۇيلىغاندەك بۇپتۇ . ئەركىن سىدىق ئاكىمىزغا نىمە دەپ دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمىدىم . ئەگەر بۇ ماقالىنى ئەركىن سىدىق ئاكىمىز يازماي ئادەتتىكى بىر تۇردىشىمىز يازغان بۇلسا . يەنە چاپانچىدىن بىر نەچچىسى چىقىپ ئاقلايمەن دەپ ئاۋارە بۇلاتتى. تۇغراق يىشىدا ياشاڭ ئەركىن سىدىق ئاكا.

(23) گەپ ئۆزىمىزدە دوستلار ، بالىمىزنى ئۇيغۇرچە مەكتەپلەرگە بەرمەي خەنزۇ مەكتەپلەرگە ئاپىرىپ بەرگەندىكىن ئۆزىمىزگە ھەق بولدى . ھەممىمىز ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلىساق بولىدۇ . مانا مەن ئۆتكەن يىلى بالامنى ئۇيغۇر مەكتەپكە بەرگەن ئىدىم بىر ياخشى ئوقىۋاتىدۇ . بالىسنى خەنزۇ

مەكتەپكە بەرگەنلەر كەلگۈسىدە بىر تۈركۈم ماڭقۇرتلارنى ئۆز تىلى بىلەن يېتىشتۈرىدىغان نادان ئادەملەردۇر .

(24) خەلىق سايلاپ چىقىپ ،خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان،ھورمەت قىلىدىغان ھەم مۇشۇنداق بىزنىڭ تىلىمىزغا پايدىلىق مائارىپ پىلانلىرىنى يولغا قويۇشقا كۈچەپ كۈنسايىن ئۇسۇۋاتقان كاتتا ئەمەلدارلىرىمىز مۇشۇنداق خەلقىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىمىدىغاندۇ. دىققەت ئېتبارىنى بىرەمدىغاندۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بولىدىغىنى ئۇز مىللىتىمىز مانقۇرۇتلىشىشى بولسا كېرەك. شۇنداق بىچارە ھالەتكە نمىز بىز.......ھەتتا ئۇز تەقدىرىمىزگە بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغان مۇھىم شالاردىمۇ ئۇز قاراش پىكىرلىرىمىزنى دادىل ئوتتۇرغا قويۇپ نارازىلىق بىلدۈرۈشتەك ئەڭ ئاددى ھوقۇقىمىزمۇ يۇقكەن (ئەگەر شۇنداق قىپ قالساقمۇ بىزگە چوڭ قالپاقلار كىيلىشى تۇرغانلا گەپ......ئىسيانكار ........دىگەندەك......) مۇشۇنداق مۇنبەرلەردىلا سۆزلەپ يۇرۇپتۇق. داۋاملىق ئاغزىمىزدىن چوشۇرمەيدىغان ،خەلقىنىڭ ئەڭ ئۇستۇن مەنپەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ،بىزنى ئىنتايىن توغرا يولغا باشلايدىغان ئادىل ھەققانى پارتىيە بۇنىڭغا دىققەت ئېتبارىنى بەرسە بولاتتى

(25) ئەڭ ئاۋال ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ ئەل ئۇچۇن بىز ئەۋلادلار ئۇچۇن سوققان ئوتلۇق يۈرىكىنىڭ مەڭگۇ دۈپۈلدەپ تۇرىشىنى تىلەيمەن ! رەخمەت سىزگە.

مەن بىر ئوقوغۇچى بۇيىل تولۇق ئوتتىرا مەكتەپنى پۈتتۈردۈم ... ھازىر روس تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن .مېنىڭ قارىشىمچە ئۆز ئاناتىلىدىن باشقا تىلنى بىلىش شەرەپ لىكىن ئۆز ئانا تىلنى يوقتۇشتىنمۇ ئارتۇق مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە ۋىجدانسىزلىق بولمىسا كېرەك .مەن بىر نەچچە ئاتا -ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا ئۇيغۇرچە سۆزلەتمەي خەنزۇچە سۆزلەشكە ئۇندەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئۆكۈنگەن ئىدىم چۈنكى ئادەتكى سۆزنىمۇ ئۇيغۇر چە قىلمىسا بىزنىڭ پارلاق مەدەنىيتىمىز كىملەر تەرىپىدىن كيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىلىدۇ ،شۇ مەدەنيىتىمىز تارىخ سۈپىتىدە كىتاپخانىلار دا ساقلىنارمۇ ؟

كيىن كىمۇ كىرىپ ئۇنى قولغا ئالار ؟ دۇنيادا ئۇيغۇر دىگەن مەدەنيەتلىك مىللەتنىڭ بارلىقىنى كىممۇ جاھان ئەھلىگە تونىتار ؟ جۇڭگو كۆپ مىلەتلىك چوڭ دۆلەت ،مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ئىلگىرلىسە يەنە 20~30يىلدىن كيىن جۇڭگو دا شۇ 56 مىللەت ئۆز مەدەنييەتلىرنى يەرمەنكىگە قاتناشتۇ رالارمۇ ؟ ھەربىر بالا ئۆز ئاتا بۇۋىلىرى بىلەن ئەركىن پىكىر ئالماشتۇرالارمۇ ؟

شۇ بۇۋىلىرى ئېيتىپ بەرگەن ھېكمەتلىك چۆچەكلەرنىڭ تىگىگە يېتەلەرمۇ ؟ شۇ بۇۋىلار ئۆزلىرنىڭ نەۋرە -چەۋرىلىرى بىلەن قانداقمۇ تولۇق پىكىر ئالماشتۇرالىسۇن ... ئۇلار شۇۋاقىتتا تەرجىمان تەكلىپ قىلارمۇ ياكى لوغەتكە قارارمۇ . پۈتۈن ئاتا- ئانىلار بۇھەقتە ئويلىنايلى ...؟ بۇ يالغۇز ئاتا -ئانىلارلا ئەمەس پۈتۈن جەمىيەت ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسلە ...؟ بىز بالىلارنى ئويلاپ قويۇڭلار ......ئاھ...ئاللا كۈنسايىن چاڭ تىگىدە قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنيىتىنى بىرسى قوغدىسا بوللاتتى ...

(26) بۇرۇن سابىق سوۋىت ئىتپاقىدىكى پۈتكۈل مىللەت ئورۇسچىنى مەجبۇرى ئۈگەنگەن كيىن ئانا تىلنى قايتا ئۈگەندى . بەلكىم بۇ قوش تىل سياستى ياخشى ئىدى ،بىراق . ئەركىنلىك ئاساسدا

بولغان بولسا تىخمۇ ياخشى بولاتتى ، بۇنداق چوڭ سىيسەتنى چىقىرىشتىن بۇرۇن بىكىر ئېلىپ ياكى بىرەر رايۇندا سىناق قىلىپ كىشلەرنىڭ قوبۇل قىلىش،قىلماسلىق توغرىسىدا تەتقىق قىلمايلا ئىشنى باشلاپ كەتتۇق ئاقىۋىتى قانداق بولۇشى بەلكىم ھەممە كىشلەر بىلدۇ ،ياكى ھەر- خىل پەرەز قىلدۇ . بۇمۇ بىر قىزىق نوقتا بولۇپ قالدى ، لىكىن دولەت تىلنى ئۆەگىنسە ئۇنداق بولدۇ ،بۇنداق بولۇدۇ دىگەن گەپ خاتا ئۇمۇ بىر خىل تىل

(27) قوش تىل دەپ توۋلىدۇق تىلىمىز يوختەك،
كىملەرگە باش ئۇردۇق دىنىمىز يوختەك.
مەسۇلىيەت تۈيغۇسى بولمىسا بىزدە
بولمىز بىر كۈنى جىنىمىز يوختەك.

(28) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ،'ئەركىن سىدىق ئاكا:

سىز تىلغا ئالغان كىتاپلارنىڭ بىرى بىزنىڭ مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا بار ئىكەن ،قالغانلىرىنى ئامازون دىن تاپتىم.ھېلىقى 22 بەتلىك توۋە سكۇتنابب_كەڭگىس خانىمنىڭ دوكلاتىنى ماڭا ئەۋەتىپ بىرەلەرسىزمۇ؟سىز بىلەن قانداق ئالاقىلىشمەن؟ بىز ھازىر دىسىرتاتسىيە ياقلاۋاتقانىدۇق .مەن ھازىر دەل مۇشۇ ماتىرىياللارغا بەك ئېھتىياجلىق . ئەلۋەتتە،بۇ ماتىرىيالدىن ئۆزەم پايدىلىنىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ تېخىمۇ كۆپ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرەلىسەم تېخىمۇ ياخشى .بۇ توغرىسىدا تەتقىقات خاراكتېرلىك ماتىرىياللار بەك ئاز ئىكەن .ئۇيغۇرچە ماتىرىياللار ئەسلا يوق ئىكەن .خەنزۇچە تەتقىقات ماتىرىياللىرى بولسا ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن ،پايدىلىنىش قىممىتى بەك تۆۋەن ،'ئۇنىڭدىن باشقىسى پەقەت ھۆججەت خاراكتېرلىك ماتىرىياللار . سىزنىڭ بۇ ماقالىڭىزنى كۆرۈپ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خوش بولۇپ كەتتىم.مەن ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى .بىزنىڭ مائارىپتا دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلىرىمىز ۋە بۇمەسىلىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئوقۇتقۇچى ،ساۋاقداشلىرىمغا چۈشەندۈرۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ،مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى –قىسقىسى «ھەقىقىي ئەھۋال» نى تونۇشتۇرسام دەيمەن . سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا قاراپ قالدىم.

(29) دېھقىنى بار مىللەتنىڭ تىلى يوقالمەيدۇ دىگەن گەپكە خىلى ئىشىنەتتىم ،لىكىن بۇنداق كىتىلىۋەرسە ... بەزىدە باللار بىلەن مۇشۇ ھەقتە خىلى قايناپ قالىمىز...لىكىن سىياسەت شۇنداق تۇرسا ئۇنىڭغا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ-دە~~

(30) مەن دائىم بالامنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىسام ئۆزۈمدىن ئۆزەم نەپرەتلىنىپ كىتىمەن . كەلگۈسدە ئۇيغۇرچە گېزىتخانا، تارىخى ئەسەرلەر مەدەنىيتىمىز يوقۇلۇپ كىتەرمۇ ؟شائىرلار خەنزۇچە شئىر يازارمۇ ؟

(31) ھازىر ھۆكىمەتنىڭ كەڭچىلىك سىياستى بويىچە، نۇرغۇن جايلاردا خۇسۇسى مەكتەپلەر ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كەلمەكتە،پەقەتلا شىنجاڭ رايۇنىدا بۇنداق خۇسۇسى مەكتەپلەر ناھايتى ئاز مەركەز ئۇرۇمچىدە بىرقانچىسى بار،ۋىلايەتلەردە مىنىڭچە يوق،'ئەگەر خۇسۇسى مەكتەپلەر كۆپلەپ

قۇرۇلغان بولسا،باللارنى ئەركىن ھالدا تەربىلەپ ،تىل-يېزىقىمىز يوقۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايتۇق،لېكىن بىزدە ئىقتىساد،دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى دادىل قوللانغۇدەك يۈرەك يوق.مىنىڭچە بىر بالا ھۆكىمەتنىڭ مۇنتىزىم مەكتىپىدە ئوقۇسۇن ۋە ياكى خۇسۇسى مەكتەپتە ئوقۇسۇن ،'ئاخرقى نەتىجە شۇكى قايسىسىنىڭ جەمىيەتتە يۈت تىرەپ تۇرالىشى .بولۇپمۇ ھازىرقى جەمىيەتتە بۇ ھەقىقەتنى كىشلەر ئالىلىقاچان تونۇپ يەتتىغۇ دەيمەن.

(32) تىرەن پىكىرلىرىڭىزگە كۆپ رەھمەت! ناھايىتى توغرا ئېيتىپسىز! ئالىمىمىزنىڭ بۇ ماقالىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى دەل ئاتالمىش قوش تىللىق نامىدىكى خەنزۇ تىللىق ئوقۇتۇشىنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ (بولۇپمۇ10ياشتىن ئىلگىرىكى سەبىيلىرىمىزنىڭ) ئەقلىي تەرەققىياتىغا يەنى ،چۈشىنىش،'ئەستە ساقلاش،تۈرگە ئايرىش،خۇلاسىلەش،'ئاساسلاش قاتارلىق ئاساسلىق تەپەككۇر تەرەققىياتىغا زور توسالغۇ ۋە زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىغى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتىغا ئېلىپ كېلىدىغان غايەت زور زىيانكەشلىكىدىن ئىبارەت.يەنى،بۇنداق كېتىۋەرسە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تەبىئىي پەنلەردىكى ۋە يۇقىرى يېڭى تېخنىكا ساھەسىدىكى ئانا تىلدىكى تەپەككۇرى نۆل بۇلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئىستىمالى ئاساسەن تۈگەيدۇ.ئەڭ ئاددى بىر مىسال : مۇشۇنداق كېتىۋەرسە كىشلىرىمىز تەبىئىي پەن ۋە باشقا زامانىۋى ئىلىم ساھەسىدىكى ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇرتىلىدا قانداق ئاتايدۇ؟ بۇ ھەقتىكى بىلىم-بايانلارنى ئۇيغۇر تىلىدا قانداق ئىپادىلەيدۇ، قانداق تەپەككۇر قىلىدۇ

دېمەك ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەقلى تەرەققىياتى ۋە ئۇيغۇر تىلى مىسلىسىز زور زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئورنىنى ھەرقانداق يوللار ئارقىلىق مەسلەن، باشقا قېرىنداشلىرىمىز دىگەندەك ئائىلىدە ئانا تىل تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش دىگەندەك يوللار ئارقىلىقمۇ ھەرگىز تولۇقلىغىلى بولمايدۇ.شۇڭا بۇ ئۆزۈل-كېسىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تەخىرسىز مەسىلە! ئالدى بىلەن بۇ زور تارىخى زىيانلارنى پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز،'ئاندىن ھەممە پەنلەر ۋە ھەممە باسقۇچلاردا (يەنى ئالى مەكتەپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئۇيغۇر تىلىمۇ تەڭ قوللىنىلىدىغان،بالىلىرىمىزنىڭ ئەقلى، روھى، جىسمانى تەرەققىياتى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەۋجۇتلۇق، تەرەققىياتىغا توسالغۇ ۋە زىيان ئەكەلمەيدىغان (يەنى10ياشتىن بۇرۇن يات تىل تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلمايدىغان)، ئەكسىچە،'ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدىغان،'ئۆزىمىزگە تولۇق ماس كېلىدىغان ھەقىقى قوش تىللىق مائارىپ لايىھىسىنى ئۆزىمىز تۈزۈپ ھۆكۈمەتكە سونۇشىمىز كېرەك. شۇنداقلا بۇ كۆپ سانلىق ئۇيغۇرنىڭ ساداسى بولۇشى كېرەك.

(33) ئەركىن سىدىق ئەپەندىمگە كۆپ رەھمەت! ئاللا ئۆمرىنى ئوزۇن قىلغاي. يۇقىردا دېيىلگەندەك بىز تەربىلەيمىز دەيدىكەنمىز شارائىت قانداق بولمىسۇن چوقۇم قىلالايمىز.بىز شارائىتنى ئۆزىمىز يارىتىمىز.

دىمىسمۇ بەزى ئاتا- ئانىلار بالىلىرنى پەقەت مەكتەپتىكى نەتىجىسى بىلەنلا ئۆلچەيدۇ. كىيىن مەكتەپتە ئۇنداق ياخشى ئۇقىغان ئىدى مۇنداق ياخشى ئۇقىغان ئىدى دەپ قاخشايدۇ. ئۆزى قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ، قانچىلىك تەربىيەلىگەنلىكىنى ئويلاشمايدۇ. ئاتا - ئانىلار بايلىق، ئويۇن تاماشىنىلا قوغلۇشۇپ باللىرىڭلارنىڭ قانداق چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلماي قېلىۋاتىسلەر. سىلەر ئۇلارنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى بىلگەن چېغىڭلاردا يىغلايسىلەر قاخشايسىلەر ئەمما بۇ پۇشايماندىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس. سىلەر شۇ بايلىق شۇ ئويۇن تاماشا بىلەن بىرقانچە بالاڭلارنىلا ئەمەس

**نۇرغۇنلىغان پەرزەنتىڭلارنى ، مىللىتىڭلارنى ... ئۇنتىدىڭلار. بالىنى تۇغۇپ قويغانلىغىڭلا ، تېپىپ قويغانلىغىڭلا ھېساپ ئەمەس. تۇغىنى تۇغان كىلىشتىن ئاۋۋال سالايلى!**

**(34) «ئاكىمىز» بىزنى قىستاپ تۇيۇق يولغا ئەكىرىپ قويغان تۇرسا، خۇددى «سېرىك ئۆمكىدىكى يولۋاستەك» چۈنكى سېرىك ئۆمكىدىكى يولۋاس گەرچە يولۋاس بولسىمۇ باشقۇرغۇچىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئانا تىلىمىزدىن ،مەدەنىيىتىمىزدىن ۋاز كەچسەك ،مىللەتكە،'ئەۋلاتلارغا ئاسىيلىق قىلغان بولىمىز، تىلىمىزنى مەدەنىيىتىمىزنى دەپ ئولتۇرساق،خىزمەت تېپىش مەسىلىسى تەس بولىدۇ . زادى قانداق قىلىمىز؟ كەڭ تورداشلارنىڭ قايىل قىلارلىق پىكىر بېرىشىنى ئۈمۈد قىلىمەن. بىرلىكتە كۆرەش قىلايلى.**

**(35) باشلانغۇچتا 1-3يىللىق ئوقۇغۇچىلار ئاتا-ئانىلارغا يېزىغان ئېچىلىپ 2009-يىلدىن باشلاپ كۈندە بىر سائەتلا ئەدەبىيات دەرسلىكى ئۆتىلىدىغانلىقى ئۇختۇرۇلغان!...بۇ بىزنىڭ كەلگۈسى بولغان باللىرىمىزغابولغان تىل قىرغىنچىلىق! مەن تىخى چۈشتىلا ئاكامنىڭ قىزىغا ئۇنىڭ ماتىماتىكا تاپشۇرىقىنى ئونىڭغا خىتايچىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىشىپ بەردىم، ئاشۇ دەرسلەر ئاناتىلدا بولغان بولسا سىڭلىم بىردەمدىلا جاۋابىنى يىزىپ بولارئىكەن! ھازىرقى ئاتا-ئانىلاردا مۇنداق ئىدىيە شەكىللىنىپ قالدىدەيدىغان!بۇيدىيە قانداق كىرگەن:يىقىنقى30يىللىق تەرەققىياتتا خەنزۇتىلدا ئوقىغان ئۇيغۇر زىيالىلارنىڭ خىزمەتكە چىقىشى ئاسان ، يوقۇرغا ئۆسىشى تىز!دىگەنەدەك ئامىللا كەلتۈرۈپ چىقاردى. 30يىلنىڭ مابەينىدىكى مۇشۇ «ئىتقا سۆڭەك تاشلاپ بويىنغا ستىماق سىلىش» بويىچە بىرتۈركۈم زىيالى كادىرلىرىمىز بارلىققاكەلدى،بۇ سۆڭەكنىڭ تەمىنى تىتىغان كىشىلىرىمىز بەس- بەس بىلەن باللىرىنى خەنزۇچىگە بەردى! ئاقىۋىتىچۇ: ئىمانى سۇس،'ئاناتىلدا ھەم خىتاي تىلدىمۇ بەزى گەپلەرنى چۈشەندۈرەلمەيدىغان،'ئەدەپ-قائىدە ئۇقمايدىغان، قولدىن ئىش كەلمەس ،'ئۆز مىللىتىدىن سەسكىنىدىغان ،نىمىشقا خىتاي ئائىلىسىدە توغۇلمىغىنىدىن پۇشايمان يەيدىغەن بىرتۈركۈم ئەخلەتلەر بارلىققاكەلدى! شۇڭلاشقا ئاتا-ئانىلار بۇ ئىشلارنى ئىشتىكلا قوبۇل قىلدى،'ئۇلار14-مىللەتنىڭ قۇرلۇپ چىقىشىغا چوڭ تۆكىلەرنى قوشىۋاتقانلىقنى بىلىۋاتقانمدۇ؟'ئۆز پەرزەنتىنىڭ كىيىن يات مىللەت ئالدىدا قاراكۈچ بولۇپ قالدىغانلىقنى چۈشۈنۈپ يېتەلمەسمۇ؟ بوسا قېرىنداشلا ماغا ئاشۇ ئاتالمىش مىللى ئاپتونومىيە ھوقوقىدا ئولتۇرۋاتقان ئۇيغۇر ئاپتونومىيە،شەھەر باشلىقىنىڭ ياكى بولمىسا ئۇيغۇرتىل شۇناس جەمىيتىنىڭ ،مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقىقاتارلىقلىنىڭ ئېل خەت ساندۇغىنىڭ ئادىرسىنى بىلدىغانلار بولسا ماڭغا ئېتىپ بەرگەن بولساڭلا، بۇ ئوت يۈرەك ئەپەندىمنىڭ يوللانمىسىنى ھەمدە ئۆزۈمنىڭ ككى ئېغىز گىپىمنى يوللاپ قويايكەنمەن! مۇشۇ يوسۇندا بولسا 12مۇقاملىرىمىزمۇ خەنزۇچە ئېيتىلسا يەنە20-30يىلدىن كېيىن ھازىرقى ياش مۇقامچىلىرىمىز خەنزۇچە سەۋىيىسى يەتمەي خىزمەت ئورنىدىن قالدۇرۇلامدۇ تىخى! ھازىرقى پىرگورامىسىنىڭ {ئۆزىڭىزگە چىقىش يولى ئىزدەمسىزقىنى بۇيەرگەكېلىڭ} دىگەنەدەك ھەممە ياشلىرىمىز ناخشا توۋلىسا،'ئۇسۇل ئوينىسا پۇل، يۈز ئابروز، مەرتىۋىگە ئىگە بولدىغان گەپلىرى ھازىردىن باشلاپ {ئۆزىڭىزگە چىقىش يولى ئىزدەمسىزقىنى خەنزۇچە ئۆگىنىڭ} دەپلا ئۆزگەرتىلسە بولامىكى كىيىن ئۇيغۇرچىنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇرلا بۇ ناخشىنى چۈشەنمەي پىڭلاستىنكا سېتىلماي ئاچ قىلىپ ئىگىرىسمۇ ھىچكىمنىڭ چاتىقى بولماي قالا! ئويلاپ قويۇڭ قېرىنداش ھازىر دەستەك قىلىپ كۆتۈرۋاتقان تارىختا**

ئۆزتىلدا كىتاپ يېزىپ دۇنياغا تۇلۇلغان ئالىملىرىمىزنىڭ كىتابى ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ناخشا پېشۋاسى ئانىمىز ئامانىساخاننىڭ 12مۇقامى، ۋاقتى سائىتى كەلسە بۇ ئىككى دەستەكتىنمۇ ئايرىلىپ قالىمىز ! كاللا شلىمسە،بۇت-قولغا ئارام يوق دەپتىكەن! ئوتتۇرلۇقتا گاڭگىراپ قاپاق بولغان باللىرىمىز،بۇرۇن ئويلىغاندەك ئاسان ئىش،كادىرلىق ئەمەس،'ئەڭ ئېغىر،'ئەڭ مەينەت،'ئورنىدا خىزمەت قىلدۇ!ھەتتاكى بوينىنى سىرتماق بوققان ئىتتەك كۆزلىرىگە قان تولۇپ،شۇ ئۆزلىرىنى ئوبدان تەربىلمىگەن ئاتا-ئانىلارنى قاغايدۇ!

(36) ئانا تىلنى چۈشەنمەيدىغان، ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالالمايدىغان ئادەمنىڭ پىكرىمۇ، تەپەككۇرىمۇ، ئەقلىمۇ چولتا كېلىدۇ دەپ ئويلايمەن. مۇشۇ مۇنبەردە مەن بەك ھۆرمەتلەيدىغان بىرسى بار. كىچىكىدىن تارتىپ ئىچكىرىدە ياشاپ كېلىپمۇ ئانا تىلغا بولغان مۇھەببىتى قىلچە سۇسلىمىغان. 500 ئادەمنى يىغىپ نۇتۇق سۆزلىگۈدەك قابىلىيىتى، قايىل قىلىش ئىقتىدارى بار. ئانا تىل دېسە جان بېرىدۇ. بەك ساپ سۆزلەيدۇ. ئىملاسىمۇ بەك توغرا. ئۆزىنىڭ قەۋمنى، مىللىتىنى شۇنچىلىك سۆيەلىسە باشقىلار ئالدىدىمۇ شۇنچىلىك ھۆرمەتكە نائىل بولىدۇ. باشقىلار تەرىپىدىنمۇ مەسئۇلىيەتچانلىقى سەۋەبلىك شۇنچىلىك سۆيۈلۈشكە ئېرىشىدۇ. ئۆتكەندە ئەركىنكامنىڭ ئىككى لېكسىيىسى ۋە سۆھبەتنى ئاڭلىدىم. ئەركىنكام بىزنىڭ مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان بەزى زىيالىيلاردىنمۇ بەكرەك ساپ ۋە تېتىملىق سۆزلەيدىكەن. 20 نەچچە يىلدىن بېرى چەتئەلدە ۋە ئىچكىرىدە ياشىغان بىر ئادەمنىڭ شۇنچىلىك يېزىقچىلىق ۋە نۇتۇق قابىلىيىتى، مىللىتىگە، تەقدىرداشلىرىغا بولغان كۆيۈنۈشى قايىللىقىمنى، ھۆرمىتىمنى قوزغىدى. ئەمدى بىزلەر قۇرۇق شوئار توۋلىماي ئۆيىمىزدە پەرزەنتلىرىمىزگە، قېرىنداشلىرىمىزغا مەسئۇلىيەت ۋە مۇھەببەت تەربىيىسى بەرسەك سىرتتىن كېلىدىغان بېسىملار بىزنى ھىمرىۋېتەلمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلنى قوغداشنىڭ يەنە بىر چارىسى ھەممەيلەن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلارغا كۆڭۈل بۆلۈش شۇ ئارقىلىق نەشرىيات ئىشلىرى ئارقىلىق مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

(37) ئەگەر ئابدىخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ، ئابدىرىھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر .... قاتارلىق ئۇلۇغلىرىمىز ھايات بولغان بولسىمۇ ئەركىن سىدىق ئەپەندىمدەك دىگەن بۇلاتتى (ياكى ئۇنى قوللايتتى). كىم بىلىدۇ مەرھۇم شائىرىمىز روزى سايىت ھايات بولغان بولسا تېخى "خەنزۇ بولماق تەس" دىگەن شېئىردىن بىر نەچچىنى يېزىپ چىقامدى.

(38) ھەي!!!!قانداق قىلىمىز بالىلار؟؟؟ ھەممىمىز تىرىشايلى!!مۇشۇ خەقنى بېسىپ چۈشكۈدەك غەيرىتىمىز بىلەن ئوقۇيلى داۋاملىق ئۆگىنەيلى!!! ھەي.....بەزىدە ئاشۇ كىتاپخانىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتاپلارنىڭ توپا بېسىپ قالغىنىنى كۆرسەم ئىچىم بەك ئاچچىق بولۇپ كېتىدۇ!!!~~~8 مىليۇندىن ئارتۇق نوپۇسى بار ئۇيغۇرنىڭ 3000تىراجدا بېسىلغان كىتاپلىرى ئوقۇرمەنگە تەلمۈرۈپ توپا بېسىپ تۇرىدۇ!!! ئوقۇيالمايمەن !ساۋادىم يوقتى دەيدىغانلار چىقمايدۇ ھازىر مىللەتنى كۆڭۈلدە،'ئېغىزدىلا سۆيەمدۇق؟؟؟ ۋار-ۋۇر ئىككى ئېغىز قۇرۇق شوئار توۋلىۋالساقلا كۇپايىمۇ؟ قۇرۇق چېلەك بەكرەك تاراڭشىغاندەك مۇنبەردىكىلەرگە تەكلىپىم: مىللەتنى سۆيىمەن دەيدىكەنسىز ،'ئۇيغۇرنىڭ مەتبۇاتىنى قوللاڭ!!! يېزىقنى قەدىرلەڭ!!!20~30 يۈەن خەجلەپ قويسىڭىز ئەۋلادلىرىڭىزغا مىراس قالدۇرغىدەك ئېسىل كىتاپ كېلىدۇ!!!! ئۆيىڭىزدە بار كىتاپنى ھاجەتخانىغا

،تۇترۇق قىلىدىغانغا ئوچاق بېشىغا ئاپىرىپ قويماڭ!!!يامان بولىدۇ!!

(39) بۇ تىما ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ .دەسلەپكى قۇش تىل ئۇقۇشى يەنى ئوز ئانا تىلى بىلەن بىللە ئىلىپ بىرىلغان ئۇقۇتۇشنىڭ ئۇنۇمى ھەقىقەتەن ياخشى بولدى ھەتتا ماتىماتىكىدا تولۇق نۇمىرغا ككى نۇمىر كەم بولۇپ قالغان ئۇقۇغۇچىلارمۇ چىقتى مىنىڭ سىڭلىم دەسلەپكى قۇش تىل سىنىپىنىڭ ئۇقۇچىسى ئۇلارنىڭ سىنىپىدىن ھەممە با لىلار ئەڭ ياخشى ئالى مەكتەپلەرگە ئوتتى گەر چە مىنىڭ بالام تىخى يەسلىدە بولسىمۇ بۇ ئىش مىنىڭ بەك دىققىتىمنى تارتتقان ،كىين باشلانغۇ چىنىڭ توتىنچى يىللىغىدا ئۇيغۇر ئانا تىلىنى ئو تىدىكەن دىگەننى ئاڭلاپ بىز ھەقىقەتەن گاڭگىراپ قالدۇق ،كۆپ سوزلەشتىنمۇ قۇرقىدۇ كىشى ،شۇڭا مەن بالامنى بەش يىل خەنزۇ مەكتەپتە ئۇقىتىپ ،تولۇقسىزغا چىققاندا قوش تىل سىنىپىغا يۇتكەيمىكىن دەيمەن .

(40) مۇشۇ قوش تىل مائارىپى چەتئەلدە ھەقىقى ماھىيىتىنى كۆرسىتەلەيدىكەن. ئەمما بۇ يەردىچۇ؟ باللارغا تەييارلىقتىن باشلاپ ساپا مائارىپى ئۆتىمىز دەپ ئۆز تىلىنىمۇ تۇللۇق بىلىپ كەتمىگەن باللارغا خەنزۇچە دەرس بەرگەننى ئاز بەرگەن تاپشۇرۇقلىرنىڭ كۆپلىكى.. شۇڭا باللار ھازىر ئۆزىنىڭ ئاتا تىلى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرىپ-ئادەتلىرىنى بىلمىگەن ھالدا چوڭ بۇلىۋاتىدۇ..شۇڭا ھازىرقى باللارنىڭ ئىمتاھان نەتىجىسى بىلەن 10يىل بۇرۇن ئۇقۇغان باللارنىڭ ئىمتاھان نەتىجىسىدە زور پەرىق بار. دۆلىتىمىز مۇشۇ ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرسە ياخشى بۇلاتتى..

(41) مەن بۇ يازمىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقتىم، كۆڭلۈم تەسىرلىنىپ بەرگۈسىز يېرىم بولدى،دىمىسىمۇ ھازىر نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەتىگە،'ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىمۇ،'ئىككى ئېغىز لىلا گېپىنى دىيەلمەي،يۈز بىرىۋاتقان ناھاقچىلىق ۋە خاتا ئىشلارغا كۆزىنى پاقىرتىپ چارىسىز قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىۋاتىدۇ. بۇلۇپمۇ جەنۇبى شىنجاڭدا بۇنداق ئەھۋال ئالاھىدە ئېغىر،'ئۇيغۇرنىڭ گېپىنى، ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق،مەن بىر كەسپىي ئورۇندا ئىشلەيتتىم ،مەن ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن مەكتەپتە كەسپىي دەرسلەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە سۆزلەنگەن،بۇ يەردە ھەممە خىزمەت خەنزۇچە بولغاچقا،خەنزۇ تىلى سەۋىيەم بۇلۇپمۇ سۆزلەش سەۋىيەم تازا ياخشى بولمىغاچقا،'ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزەم بۇرۇندىنلا بەك تۈز، يۇۋاش بولغاچقا دەسلەپ كەلگەندە چىدىغۇسىز يەكلەشلەرگە ئۇچرىدىم ،لېكىن چىشىمنى چىشلەپ چىداشقا مەجبۇر بولدۇم،پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۆزەمنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈردۈم. ھازىر كەسپىي جەھەتتە پەقەت قىينالمايمەن، كۆزگە كۆرۈنۈپ خېلى نامىم چىقىپمۇ قالدى بىراق شۇ يەكلەشتىن پەقەتلا قۇتۇلالمىدىم. شۇ سەۋەپتىن مەن تارتقان جاپانى بالام تارتمىسۇن دەپ بالامنى خەنزۇ مەكتەپكە بەردىم لېكىن بالامۇ يۇۋاش ھەم تىل ئىنكاسى تۆۋەنرەك (لېكىن تەپەككۇر ئىقتىدارى يۇقىرى) بولغاچقا دەسلەپتە دەرسلەرنى چۈشىنەلمەي بەك قىينالدى، بالام بىلەن تەڭ مەنمۇ قىينالدىم،خەنزۇ مەكتەپلەردە ئۇيغۇر باللار دەرسلەردە يىتىشەلمىسە بەك ئېغىر يەكلەشكە ئۇچرايدىكەن، مىنىڭ ئۆزلىكسىز يىتەكلەپ تەربىيە بىرىشىم بىلەن بالامدا ھازىر ئۆزى تىرىشىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ خېلى ئىلگىرلەپ قالدى، مەن بۇ يازمىنى ئوقۇپ ۋە بالامنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىنى ئويلاپ،خاتالىقنىڭ ئەسلىدە مەندە ئىكەنلىكىنى سىزىۋاتىمەن، بالامنى ئەسلى ئۇيغۇر مەكتەپكە بەرسەم بوپتىكەن.

(42) ئالىملارنىڭ قەدرىنى قىلغان دۆلەت زومگەر بولدى،'ئەمما ئەينى ۋاقىتتا ھىندىيان مەدەنىيىتىنى يوقاتقان ئامرىكىمۇ ھازىر گۈللەپ ياشناۋاتىدۇ. ھەم بۇنداق يوقالغان مەدەنىيەتلەر دۇنيادا نۇرغۇن، ھەممىسى تەبىئىي تاللىنىش خالاس! ئەمما كۆڭلىمىزنى ھازىر ئەمىن تاپقۇزىدىغىنى بىر تۈركىي مىللىتىمىز!ئۇيغۇر تىلى ھەم تۈركىي تىل سىستىمىسىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى،'ئۆز ۋاقتىدا چىڭگىزخاندەك بىر قۇماندان چىقىپ پۈتۈن مۇڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئىدى،'ئەمما روشەنكى ھازىرقىدەك ئۇچۇر ۋە پەن يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان،زىدىيەت كەسكىنلەشكەن دەۋىردە تۈركىي مىللەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش بىر مۈشكۈل ۋەزىپە. بەزىدە پۇرسەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ،بەزىدە بولسا دەۋىر ئاتلاپ كېلىدۇ،بىرلا قېتىم كەلگىنىنى تۇتالمىغانلىرى بولسا خانى ۋەيران بولۇشتى،ھالبۇكى يەھۇدىيلارنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سالساق ئۇلار دەۋىر ئاتلاپ كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتالىدى،بۇنىڭدىكى تۈپكى سەۋەپ ئۇلار بىلىمنىڭ قەدرىنى قىلدى،'ئۆز مەدەنىيىتىنى جان جەھلى بىلەن قوغدىدى.ھەر قانداق دەۋىردە پۇرسەتكە تەييار تۇرالىدى،مانا بۇ ئۇلارنىڭ ھازىرقىدەك قۇدرەت تېپىشىنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك. ئەمما كىشىنى ھەيران قىلىدىغىنى ئەرەپلەرنىڭ ماتېماتىكا ۋە فىزىكا خىمىيە سەۋىيىسى،تۈركلەرنىڭ جەڭ تاكتىكا ئىلمى ۋە مەدەنىيۋى سەۋىيىسى ئىلگىرى دۇنياغا بىر ئىدى،'ئەمما كېيىنكى تەرەققىياتلىرى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ،بۇنىڭدىكى سىرلارنى ھېچكىشى بىلىپ بولالمايدۇ.قىسقىسى ئىنسان جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم بىرلىك، ھالبۇكى ئىنساننىڭ نىيتى چوڭ مەزمۇندا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بىشارىتى بولۇپ قالىدىكەن. ئاللا كۆڭلىمىزگە ئىنساب بەرسۇن،'ئىمانىمىزدىن ئايرىمىسۇن!

(43) ئەركىن سىدىق ئاكا توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە توردا كۆرگەن ۋە ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان بۇ ئەلسۆيەر ئالىمغا چىن دىلىمدىن قايىل بولغانمەن .ئىزچىل تۈردە ئۇنىڭ يازمىللىرىنى ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن،ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى. بۇ يازمىنى ئوقۇپ كۆڭلۈم شۇنداق غەش بولدى،زادى قانداق قىلساق ئۆز-ئۆزىمىزگە ھەققىي ئىگە بولالارمىز؟!زادى قاچانغىچە مۇشۇنداق چۈلكىدىن تارتىلىپ مېڭىۋاتقان نادان تۆگىدەك خەق نەگە باشلىسا شۇيانغا ماڭارمىز؟

(44) ئەركىن سىدىق ئاكىنىڭ يىراق ياقا يۇرتتا تۇرۇپمۇ بىز قېرىنداشلار ئۈچۈن شۇنچە كۆڭۈل بۆلگىنىگە ئاپىرىن ....كۆپ تەشەككۈر سىزگە. ئاللا ئەجرىڭىزنى يەردە قويمايدۇ.

تېما توغرۇلۇق كۆپ سۆزلىمەي.......ھەي.......بىزنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە ئائىت ئوز تەقدىرىمىزنى بەلگىلىيەلەيدىغان ئىشلارغا نىسبەتەن باشقا ھەرقانداق مىللەت، دۆلەتلەردىكىدەك ھوقۇقلارنى ،'ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنى بىزگە ھەققىي بىرلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ.......!~بۇنىڭغا قەتئىي گەپ كەتمەيدۇ قېرىنداشلار... نەچچە ھەپتىنىڭىزى تېلېۋىزور ،رادىئو ۋە گېزىتلەردە كەڭ كۆلەمدە 30يىللىق ئالەمشۇمۇل ئىسلاھات ئوزگىرىشلىرىنى ،مۆجىزىلىرىنى، تەرەققىياتلارنى ،مىللىتىمىز ئېتنىك مەدەنىيتى ئۈچۈن قىلغانلىرىنى ،بايلىق ۋە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادى ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ ،'ئەڭ ئاۋۋال بىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسلىمىزنى ھەققى ھەل قىلىۋاتقانلىقنى،'ئىچكىرىدىن بىز دۆت قالاقلارغا ياردەمگە كېلىپ رايونىمىزنى

شۇنداق ياخشى باشقۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقىنىنى............ بىرىپ كېلىۋاتىدۇ......قىلچە نۇقسانىسىز ،ھەقىقىي خەۋەرلەر دەگىلار بۇ.......ئوشۇق سۆزلىسەك ئالىي ئىنئام نامىلار شۇ ھامانلا تەييار بىزلارغا....ئاللا ئۆزۈڭ مەدەتكار بولغايسەن.

(45) مەن ھەقىقەتەن بۇ ماقالىنى ئوقۇپ چۆشەندىم، مېنىڭچىمۇ بۇنداق ئۆزگەرتىش قىلمىغىنى تۈزۈك، باشلانغۇچ ھەتتا يەسلىدىن تارتىپ باللارنى ئۆز تىلىدىن ئايرىشنى دەيمەن، ئانا تىلىنى سۆزلەپ چوڭ بولغان بالا مەيلى ئىشسىز قالسۇن روھى توق، كۆڭلى ئۇستۈن بولىدۇ. ئەگەر ئانا تىلىنىمۇ ياخشى ئۆگىنەلمىگەن بولسا، قۇلدىن باشقىغا يارىمايدۇ...موشۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزەمنىڭ تۇنجى قېتىم ھەتتا تولۇق ئوتتۇرىدا خەنزۇچە 8 - دەرىجىنى ئېلىپ بولۇپمۇ ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى باشلىغان ۋاقتىمدىكى قانچىلىك گاڭگىراش ۋە ھودۇقۇشلار ئىچىدە قالغان ۋاقتلىرىم ئېسىمگە كېلىدۇ...ئۇ زىيانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىۋالغىلى بولمايدۇ، چۈشەنمىگەنلەر باللىرىم خەنزۇچىدا ئوقۇسىلا باشلىق بولىدىكەن دەپ ئاددىي ئويلايدۇ، ئەمما ئۇنداق ئاسان ئىش يوق...

(46) ئەركىن سدىق ئاكىمىز ئامرىكىدا شۇنداق ئالدىراش تۇرۇپمۇ ،شۇنداق يىراق يەردە تۇرۇپمۇ دىيارىمىزدىكى ئىشلارغا ،مىللىتىمىزگە كۆڭۆل بۆلۈپ تۇرىۋېتىپتۇ . مۇشۇنداق ئوت يۈرەك قېرىنداشلىرىمىزدىن يەنە نەچچىسى بار دەيسلەر، شۇڭا ھەممىمىز ئەركىن سدىق ئاكىمىز نىڭ ئامانلىقنى تىلەيلى. ئىشقىلىپ مەن ئەڭ قايىل بولغان ئۇيغۇر قېرىندىشىمىز شۇ. قوش تىل مائارىپىغا كەلسەك ئۆزىمىز كۆپرەك تىرىشچانلىق كۆرستەيلى ،ھازىر ناھەقچىلىق شۇنداق كۆپ تۇرسا . بىر بىرىمىزگە كۆپ ياردەم قىلايلى. ھەققى ئۇيغۇردەك ياشايلى.

(47) ئائىلە تەربىيىسىگىمۇ قاتتىق ئەھمىيەت بىرىش زۆرۈر. چوڭ قانۇننى ئۆزگەرتىش قولىمىزدىن كەلمىسە ئۆيدىكى كىچىك قانۇننى ئۆزگەرتىشقۇ قولىمىزدىن كىلەر؟ كۈندە چىقىپ ئولتۇراشقا بارغاندىن ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ بالىغا ئۇيغۇرچە ئۆگەتكەن ملىك ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ كىتابخانىدىكى ئۇيغۇرچە كىتابلار يوقۇلىشتىن بۇرۇن ئازراق قان چىقىرىپ پۇل خەجلەپ ئۆيگە ئەكىلىۋالايلى، كىم بىلىدۇ ئەتە ئۆگۈن يازغۇچىلىرىمىزمۇ خەنزۇچە كىتاپ يازىدىغان بولۇپ كېتەمدۇ تېخى.

(48) مۇشۇ تىمنى بىزنىڭ ئالىجاناپ باشلىقلىرىمىز كۆرىۋاتامدىغاندۇ،بۇنى تىزرەك كۆرۈپ ئۆز رولىنى جايىدا جارى قىلدۇرسا بولاتتى. بىزنىڭ بۇ يەردە باشلانغۇچنىڭ 1-يىللىغىدا ئۇيغۇرچە دەرىسلىك دىگەننى كۆرگىلى بولمايدۇ،ھەممىسى خەنزۇچە بوپ كەتتى. مانا مېنىڭ بالام دەل مۇشۇ دولقۇنغا توغرا كەلدى ،'ئەينى ۋاقىتتا مەنمۇ بىر يىل يېڭى يېزىق ئوقۇپ ئاندىن ئىككىنچى يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر كونا يېزىغىنى ئۆتكەن شۇ يىللىرى بۇرۇنقى خاتا ئىدىيە بىزگە كېلىپ تۈگىگەن،بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئۇيغۇر مەكتەپ بىلەن خەنزۇ مەكتەپ 1- يىللىغىنىڭ دەرسلىگى ئوخشاش مەن بالامنى ئۇيغۇر مەكتەپكە بەرسەم ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار خەنزۇچە سوزلەپ دەرىس بېرىدۇ ،تەلەپپۇزى تازا جايىدا ئەمەس،ھەم ئىككى مەكتەپنىڭ تىل سەۋيەسى جەھەتتە خەنزۇ مەكتەپتىكىنىڭ تىلى تىز چىقىدىكەن دەپ شۇنىڭغا بەردىم. (مېنىڭ بالامنىڭ سىنىپىدا 47 ئوقۇغۇچى بار 10خەنزۇ ئوقۇغۇچى قالغانلىرى ئۇيغۇر ،قىرغىز ئوقۇغۇچىلار) بىزنىڭ بۇ يەردە تاللاش ئىمكانىيىتى يوق،'ئۈرۈمچىدە بولغان بولسا ئىدى

چوقۇم ئۇيغۇرچىغا بېرەتتىم ،چۈنكى ئۇ يەردە ھەر كىكى مەكتەپ بار ھەم ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە تىلى يەسلىدە چىقىدۇ ،يەسلىدىن كېيىن ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇسا خەنزۇچە سەۋيەسى ئوخشاشلا بۇ يەردىكى خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بالىلارنىڭكى بىلەن ئوخشا بولىدۇ. مۇشۇنداق مېڭىۋەرسە بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدىبىياتىمىز، تارىخىمىز يوق بولىدى دىگەن گەپ ،بۇنىڭغا ما بىزنىڭ باشلىقلىرىمىز ياخشىراق (ئەركىن سىدىق ئەپەندى دىگەندەك ئامىرىكىدا يولغا قويۇلغان قوش تىل مائارىپىنى سىناق تەرەقىسىدە يولغا قويسا) ئامال قىلسا بولاتتى. بالامنىڭ دادام مەن نۇرغۇن يىل يىغىپ ساقلىغان كىتاپلىرىنى كېيىنكى كۈنلەردە نىمە بۇ ئۈمۈچۈكنىڭ پۈتىدەك بىر نەرسىلەركەن دەپ تاشلىۋېتىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيمەن. تىمىدىن سىرت بىر سوئال سوراي كۆپچىلىك بىلسە مەسلىھەت بەرسە،مىسرىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپى قانداقراق مۇشۇ توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرسەڭلار،'ئۇ يەردە پەننى بىلىم بىلەن دىننى قوشۇپ ئۆتەمدۇ.

(49) بىزنىڭ ناھىيەدىكى ئىككى ئۇيغۇر يېزا مەكتەپ ئۇقۇيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى يوق تاقىلىپ كەتتى .يەنە نەچچە مەكتەپتە ئازلا ئوقۇغۇچى قالدى .نۇرغۇن ئاتا -ئانىلار بالىلىرىنى خەنزۇ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەچكە ئۇيغۇر مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بالىلار بەك ئاز.

(50) ئەركىن سىدىق ئەپەندىمنىڭ ئېسىل يازمىسىغا كۆپ رەھمەت !!!، مەن ئەتىگەندىلا بۇ ماقالىنى ئوقۇپ بەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئەركىن سىدىق ئەپەندى رەھمەت سىزگە !!!، ياشاپ كېتىڭ !!!. شەخسەن مەن ھازىر جۇڭگودا، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان بۇ خىلدىكى «قوش تىللىق مائارىپ» دەپ چىرايلىق ئىسىم قويۇلغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا تۈپتىن قارشى. مەن < ئەمما مەندەك بىر - ئىككى ئادەمنىڭ قارشىلىقى بۇ دۆلەتتە نېمىگە ئۆتەتتى > مىللىتىمىزگە قارىتىلغان بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان 2 - قېتىملىق چوڭ بىر مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەپ قارايمەن. < بۇنىڭ قان چىقارماي جاننى ئېلىشتىن نېمە پەرقى >.
جۇڭگودىكى بىرىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت ئىنقىلابى بولسا 1966 - يىلى باشلىنىپ 1976 - يىلى مەزكۇر «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تۈتىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان بىر قېتىملىق ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى دۆلەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ماۋ زېدۇڭ شۇ ۋاقىتتىكى دۆلەت رەئىسى ليۇ شاۋچىدىن (ليۇ شاۋچى 1959 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە جۇڭگوغا دۆلەت رەئىسى بولغان) دۆلەت رەئىسلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن مەزكۇر تۆت كىشىلىك گۇرۇھ ئارقىلىق ئېلىپ بارغان، ليۇ شاۋچى ۋە ليۇ شاۋچىنى قوللىغۇچى ليۇ شاۋچى تەرەپدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ رەئىسلىك ھوقۇقىنى قولغا ئەپ بولغاندىن كېيىن تۆت كىشىلىك گۇرۇھنى يوقىتىپلا بېسىقتۇرۇۋېتىلگەن مەركەزدە باشلىنىپ پۈتۈن دۆلەتنى قاپلاپ كەتكەن بىر قېتىملىق ھوقۇق كۈرىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.
ئەمما بۇ قېتىمقى قوش تىل ئوقۇتۇش مائارىپى بولسا پۈتۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان جۇڭگودىكى 2 - قېتىملىق شەكلى ئۆزگەرگەن يەنە بىر خىل مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

(51) ئۇيغۇر رايونىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوش تىللىق ئوقۇتۇش توغرىسىدا

تەسرات،كۆز-قاراشلىرىمىز ھەممىمىزنىڭ دىگۈدەك بار. شۇڭا بۇ توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزدە تەسراتلىرىمىزنى سۆزلەۋېرىشنىڭ ئانچە كۆپ رېئال ئەھمىيتى بولمىسا كېرەك. مەسلە ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەممىزگە دىگۈدەك ئايان. ملك كاپ-كاپتىن بىر شىپ-شاپ ئەلا دىگەندەك ئەمدى مەسلىنى ھەل قىلىشنىڭ يول-ئۇسۇللىرى،'ئەمەلى ھەرىكەت-پائالىيەتلەر توغرىسىدا كۆپرەك ئويلىنىدىغان ۋە ئاقىلانە چارىلەرنى تېپىپ چىقىدىغان چاغ يېتىپ كەلدى.

(52) بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، بۇنىڭغا دەلىل تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالساڭلار بىر نېمە دېيەلمەي قالىمەن.

جۇڭگو ئازات قىلىنغاندا شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە جۇڭگودىكى جۇڭگودىكى تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان جاي ئىدى. تۆمۈر يوللار ھەممە يەرگە تۇتاشقان، سانائەت يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، يېزا ئىگىلىك دەسلەپكى قەدەمدە ماشىنىلاشتۇرۇلغان ئىدى. يېزىلاردىن شەھەرگە كىرىپ زاۋۇتلاردا ئىشلەيدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەدەنىيەت ساپاسمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىدە مانجۇ مىللىتى ئاساسى ئورۇندا ئىدى. بولۇپمۇ جىلىن ئۆلكىسىدە ئاساسلىقى مانجۇ، يەنە بىر قىسىم خۇيزۇلار بار ئىدى. باشقا مىللەتلەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى.

50-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، (ياكى باشلىرىدا، ماڭا يىلىنى ئوچۇق دېمىدى) زوڭ زاۋۇتلاردىن خېلى كۆپى تۆيۇقسىز بىر كۈن ئىچىدىلا تاقالدى. بۇنى سورايدىغان ئادەم ۋە ئورۇنمۇ بولمىدى. ئىشچىلار ئامالسىز يۇرتىغا قايتىشتى، دېھقانچىلىق بىلەن جان بېقىشقا تايىنىپ قالغاچقا، ئائىلىدە جان سانى تۇيۇقسىز كۆپىيىپ كەتكەچكە جان بېقىش بىردەمدىلا چوڭ بىر مەسلىگە ئايلاندى. مەكتەپلەر تاقالدى. پۈتۈنلەي خەنزۇتىلدا ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەرلا ئېچىلدى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ھەممىسى نوپۇسقا خەنزۇ دەپ ئېلىندى. ياق، مانجۇ، دېگۈچىلەر جازالاندى. شەرقىي شىمالدا ئوتتۇرا جۇڭگودىن زور مىقداردا ئەمگەك كۈچى يۆتكەپ بېرىلدى.

بىر ئەۋلات چوڭلار ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈنكى مانجۇلار كېيىن ئازسانلىق مىللەتلەر سىياستى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن تىزىمغا مانجۇ دەپ ئېلىنغانلاردۇر. شۇڭنىسى، كۆپ قىسمى خەنزۇغا ئايلىنىپ بولغانىدى. چۈنكى ئۇلار نوپۇستا خەنزۇ، تىلى، يېمكى، مەدەنىيتى...نىڭ نېمە پەرقى بارلىقىنى بىلمەي چوڭ بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل جۇڭگونى تىترەتكەن مانجۇ مىللىتى تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولدى.

بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن دوستۇم ناھايىتى ئاز ساندىكى مانجۇ تىلىنى بىلىدىغانلاردىن بىرى....

ئوقۇتقۇچۇم، بولسا مۇشۇ تارىختىن بىزنى تەپسىلىيرەك خەۋەردار قىلىپ قويسا رازى بولاتتۇق. ئۇيغۇر تىلىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە تىلنى تاتلىق قىلىپ يۈرگەنلەرگە بىر ساۋاق بولۇپ قالسىكەن، دەيمەن.

(53) كۈمۈش بۇرادەر ،'ئىنكاسىمنى خاتا چۈشىنىۋاپسىز. مەن ئىنكاسنى سۆكۈت ۋە جانباقتىلىقنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆرىۋاتقان دەرىجىدىن تاشقىرى سەۋىرچان قېرىنداشلىرىمىزغا قارىتا يېزىۋاتىمەن. مەن دەل ئالىممىزنىڭ ماقالىسىدىكى ئىلمى ئاساسلارنى( گەپ ئەمەس) تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ(مۇمكىن بولسا تېخىمۇ كۆپ ئىلمى ئاساس،پاكىتلارنى يىغالىساق تېخىمۇ ياخشى ،لېكىن،ۋاقىت ساقلاپ

تۇرمايدۇ.ھېلىمۇ زىيانكەشلىككە ئاللىقاچان ئۈچراپ بولغان سەبىيلىرىمىز ئاز ئەمەس) ئەڭ ياخشى،'ئۆزۈل-كېسىل بولغان ھەل قىلىش چارىسىنى تاپايلى ۋە شۇ بويىچە ئەمەلى ئىش قىلايلى دىمەكچى.

(54) ئاپتونۇم رايون بۇ ئىشنى ئۈچ مىليون ئادەم ئىمزا قويۇپ خەت يازسىمۇ ئۆزگەرتمەيدۇ. تېخىمۇ يۇقىرىغا ئىلتىماس سۇنۇش ئىمكانىيتى يوقمدۇ؟

موڭغۇل تىلى موڭغۇل خەلقىنىڭ ئۆزلۈكىدىن خەن تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە يوقلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان. (پەقەت جۇڭگودىكى--ئۇلار ئۆزى تەبىئي ھالدا تۇرمۇشدىن موڭغۇل تىلىنى تەبىئيلا يوقىتىۋېتىپتۇ). موڭغۇل بايلىرى جاھان كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا نارازىلىق تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار تىلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر تالاي ئەمگەكلەرنى قىلىدۇ، مەسىلەن موڭغۇل تىلىدا بىر كىتاب يازغانغا يۈز مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ، دېگەندەك.

بۇگۈنكى كۈندە موڭغۇل تىلى ئىچكى موڭغۇلدا خەن تىلىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشكەن.

بىر چاغدا مەكتىپىمىزگە ئىچكى موڭغۇلنىڭ بىر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇتەخەسسىلەر ئۆگىنىشكە كەلدى. مەكتەپ مېھمانخانىسىنىڭ ئۇستىگە موڭغۇل ۋە خەن تىلىدا سىلەرنى قارشى ئالىمىز، دەپ لوزۇنكا ئاستى. نېمشقا پەقەت خەنچىلا يېزىلمايدۇ، دەپ ھەيران قالدىم. جاۋابى شۇ بولدىكى، موڭغۇلچە يازمىسا ئۇلارغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنارمىش.

ئىچكى موڭغۇلدا ھەتتا ئالىي مەكتەپ مائارىپىدىمۇ ئۆز تىلى ئاساس. بىز نېمشقا بۇنچە ئالاھىدە؟

مېنىڭچە بىزمۇ قەتئي بىرەر چارە قوللانمىساق بولمايدۇ. بىز ئۇلارغا ئوخشمايمىز. تىلنى پۈتۈنلەي يوقتىپ قويغان تەقدىردىمۇ بېرىپ تېپىۋالغۇدەك تاشقى موڭغۇلى بار. بۆرتالاسى بار. (موڭغۇل تىلى بۆرتالا ۋە باينغولىن ئوبلاستىدا ئىچكى موڭغۇلدىنمۇ ياخشى ساقلانغان) بىزنىڭ نېمىمىز بار؟

(55) ھېتلىرنىڭ مېنىڭ كۆرەشلىرىم دىگەن كىتاۋىدا مۇنداق بىر جۈملە سۆزبار: ئادەتتەكىشلەرنى كىتاپلارغا قارىغاندا، بىۋاستە نوتۇقلاربىلەن خىتاپ قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ ئاسان قايىل قىلىشقابۇلدىغانلىقنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمىدىم. تارىختىكى ھەر قانداق بىر داغدۇغىلىق ھەركەتنى يازغۇچىلار پەيدا قىلغان بولماستىن، بەلكى ناتىقلارنىڭ ياراتقان ئەسرى ئىكەنلىگى ھەممىگە مەلۇم.

(56) مەن مۇنبەرلەردە بۇ توغرىسىدا نۇرغۇن مۇنازىرىلەرنى كۆردۇم. ساپلا !، دىگەندەك قۇرۇق شوئارلار...... توغرا ئانا تىلىمىز ھازىر تولىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرىۋاتىدۇ. بۇ ھەممىمىزگە ئايان، ئۇنداقتا بىز زادى قانداق قىلساق ئانا تىلىمىزنى قوغداپ قالالايمىز؟ قارىسام مۇنبەردە خېلى بىلىمدار كىشلىرىمىز بار ئىكەن، مەنغۇ بىر سەۋيەسى چەكلىك ئاددى ئادەم، مەن شۇ بىلىملىك كىشلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن قانداق ياخشى پىكىرلەر چىقاركىن دەپ كۈندە تۇر ئارلايمەن. بىز نىمشقا بىر ئۇنۇملۇك ئۇسۇل تېپىپ، بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلمايمىز. زادى قانداق قىلساق، ئانا تىلىمىزنى قوغداپ قالالايمىز؟

(57) قولنى كەسمىگۈچە قان چىقماس. جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس. مۇئەييەن ساندىكىلىرىمىز قورقۇنچنى يېڭىپ، تار مەنپەئەتتىن كېچىپ بىرلىكتە تىرىشىدىغانلا بولساق چوقۇم ئەمەلگە ئاشاتتى.

(58) ھىلى ھەممۇ ئۆز تىلىمىزنىڭ شىلتىش دائىرسى ۋە قىممىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ تۆۋەنلەپ كەتتى....ئەسلىدە بۇ دەسلىپدىلا كەڭ دائىردە ئىنكار قىلىنغان بولسا ئۇنۇمى بولاتتى، ئەمدى بۇ مائارىپنى باشلاپ ئەمىلەشتۇرۇپ بولدى..........كىينكىلەر قانداقمۇ بوپ كىتەر......باللارغا ئاپا دەپ تىل چىقماي ماما دەپ تىل چىقىردىغان ھالەتكە كەپ قالارمىزمۇ..............ئۇلارنىڭ ئومۇدىغۇ شۇ....... كىشى قايسى يولغا باشلىسا شۇنىڭغا ماڭىدىغان ھالەتكە باشچىلاپ چۈككەندەك قىلىمىز.....

شۇنىڭغا كۈچ چىقارغان "توھپىكار"لار ئوسكىنى بىلەن، مىللەتكە زادى قانچىلىك پايدىسى تىگەر دىگەننى،كەلگۈسدە قانداق بولار دىگەننى ئويلارمۇ بولار....

ئىشقا ئورۇنلىششقا پايدىسى زور دەيدۇ....ھازىر شۇنداق ياخشى نەتىجلەر بىلەن ئوقۇش پوتتۇرگەنلەرمۇ ياخشى مۇقىم خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۆزىمىزگە كەملىگىدىن، ئۇ بۇ شىركەتلەردە ئازىغىنە مائاشقا شلەپ يۈرمەمدۇ....ئاپتونومىيە قانۇندا "ئاپتونومىيە رايونلىرىدىكى ئورگانلارغا ئاشۇ رايوننىڭ ئاپتونومىيەنى يولغا قويغان مىللەتلەر ئاساسلىق باشقا مىللەتلەر قوشۇمچە ئىلىنىشى كىرەك".....دىيلگەن... بىراق ھازىرچۇ.....؟؟؟؟؟ ئەپسۇس مىڭ ئەپسۇس... رايونىمىزدىكى مەمۇرلۇق ئىنتىھامدىمۇ مىللەت چەكلىمىسى بولغانلىقتىن بىر ئورۇننى نەچچە مىڭ ئۇيغۇرلار تالىشىۋاتىدۇ،'ئۇلارنىڭ بولسا خىلى كۆپ ئورۇنلىرى تاللانماي بوش قالغان..... بىزنىڭ (يىمەكلىك ئىلمى ۋە قۇرۇلىشى ) كەسپىنى ئىلىپ ئىيتساقمۇ ئۇدا نەچچە يىل بولدى ئاز سانلىق مىللەتتىن ئادەم ئالمىغلى ئالسىمۇ ئىنتايىن ئاز نىسبەتتە،شەكىلگىلا........بايلىق ئەۋزەللىكى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ۋە شىقا ئورۇنلىشش پورستىنى كۆپەيتىش كىرەك .....دىگەندەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەدىلەر بىرلگەن 'قانۇنلار تۈزۈلگەن ھەم تۈزۈلۋاتىدۇ(مۇشۇنداق مائارىپقا ئوخشاش) مۇشۇنداق ئەھۋالدا تورسا بۇ ماپارىپ بىزگە يەنە قانچىلىك نەپ ئىپ كىلەر؟!~ شۇنداق ئىچىنىمەن ئۆزىمىزدىكى تۈز كۆر ،مانقۇرۇتلۇققا.........ئاللا مىللىتىمىزگە ئاسايىشلىق بەرگەيسەن.

(59) بۇ يەردە بىر -ئىككى ئېغىز سۆز ئارلاشتۇرغۇم كىلىۋاتىدۇ. ماكان مۇزىكا بىلىملىرى تورىنى بىلەمسىز؟ نىمە ئۈچۈن قۇرۇلغان؟

جاۋاب: ئۇيغۇر يېزىغىدىكى مۇزىكا ئىشلەش بىلىملىرى تورى يوق بولۇشتەك ئەھۋالغا خاتىمە بېرىش، بۇگۈنكىدەك ھەممە ئۇيغۇر ئۆز ئانا تىلىغا كۆيىنىۋاتقان مەزگىلدە ،مۇزىكا ئىشلەيدىغان دوسلاردا ئۆز ئانا تىلىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ھاسىل قىلىش............

ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلاردا بىرلىككە كىلىش (دەي، لۇپىن، تىياۋىين، خېچىڭچى، سدەي، بەنزو ... مۇشۇنداق نۇرغۇن ئاتالغۇلار ئۇيغۇچە بولماسلىق ئەھۋاللىرىغا خاتىمە بېرىش،) دەسلەپتە قۇرۇلغاندا بۇنداق ئەھۋاللار ئىنتايىن ئېغىرتى ھازىر خىلىلا تۈزۈتىلدى.

نۇرغۇن ئېنگىلىسچە مۇزىكا ئىشلەش يۇمشاق دىتاللىرى خەنزۇچىلاشتۇرۇلغان، خەنزۇچە ۋە ئېنگىلىسچە يۇمشاق دىتاللىرىنى ئىشلىتىپ كۆنۈپ قالغان،ھازىر بىز بىر قىسىم يۇمشاق دىتاللارنى ۋە سېستىملارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۋاتىمىز ۋە ئۇيغۇرچىلاشتۇردۇق، بۇنىڭ ھەممىسى ئۆز ئانا تىلىمىز

**ئۇچۇن.................**

**(60) گەپنى قىلماق ئاسان، ئەمما تەر تۆكۈپ ئەمەلىي ئىش قىلىش ئاسان ئەمەس. قۇرۇق ھاياجاندىن ئۇيغۇر تىلىمۇ، شۇ تىلدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان بالىلارمۇ ھېچ بىر نەپ ئالالمايدۇ. بولسا بالىلىرىمىز ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى مۇھىتى يارىتىپ بەرسەك بولاتتى. قايسى كۈنى بىر خىزمەتدىشىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ بالىسىنى ئېلىپ تالالا بازىرىغا نەرسە-كېرەك ئالغىلى بېرىپتىكەن. ئوغلى بازاردا سېتىلىۋاتقان مىلاد بايراملىق ئارچىغا ئاسىدىغان بېزەكلەردىن ۋە مىلاد بوۋاينىڭ ھاسىسىدىن ئالغۇسى كەپتۇ. "ياق بالام -- دەپتۇ ئۇ -- بۇ چەتئەللىكلەرنىڭ دىنىي بايرىمى. بىز بۇ بايرامنى ئۆتكۈزمەيمىز. شۇڭا بۇ نەرسىلەرنى ئالساڭ بولمايدۇ. بىزنىڭ نورۇز بايرىمىمىز بار، نورۇز بوۋىمىز بار".**

**" ئۇنداق بولسا ئاشۇ نورۇز بوۋاينىڭكىنى ئېلىپ بېرىسەن" غەلۋە قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ ئوغلى.**

**ئۇ ھەر تەرەپكە قاراپ بېقىپتۇ. ئىزدەپ بېقىپتۇ. نەدىكىنى بىزدە نورۇز بوۋاي ئۈچۈن ياسالغان بىرەر بۇيۇم بولسا كاشكى.**

**ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىچىم ئېچىشتى. بالىلار ھەممىگە قىزىقىدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىق تۇيغۇسى چۆچەكلەر دۇنياسىدىن كەلگەن مىلاد بوۋايغا تەلپۈنسە، بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھى ئەمەس. بەلكى بىزدەك بالىلىرىمىزغا ئۆز چۆچەكلەر دۇنياسىنى يارىتىپ بېرەلمىگەن ئاتا-ئانىلاردا. قىزىمغا كىچىكىدە قونچاق ئېلىپ بېرەتتىم. ئەمما ھەممىسىلا چەتئەللىك قونچاقلار ئىدى. ھازىرمۇ بەزىدە قاراپ باقىمەن. ئۇيغۇرنىڭ چىرايىدا بىرەر قونچاقنى كۆرۈپ باقمىدىم. بالىلىرىمىز "شىر پادىشاھ" نى "ئەقىللىق يىشيۇ" نى كۆرۈۋاتىدۇ. ئالىمجان، ئەخمەتجان، مەممەتجان لار كارتون فىلىملىرىگە باش قەھرىمان بولسا يامىنى بارمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ قالىمەن بەزىدە.**

**تىل پەقەت مەكتەپتىلا ئۆتۈلمەيدۇ. مەكتەپكىلا بېقىنىپ قالغىنىمىز ئۈچۈن مەكتەپ شۇنداقلا ئۆزگەرسە ۋايساپ قالىمىز. قىزىم مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بالىلار پىروگراممىسىنى شۇنداق قىزىقىپ ئىشتىياق بىلەن كۆرۈپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرچە بالىلار پىروگراممىسىنى كۆر دەپ ئېچىپ بەرسەم ئازراقلا كۆرىدۇدە ، قولى يەنە تىزگىنەككە سوزۇلىدۇ. ئاچچىقىم كېلىدۇ-يۇ، يېنىدا بىللە كۆرۈپ ئولتۇرغاچقا، ئىككىسىنى ئىختىيارسىز سېلىشتۇرۇپ گەپلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇمەن.**

**مۇمكىن بولسا ئىشنى ئاددىراقتىن باشلىغان بولساق، بىرىمىز ئۇيغۇرچە قونچاقتىن بىرنى لايىھىلەيلى، بولسا ئاۋازلىق بولسۇن، ئاپا، دادا، سۈت ئىمىمەن، قورسۇقۇم ئاچتى دېگەنلەرنى ئۇيغۇرچە دېسۇن. ئوبدانراق كۆچسەكلا بالىلىرىمىز ئامراق بولۇپمۇ قالار! بولسا ناخشا ئېيتىدىغان، چۆچەك ئېيتالايدىغانلىرى بولسا نىمىدىگەن ياخشى ئىدى-ھە. ئەگەر كىم ئىشلەپ پۈتتۈرسە ئۆزەم 10 نى ئالغان بولاتتىم.**

**يەنە بىرىمىز كارتون ئىشلەپ باقايلى. بالىلار قىزىققىدەك بولسۇندە، "ئەقىللىق يىشيۇ" دەك چىقمىسىمۇ ، ئۇيغۇر بالىدىن بىر ئى ئېكراندا ئۇنى، بۇنى قىلىپ يۈرسە بالىلىرىمىزمۇ كۆنۈپ قالاتتى ئەمەسمۇ!**

**ھازىرچە ئېسىمگە كەلگىنىنى مۇشۇنچىلىك يازدىم. قالغانلارمۇ ئىزدىنىپ باقايلى. ئالىملىرىمىز تەتقىق قىلسۇن، ئىلمىي نەزىرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويسۇن، ئەمەلدارلىرىمىز قانۇن ۋە نىزاملىرىمىزغا ئاساسەن بەزى نامۇۋاپىق ئىشلارنى ئۆزگەرتسۇن، قالغانلىرىمىزمۇ قۇرۇق شوئارنى توۋلاۋەرمەي ئازراق**

مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلايلى."سۇ كەلگىچە توغان تۈت" دەپتىكەن، ئاۋۋال بالىلىرىمىزغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ئۇيغۇر تىلى مۇھىتى يارىتىپ بېرەيلى. ئۆزىمىز يېتىشەلمىسەك، ئورخۇن تۇرۇپتۇ، قالغان مۇنبەرلەرمۇ تۇرۇپتۇ. ھەمكارلىششقا ھەممىمىز تەييار. ئەقلى بارلار پىلان تۈزسۇن، قولىدىن كەلگەنلەر ئىشلىسۇن، پۇلى بارلار شارائىت يارىتىپ بەرسۇن. قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمىسە، ۋاقتى كەلگەندە بىرەردىن بولسىمۇ ئېلىپ قوللاپ قويايلى.

(61) ھۆرمەتلىك كۆكنۇر، خېلى ئەھمىيەتلىك نۇقتىلارنى شەرھلەپسىز. سىزگە كۆپ رەھمەت! بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر قانچە يولى بولۇشى مۇمكىن. سىز دىگەن تەرەپلەر دەل شۇنىڭ بىرى.لېكىن ئۇ مەسىلىنى ئۆزۈل-كېسىل ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئەمەس. بۇ مەسىلىنى ئۆزۈل-كېسىل ھەل قىلىشتىكى زۆرۈرىيەت نىمە؟دەل ئۇنىڭ خاتا بولغانلىقى ۋە بالىلىرىمىزغا ئالىلقاچان چوڭ زىيانلارنى سېلىپ بولغانلىقى،دەرھال تەدبىر قوللىنىپ توختىتىلمىسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زىيانلارنى ئەكىلىدىغانلىقىدا!بۇ خاتا سىياسەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتىسى، كېلەچىكى، ئۈمىدى بولغان سەبى بالىلىرىمىزنىڭ ئەقلى، روھى ۋە جىسمانى تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ پەيدا قىلىدىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك پاكىت !بۇ بىزنىڭ ئېغىزىمىزدىكىلا سۆز ئەمەس خەلقئارا نوپۇزغا ئىگە ئالىملارنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىلمى تەتقىقاتى ئاساسىدىكى يەكۈنى.بىز بۇ زىيانلارنى سىز دىگەندەك ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەرگىزمۇ تولدۇرالمايمىز. ئەگەر بىزگە مۇشۇ سىياسەتنى يولغا قويغانلار ئىچىدە يۇقارقى يەكۈننى ئاغدۇرالايدىغان شۇنداق خەلقئارا نوپۇزغا ئىگە ئالىملار ۋە تەتقىقاتى بولسا ئوتتۇرىغا چىقسۇن! بولمىسا يۇقارقى يەكۈنلەرنى ئېتىراپ قىلىپ خاتالىقنى تۈزەتسۇن.جاھىللىق ۋە يولسىزلىق بىلەن قۇلاق يوپۇرۇپ تورۇۋالسا ،'ئۇ چاغدا بىزنىڭ بۇنى مەقسەدلىك مىللى ئاسمىلياتسىيە دەپ چۈشەنمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق. ئەمەلىيەتتە بىر قوۋم ياكى خەلققە ئەڭ چوڭ زىيان سىياسى تۈزۈلمە ۋە ئىجتىماي مۇھىتتىن كېلىدۇ.چۈنكى بۇ قاتتىق مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە بولۇپ،خەلقنىڭ تاللاش ئەركىنلىكى بولمايدۇ.خاتا ھالدا يولغا قويۇلغان سىياسى قارارلارنى تۈزىتىش،'ئۆزگەرتىش تامامەن مۇمكىن. بۇ يەردە ئېنىق،ستراتىگىيىلىك سىياسى زىيانكەشلىك پىلانى،رەزىل نىيەت بولمىغىنىدا، ئىشقا ئېشىشى تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ.ھەتتا شۇنداق سىياسى زىيانكەشلىك پىلانى بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزگەرتىش،تۈزىتىش چوقۇم مۇمكىن ھەم بۇ قەتئى زۆرۈردۇر! ئەمدىكى مەسىلە، ھازىرقى قوش تىللىق مائارىپنى تۈزىتىشنىڭ بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازى ۋە قەتئىي تەلىپىگە ئايلىنىش-ئايلىنالماسلىقىدا. ھەممىمىز جان قايغۇسىغا قالماي ۋە بۇ تارىخى ۋە سىياسى زىيانلارنىڭ ئۆزىمىز بىلەن ئالاقىسى سوكۈتتە تۇرۇۋالماي بۇنى بىر زور جاماەت پىكرىگە ئايلاندۇرۇشىمىز ۋە بەزى زۆرۈر ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك. خۇددى ئەركىن سىدىق ئاكىمىز ئېيتقىنىدەك،'ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئېتىراپ قىلغان روھى ئويغاق ھەربىر ئۇيغۇر يۈرىكىمىزنى بىر سىلاپ باقايلى!

(62) قېرىنداشىم ئەركزاد، ئىنكاسىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇغانلىقىڭىزغا رەھمەت. سىز ئېيتقاندەك مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى بىرلا بولۇشى ناتايىن. كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ دېگەندەك ھەممىمىز ئۇياق-بۇياقتىن ئامالىنى تېپىپ باقساق بولىدۇ. ئەممازە....شۇ تاپتا كىچىكىمدە كۆپ ئاڭلىغان مۇنداق بىر مەسەل ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ:

ئىلگىرى بىر توپ چاشقان بىر باي ئائىلىنىڭ ئامبىرىدا ناھايىتى خاتىرجەم ياشايدىكەنتۇق. ئۇلار

خالىسا سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ، خالىسا ئامبارىدىكى ئاشلىقلاردىن تويغىچە يەپ مەززە قىلىپ، كۈنلىرىنى بەكمۇ راھەت-پاراغەتتە ئۆتكۈزىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئائىلىدىكىلەر بىر مۈشۈك بېقىپتۇ. مۈشۈك ھويلىغا ئۈنگەن كۈندىن باشلاپ چاشقانلارغا كۈن قالماپتۇ. تۆشۈكىدىن چىقالماي قوساقلىرى دۈمبىسىگە چاپلىشىپتۇ.

بىر كۈنى چاشقانلار يىغىن ئېچىپتۇ.

--- مۈشۈمۇ كۈن بولدىمۇ-- دەپ سۆز باشلاپتۇ بىر چاشقان -- يا سىرتقا چىقالمىساق، يا ئارامخۇدا ئاشلىق يېيەلمىسەك. بۇ ئىشقا زادى بىر ئامال قىلماي بولمىدى.

بىرى ئۇنى دەپ بېقىپتۇ، بىرى بۇنى دەپ بېقىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ دېگىنى بۇنىڭغا، بۇنىڭ دېگىنى ئۇنىڭغا ياقماي، تالاش-تارتىش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغدا ئىلگىرى مۈشۈكنىڭ ئاغزىدىن بىر پۇتىدىن ئايرىلىش بەدىلىگە ئاران قۇتۇلغان بىر ئاقساق چاشقان ئوتتۇرىغا چۈشۈپ:

--- مېنىڭچە مۈشۈكنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويايلى، شۇنداق بولغاندا ئۇ يېقىنلاشسىلا قوڭغۇراق جىرىڭلايدۇ-دە، كەلگەنلىكىنى بىلىپ دەرھال قېچىپ قۇتۇلۇۋالىمىز.... دەپتۇ.

"ئىمىدىگەن ياخشى چارە"، "بارىكاللا" دەپ توۋلىشىپ كېتىپتۇ چاشقانلار. بۇ چارە ھەممىگە يېقىپتۇ. "شۇنداق قىلايلى، دەرھال شۇنداق قىلايلى" دېيىشىپ، قوڭغۇراقنىڭ قاندىقىنى ئېسىش توغرۇلۇق پاراڭلارمۇ قىزىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا قېرى چاشقاندىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

"بۇ ھەقىقەتەنمۇ بولىدىغان چارىكەن، ئەمما قوڭغۇراقنى مۈشۈكنىڭ بوينىغا كىم ئاسىدۇ؟" دەپتۇ. ھەممە جىمىپ كېتىپتۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھازىرمۇ چاشقانلار شۇ توغرىدا دائىم تالاش-تارتىش قىلارمىش. ئەمما مۈشۈكنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىلغانلىقى توغرىسىدا تېخى ھېچ خەۋەر يوق.

(63) ئالدى بىلەن دەيدىغىنىم بىز دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تىلىنى مۇكەممەل ئۆگىنىشىمىز شەرت مېنىڭچە بىز دەپ قاراپ ئولتۇرماي تەربىيەنى ئۆيدە قىلساقمۇ بولىدۇ دوپ ئويلايمەن ....ئەڭ بولمىدىن دىگەندە باللىرىمىز دىسە ئۇنداق ئەمەس تېلىۋىزۇر دەپ دىسە توڭلاتقۇدەيسەن ......دەپ ئۆگىتەيلى....گەرچەمەن تىخى ئاتا بولمىغان بولسامۇ دىيارىمىزدىكى بارلىق دەپ ئاتىلىپ كىلىۋاتقان ئەركەكلەرنىڭ ئائىلىدە باللىرىغا ئۇيغۇر تىل-يېزىقنى ئۆگۈتۈشنى تەشەببۇس قىلىمەن ...قۇرۇق شوار توۋلىماي قىنى ھەممەيلەن شۇنداق قىلىپ سىناپ باقمايلىمۇ ...

(64) "بۇ ھەقىقەتەنمۇ بولىدىغان چارىكەن، ئەمما قوڭغۇراقنى مۈشۈكنىڭ بوينىغا كىم ئاسىدۇ؟" دەپتۇ. ھەممە جىمىپ كېتىپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھازىرمۇ چاشقانلار شۇ توغرىدا دائىم تالاش-تارتىش قىلارمىش. ئەمما مۈشۈكنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىلغانلىقى توغرىسىدا تېخى ھېچ خەۋەر يوق. بارلىق-بارلىق تالاش-تارتىشلارغا تېتىغۇدەك گەپ بوپتۇ. ئامال ناھايىتى كۆپ،ھەممە مەسىلىنى بۇ ئاماللار بىلەن ھەل قىلالايمىز.لېكىن بۇيەردىكى مەسىلە---------قېنى، قوڭغۇراقنى كىم ئاسىدۇ؟ ئەركىن ئاكامۇ ماقالىسىنى مۇنى ئابزاس بىلەن ئاخىر لاشتۇرۇپتۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇيغۇرنى، ئۇيغۇر تىلىنى مەۋجۇتلۇق كاپالىتىگە ئىگە قىلىش بىزنىڭ ئەڭ ئېپتىدائىي ھەققىمىزدۇركى، بۇ ھەققىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، گېزى كەلسە ھېچ ئىككىلەنمەي جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز!" سىلەر ئىشىنەمسىلەر ؟مەن

**ئىشەنمەيمەن**

(65) بۇ گەپكە سىزلا ئىشەنمىسىڭىز ھەممە ئادەم ئىشەنمەيدىغان بولامدۇ؟ سىز شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭ، 15- ئەسىر ۋاقتىدا (يەنى ئەلشىر نەۋائىي زامانىسىدا) بىزنىڭ بۇ بۈيۈك تىلىمىز پارس ۋە ئەرەب تىلىنىڭ ھەر تەرەپتىن بېسىپ كىرىشىگە ئۇچرىغان. شۇ دەۋردىكى نى نام قازانغان شائىر ۋە ئەدىبلەر ئۆزىنىڭ بىباھا تىلىنى تاشلاپ قويۇپ، پارس ۋە ئەرەب تىلىدا شېئىر ۋە ئەسەرلەرنى يازغان. ھەتتا مۇبارەك زات ئەلشىر نەۋائىيمۇ شۇ تىلدا يازغان. ئانا تىلىم-زەر تىلىم دېگەندەك، ئەلشىر نەۋائىي بۇ نوقتىنى بۇرۇنلا تونۇپ يېتىپ، دەرھال خاتالىقتىن ئۆزىنى تارتىپ، يەنىلا بۇ تىللارنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا يەتمەيدىغانلىقىنى، ھەرقانداق پاساھەتلىك شېئىرلارنىڭ پەقەت ئانا تىلدا ئىپادىلەپ يازغاندىلا ئاندىن ھەقىقى پاساھەتلىك چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىپ، زامان ئەھلىلىرى ئەتىۋارلاپ تىلتۇمار قىلىپ يۈرگەن پارس، ئەرەب تىللاردىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنىڭ بىباھا ئانا تىلىنى قوغداپ قېلىشنى بۈيۈك مەجبۇرىيەت، بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت دەپ تونۇپ يېتىپ، ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ ئانا تىلدا شېئىر يېزىشنى قايتا باشلىغان ھەمدە قەتئىي داۋاملاشتۇرغان. ئۇل بۈيۈك زات ئىشنى ئاۋۋال ئۆزىدىن باشلاپ ئاندىن ئەتراپىدىكىلەرگە ئۆز ئانا تىلىغا ھېچقانداق بىر تىلنىڭ مەڭگۈ يېتىپ بولالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى قايىل قىلىپ، بۇ بۈيۈك ئانا تىلىمىزنىڭ بۈگۈنگىچە تەرەققى قىلىپ كېلەلىشىگە مەھمۇد كاشغەرىدىن كېيىنكى پۇختا ئاساس سالغۇچى بولۇپ قالغان.

ئۇل زاتنىڭ ئىشلىرىدىن شۇنى ھېس قىلىپ يېتىشكە بولىدۇكى، ئاۋۋال ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى.

تۇرمۇشىمىزدا ئاۋۋال ئۆزىمىز ئېغىز تىلىمىزدا خەنچە ئارلاشتۇرماي ساپ ئانا تىلىمىزدا سۆزلەپ باقايلى. ئەنە شۇ چاغدا ئانا تىلىمىزنىڭ قەدرى بولىدۇ. ئۆز تىلىمىزنى ئۆزىمىز قەدىرلىمىسەك، ئۇنى باشقا بىر قەۋم مەڭگۈ قەدىرلىمەيدۇ. بىزنىڭ ئانا تىلىمىزنى بۇزۇپ ئېيتماي، توغرا،'ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا سۆزلىشىمىزنىڭ ئۆزى، بۇ تىلىمىزغا بولغان مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ ئەملى ھەرىكىتىمىزدە ئىپادىلىنىشىدۇر.

قېنى قېرىنداشلىرىم، ئۇل تىلىمىزغا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بويىچە، ئاۋۋال ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى. ئۆزىمىزدىن باشلايلى. ھەممىڭلارغا سەممىيەتلىك تىلەپ، قېرىنداشلىرىڭلار: كۈنتىكىن.

(66) مېنىڭچە قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇش يەنە بىر تەرەپتىن خەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى دەپ قارايمەن. بىزگە ئوخشاش كۆپ ساندىكى مىللى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىمىكى 4.4% بولۇۋاتىدۇ (ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن). ئىشقا ئورۇنلىشىش تەس، قورساق غېمىدىلا قېلىۋاتىمىز. يېقىندا غۇلجىدا قوش تىللىقتا ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن1000 شتات بېرىپتىكەن،نەتىجىدە 44 ئۇيغۇر ئۆتۈپتۇ. قالغان 956 سى خەنزۇ . بىلىشىمچە بۇ قېتىملىق ئىمتىھانغا تىزىملاتقان ئادەم سانى 15000 دىن ئاشقان. ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى بۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپتۇ لېكىن ئۆتكەن ئادەم يوق. (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئىنتايىن ئىقتىدارلىق باللار بار ئىدى). ئىشسىزلىق ئېغىر. لېكىن مەيلى مائارىپىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ بىزنى چۈشكۈنلەشتۈرمەكچى بولغان

بولسا بىز ئائىلىدىن،'ئۆزىمىزدىن ئىش باشلاپ مىللى كىملىكىمىزنى ساقلاپ قالىمىز،'ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ ئىقتىسادى كۈچىمىزنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولسا باشقا يوللار بىلەن ئۆزىمىزنى بېقىپ يۈكسەلدۈرەلەيمىز. كەلگۈسىگە ئۈمۈد بىلەن قارايلى ... مەن ئەسئەت سۇلايماننىڭ "دېھقىنى بار مىللەت يوقالمايدۇ" دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندەك ئېسىمدە. خۇدايىم ئۆمرۈمنى بەرسە، غورىگىل ياشسامۇ كەلگۈسىدە ياخشى بىر ئانا بولسام دەيمەن، بالامنى ئۆزەم ئوقۇتسام (مەكتەپكە ئەۋەتكۈم يوق)، پەزىلەت ۋە كىملىك تەربىيسى قىلسام دەيمەن. تىل شۇنچە مۇھىم بولسا مەن ئۆزەم باشتا ئۆگىنىپ ئۆگىتىمەن. لېكىن تىل بىلمىگەننىڭ ھەممىسى دۆت ئەمەس، تىل بىلگەننىڭ ھەممىسى ئەقىللىق ئەمەس.

(67) ناھىيمىزدە 2005-يىلدىن باشلاپ يېزىلارغا ئومۇملاشقان .لىكىن ھازىر ھەر بىر يېزا تەۋەسىدىكى قوش تىل ئوقۇتۇشنى يولغا قۇيىۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئازلىدى .مەسلەن :مەلۇم بىر يېزىدىكى 8باشلانغۇچ مەكتەپتىن 5ئى بۇ يىل 9-ئايدىن باشلاپ 1-يىللىققا قوش تىل بۇيىچە دەرىس ئۆتۈلمەيدىغان بولدى. لىكىن ،'ئالدىنقى يىللاردىكى قوش تىللىق سىنىپلار ساقلاپ قېلىندى .

(68) ئۆز ئانا تىلنى ياخشى بىلگەندە ئاندىن باشقا تىلنى ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. دىيارىمىز ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ،'ئاساسى قانون ۋە ئاپتونومايە قانونىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ئانا تىلدا تەربىلىنىش ھوقوقى ۋە مەزكۇر رايوندا دۆۋلەت تىل-يېزىقى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تىل يېزىقى تەڭ قوللۇنۇش كېرەكلىگى بەلگۈلەنگەن. ھىزىر يولغا قويۇلىۋاتقان مائارىپى ئاساسى قانون ۋە ئاپتونومىيە قانونىغا خىلاپ.

(69) ئۆزلىرى قايىسى مىللەتتىن بولىلا؟؟ خەنزۇچە مۇنبەر ئەمەس بۇ ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇرچە"ئۇيغۇر"، ئېنگىلىزچە "uyghur "، خەنزۇچە" 维吾尔“ دەپ يازىدۇ. بىر ئوبدان ئىلمي پاكىتلىرى بار دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ بەرسىمۇ يەنە"تام تۈۋىدىن موسا قوپقاندەك" گەپ قىلىپ مانا مەن شۇ ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتىمەن، ئالي مەكتەپكە چىققۇچە ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇغان،'ئىككى يىل تەييارلىق جەريانىدا خەنزۇ تىلىنى ئاساسەن ئۆگۈنۈپ كەتتىم (مېنىڭ نەزىرىمدە ئىككى يىل بەكلا ئۇزۇن، مەنچە بولغاندا بىر نەچچە ئاي دەرس ئاڭلاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرسىلا يېتەتتى، بۇ يەردىكى مەقسەت نوقۇل خەنزۇتىلى ئۆگۈنۈش ئەمەس ، بەلكى كەسىپ ئۆگۈنۈش بولغاندىكىن)، ئىچكىرىدە بەك ياخشى ئوقۇدۇم دېيەلمىسەممۇ، مەندىن ناچار ئوقۇيدىغان نۇرغۇن خەنزۇ ساۋاقداشلىرىم بار (ئۇلارنىڭ ئالي مەكتەپ ئىمتاھان نەتىجىسى بىزنىڭ نەتىجمىزنىڭ ئىككى ھەسسى دېسەممۇ پو كەتمەيدۇ)، ھەم شۇ قاتاردا تولۇق ئوتتۇرىنى ئىچكىرىدە ئوقۇغان نۇرغۇن ئۇيغۇر ساۋاقداشلىرىممۇ بار، ئۇلارنىڭ ئۆگۈنۈش ئەھۋالىمۇ مەن بىلەن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، ھەم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالىمۇ ئاساسەن ئوخشاش، مەن بۇ چاغقىچە تېخى نېمە دەپ يەسلىدىن باشلاپ خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇمىغاندىمەن دەپ ئويلاپ باقمىدىم. موھىملىقىنى ھېس قىلىشقا كەلسەك، مەن پەقەت باشلانغۇچ ياكى تولۇقسىزدىن باشلاپ ئېنگىلىزچە ئۆگەنمىگىنىمگە ئەپسۇسلىنىمەن(گەرچە ماڭا پەقەت تولۇق ئوتتۇرىدىن باشلاپلا ئېنگىلىز تىلى ئۆگۈنۈش نېسىپ بولغان ھەم ئۇ ۋاقىتلاردا ئېنگىلىز تىلىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكۈدەك ئەقىل بولمىغانلىقتىن. نۇرغۇن مىللى مەكتەپلەردە ئېنگىلىز تىلى ، كومپيوتېر دېگەنلەر

**ھازىرغىچە يوق).**

**(70) دۇرۇس، دۆلەت تىلىنى ئۆگەنمەي بولمايدۇ!چوقۇم ئۆگىنىمىز!!**
**بىراق، يات تىلنى ئۆگىنىشنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈپ كېتىش قىلچە ،قىلچە ، قىلچە ئەرزىمەيدۇ ،خالاس!!**
**پېقىرمۇ بىر تىل ئۆگىنىشكە ئامراق شەخس، بىراق مەن ئەزەلدىن ئانا تىلىمنى ھېچقانداق بىر تىلدىن مۇھىم كۆرۈپ باقمىدىم،ھەم ئانا تىلىمنى پىششىقداش ھەم خىزمەت داۋامىدا قوشۇمچە ئىزچىل ھالدا ئانچە-مۇنچە دۆلەت تىلى ئۆگىنىش ياكى ئېنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئارقىلىق كەلگۈسىدە ئازراق بولسىمۇ نەتىجە يارىتالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىپ كېلىۋاتىمەن،ھەم ئىشىنىمەن.**
**ھەم ئاتالمىش ئۆزىنى قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئىلغار مەھسۇلاتى دەپ قارايدىغان ئاشۇ بىر ئوچۇم ستۇدېنتلاردىن ئۆزۈمنى خېلى يامان ئەمەس (مەيلى ئانا تىل ياكى خەنزۇ تىلى جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى بىلىم سەۋىيە جەھەتتىن) دەپ ئويلايمەن. ھالبۇكى بىزدەك بالىلىق ۋاقتىن تارتىپ پاك-پاكىز ، ساپ ئانا تىلدا تەلىم ئالغانلار (بۇمۇ بىزنىڭ بەختىمىز-دە ئەلۋەتتە كېرەك!) مۇ داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆزىمىزنى تاكامۇللاشتۇرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.**
**مۇنداق قارىغاندا بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز ئانا تىلغا بولغان كۆز قاراش ھەم قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسى ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىشى ، «تىل» ھەققىدە كۆپرەك ئۇنىۋېرسال ساۋات ئىگىلىشى زۆرۈردەك قىلىدۇ.**

**(71) ئەركىن ئاكىمىز دىگەندەك ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسى خېلى بىر مەزگىلگىچە دىيارىمىزغا كېلەلمەسلىكى مۇمكىن، ھەم ئۇلار يولغا قويۇشقا قىزىقمايدۇ، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ سىنىپىغا كەلسەك بۇ بىر خەلقئاراغا كۆز كۆز قىلىۋاتقان شەكىلۋازلىق خالاس، كومپارتىيە سىياسىتىدىن كارامەت مەنپەئەت بولىۋاتقان ئېزىلگەن خەلقىمىزنىڭ پىخىكىسىدىكى ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىپ، چەتئەللىكلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت دەپ قارايمەن. مەن بۇ سىياسەتكە قەتئى قايىل ئەمەس، ھازىرقى ئوقۇتۇش پىروگراممىسىغىمۇ نارازى، مۇشۇ بۇيىچە تەربىيلەش داۋاملىشىۋەرسە، بىزنىڭ سەبىي بالىلارنىڭ مىجەز خاراكتىرى ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن، بۇ زادى قوش تىللىق مائارىپمۇ ياكى بىزنىڭ تىل يېزىقىمىزغا نىسبەتەن پىلانلىق يوقىتىشمۇ؟ بۇ خىل ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسى بۇيىچە ئوقۇغان بالىلار بەك دوگما، دورامچى، مۇستەقىللىقى يوق، كۆچۈرمىچى، بەك ھىيلىگەر چوڭ بولىدىكەن، بۇ مېنىڭ بىر نەچچە يىل جەريانىدا كۆزىتىشتىن ئېرىشكەن يەكۈنۈم. بۇ پەقەت مېنىڭ شەخسى كۆز قارىشىم.**

**(72) قەدىرلىك ئىنىم، سىزگە شۇنى دەپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىش ھېچقاچان خاتا ئەمەس. سىز شۇنداق ئويلىغان ۋە شۇنداق قىلالىغان بولسىڭىز سىزگە ئاپىرىن. ئەمما ئۇنۇتماڭكى، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدا سۈت بەرگەن ئانىسىنىڭ تىلى "ئانا تىل" دېگەن سۆيۈملۈك نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇنى ئۇنتۇش، ئىنكار قىلىش ئانىغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ خىيانەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنى قوغداش، ئۇنى ھۆرمەتلەش سىزگە بىركىم تەرىپىدىن تېڭىلغان ۋەزىپە ئەمەس، بەلكى ئانىڭىزنىڭ ئوغۇز سۈتىدىن، ئاتىڭىزنىڭ قېنىدىن سىزگە بېغىشلانغان مۇقەددەس بۇرچ.**

شۇنداقمۇ؟ يازغان گىراماتىكىلىق خاتالىقلىرى مانا مەن دەپ تۇرغان خەنزۇچە خېتىڭىزدىنلا ئۇقتۇم! ئوبدان ئىنىم ۋە ياكى سىڭلىم، كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ مۇنۇ خەتلىرىمنى تولۇق ئوقۇڭ: مانا مەن ساپ ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، قوش تىللىق مائارىپ سېتىمىسىدىمۇ، خەنزۇتىلى مائارىپىدىمۇ، سىز دېگەن "ئىچكىرى"دىكى ئالىي مەكتەپتىمۇ ئوقۇغانلارنىڭ بىرى! ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، مەن باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدىغان ۋاقتتا "خەنزۇ مەكتەپكە كىرىمەن" دەپ شۇنچە يىغلاپ جاپا سالسام، ئوقۇتقۇچى بولغان ئاپام "نېمە بولسا بولسۇن، سىزنى ئۇيغۇر مەكتەپكە بېرىمەن"دەپ ساپ ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپكە بەرگەن. باشلانغۇچ 3-سىنىپنى پۈتتۈرگىچە گەرچە مەن تۇرغان مۇھىتتا نۇرغۇن خەنزۇلار بولسىمۇ، بىر جۈملە راۋان خەنزۇ تىلى سۆزلىيەلمەيتتىم. كېيىنلىكىمنىڭ ھەممىسى مەكتەپتىكى مۇئەللىملىرىمنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولغان. كېيىن ھەتتا مەن خەنزۇ كىلاستىك ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆگەنگەن. ئىنگلىزتىلىمۇ ھەم شۇنداق. ھازىر ئەگەر مەن ئۆزۈم دېمىسەم، ھەرقانداق بىر كىشى، مەيلى خەنزۇ بولسۇن ياكى كىچىكىدىنلا خەنزۇ مەكتەپنى ئوقۇپ كەلگەن بولسۇن، ھېچكىم مېنىڭ ئۇيغۇر مەكتەپىدىن ئوقۇپ چىققانلىقىمنى بىلەلمەيدۇ. ئەگەر يەنە مەن دېمىسەم ياكى مېنى كۆرمىسە ئىنگلىز تىلىنى مېنىڭ ئانا تىلىممىكىن دەپ قالىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

سىز دېگەن بالىلار ئىچكىرىگە بېرىپلا ئاندىن بىر تىل ئۆگىنىشىنىڭ، ياكى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپتىما؟ ئۇندىن بۇرۇنچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بۇ توغرىلىق ئۇلارغا تەربىيە قىلماپتىكەنمۇ؟ ئەجەبا بۇ بىر تىل ئۆگىنىش ۋە شۇ تىل مۇھىتىغا ماسلىشىشنىڭ بىردىنبىر ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىمىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، مەن ئەڭ ئاۋۋال بۇ شەرتكە توشمايدىكەنمەنغۇ؟ چۈنكى مەن پۈتكۈل باشلانغۇچنى ساپ ئۇيغۇر مەكتەپىدە ئوقۇغان!

ئۈچ تۆت يىلنىڭ ئالدىدىغۇ دەيمەن مىللى مائارىپىمىزدىكى بۇ كىرزىسنى تونۇپ يەتكەن بىر قىسىم كىشىلىرىمىزتوردا ئومۇمى ئىمزا پائالىيىتىنى تەشكىللەپ ئىمزا ئون نەچچە مىڭغا يەتكەن ئىدى. ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قورۇلتىيىغا بۇ ھەقتە ئىلتىماس سۇنماقچى بولغان.لېكىن ئاقىۋەت ئۇن تىنسىز يوقاپ كەتتى. (بۇ تەشكىللىگۈچىمۇ نەتىنجە ما يەردىن ما يەرگىچە ، نەگە بېرىپ نەگە توختىدى دەپ بىرەر ئۈچۈرمۇ بىرىپ قويمىدى ) بىزنىڭ خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس، ھەم باش مۇدىر ئەركىن ئىمىرباقى ئەپەندىمۇ ئۇيغۇر. مەن ئىشىنىمەنكى، دىيارىمىزنىڭ " ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى" دىگەن مۇبارەك نامى تېخى ئۆزگەرگىنى يوق. ھەم ھەر بىر نازارەت ، ئىدارە - جەمىيەتتە ھازىرچە كام دىگەندە 30-20 پىرسەنت ئۇيغۇر ئىشلەۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۆزۈندىن بىرى بارلىق ھۆججەت ئىلتىماسلار، تۆۋەندىن كەلگەن ماترىياللار چوقۇم ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ئىككى تىلدا بولۇشى كېرەك دىگەن بەلگىلىمە بۇيىنچە ئىش قىلىۋاتقان، بۇ بەلگىلىمە ئەمەلدىن قالدى دەپ تېخى ئاڭلىمىدىم. ئەجىبا شۇنچە كۆپ ئۇيغۇر ئەمەل ئەھلىلىرىدىن، مائارىپ مۇتەخەسسلىرىدىن بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ، بۇ رېئال مەسلە ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بىرىپ يۇقۇرىغا سۇنۇش، خەلق قورۇلتىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇش قولىدىن كەلمەيۋاتامدۇ ؟ بىزدىن نەچچە ئون مىڭ كىلومىتىر يىراقلىقتا تۇرۇپ مۇبارەك ئالىممىز ئەركىن سىدىق ئاكا بۇ ش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، بۇ شىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ، ئىلمى ئاساسلىرىنى پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بىرىۋاتىدۇ. قېرىنداشلار ، بەك ئۈمىتسىزلىنىپمۇ كەتمەيلى، كومپارتىيەنىڭ 'پارلاق' نۇرى تېخى ئۆچۈپ قالغىنى يوق. پۈتۈن ئۇيغۇر ئەھلى تېخى باللىرىنى خەنزۇ مەكتەپلىرىگە تاشلاپ قويۇپ، تىلىمىزنى پۈتۈن يوقۇتۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغىنى يوق. 'سەۋەپ قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ ' دىگەن ھىكمەتلىك سۆز بار. بۇ ئىشلار

تېخى سىناق باسقۇچىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، ' سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇت ' دىگەن گەپمۇ بار. بىر قېتىم بولمىسا ئىككى قېتىم ، ئىككى قېتىم بولمىسا يەنە قايتا ، بىر يىغىندا بولمىسا يەنە بىر يىغىندا، بۇ ئۇرۇندا بولمىسا يەنە بىر ئۇرۇندا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويايلى. ھىچ بولمىسا بىزنىڭ مەركەزدىمۇ ۋەكىللىرىمىز بار، شۇلارغا بولسىمۇ تەكلىپ بەرسەك بۇلىدۇ. پەقەت ، ئۇمۇمى خەلقىمىز ئارىسىدا "شۇنداق قىلىش ئورۇنلۇق" ياكى " مەن بۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتسىز " دىگەندەك بىخۇتلۇق، قۇللۇق، مەسئۇلىيەتسىزلىك يامراپ كەتمىسلا بولدى ھەم بۇنداق بۇلىشىغا قەتئىي يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

(73) مەن ئۇيغۇر دىيارىدىن بېيجىڭغا بىر يىللىق ئېنگلىز تىلى ئۈگىنىشكە ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى. مەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئوقۇش جەريانىدا ئۆز ئانا تىلىمىنىڭ نەقەدەر قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ تىل ئىكەنلىكىنى شۇنداق ھېس قىلدىم. ئېنگلىز تىلىدىكى پېئىل ئۆزگىرىشلىرىنى ھەمدە نۇرغۇنلىغان پېئىل، سۈپەت، رەۋىش قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئانا تىلىمىزدا شۇنداق ئېنىق، دەل مەنىسى بىلەن ئىپادىگىلى بولىدىكەن .خەنزۇ مۇئەللىم مەيلى خام سۆزنى چۈشەندۈرسۇن ياكى گىراماتىكىنى چۈشەندۈرسۇن نۇرغۇنلىغان چۈشەندۈرۈشلەر ئارقىلىق ئاندىن ئۇقتۇرىدۇ. مەن باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئانا تىلىمدا ئوقۇغان، مەن بۇرۇندىن ئانا تىلىمنىڭ قۇدرىتىگە شۇنداق ئىشىنەتتىم. ئەمدىلىكتە بولسا بېيجىڭدە تۇرۇپ ئۆز ئانا تىلىمنىڭ قۇدرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماقتىمەن. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچۇم مۇنداق سۆزلەپ بەرگەندى، 80-يىللاردا جۇڭگونىڭ داڭلىق رومانى"قىزىل راۋاقتىكى چۈش"نى ئۇيغۇرتىلىغا تەرجىمە قىلىشنى تەشكىللىگەن چاغدا،بىر قىسىم خەنزۇ ئەدىبلەر ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى ياخشى چىقمايدۇ دىيىشكەنىكەن ،لېكىن رومان تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇيغۇرتىلىنى بىلىدىغان خەنزۇ ئەدىبلەر تەرجىمە نەشرىنى ئوقۇغاندىن كىيىن ،'ئاناتىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگە قايىل بولغانىكەن. ئەمدىلىكتە ئۇلار قايىل بولغان تىلىمىز "ئەرزىمەس"تىل بولۇپ قالدىمۇ؟

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ، ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئانا تىلىمىزدا ئىپادىگىلى بولىدىغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا بىرقىسىم يات تىللاردىكى سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئەبجەش تىلدا سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا تۈزىتىش بەرگەندىم،لېكىن ئۇلارنىڭ گېپىمنى قوبۇل قىلغانلىرىمۇ ھەتتا ھەزىل قىلىپ كۈلۈشكەنلىرىمۇ بولغانىدى .لېكىن مەن شۇنىڭغا قەتئى ئىشەنچىم باركى ئۆز ئانا تىلىنى سۆيمەيدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر يوق! چۈنكى بىزنى توققۇز ئاي قورسىقىدا كۆتۈرۈپ ،'ئاچچىق تولغاق يەپ مۇشۇ يۇرۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزغان ئانىمىز ئۇيغۇر!تۇنجى قېتىم تىلىمىز چىقىپ "ئانا"دىگەن تۇنجى سۆزىمىز دەل بىزنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئاناتىلىمىز ئۇيغۇرتىلى ئەمەسمۇ!؟؟ .... شۇنى سوراپ باققۇم كېلىدۇ:"قوش تىللىق مائارىپ"نى يولغا قويۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ۋە ئەمەل ئىگىلىرىمىزنىڭ تۇنجى تىلى "ئانا" دەپ چىقمىغان بولغىيمتى؟

بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم، بىزنىڭ ئانا تىلنى قوغداش، 'ئۇنىڭ ساپلىقىنى ئاشۇرۇش مەجبۇرىيتىمىز ۋە ھوقۇقىمىز بار!ئەگەر ئۇنىڭدىن مۇشۇنداقلا ۋاز كېچىدىغان بولساق،'ئەجدادلار ئالدىدا "تۇزكور"،'ئەۋلادلار ئالدىدا "مۇناپىق، قارا يۈز" بولۇپ كېتىمىز ! بىز مۇشۇ مەجبۇرىيتىمىز ۋە ھوقۇقىمىزنى دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلمىغان يوسۇندا ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز !ھەممەيلەن جۈملىدىن ھەر بىر ئۇيغۇر ئىگىسى ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى ،مېنىڭچە بىز قىلالايمىز ،بۇ تەس

ئەمەسقۇ!

هۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئاكا ،سىزگە كۆپ رەھمەت !سىز بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردىڭىز .ئۇلۇغ ئاللا تېنىڭىزگە سالامەتلىك ،'ئىشلىرىڭىزغا ئۇتۇقلۇق ئاتا قىلسۇن!

بۇ ماقالىنى ئوقۇپ ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلۈمدە چىگىلىپ قالغان تۈگۈنلەر يېشىلگەندەك بولدى. ئەركىن سىدىق ئاكىنىڭ گەرچە بۇ كەسپىنىڭ ئادىمى بولمىسىمۇ ، نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىپ بۇ ماقالىنى بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا سۇنغانلىقىدىن ناھايىتى سۆيۈندۇم.بۇ مەسىلىگە كەلگەندە مەنمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمەن. قوش تىللىق مائارىپنىڭ يەككە تىللىق مائارىپقا ئايلىنىپ كەتكىنى ئېنىق. ھازىر تېلېۋىزورلاردىكى قوش تىل مائارىپى ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە قارايدىغان بولساق، شىنجاڭدىكى قوش تىللىششىنىڭ ئاللىقاچان يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىپ بولغاندەك ھېسياتقا كېلىمىز. تەشۋىق قىلغۇچىلار پەقەت نۇرغۇن مەكتەپلەردىكى تاشقى ئامىللارنى، سىلىنغان مەبلەغ، ئىشلىتىلگەن ئۈسكۈنە، ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت قاتارلىقلارنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. تىل تەتقىقاتىقا ئائىت ئىلمىي ژۇرناللاردىمۇ قوش تىللىق مائارىپنىڭ قازانغان ئۇتۇقلىرى كۆپرەك سۆزلىنىپ، ئەكس تەسىرى ۋە ھازىرقى ئۈنۈمى تەتقىق قىلىنمايۋاتىدۇ. بىزدە ئاغزاكى قاقشاشلار ناھايىتى كۆپ. ئەمەلى ھەركەت ناھايىتى ئاستا. مېنىڭچە تىللىق مائارىپنىڭ يەككە تىللىقى مائارىپقا ئايلىنىپ كېتىشىدىكى ئەڭ موھىم سەۋەپلەرنىڭ بىرى مەكتەپلەرنىڭ قوشۇۋېتىلىشى ۋە قوش تىللىق ئوقۇتۇشقا مەسئۇل باش باشلىقلارنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەنزۇلىششى. چۈنكى ھەر قانداق بىر يات مىللەتتىن بولغان باشلىقنىڭ شۇ مىللەتنىڭ ئانا تىلىنى قەدىرلىشى ئۇ بىر نەزىريۋى تەپەككۇرنىڭ نەتجىسى خالاس.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىر قىسىم ئەمەلنىڭ كويىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن كىشلىرىمىز قوش تىللىق مائارىپنى ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىدىكى بىر شوتا دەپ قاراپ كەتمەننى باشقا يەرگە چېپىۋاتقاچقا مەسىلە كۈندىن كۈنگە ئېغىرلاپ مېڭىۋاتىدۇ. يېقىندا بىر سورۇندا مەلۇم بىر ناھىينىڭ (بۇ ناھىيەدە ئۇيغۇرلار بىر قەدە كۆپ) مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇاۋىن ئۇيغۇر باشلىقى ناھىيلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا ناھىيدىكى پۈتۈن ئۇيغۇر مەكتەپلەرنى خەنزۇ مەكتەپلەر بىلەن قوشۇپ، بارلىق مەكتەپلەرنىڭ باش مەكتەپ مۇدىرلىرىنى خەنزۇ قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن. دېمەك بەزى ئىشلارنى ئۆز ئادەملىرىمىز بۇزۇشقا باشلاۋاتىدۇ. ھەي دېسەك گەپ تولا... قوش تىل ئوقۇتقۇچىسى بولۇش ئۈچۈن ھەر قايسى مەكتەپلەردە تەربىيلىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ دەردىنى دەپ كەلسەك،" سايدا تۇگمەن چۆرگىلەر، كۆزدىن ئاققان ياشغا."دېگەن مەنزىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

(74) بەك ياخشى بوپتۇ.. مىللەتنىڭ ئۈمۈدى ھازىرقى ئۆسمۈرلىرىمىزدە دەيمىز. ئەمماكى ... .. ئادەمنى ئۈمۈدسىزلەندۇردىغان ئىشلار بەك كۆپ.

ھازىر رايۇنىمىزدا قول تىل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇننى كۆپەيتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ھەر يىلى ھەر بىر ناھىيدىن 5~10 غىچە باشلانغۇچ ،'ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈرۈمچىگە قوش تىل ئوقۇتۇش سەۋىيسى بۇيىنچە تەربىيلەشكە ئىۋەرتىلىدۇ. ئۇلار ئۈرۈمچىدە پىداگوگىكا ئونىۋېرستىتى ۋە مائارىپ ئونىۋېرستىتىدا مەخسۇس باشلانغۇچ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1-يىللىقىدىن ئاخىرقى يىللىقىغىچە بولغان خەنزۇچە دەرىسلىكلەرنى ئۈگۈنۈش بىلەن بىرگە خەنزۇچە سەۋىيسىنى ئاشۇرۇش قاتتىق تەلەپ قىلىنىدۇ. مىنىڭ ئايالىم دەل شۇ قاتاردىكى بىر ئوقۇتقۇچى.

ئۆلارغا قۇيۇلغان تەلەپ ئىنتايىن قاتتىق. ھەركۈنى 10 سائەت ئۇقۇيدۇ. پۈتكۈل دەرسلىكلىرى خەنزۇچە، مائارىپ نازارىتى ئۆلارغا ھەر ھەپتىدە بىر قىتىم يىغىن ئېچىپ ئۆلارنىڭ كەلگۈسىنىڭ يەنى "ئاتالمىش قوش تىل مائارىپى"نىڭ باشلامچىلىرى ئىكەنلىكىنى ، يۇرتقا "نامرات ئاشۇ سەھرالارغا"قايتقاندىن كىيىن سەبىيلىرىمىزگە پۈتۈنلەي خەنزۇچە دەرس ئۆتىدىغانلىقى ، ئۇيغۇرچە تەپەككۇر قىلىشنى ئۇنتۇپ كىتىش كىرەكلىكى، مۇشۇ ئارقىلىق مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بۇلىدىغانلىقى ھەققىدە بەك تولا يىغىن ئاچىدۇ.

قوش تىل مائارىپىنى نۆۋەتتى كەلگەندە 95% يەككە تىل مائارىپى "يەنى خەنزۇ تىلى مائارىپى"دەپ ئاتاشقا تامامەن بۇلىدۇ.

بۇنى نىمە ئۈچۈن قوش تىل دەپ ئاتىۋالغانلىقىنى مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ تۇغرا چۈشەنمىدىم. قارىماققا بۇنى "قوش"دىگەن ئاتالغۇ بىلەن بارلىق يىتەرسىزلىك ۋە كىيىن مىللەتكە ئېلىپ كىلىدىغان ئاپەتنى پەدازلاۋاتقاندەكلا...

ئالىمنىڭ ماقالىرىنى بەك ئىسىل چىقىۋاتىدۇ...ئاللاھ بارلىق ئىشلىرىنى ئۇڭۇشلۇق قىلغاي. گەرچە يىراق قىتئەلەردە ياشاۋاتقان بولسىمۇ ئەمما خىيالى ۋە روھى يەنىلا ئۇيغۇرنىڭ يۇرتىدا! قايىلمەن.

ياخشىمۇسىز ئەركىن سىدىق ئاكا ئايىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن .مەن بۇ تىمنى كۆرگەندىن كىيىن ئىنتايىن ئويلىنىپ قالدىم .

مەنمۇ ئىلگىرى ئىككى يىل قوش تىلدا ئوقوغان مەنمۇ سىز دىگەندەك تەپەككۇر توسالغۇسىغا ئۇچرىغان كىيىن ئۇيغۇر مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم .لىكىن مەن يەنە بىر مەسلىگە ئۇچۇردىم .يەنى ھازىر ئۇيغۇر تىلىدىكى تەبىئىي پەنلەردىكى 70% سۆزلۈك باشقا تىلدىن كىرگەن ئىكەن .تەرجىمانلار بۇ سۆزلەرنى قىسقا ئىيتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق تەرجىمە قىلىپتۇ .لىكىن مەن ئويلايمەن ئەگەر ئاشۇ سۆزلەرنى ئۆزتىلىمىزدىكى ئاددىي ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرسە قانداق بولار ؟مەسلەن بىز بىۋاستە ئىنگىلىز تىلىدىن قوبۇل قىلغان ئەگەر مۇشۇنى ئۆزتىلىمىزدىكى ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىسەك مىڭىمىزنىڭ چۈشۈنۈشى تىخىمۇ ئاسان بولماسمىدى .

سۆزۈم باغلاشمىغان بولسا جاۋاب قايتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئەپەندىم . يازمىلىرىڭىز ئارقىلىق سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمغا خېلى بولدى . يازمىلىرىڭىز مېنى ئويلاندۇردى ھەم خىجىل قىلدى ، چۈنكى مەنمۇ مىللىتىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئانا تىلنى قوغداش بۇرچۇم بار. مېنىڭ يۇرتۇمىمۇ تەكلىماكاننىڭ چەت گىرۋەكلىرىدە بولۇشىغا قارىماي قوش تىل مائارىپ سىياستى بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەلدى . تېخى بىزنىڭ بەزى ماڭقۇرت ئەمەلدارلىرىمىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئېلىپبە ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىزىغا خەنزۇچە ئوقۇشلۇقلارنى دەسستىپ بىراقلا چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەمەكچى بولۇپ شوار توۋلاپ بېقىۋاتىدۇ. ئانا تىل ئۆلارغا نىسبەتەن ھېچنىمگە ئەرزىمەيدىغان ئوخشايدۇ. كۆپ سانلىق ئاتا- ئانىلارنىڭ پىكرىچە پەرزەنتى چوڭ بولۇپ بىر خىزمەت تېپىپ جېنىنى باقالىسلا بولىدىكەن . تىل مەسلىسى مۇھىم ئەمەسكەن. ئانا تىل ئارقىلىق خىزمەت تېپىش بەك تەسمىش. ...

مانا مۇشۇنداق ئۇقۇملار خېلى كۆپ ساندىكى ئاتا- ئانىلارنىڭ مىڭىسىدە ھېلىمۇ ئەگىپ يۈرىۋاتىدۇ . بىز قاچاندىن باشلاپ ياشاش ئۈچۈن تاماق يىيىشتىن ، تاماق يىيىش ئۈچۈن ياشايدىغان مىللەتكە ئايلىنىپ قالدۇق؟ بۇ مەسلىنى داۋاملىق ئويلايدىغان بولۇپ ، قالدىم.

(75) ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئەپەندىم ، مىللەت ئۈچۈن جان-پىدالىق كۆرسىتىۋاتقىنىڭىز ، تىرىشىۋاتقىنىڭىز كۆپچىلىككە ئايان . مەن ھەر قېتىم سىزنىڭ يازمىلىرىڭىزنى ئوقۇسام ، ئىچىمدىكى ئويلىرىمنى سىزنىڭ دەپ بېرىۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ قالىمەن (مەن بىر ئاددىي ئوقۇتقۇچى، خالاس ، بۇ يەردە ھەرگىز سىزدەك چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ ، ماھىيەتنى ئېچىپ بېرەلمەيمەن) . ئەلدىن شۇنچە يىراقتا بولسىڭىزمۇ ، ئەلنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىسىز . تېنىڭىزگە سالامەتلىك ، ئىشلىرىڭىزغا ئۇتۇق تىلەيمەن.

(76) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،'ئەركىن سىدىق ئاكا تەنلىرى سالامەت،'ئىشلىرى ئوڭۇشلۇقمۇ؟ يېڭى يىللىرىغا مۇبارەك بولسۇن!مەن ئانا دىيارىمىزنىڭ چەت گىرۋىگىدىكى بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.ئۆزۈمچە ئانا تىل-ئەدەبىيات كەسپىدە 5 يىل ئوقۇپ ئوقۇتقۇچى بولغىنىمدا ئانچە ئېرەن قىلماپتىكەنمەن.ھەمدە بۇنى ياشاشتىكى(ئېنىقنى دېگەندە جان بېقىشتىكى) بىر ۋاستە دەپ چۈشىنىپتىكەنمەن.ھېلھەممۇ ئەتراپىمىزدا مۇشۇنداق چۈشىنىدىغانلار كۆپ.ئەمدى ھازىر بۇ كەسپىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. خۇددى"ئەڭ ئاخىرقى دەرس" تىكى فىرانس ئانا تىلدىن مەھرۇم قېلىشقا يۈزلەنگەندىكىگە ئوخشاش.ھەر قېتىم شوجىڭىمىز يىغىندا (بۇ يەردە شۇنداق دەيمىز) ئۇيغۇر تىلى ھازىر ئىشەك بازىرى بىلەن مەھسچىتىلا ئاقىدۇ دېگەندە يۈرىگىم پۇچىلىنىدۇ. مەكتىپىمىزدە40 سىنىپ بار. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر يىللىقتىن 2دىن سىنىپ قوش تىل سىنىپى. مەكتەپ مانا مۇشۇ7~8 سىنىپنىلا ئوقۇتىدۇ. قالغان32~33 سىنىپ باللىرى مەكتەپكە كەپلا بەرسە بولىدۇ.قالغىنى بىلەن كارى يوق. باللارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، كۆڭگە قاراپ ئىچى سىقىلىدۇ.بۇ باللارنى مۇۋاپىق ۋە ئۈنۈملۈك تەربىيەلەش ،يىتەكلەش تەدبىرى يوق. چۈنكى بۇ باللار قوش تىللىق باللار ئەمەس.

ئەركىن ئاكا،سىزنىڭ يازمىللىرىڭىزنى ئوقۇپ كىلىۋاتىمەن، يازمىللىرىڭىزنى ئوقسام بىردەم بولسىمۇ روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ،'ئۈمىتلىنىمەن. ئۆزۈمنى تاشلىۋەتمەي دەپ قەتئىي ئىرادىگە كىلىمەن. نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى ۋاقتىڭىزغا دەخلى قىلماي. ئېسىل يازمىللىرىڭىزنى يەنە كۆرۈشكە تەشنامەن.

(77) سالام ، ئەركىن ئاكا!

قوش تىل مائارىپىنىڭ ئومۇملاشتۇرلىشى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ يامان كۈنگە قۇيىۋاتىدۇ. ئانام ئەسلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىدى.مەكتىپىدە قوش تىل ما ئارىپى يولغا قۇيۇلغاندىن كيىن ،خەنزۇتىلى دەرىس ئوقۇتقۇچىلىرىدىن باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى تازلىق ئىشچىسى ئورنىدا ئىشلىتىۋاتىدۇ. كۈندە قوش تىل مائارىپىغا " تۆھپە قوشىۋاتقان" خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ ئىشخانىسىنى تازلايدۇ، كۆمۈر توشۇيدۇ ، كېچىلىرى ئۆيگە قايتماي پوستا تۇرۇپ، مەكتەپنى" مىللى بۆلگۈنچىلەر"نىڭ "ھۇجۇمى"دىن قوغدايدۇ ..... قىشنىڭ سوغوق كۈنلىرىدە ،'ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەمگەك رايونلىرىغا بېرىپ ئېغىر ئىشلارنى قىلىدۇ...بۇ ئىشلارئانامغا بەك ئېغىر كەلدى.باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا :بىز مائارىپ ئىدارىسىغا كىرىپ پىكرىمىزنى ئېيتىپ باقايلى ،دەپ مەسلھەت بەرسە .بىزنى ئىشتىن بوشتىۋىتىدۇ دەپ قورقۇپ ،ھىچقايىسسى بارغىلى ئۇنمىدى ،جەنۇبى شىنجاڭدا بۇنداق ئىشلار بەك كۆپ ،'ئۆزىنىڭ يوللۇق گېپىنى قىلىشتىنمۇ قورقىدۇ،بۇنداق ھەممە كىشىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ناچار سىياسەتلەرگىمۇ چىداپ تۇرىۋېرىدۇ.ئۆزىمىزنىڭ قورقۇنچاقلىقى ، ساددىلىقى ....تۈپەيلىدىن ،كىلىش مەنبەسنى بىلگىلى بولمايدىغان تۇرلۇك سىياسەتلەرنىڭ قۇربانى

**بۇلۇپ كىتىۋاتىمىز!!!**

**(78) ئاشۇ مەسىلىلەرنى شۇنداق ياخشى شەرھلەش بىلەن چىقىش يولى ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىلىپتۇ، سىزگە كۆپتىن-كۆپ رەخمەت .**

**مەن ئادەتتىكى تەييارلىقنى تاماملاپ، ئىچكىرى ئالىي مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىمەن . ئاددىيسى بىزنىڭ مەكتەپتە ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەر ، كىچىكىدىن باشلاپلا خەنزۇچىدە ئوقۇغانلار ۋە بىز پەرىقلىكلا تۇرىمىز.**

**(79) ئادەمنىڭ تېخىمۇ غەزىۋىنى قوزغايدىغىنى "قوش تىل" دىگەن نىمنى يەسلىگىچە سۆرەپ كىرىپ ، ئانا تىلدا تېخى تولۇق تىلى چىقىپ بولالمىغان گۆدەكلەرگە خەنزۇ تىلدا ناخشا ئېيتىپ ،خەنزۇ تىلدا دەرس ئۆتۈپ ،ھەتتا سالاملىششقا قەدەر خەنزۇچە سۆزلەپ ، ئۇلارنىڭ تىللىرىنى بۇزۇۋاتقان . بالام ئەمدى ساناق ساناشنى ئۆگىنىۋاتقان ، ساناۋېتىپ بەزى سانلارنى خەنزۇچە دەپ سالىدۇ .بۇ ھەرگىز كىچىك ئىش ئەمەس ،'ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن كۆپ تاكاللىشىپ كەتتىم ، ئۇلار يۇقۇردىن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان ، بىزدىمۇ ئامال يوق دەپ تۇرىدۇ . شۇڭا بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلار ئېيتقاندەك مىللەتنىڭ تىل سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئەمەس ، مەلۇم سىياسى مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان يوقۇتۇش!**

**ئەركىن ئاكا ، ئەجرىڭىزگە كۆپ رەھمەت !**

**(80) بۇ تېمنى بەك ياخشى يۇرۇتۇپ بېرىپسىز ، بۇ ئىش ھەقىقەتەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ناھىيلەردە مەۋجۇت . ئانا تىلنى قەدىرلەش ، ئانا تىلدا سۆزلەش ، ئانا تىلنى قوغداش ھەر بىر غورۇرلۇق ئۇيغۇرنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مۇقەددەس بورچى ۋە مەجبۇرىيتى .شۇڭا ئىشنى ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇشتىن باشلىشىمىز لازىم . شۇندىلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرەلەيمىز .**

**(81) ئۇيغۇر تىلى باشقا تىللاردىن قېلىشمايدىغان گۈزەل تىل دەپ دەرىسخانىلەرنى يادلاپ ئوقۇپ ئىنتىھان قەغىزىگە يازالايمىز يۇ، شۇنى چىن مەنايىدىن بىر قېتىم يۈرىكىگە كىم يازالىدى؟؟ بار بولسىمۇ كۆپ ئەمەس...**

**ئۇيغۇر تىلى بەك يىپىشقاق تىل، باشقا تىللاردىكى سۆزلەرنى ئوقۇلۇشى بىلەن تەلەپپۇزىغىچە چىقارغىلى بولىسۇ دەپ ماختىنىمىزيۇ، شۇ ئۆزىمىزنىڭكىنى خەقنىڭ تىلىدىن پەس كۆرگەندەك، نۇمۇس قىلغاندەك مودىلارچە ئۆزگە تىلنىڭ قوينىغا ئۆزىمىزنى ئاتىمىز. ئانا تىلىمىزنى قەدىرلەيلى ھەممىز ئۆزىمىزدىن باشلايلى ، تېما ئىگىسىگە تەشەككۈر .**

**(82) ھازىر "قوش تىل" ئوقۇتۇشى جەھەتتە ،كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پىكرى كۆپ .بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ مۇشۇ ئوقۇتۇش سەۋەبىدىن ،باللىرىمىز تەييارلىق سىنىپتىن باشلاپلا ،خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە باشلىدى .ئۇيغۇر تىلىنى باشلانغۇچ 3-يىللىقتىن باشلاپ ئۆتىدىكەنمىز .مىنىڭچە بۇ ئالمىشىپ قالدى .ئەسلى ئۆز تىلىمىزنى ئەڭ ئاۋال ئۆگۈتۈپ ،'ئاندىن 3-يىللىقتىن باشلاپ دۆلەت تىلىنى**

كۈچەيتىسەكمۇ كىچىكمىگەن بولاتتۇق .ئۆز تىلدا ئەركىن تەپەككۇر قىلىپ تۇمۇچۇقتەك سايراپ كىتىدىغان ،'ئۇماق پەرزەنتلىرىمىز ،قاناتلىرى بۇغۇچلانغان قۇشقا ئوخشاش ئۆز قەلبىدىكى ھىسلارنى ئىپادە قىلالمايۋاتىدۇ .

مىنىڭچە ،مائارىپ تارماقلىرى بۇ ئىشنى ياخشىراق ئويلاپ ،كەڭ خەلىق ئاممىسى رازى بولغىدەك جاۋاپنى بىرىشى كىرەك .

(83) بىزنىڭ شارائىتىمىزدىن ئالغاندا ، ئاتا -ئانىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئانا تىلدا سۆزلىشىدۇ، كىچىك بالا مەكتەپكە كىرگۈچە مۇشۇ خىل تىل مۇھىتىدا تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ھازىرلايدۇ، لېكىن ھازىر باشلانغۇچقا كىرىپلا يات تىل بىلەن تونۇشۇپ، ئەڭ ئەقەللىي مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ يات تىلدا ئالىدۇ. ئاخىرىدا نازۇك مېڭىسى بىر تۈلۈم ياڭاق مېغىزىغا ئايلىنىدۇ. يېگىلى بولىسچۇ كاشكى نامراتلىقىمىزدا!!!

مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە ، زاۋاللىققا ئاپىرىدىغان ئاتالمىش" قوش تىل مائارىپى" غا مەڭگۈ قارشىمەن!!!! ئىنسان خاسلىقىنى يوقاتسا ياشىغىنىنىڭ نېمە ئەھمىيتى!؟؟

(84) مەنمۇ يۇقاردىكى تورداشلىرىم بىلەن ئوخشاش قاراشتا، ئەسلىدە تىل ئۆگىنىش ،'ئەمەلىيەتتە بىر ياخشى ئىش، لىكىن ئۇ ئۆز تىلىنى يۇقتىش ئاساسىدا بولماسلىقى كېرەك.قوش تىللىق ئوقۇتۇش، باللارنىڭ تەبىئي پەندە ئالغا لىگرلىشىگە ناھايىتى ئېغىر تۇسالغۇ بۇلىدىكەن. مەن ئۆتكەندە سىڭلىمنىڭ (شەھەرلىك تەجربە ئوتتۇرا مەكتەپ قوش تىل سىنپى) ئاتا- ئانىلار يىغىنىغا قاتناشقىلى بېرىپ ، سىنپىدىكى 54 نەپەر بالىنىڭ چارەكلىك ئىمتىھاندىن چىقىرىلغان يەككە پەنلەر نەتىجىسىنى كۆرۈپ ، بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم، چۈنكى باللارنىڭ ئومۇمىي پەن نەتىجىسى يۇقىرىدەك قىلسىمۇ ، ئەمما تەبىئي پەن نەتىجىسى بەكلا تۆۋەن، خىمىيەدىن ئاران 7 بالا ئۆتۈپتۇ، ئەڭ يۇقىرىسىنىڭ نەتىجىسىمۇ 80دىن يۇقىرى ئەمەس. مەن بۇنىڭدىن شۇنى ھىس قىلدىمكى ، تەبىئي پەن تۈرلىرىنى باشقا تىلدا ئوقۇش ، ئادەمنىڭ ئىجاتچانلىقىنى، تەپەككۇرىنى بوغۇپ قۇيىدىكەن،دىمەك ھازىر دىيارىمىزدا يولغا قويۇلۋاتقان ئاتالمىش قوش تىل مائارىپى، يىڭى بىر ئەۋلاد تەبىئي پەن ئالىملىرىنىڭ يىتىشىپ چىقىشىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلغۇدەك ، خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا مەنمۇ بۇ خىل قوش تىل ئوقۇتۇشنى پەقەت قوللىمايمەن.

(85) مۇشۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇندىن قارساقمۇ رايونىمىزدا ھازىر يولغا قۇيۇلۋاتقان قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەقسىدىنىڭ قوش تىللىق، پايدىلىق مائارىپمۇ ياكى خوش تىللىقمۇ پىكرى ئوچۇق كىشلەر ھىس قىپ يەتتى.....

مىللى ئوزلۇك تەرەققىياتىغا ھەققى كۆڭۈل بولىدىغانلار كۆپ سالماقنى ئىگلىگەن بولسا ئىدى،'شلار....

كۆپلىگەن قىرنداشلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىلا ،ياخشىلار تىخمۇ ياخشى بۇلشىنىڭلا كۇيىدا،تىلمىزنى قانداق قوغداش 'ئوزلىكىمىزنى قوغداش دىگەنلەر ئويلاش بىر ئوشۇقچە شتەك ھالەتتكە كەلدى،بىراق بىزمۇ شۇنىلا ئويلاشقىلا كوندۇرولگەندەك قىلىمىز،

بەلكىم بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت-ئەنئەنىسنى،تارىخنى چولتا ياكى باشقىچە بىلشتىن

كىلىپ چىققان مىللى ئۆزلۈك ۋە غورۇر ئىگى سۇسلاشقان مانقۇرۇتلۇقنىڭ ئالامتى ياكى نەتىجىسى بولسا كىرەك.....

ئاغرىنغان بىلەنلا بۇلمايدۇ ئەلۋەتتە،چوقۇم تىللىمىزنى،'ئۆزلىكىمىزنى قوغداشنى ئۆزىمىزدىن باشلاش زورور..!~!~

كۆڭلۈم شۇنداق بىر قىسما بۇلۇۋتىدۇ.~~~ئاللا مىللىتىمىزنى ،'ئۆزلىكىمىزنى ،تىلىمىزنى ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن.....!~

ئەركىن سىدىق ئاكىنىڭ بىز ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك تىمىلارنى يوللاپ تۇرغىنىغا كۆپ تەشەككۇر.....!~

(86) بىر قېتىم مەچىتتە خاتىپىمىز مۇنداق دىگەن «نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن مانجۇلار ھازىر نەدە قالدى ، قايسى مەتبۇئاتتا ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى سۆزلىنىۋاتىدۇ ، دېمەك ئۇلار ئاست -ئاستا يۇقۇلۇشقا يۈزلەندى سەۋەب شۇكى ئۇلاردا چىن بىر ئېتىقاد بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلار باشقا مىلەت بىلەن ئاسسىملياتسيە قىلىنىپ بارا بارا سانىمۇ يوقلىۋاتىدۇ ، لېكىن بىز مىللەتچۇ بىز ئۆز ھالىتىمىزنى ساقلاپ كېلىۋاتىمىز ،بۇنىڭدىكى سەۋەب بىزدە ئىمان بار بولغانلىقى ئۈچۈن ، بىزمۇ ئىماندىن ئايرىلىدىكەنمىز ،نىمىش قىلساق بۇلاۋىرىدىغان بولسا ،مەسلەن باشقا دىنسىزلار بىلەن تۇرمۇشلۇق بولۇش بۇلىۋىرىدىغان بولسا ئۇ چاغدا بىزمۇ ئاسانلا تۈگۈشىمىز . شۇڭا بىز ئەڭ ئاۋۋال ئىماندا مۇستەھكەم تۇرساق مىللىتىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز»، دېگەن ئىدى. شۇڭا بىز ئاۋال ئىماندا چىڭ تۇرساق ئىمانى بار ئادەمنىڭ ۋىجدانى بۇلىدۇ ،ۋىجدانى بار ئادەم مەۋجۇتلىغىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەركەت قىلىدۇ ،.

(87) خەلق سايلاپ چىقىپ ،خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان،ھورمەت قىلىدىغان ھەم مۇشۇنداق بىزنىڭ تىلىمىزغا پايدىلىق مائارىپ پىلانلىرىنى يولغا قويۇشقا كۈچەپ كۈنسايىن ئۇسۇۋاتقان كاتتا ئەمەلدارلىرىمىز مۇشۇنداق خەلقنىڭ ساداسىنى ئاڭلىمىدىغاندۇ..........................؟؟؟؟!!!! دەققەت ئېتبارىنى بىرەمدىغاندۇ........؟؟؟!!

ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بولىدىغىنى ئۆز مىللىتىمىز مانقۇرۇتلىشىشى بولسا كىرەك...............

شۇنداق بىچارە ھالەتىكەنمىز بىز.......ھەتتا ئۆز تەقدىرىمىزگە بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغان مۇھىم شىلاردىمۇ ئۆز قاراش پىكىرلىرىمىزنى دادىل ئوتتۇرغا قويۇپ نارازىلىق بىلدۈرۈشتەك ئەڭ ئاددى ھوقۇقىمىزمۇ يۇقكەن(ئەگەر شۇنداق قىپ قالساقمۇ بىزگە چوڭ قالپاقلار كىيلىشى تۇرغانلا گەپ......سىيانكار ........دىگەندەك......) مۇشۇنداق مۇنبەرلەردىلا سۇزلەپ يۇرۇپتۇق..................

داۋاملىق ئاغزىمىزدىن چوشۇرمەيدىغان ،خەلقنىڭ ئەڭ ئۇستۇن مەنپەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ،بىزنى ئىنتايىن توغرا يولغا باشلايدىغان ئادىل ھەققانى پارتىيە بۇنىڭغا دىققەت ئېتبارىنى بەرسە بولاتتى..............

(88) ھۆكۈمرانلار ئەزەلدىن خەلقنىڭ ھالىغا قاراپ يۈرت سورىغان. خەلق نادان، مىللى روھ، مىللى ئۇيۇشۇش كۈچى، دېموكراتيە ئېڭى تۆۋەن، شەخسىيەتچى بولغاچقا ھۆكۈمرانلار مۇستەبىتلىك ۋە يولسىزلىق بىلەن سياسەت يۈرگۈزىدۇ. ئاز ساندىكى ئۆز ئەمەلدارلىرىمىز بولسا تېخىمۇ نەپسىگە قۇل

بولغان ماڭقۇرتلاردىندۇر! خەلق يەنىلا ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئەقەللىي ھەق-ھوقۇقنى يۇرگۈزۇشكە تېگىشلىك!

(89) ئەركىن ئاكىمىز شۇنداق توغرا دەپتۇ.پەرزەت دىگەن كېلەچىگىمىز.بىزنىڭ زىيالىلىرىمىز بىرىكىپ ،خەنزۇ زىيالىلىرىنىڭ تۇزۇپ چىققان 08خىتاپنامىسىگە ئوخشاش ئەتراپلىق بىر پىلان ياكى مۇراجەتنامە يېزىپ چىققان بولساق،ھەممەيلەن تەڭ قوللاپ باقساق،بىراز پايدىسى بولۇپمۇ قالارمىكەن دەپ ئويلايمەن.

(90) ئەركىن سىدىق ئاكىنىڭ ئەجرىگە تەشەككۇر ئېيتىمىز. ئانا تىل بىزنىڭ بارلىقىمىز ئانا تىلنى قوغداش بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قىلىش قالالماسلىقىمىزغا باغلىق زور ئىش. مەن يېقىندا يېزا ئوقۇتقۇچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە ھازىر يۇرگۈزۇۋاتقان قوش تىللىق مائارىپ ئەمەلىيەتتە يالغۇز تىللىق خەنزۇ تىلى ئىكەن .ئۇيغۇر ئېلىپبە ئوقۇلمايدىكەن. قوش تىللىق باللا باغچىسى قوش تىللىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە شۇنداق ئىكەن. قوش تىل ئۆگىنىش ياخشى ئىش، لېكىن دەسلەپتە ئانا تىل ئۆگەنسە بولاتتى. بۇ تەتۇرىسىچە بوپتۇ. بۇ بەكمۇ خەتەرلىك.

(91) ھازىر موھىمى كىم بۇ توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئالاقىدار پىكىرلەرنى يەتكۇزەلەيدۇ؟ياكى جۇرئەت قىلالايدۇ؟ ئەمدى بۇ تۇزۇمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مۇمكىنمۇ؟.........
بۇمۇدەك ئىش بولدىمۇ؟

تېخى ئۆتكەندىلا نەۋرە ئاچامنىڭ باشلانغۇچ 1-يېللىقتا ئوقىۋاتقان قىزىنى ساناق ساناتسام ،يى ئېر ،سەن دەپ خەنزۇچە ساناپ كىلىۋېتىپ توختاپ تۆت بەش ئالتە دەپ ئۇيغۇرچە ساناپ ئاران ئونغىچە سانالغىنىنى كۆرۈپ يۇرىكىم ئېچىشىپ كەتكەن ئىدى.

ئەمدى تېخى ئارىمىزدا پەرزەنت تەربىيلەشكە ئەھمىيەت بىرىش دولقۇنى كۆتۈرىلىۋېدى........ئاتا-ئانىلارنىڭ ساپاسى مەڭگۈ باللارنىڭكىگە يىتىشمەمدۇ نىمە؟
........

(92) ئەي ئۆزىنى ئۇنۇتقان «ھوقۇق پەرەس قەدىردان» لار بۇنداق لەرنى داۋاملىق ئۆزۈڭلارغا شوتا قىلىپ سىلەر كىمگە باشلىق بولماقچى؟......ئاللاھ گۇناھلىرىڭلارنى كەچۇرسۇن!ئەجداتلىرىمىزنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن!

(93) بىزنىڭ مەكتەپتىمۇ بۇلتۇردىن باشلاپ قوش تىللىق تەييارلىق سىنىپ ئېچىلغان ئىدى بۇ يىل 9- ئايدىن باشلاپ 1-يىللىققا چىقاتتى مائارىپنىڭ تەلىۋى بويىچە كىتاب زاكاس قىلساق پۇتۇنلەيلا خەنزۇچە دەرسلىك يەنى كېلىپ خەنزۇ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى بىلەن ئوخشاش دەرسلىك زاكاس قىلماقچى ئىكەندۇق ،كېيىن مەكتەپ مۇدىرىنى مەن ۋە مەن بىلەن بىر قاتاردىكى بىر تۇركۇم ئوقۇتقۇچىلار دەۋەت قىلىپ ، مائارىپنىڭ ئۇقتۇرۇشنى بىلمگەن بۇلۇپلا ئۇيغۇرچە كىتاب زاكاس قىلغان ( يەنى بۇرنقى مائارىپىمىز بويىچە ) لېكىن كۇزدە بىر قىسىم "تۇزىنى يەپ تۇزلۇقنى چاقىدىغان " ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ ( خەقنى كۇچەيتىپ) بىر قىسىم ئاتا -

ئانىلار ۋە ھېلىقى پەسەندى هارامتاماق ئوقۇتقۇچىلار باللىرىنى خەنزۇ مەكتەپكە يۆتكەپ كەتتى ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئالتۇن تاۋاقتا ئىگە بولۇپ ، مەڭگۈ مەڭقۇرتلارچە ياشىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن ئەمەسمۇ ، ئۇلاردا مىللەت كەلگۈسى دېگەن ئۇقۇم يوق ، مەن نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلار ئالدىدا تەتۈر تەشۋىقات (يەنى باللىرىنى خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا دەۋەت قىلىش ) قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق تىللىغان ئىدىم ، لىكىن ئۇنىۋم بەرمىدى ، شۇنداق قىلىپ بىر يىل مەكتىپىمىزدە قوش تىل مائارىپىنى كىچىكتۈرگەن بولساقمۇ ، يەنە 9- ئايدىن باشلاپ يەنە 1- يىللىقتىن باشلاپ قوش تىللىق مائارىپ يولغا قويۇلىدىغان بولدى ، سەۋەبى مەكتەپ مۇدىرىغمۇ ، يوقىرىن بېسىم قىلىپتۇ ، دىمەك ئەڭ ئاۋال بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز ھاكىميەت بېشىدىكىلەرنى ئۇيغىتىش ئىكەن ، ئۇمۇ بولمىسا پۈتۈن ئۇيغۇر بالىسىنى مەكتەپتىن چىكىندۇرىشى كېرەك ،شۇنداق قىلىپ قوشتىللىق مائارىپقا قارشى تۇرغىلى بۇلىدۇ ، بولمىسا بىكارمىكىن دەيمەن ، بۇنىڭغا ئۇيغۇرنىڭ ھەقىقي ئۇيۇشقاقلىقى ئەسقاتىدۇ.

(94) ئانا تىلنى بىلگەن كىشىنىڭ ئىززىتىنى قىلغۇم كىلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بىرىپ ئالغۇم كىلۇر.
ئاھ،'ئانا تىل بولسا گەر ئامرىكىيۇ-ئافرىقىدا،
سەرىپ ئېتىپ مىڭلارچە تىل ئاندا مەن بارغۇم كىلۇر.
ئەي ئانا تىل بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن روھىي زىمىندا ئېپتىخار ئەتكۈم كىلۇر.

تىما ئىگىسىگە تەشەككۇرلەر بولسۇن، توغرا ،ھەممىز ئۆزىمىزدىن باشلايلى،باشقىلارغا تەشۋىق قىلايلى،مىنىڭچە بۇ مىللىتىمىزنىڭ ھەربىر ھەقداسىنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالەتتىكى تۆھپىسى.

(95) ئەسلى ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا،قوش تىل دىمەك ھەر ئىككى تىلغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش دىگەنلىك بولاتتى. بىراق ھازىرقى ئەھۋالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،خەنزۇ تىلغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ئانا تىلدىن ياتلىششنى قوش تىلنىڭ ماھىيتى قىلىپقويىدى،بۇنىڭدىكى ئاساسلىق مەسئۇلىيەت يەنىلا بىزنىڭ يۇقۇرى قاتلام رەھبەرلىرىمىز بىلەن،ساپاسى بەكلا تۆۋەن بولغان تۆۋەن قاتلام مائارىپ باشقۇرغۇچىلىرىمىزدا،'ئەقلى-ھوشى جايىدا زىيالىيلىرىمىز ھەرقانچە كۈچىسىمۇ،نادان،جاھىل رەھبەرلەر ئۇلارنى ئېغىز ئاچقۇزمايدۇ.....مانا بۇ بىزنىڭ يەنە بىر غەيرى جاھالىيەت دەۋرىمىزنىڭ باشلانغانلىغىنىڭ بىشارىتى

(96) بەك ياخشى بوپتۇ.. مىللەتنىڭ ئۈمۈدى ھازىرقى ئۆسمۈرلىرىمىزدە دەيمىز. ئەمماكى ... .. ئادەمنى ئۈمۈدسىزلەندۇرىدىغان ئىشلار بەك كۆپ.

ھازىر رايۇنىمىزدا قول تىل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇننى كۆپەيتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ھەر يىلى ھەر بىر ناھىيدىن 5~10 غىچە باشلانغۇچ ،'ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈرۈمچىگە قوش تىل ئوقۇتۇش سەۋىيسى بۇيىنچە تەربىيلەشكە ئىۋەرتىلىدۇ. ئۇلار ئۈرۈمچىدە پىداگوگىكا ئونىۋېرستىتى ۋە مائارىپ ئونىۋېرستىتىدا مەخسۇس باشلانغۇچ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1-يىللىقدىن ئاخىرقى يىللىقىغىچە

بولغان خەنزۇچە دەرىسلىكلەرنى ئۆگۈنۈش بىلەن بىرگە خەنزۇچە سەۋىيسىنى ئاشۇرۇش قاتتىق تەلەپ قىلىنىدۇ. مىنىڭ ئايالىم دەل شۇ قاتاردىكى بىر ئۇقۇتقۇچى.

ئۇلارغا قويۇلغان تەلەپ ئىنتايىن قاتتىق. ھەركۈنى 10 سائەت ئۇقۇيدۇ. پۈتكۈل دەرىسلىكلىرى خەنزۇچە، مائارىپ نازارىتى ئۇلارغا ھەر ھەپتىدە بىر قىتىم يىغىن ئېچىپ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنىڭ يەنى "ئاتالمىش قوش تىل مائارىپى"نىڭ باشلامچىلىرى ئىكەنلىكىنىنى ، يۇرتقا "نامرات ئاشۇ سەھرالارغا"قايتقاندىن كىيىن سەبىيلەرنىمىزگە پۈتۈنلەي خەنزۇچە دەرىس ئۆتىدىغانلىقى ، ئۇيغۇرچە تەپەككۇر قىلىشنى ئۇنتۇپ كىتىش كىرەكلىكى، مۇشۇ ئارقىلىق مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بۇلىدىغانلىقى ھەققىدە بەك تولا يىغىن ئاچىدۇ.

قوش تىل مائارىپىنى نۆۋەتتە كەلگەندە 95% يەككە تىل مائارىپى "يەنى خەنزۇ تىلى مائارىپى"دەپ ئاتاشقا تامامەن بۇلىدۇ.

بۇنى نىمە ئۇچۇن قوش تىل دەپ ئاتىۋالغانلىقىنى مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ توغرا چۈشەنمىدىم. قارىماققا بۇنى "قوش"دىگەن ئاتالغۇ بىلەن بارلىق يىتەرسىزلىك ۋە كىيىن مىللەتكە ئېلىپ كىلىدىغان ئاپەتنى پەدازلاۋاتقاندەكلا...

ئالىمنىڭ ماقالىرىنى بەك ئىسىل چىقىۋاتىدۇ...ئاللاھ بارلىق ئىشلىرىنى ئۇڭشۇشلۇق قىلغاي. گەرچە يىراق قىتئەلەردە ياشاۋاتقان بولسىمۇ ئەمما خىيالى ۋە روھى يەنىلا ئۇيغۇرنىڭ يۇرتىدا! قايىلمەن.

(97) ياخشىمۇسىز ئەركىن سىدىق ئاكا ئايىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن .مەن بۇ تىمنى كۆرگەندىن كىيىن ئىنتايىن ئويلىنىپ قالدىم .

مەنمۇ ئىلگىرى ئىككى يىل قوش تىلدا ئوقوغان مەنمۇ سىز دىگەندەك تەپەككۇر توسالغۇسىغا ئۇچرىغان كىيىن ئۇيغۇر مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم .لىكىن مەن يەنە بىر مەسىلگە ئۇچۇردىم .يەنى ھازىر ئۇيغۇر تىلىدىكى تەبىئىي پەنلەردىكى 70% سۆزلۈك باشقا تىلدىن كىرگەن ئىكەن .تەرجىمانلار بۇ سۆزلەرنى قىسقا ئىيتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق تەرجىمە قىلىپتۇ .لىكىن مەن ئويلايمەن ئەگەر ئاشۇ سۆزلەرنى ئۆزتىلىمىزدىكى ئاددىي ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرسە قانداق بولار ؟مەسلەن بىز بۇۋاستە ئىنگىلىز تىلىدىن قوبۇل قىلغان ئەگەر مۇشۇنى ئۆزتىلىمىزدىكى ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىسەك مىڭىمىزنىڭ چۈشۈنۈشى تىخىمۇ ئاسان بولماسمىدى .

سۆزۈم باغلاشمىغان بولسا جاۋاب قايتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

(98) ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئەپەندىم . يازمىلىرىڭىز ئارقىلىق سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمغا خېلى بولدى . يازمىلىرىڭىز مېنى ئويلاندۇردى ھەم خجىل قىلدى ، چۈنكى مەنمۇ مىللىتىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئانا تىلنى قوغداش بۇرچۇم بار. مېنىڭ يۇرتۇممۇ تەكلىماكاننىڭ چەت گىرۋەكلىرىدە بولۇشغا قارىماي قوش تىل مائارىپ سىياستى بۇ يەرگىمۇ يىتىپ كەلدى . تېخى بىزنىڭ بەزى ماڭقۇرت ئەمەلدارلىرىمىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقدا ئېلىپبە ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىنىغا خەنزۇچە ئوقۇشلۇقلارنى دەسستىپ بىراقلا چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلىمەكچى بولۇپ شوار توۋلاپ بېقىۋاتىدۇ. ئانا تىل ئۇلارغا نىسبەتەن ھېچنىمگە ئەرزىمەيدىغان ئوخشايدۇ. كۆپ سانلىق ئاتا- ئانىلارنىڭ پىكرىچە پەرزەنتى چوڭ بولۇپ بىر خىزمەت تېپىپ جېنىنى باقالىسلا بولىدىكەن . تىل مەسىلىسى مۇھىم ئەمەسكەن. ئانا تىل ئارقىلىق خىزمەت تېپىش بەك تەسمىش. ...

مانا مۇشۇنداق ئۇقۇملار خېلى كۆپ ساندىكى ئاتا- ئانىلارنىڭ مىڭىسىدە ھېلىمۇ ئەگىپ يۈرىۋاتىدۇ . بىز قاچاندىن باشلاپ ياشاش ئۈچۈن تاماق يېيىشتىن ، تاماق يېيىش ئۈچۈن ياشايدىغان مىللەتكە ئايلىنىپ قالدۇق؟ بۇ مەسلىنى داۋاملىق ئويلايدىغان بولۇپ ، قالدىم.

(99) بۇ ماقالىڭىزنى ئېلكتاپ قىلىپ تەييارلاپ تورغا يوللاپ قويدۇم . قوش تىل ئوقۇتۇشى ھەققىدە بىزنىڭ پىكىر قىلىشىمىز ئەپسىز .. يەنىلا سىز دەپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ بۇ ماقالىنى داۋاملاشتۇرۇپ بېرىشىڭىزنى ئۈمۈت قىلىمەن.

(100) ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم ئەركىن سدىق مۇئەللىم. يازمىلىرىڭىز ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئويغا سالغۇدەك،خاتا تونۇشلاردىن ساقلىغۇدەك باھاسىز يازمىلار بوپتۇ،سىزگە رەخمەت ئېيتىمەن،سىزنىڭ يازمىلىرىڭىزنى ئوقۇمىغان بولسام >قا بولغان چۈشەنچەم خاتا بولۇپ قالىدىكەن.......

(101) مەن ھەقىقەتەن بۇ ماقالىنى ئوقۇپ چۈشەندىم، مېنىڭچىمۇ بۇنداق ئۆزگەرتىش قىلمىغىنى تۈزۈك، باشلانغۇچ ھەتتا يەسلىدىن تارتىپ باللارنى ئۆز تىلىدىن ئايرىشنى دەيمەن، ئانا تىلىنى سۆزلەپ چوڭ بولغان بالا مەيلى ئىشسىز قالسۇن روھى توق، كۆڭلى ئۈستۈن بولىدۇ. ئەگەر ئانا تىلىنىمۇ ياخشى ئۆگىنەلمىگەن بولسا، قولدىن باشقىغا يارىمايدۇ...موشۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزەمنىڭ تۇنجى قېتىم ھەتتا تولۇق ئوتتۇرىدا خەنزۇچە 8 - دەرىجىنى ئېلىپ بولۇپمۇ ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى باشلىغان ۋاقتىمدىكى قانچىلىك گاڭگىراش ۋە ھودۇقۇشلار ئىچىدە قالغان ۋاقتلىرىم ئېسىمگە كېلىدۇ...ئۇ زىيانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىۋالغىلى بولمايدۇ، چۈشەنمىگەنلەر باللىرىم خەنزۇچىدا ئوقۇسلا باشلىق بولىدىكەن دەپ ئاددىي ئويلايدۇ، ئەمما ئۇنداق ئاسان ئىش يوق...

(102) ماقالىنى ئوقوش جەريانىدا نىمىشقا كوز يىشىم توختىماي ئاقىدىغاندۇ! ئاللا ئىگىمىز سىزنى ئوز پاناھىدا ساقلىسۇن

(103) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ھۆرمەتلىك ئەركىن سدىق ئاكا. قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ بىزنى ئېسىل ماقالە بىلەن تەمىنلىگىنىڭىزگە كۆپ رەخمەت. ئالدىنقى قېتىم سىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدىكى يازمىلىرىڭىزنى ئوقۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلگەن ھېس قىلغان ئىدىم. ھەم شۇ ھېس قىلغانلىرىم ئاساسىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان بلوگىمدا " بالىڭىزنى قانداق مەكتەپتە ئوقۇتىسىز" دېگەن تېمىدا قىسقا بىر ماقالە يازغان ئىدىم. بلوگىم يېڭى قۇرۇلغان بولغاچقىمۇ بۇ يازمىنى كۆرگەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇ يازما پۈتۈنلەي سىزنىڭ ماقالىڭىزنى ئوقۇغاندىن كېيىن تۇغۇلغان ئوي-خىياللىرىمنىڭ ھاسلاتى. بۇ ماقالە ئاددىي سەۋىيىسى تۆۋەن، كۆز قاراشلىرى يۈزە بولسىمۇ بۇ يازمىنىڭىزنى ئىنكاسى سۈپىتىدە بۇ يەرگە يوللاپ قويدۇم. بەلكىم بۇ يازمىنى ئوقۇشقا ۋاقتىڭىز يەتمەسلىكى مومكىن. لىكىن نېمىلا بولمىسۇن. ئۆزەمنى سىز بىلەن پىكىرداش قاتارىدا كۆرۈپ يوللىدىم. مەن بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئىشلەيمەن. مەكتىپىمىز جەنۇبىي شىنجاڭ باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قوش تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيلەش مەركىزى. گەرچە مەن بۇ سىنىپلارغا دەرس ئۆتمىسەممۇ ئاڭلايدىغانلىرىم ۋە كۆرىدىغانلىرىم خېلى كۆپ. بۇندىن كېيىن كۆرگەنلىرىمنى

ئۇدۇللۇق يېزىپ قېرىنداشلار بىلەن ئورتاقلىششنى ئويلاۋاتىمەن.

(104) هۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا ، ئالتۇندەك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ ماڭا ئېلخەت قايتۇرغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت . مەن TOEFL ، GRE ئىمتىھانى ئۈچۈن تەييارلىق كېلىپ ،ھەمدە ئىمتىھان بېرىپ بولۇپ ،ئۇندىن كيىن سىز بىلەن ئالاقىلىشەي .سىزگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت . ئەگەر ھەممە ئۇيغۇر سىزگە ئوخشاش بولغان بولسا مىللىتىمىز پەرىشتە، ۋەتىنىمىز جەننەت بولۇپ كېتەر ئىكەن ....سىزگە يەنىمۇ ئۇتۇق ، غەلىبە ،سالامەتلىك تىلەيمەن .... يەنە بىر تەكلىپىم ، ئۇيغۇرلاردا "يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس"دەيدىغان بىر گەپ بار. شۇڭا مۇمكىن بولسا سىز باش بولۇپ «دۇنيا ئۇيغۇر ئىلىم-پەن ئۇيۇشمىسى» ۋە ياكى كورۇپ چىقىپ ، ئۇيغۇر يېڭى ئەۋلاد ئالىملىرىنى يېتىشتۇرۇشلىرى ئۈچۈنمۇ ئاشۇ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزدىن ئاجرىتىپ ، ئوبرازىڭىزنى يەنىمۇ نامايان قىلغان بولسىڭىز .سىزنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك غايىۋى ئۇستاز قىلغان ئوقۇغۇچىڭىز : ئەلى

(105) ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئەپەندىم، سىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە ئۆزىڭىزنىڭ قىممەت قارشىڭىزنى بۇشاشماستىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا توختاۋسىز ئېزدىنىۋەتقان ، تىرىشۋاتقان زامانىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، ھاياتىڭىزنى "يارىتىش" ئۈچۈن بېغىشلىغانلىغىڭىزغا تەشەككۇر ، سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن ۋە بىزگە ئاتىغانلىرىڭىزدىن زور ئىلھام بەخش ئالدۇق،،سىزنىڭ ئىجادچانلىق ھاياتىڭىز بىزنىڭ ماياكىمىز ، ئادەم ھاياتىنىڭ قىممىتى چەكسىز بولىدۇ ،سىزنىڭ غايىڭىزنى رېئاللىقتا ئاشۇرالايدىغانلىغىڭىزغا ئىشىنىمىز، سىزگىمۇ قېرىنداشلارنىڭ ئىلھام ۋە رىغبەتلەندۇرۇش زورۇر،ۋەتەندىكى قېرىنداشلارمۇ سىزنىڭ زىڭىزدىن مىڭىپ "دۇنيادا باشقىلار قىلغانى بىزمۇ قىلالايمىز "ئەىگەن قاراشنى يېتىلدۇرىمىز،ۋاقىتنى قەدىرلەپ تىرىشىمىز ۋە تىرىشىڭ،'ئاخىردا سىزگە ئۇتۇق ۋە بەخت يار بولسۇن ،ياخشى خەۋىرىڭىزنى ۋە ماقالىڭىزنى كۇتىمىز. مەردان

(106) مەن يېقىندا ئۈرۈمچىگە قاراشلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئانا تىلىمىزدا دەرس ئۆتىلىدىغان پەقەت بىرلا تولۇق 2-يىللىق سىنىپىنىڭ قالغانلىغىنى،بۇ سىنىپتا 18 ئوقۇغۇچى بولۇپ 8 ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس بېرىدىغانلىغىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم،تولۇقسىز سىنىپلىرىدا ۋە تولۇق 1-يىللىقتا پۈتۈنلەي «قوش تىللىق» دەرس ئۆتىلىدىكەن، يەنى بارلىق پەنلەر خەنزۇ تىلدا سۆزلىنىدىكەن. بۇنى ئۇلار قوش تىللىق مائارىپ دەپ ئاتىۋاپتۇ.مەن «ئەمسە 11-سىنىپچۇ» دەپ سورىسام «ئۇلار 11-سىنىپ ئېچىلمىدى،چۈنكى بۇ سىنىپتا ئوقۇيدىغان بالىلارغا ئۇيغۇر تىلدا دەرس ئاڭلاش مۇھتى يارىتىپ بېرىلمىگەچكە ئۈرۈمچى شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر تىلدادەرس سۆزلەيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تارقاق يۆتكىلىپ كەتتى» دەيدۇ. بولمىسا ئۇ يەردىمۇ ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ ئىكەندۇق.

مول تەجرىبىگە ئىگە پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار قوش تىل سېپىدە سەپتىن چۈشۈپ قالغان بولۇپ،'ئۇلار ئېتىۋار سىياسەت بىلەن بالدۇر پىنسىيىگە چىقىرىۋېتىلگەن ئىكەن.پىنسىيە يېشىغا توشمىغان مىللى ئوقۇتقۇچىلار مەجبۇر كەسىپ ئۆزگەرتكۈزۈلۈپ،زاۋۇت،شىركەتلەردە ئۆزى ئەسلا تونۇشلۇق بولمىغان خىزمەتكە قويۇلۇپ ،'ئايلىق مائاشنى تولۇق ئېلىپ ،نىمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈرۈپتۇ. ئاشۇ 25-30 يىللىق مول تەجرىبىگە ئىگە پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمدى كېرىكىنىڭ قالمىغانلىغىنى،'ئانا تىلدا ئوقۇش ئاررۇسى بار زېرەك پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قاراپ تۇرۇپلا ئۆز ھوقۇقىدىن

ئايرىلىپ قالغانلىقى،پىداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ چىققان ئىستىقباللىق ياشلىرىمىزنىڭ <>ئوقۇمىغانلىغى ئۈچۈنلا ئىشقا ئورۇنلىشىشتا قەتئى رەت قىلىشقا ئۇچرىغانلىغىنى كۆز ئالدىمدا تالاي ئۇچراتتىم.مائارىپنىڭ ئالدىنقى سېپىدا شوارنى ياڭراق توۋلاپ كېتىۋاتقان ئىنتىلىشچان كۆچلەر <>دىگەندەك يېڭى- يېڭى ئۇقۇملارنى ئارقا -ئارقىدىن ئوتتۇرىغان قويۇپ ،مائارىپ ساھەسىدە ھېلى شەرقى شىمال شاملى چىقارسا ،ھېلى غەربى جەنۇپ بورىنى چىقىرىپ،'ئىسلاھات قەدىمگە يۈگرەپ يېتىشەلمەي ،تېڭىرقاپ ،ھېرىپ- ھالسىراپ قالغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ ھالىغا ۋاي! تېخى بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزى مىللى مەكتەپتە ئىشلەپ تۇرۇقلۇق ،'ئۆزىنىڭ ئىككىلا بالىسىنى خەنزۇ مەكتەپكە بەرگەندىن سىرت يەنە تېخى ئۇرۇق تۇققان،ساۋاقداشلىرىغا ئىدىيە خىزمەت ئىشلەپ ئۇلارنىڭمۇ شۇنداق قىلىشقا قايىل قىلغان.ئوقۇتقۇچى شۇنداق قىلغان يەردە زادى شۇنداق قىلىش توغرىكەن دەپ باشقىلارمۇ بەس-بەس بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى مەكتەپلەرگە بەرگەن. نەتىجىدە بۇ يىللىق ئوقۇش يېشىدىكى 56 بالىنىڭ ئىچىدە ئاران22 نەپىرى مىللى مەكتەپكە كىرگەن. خەنزۇ مەكتەپتىن مىللى باللارنىڭ نىسبەت قىممىتى ئېشىپ كەتتى دەپ قوبۇل قىلىشنى مەجبۇرى توختىتىپ قويمىغان بولسا ئەھۋال يەنە قانداق بولاتتىكىن -تاڭ؟ مەن بۇ ئىشنىڭ تېگى تەكتىنى ئويلىغانسىرى بۇ دۇنيادا دۇنيا تەرەققى قىلغانسىرى نادان ئادەملەرنىڭمۇ كۆپىيىپ كېتىپ بارغانلىغىنى ھىس قىلىپ قالدىم. سىياسەت توغرا ،'ئادىل.گەپ ئۇنى قانداق توغرا تونۇپ،'ئىجرا قىلىشتا.ئانا تىلدا دەرس ئۆتۈش تەرەققىيات بىلەن زىت ئەمەس.قالغان سوئال كۆپچىلىككە قالدى.

(107) مەن سىزگە كۆپ نەرسە دەپ بىرەلمەيمەن. پەقەت بۇندىن كېيىنكى يازمىلىرىڭىزدا پايدىلىنىشقا ئەھمىيتى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دەپ، مەن ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان رايۇندىكى قوش تىلنىڭ يولغا قويىلۇش ئەھۋالىدىن قىسقىچە ئۇچۇر بەرمەكچى:

ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە قوش تىل يەسلىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا دۆلەت زور مەبلەغ سالدى. بىراق بۇ قوش تىل بولماستىن يەك تىل مائارىپى بولىۋاتىدۇ. بۇ يەسلىدە باللارغا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىش ئاساس قىلىنىۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ئىقتىسادىي نۇقتىدىن چىقىپ بۇ يەسلىدىن مەمنۇن. يەنى يەسلىدە باللارنىڭ تامىقى بىكاردىن، پەقەت ئايدا 30يۈەن تۆلەپ قويسىلا باللارنى ئۆيگە قويۇپ ئىتىز بىشىغا چىقاندىكى ئەندىشنى ياكى ئىتىز بېشىغا ياتقۇزۇپ باللارنى بىھۇدە ئازابلاشتىن خالاس قىلىش ھەممە ئادەمگە ياقسا كېرەك.

ئىلگىرى ئۇرۇمچىدىكى بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئانا تىل ئوقۇتۇشى ئىلىپ بارىدىغان مەكتەپلەرنى تاپالماي بولۇپمۇ يېڭىشەھەر رايونى قاتارلىق ئىقتىسادي تەرەققىيات بەلۋىغىدىكى رايۇنلاردا قىينالغانلىقنى ئاڭلايتۇق ھازىر بىز ئۆزىمىزنىڭ ناھيىسىدە ساپ ئانا تىل بىلەن ئوقۇتۇش ئىلىپ بارىدىغان مەكتەپ تاپالماي قالدۇق. يەسلىدىن تارتىپ قوش تىلنى ئوقۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆترۈش سادالىرى ئىچىدە ئاساسلىق دەرسلەر خەنزۇ تىلدا ئۆتىلىۋاتىدۇ. ئانا تىلدىكى مەكتەپلەر خەنزۇ تىلدىكى مەكتەپلەر بىلەن بىرلەشتۈرلىۋاتىدۇ. بۇ باللارنىڭ خەنزۇ تىلى ساۋادىنى ئۆستۈرۈشكە ئىجابىي رول ئويناۋاتقان بولسىمۇ، بىراق باللارنىڭ تەپەككۇرى گاللىشىۋاتىدۇ، مەسلىلەرگە بولغان چۈشەنچىسى سۇسلىشىۋاتىدۇ. خاراكتىرى جاھىللىقا، تەرسالىققا، ياۋايىلىققا قاراپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا ئاتا-ئانىلار پىكىر قىلسا بولمامدۇ دېيىشىڭىز مۇمكىن. توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى. بىراق، ھازىر خەنزۇ تىلنى بىلمەيدىغانلارغا توغرىسى

مىنكاۋخەن دەپ ئاتالمىغان ئازسانلىق مىللەت سىدىتلىرىغا خىزمەت يوق. بىراق خەنزۇچىنى ياخشى بىلىدىغان بولسا ئۇلارغا ئاساسەن خىزمەت بار. مەسىلەن مەن خىزمەت قىلىۋاتقان مەكتەپكە ئۆتكەن يىلى تەخسىملەنگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ تىلىدا ياخشى ئوقۇتقۇچىلار. چۈنكى ھازىر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دىپلومى ئىككىنچى ئورۇندا ئېتراپ قىلىنىپ، ئىلىنىۋاتقان خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئىمتىھانىسى خەنزۇ تىلىدا ئېلىنىۋاتىدۇ. 3 بولدى. ئۇلاردا كەسىپي ساپالار بارلا ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگەنلەيدۇ. يېقىندا مەكتىپىمىزگە بىر بۆلۈك ئىقتىساسلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يەنى غەربكە ياردەم بەرگۈچى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنى بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى كەملىك مەسىلىسى بىر قەدەر يېنىكلىدى. بىراق، بۇلارنىڭ ئوقۇغان كەسپى ئاساسەن مالىيە بوغالتىرلىق، قۇرلۇش لاھىيەلەش، چارۋىچىلىق قاتارلىق غەيرى كەسپتىكىلەر ئىكەن. ئەدەبىيات، ماتىماتىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق كەسپتە ئوقۇغانلارمۇ بار ئىكەن. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىچكىرىدىن چىققان بولغاچقا ئۇلارنىڭ گېپىنى ئالدىراپ ئوققىلى بولمايدىكەن يەنى پۇتۇڭخۇا بويىۇنچە سۆزلىمەيدىكەن. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇلارنى دەرسخانىغا كىرگۈزۈشكە توغرا ئەمەسلىكى ئېنىق. يەنە كېلىپ بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 90% يېزىلاردىن كىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋيىسى راستىنلا تۆۋەن. 2008-يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىسدا خەنزۇ تىلىنىڭ ئوتتتۇرچىسى ئاران 67.3بولدى. بۇنداق مەكتەپكە نىسپەتەن تەبئىي پەنلەرنى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش نىمىدىن دىرەك بېرىدىغانلىقى ھەممەيلەنگە چۈشىنىشلىك. ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە ھەممە دەرس خەنزۇ تىلىدا ئۆتىلىۋېتىپتۇ. قەشقەر سىفەن سۆيەنىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ چىققان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ دىيىشچە بۇ كەسپتىكى باللارغا ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قاتارلىق 4خىل دەرسلا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىنىپتۇ. قالغان دەرسلەر خەنزۇ تىلىدا سۆزلىنىپتۇ. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار دەرسخانىدا خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتەشتە قىينىلىپ كىتاتىكى مەزمۇنلارنى خەنزۇچە يادلاپ كىرىپ دەپ بېرىۋېتىپتۇ. چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارالماپتۇ. يادىدا يوق ئۇيغۇرچە گەپ ئارلاشتۇرۇپ سالسا ئوقۇغۇچىلاردىن ئەپۇ سوراپتۇ. چۈنكى بۇ ئىشنى رەھبەرلىك ئۇقۇپ قالسا، قەستەن ئۇيغۇرچى سۆزلىگەن دىگەندەك گەپلەر بىلەن بەلگىلىك چارە قوللىنىلىدىكەن. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاساسەن خەنزۇچە يادلاشقا ئۇستا بولۇپ چىقىۋېتىپتۇ. چۈنكى ئۇلار كىتابتىكى مەزمۇننى تولۇق چۈشەنەلمىگەندىكىن كىيىن ئىمتىھاندىن ئۆتۈش ئۈچۈن بولسىمۇ يادلاش كۆنىمىسە ئادەتلەنمىسە بولمايدىكەن. مانا بۇ بىزنىڭ رايونىمىزدا يولغا قويۇلىۋاتقان قوش تىل ئوقۇتۇشى... بىراق مەركەز رەھبەرلىكنىڭ گېپىگە قۇلاق سالساق ھەرقايسى مىللەتلەرلەر ئۆز تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش، تۆرلەرنىڭ كۆپخىللىنى قوغداش، مىللىي مائارىپ، بولۇپمۇ ئاساسىي مائارىپ ئانا تىلدا ئۆتۈلىشى، دۆلەت تىلى بارا-بارا كۈچەيتىلىشى تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى قارا يۇمۇرغا بىز ھاڭۋاقتىداك قاراپ تۇرۇۋاتىمىز ياكى كۈلىۋاتىمىز، زارلاپ تۇرۇپ بۇ كىچىككە كىركىتىۋاتىمىز. بىزدە ئېلىپ بېرىلغان قوش تىل مائارىپى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسەن قوش تىلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندا مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسى بارلىقى رايۇنىمىزنىڭ تەرەققىيات سەۋيىسىنى ئېچكىر ئۆلكىلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋيىسگە يېقىنلاشتۇرۇشتا مۆلچەرلىگۈسىز ئۈنۈمگە ئىگە ئىكەنلىكى ئوخشىمىغان نۇقتىلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرلۈپ كىلىنمەكتە. دەرۋەقە ھازىر خەنزۇ چىنى بىلمىگەنلىرىمىز دوختۇرغا كۆرنۈش، باجخانا، بازار باشقۇرۇش، خەلق ھۆكۈمەتلىدە ئىشلىرىمىزنى ئاقتۇرشىمىز مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ساقىلىنىش ئۈچۈن خەنزۇ تىلى ئۆزگەنەمي بولمايدۇ. بىراق، ئايتماتۇپ ئېيتقىدەك كۆپ تىل بىلىش شەرەپ، ئانا تىلنى بىلمەسلىك نۇمۇس بولسا ياخشى بولاتتى.

بىراق ھازىر ئانا تىلنى بىلىش قالاقلىق، خەنزۇ تىلنى بىلمەسلىك نۇمۇس، مەدەنىيەتسىزلىك بولۇپ قىلىۋاتىدۇ. سىز دىگەندەك قوش تىلنى توغرا يولغا قويۇش، مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۈچۈن چوقۇم ئانا تىل بىلەن بىرلىكتە دۆلەت تىلىنى ئۆگەنگەندىن سىرىت ئاز دېگەندە بىر چەتئەل تىلى ئۆگىنىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. بىراق بۇنداق ئىلمىيلىك بىزدىن تېزىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ...

(108) ئەسسالام ئۇستاز، تەق-ئامان تۇرۇۋاتاملا،ئاللا تەنلىرىنى سالامەت، ئىشلىرىنى ئوڭ قىلسۇن. ۋەتەندە تۇرۇپ سىلىنىڭ يازمىلىرىنى توردا ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولۇپ چەكسىز ھاياجان ئىچىدە تۇرۇۋپتىمەن، ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن خىزمەت، ئۆگىنىش ،ئىجادىيەت ئىشلىرىمدا زور مەدەتكە ئىگە بولۇپ تۇرۇۋپتىمەن. ئەھمىيەتسىز كۆرمىسىلا بۇ خېتىم ئارقىلىق سىلىگە ،ھەم ئائىلىلىرىگە رەھمىتىمنى، سەممىي سالىمىمنى بىلدۈرمەكچى،مالال كۆرمىگەيلا. جىددىي ۋاقىتلىرىدىن ئېشىنىپ ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىغا ئەھمىيەتلىك بىلدۈرگۈللىرىنى يوللاپ تۇرغانلىرىدىن ئۆزىنى ئۇيغۇر ھېسابلايدىغان بارلىق قېرىنداشلار سىلىگە چەكسىز تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ، ئاللا تەنلىرىنى ئامان قىلسا ، ئۆزلىرى مۇھىم ھېس قىلغان يازمىلىرىنى داۋاملىق يوللاپ تۇرۇشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمەن. سىلىنى، ئائىلىلىرىنى، شۇنداقلا ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق قەدىردانلارنى ئاللا ئامان قىلسۇن. ئاللاغا ئامانەت!

(109) سۆھبەتنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈپ چىقتىم .2005-يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن 1 ھەپتە بۇرۇن سىزنى تونۇغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە سىزنىڭ يازمىلىرىڭىزنى كۆرۈۋاتىمەن.
ئەركىن سىدىق ئۇستازنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئالماسلىق يۈزىسىدىن ئارتۇق ئىنكاس يازماي .
ھەقىقى ئۇيغۇر ئوغلى ، قىممەتلىك يازما - نادىر مەزمۇنلار بىلەن ئۇيغۇر ياشلىرىمىزغا ئۈلگە بولغىنىڭىزدىن سۆيۈنىمەن. ۋۇجۇدۇم يەنە بىر قېتىم ئۆزلۈك-ھايات ، كىشلىك قىممەت ، ئىنسانىي بۇرچ ... تۇيغۇسىدا تاۋلاندى .
ئۇيغۇرنىڭ بىر ئادەتتىكى ستۇدېنت بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزۈمگە يەنە بىر قېتىم جاكارلىدىم؛ "تىرىشقىن !!!سەن چوقۇم قىلالايسەن ......!"
ئەركىن سىدىق ئۇستازنىڭ تىنىگە سالامەتلىك ، ئىشلىرىغا تىخمۇ ئۇتۇق تىلەيمەن.خۇدا خالىسا سىزنىڭ ئىزلىرىڭىزنى بىسىش شەرىپىگە بىزمۇ نائىل بولىمىز .

(110) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەركىن ئاكا، مەن بۇ سۆھبىتىڭىزدىن كۆپ مەنپەئەت ئالدىم، ئۇلۇغ ئاللاھ ئالتۇن تېنىڭىزنى سالامەت،پىكرىڭىزنى تېخىمۇ ئۆتكۈر قىلسۇن!!!
ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەركىن ئاكا، مەن بۇ سۆھبىتىڭىزدىن كۆپ مەنپەئەت ئالدىم، ئۇلۇغ ئاللاھ ئالتۇن تېنىڭىزنى سالامەت، پىكرىڭىزنى تېخىمۇ ئۆتكۈر قىلسۇن!!! مەنلا ئەمەس، بەلكى، بۇ سۆھبەتنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم شۇنداق ھېسسىياتتا بولۇشى مۇقەررەر، پەرزەنتلەرنى قانداق ئۇسۇلدا زامانغا لايىق تەربىيلەش ، تېخىمۇ مۇھىمى جاھان ئۆزگۈرۈشلىرىنى كۈزىتەلەيدىغان شۇنداقلا كۆرەلەيدىغان مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىقتىدارلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ، ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار دۇچ كەلگەن شۇنداقلا ئۇيغۇر مائارىپچىلىرى دۇچ كەلگەن زور ئىش ئىدى، سىزنىڭ بۇ سۆھبىتىڭىزدىن بۇنىڭغىمۇ جاۋاب تاپقاندەك بولدۇق. مۇشۇنداق ئېسىل سۆھبەتنى تېلېۋىزورلاردا بېرىش ياكى تەشۋىق قىلىش بىزنىڭ دىيارىمىزدا بەسى مۈشكۈل ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە

ئادەمنىڭ ئۆيىدە كومپيۇتېر بولمىغاچقا، بۇ فىلىمنى بىرەر فىلىم ئىشلەش ئورنى ۋۈجۈد قىلىپ ئىشلەپ تارقاتقان بولسا تېخىمۇ كۆپ ئادەم مەنپەئەتلەنگەن بولاتتى

(111) نىمانداق پىكىرى ئۆتكۈر ۋە قايىل قىلارلىق كىشى بۇ!!!!

بىزلەر پەقەت بۇ دوكتۇرىمىزنىڭ پىكرىنى ئەپسۇسلىنىش ۋە قايىل بولۇش نەزىرى بىلەنلا كۆرۈپ قويىمىز خالاس.........

ئاشۇ بايان قىلغان ئەيىپ ۋە كەمچىلىكلەرنى بولسا تۈزىتىشنى ئويلايمىزۇ لىكىن، هامان تويۇپتىن ئايرىلغىمىز كەلمەيدۇ.....

خەپ قاچانمۇ مۇشۇنداق بىمەنە يولدىن قول ئۈزۈپ هەممىمىز تەڭلا ئارتقا ئۆرۈلۈپ مارش دىگەن كوماندا ئاڭلىغان ئەسكەرلەردەك

توغرا يولىمىزنى تېپىۋالامىز........

هەممىمىز ئۆزىمىزدىن باشلايلى دىگەن گەپكە بەك ئامراق، لىكىن هەقىقى شۇنداق قىلالىغانلار قانچىلىكتۇ؟؟

(112) رەهمەت سىزگە!.. بىز ئىلگىرى جاهان جەمىيتىنى تاڭ قالدۇرغان مەدەنى مىللەتنىڭ ئەۋلاتلىرى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىنتايىن چۈشكۈنلەشتۇقكى،بۇ خىل چۈشكۈنلىشىش روهى غالبىيەتچىلىك بىلەن سىڭىشىپ كەتتى.بىزنىڭ هازىرقى هالىتىمىز غىق مەس بولغان كىشىنىڭ تۈكۈرۈك چاچرىتىپ مەدداھ ئېيتىشىغا ئوخشاپ قالدى. بىزنىڭ روھىيتىمىزگە پاكلىق-ناپاكلىق، ئىمان-ئىمانسىزلىق، جەسۇرلۇق هەم قورقۇنچاقلىق، مەرتلىك هەم نامەرتلىك، هايالىق ۋە هاياسىزلىق گىرەلىشىپ كەتتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ زادى قايسى تىپقا تەەللۇق ئىكەنلىكىمىزنى ئاڭقىراش ئىچىدىمۇ هىس قىلالمايۋاتىمىز .بىزنىڭ روھىيتىمىز شۇنچىلىك ئەبجەشلىشىپ كەتتىكى ،هالال هەم هارام تەڭ سىلىنغان مىلچمال دۇكىنىغا ئوخشاپ قالدى. ئايرىماق، باها بەرمەك ئىنتايىن تەس. بۇ خىل تەسلىك هەممە كىشىگە ۋەهىمە،گۇمان سىلىپ ئۆز-ئارا چۈشىنىشىمىزنى يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. ئىتىپاقسىزلىقىمىزنى ئىلگىرى سۈردى .ئاھ ئۇرۇش ئىچىدىلا زاۋللىققا يۈز تۇتىۋاتقىنىمىزنى پەقەتلا هىس قىلالمايۋاتىمىز!...

يۇقارقى مەسىلە هەقىقەتەن بىز ئۇيغۇرلاردىكى ئورتاق كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلە ...بۇنداق ئىشلارغا ئوبزۇر ،'ئىتوت ، ناخشا قاتارلىق لانىڭ هېچقايىسى كار قىلمىدى . بىز ئاڭلىساق ،كۆرسەك ئۇنداق قىلمىساق بولاتتى ، بۇ خاتا ئىدى دىگەن سۆزلەر بىلەنلا بولدى قىلدۇق . مەن مۇشۇنداق ئەهۋاللارنى كۆپ كۆپ كۆردۈم بىراق بىرنىڭ ئۆزگەرگىنىنى كۆرمىدىم .ئەجبا بۇنداق ئىللەتلەر بىزنىڭ قان قىنىمىزغا سىڭىپ كەتكەنمىدۇ ......هەي .....

ئاجايىپ ياخشى تىما يوللاپسىز . جاپا تارتىپسىز سىزگە رەھمەت . تىمىڭىزغا دوستۇم ئانىشتا ، ناسىمى ، قاتارلىقلارلار ئىنتايىن كۈچلۈك قەلىمى بىلەن ياخشى ئىنكاس قايتۇرۇپتۇ . مەنمۇ دەل شۇ پىكىردە . ساپادا ئوڭدا ياتقان ئۆزىگە خەنزۇچە ئىسىم قويىۋالغان تىملارغا پەقەت رەخمەت ، ياخشى يوللاپسىز دىگەندەك دوگمالا جاۋاپ بەرمەي ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن ئۆز كۆز قارىشىنى قويۇپ ماڭىدىغان دوستۇممۇ ياخشى ئىنكاس قايتۇرۇپتۇ. ئەينى زاماندا جەمىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن مۇنداق سۆزلەر ئىسىمگە كېپ قالدى. كوسوۋۇ ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامىرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى كىلىنتون زامانى هېلىقى ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان ئويغۇرلار كىلىنتوننىڭ يىنىغا بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىمۇ كوسوۋوغا

ئۆخشاش ئىزىش ئىزىلىش بار ، بىزگە ياردەم قىلساڭ بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىزىلىۋاتىمىز دەپتۇ كىلىنتون سىلە قايسى دۆلەتتىن مىللىتىڭ نىمە دەپتىكەن ئۇلار بىر بىرلەپ تەپسىلى چۈشەندۇرۇپتۇ ..... كىلىنتون بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ تىلىۋىزورنى ئاشسىلا ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئويناپلا چىقىدىغان مىللەت سىلە شۇمۇ دەپتۇ ئۇلارنىڭ ھە ئە جاۋابىدىن كىيىن كىلىنتون سىلەرنىڭ دەردىڭلا يوق چۈنكى دەرتمەن كەشكىچە ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئوينىمايدۇ ئويۇن خاتىرجەملىك خوشاللىقنىڭ ئىپادىسى دەپ چىقىرىۋېتىپتۇ .

دەرۋەقە ئەختەم ئۆمەردەك شائىرلىرىمىز باشلىق نۇرغۇنلا بىزدىكى تۇرلۇك ساھە دىكى ناچار ئىللەتنى قامچىلاپ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. ھەم يېزىۋاتىدۇ ئەرتىسلىرىمىز سەھنىلەردە ئويىندى ھەم ئويناۋاتىدۇ. مېنىڭچە ئەيىپ ،'ئىللەت ، ناچار تەرەپنى تۈزۈتۈشتە ئەڭ مويۇمى ئۆزىمىزدىكى ئاشۇ ئىللەتنى ئېتراپ قىلىشتا ھەر قانداق ئادەم مىللەت ئۆزىنىڭ ناچار ئىللىتىنى ئۆزى تونۇپ ئېتراپ قىلمايدىكەن ئۇ ئۇنىڭ قايىل بولمۇغانلىقى ئۇ قايىل بولمىغان ئىكەن ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىدىن قىلچە ئۈمۈت يوق .ئويلايلۇق بىز ئېتراپ قىلىۋاتىمىز ئاشۇ ناچار ئىللەتلىرىمىز قامچىلانغان ئەسەر لەرنى ئوقۇغۇنىمىزدا ئويۇنلارنى كۆرگىنىمىزدە كىچىك چوڭ ھەر قانداقىمىز ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ باش لىڭشىتىمىز ھەرەىزمۇ بىزدە يوقتى دەپ سەكرىمەيمىز . شۇ ئىللەت سەندە بولمىسا مەندە بار دىگەندەك. مانا مۇشۇنداق ئىلغارلار بىلەن ئۆزىمىزنى سېلىش تۇرۇپ ھەقىقى پەرقىمىزنى ئاجىزلىقىمىزنى تونۇغاندىلا ئاندىن تۈزۈلۈشكە ئەگىشىپ ئىلگىرلەشكە باشلايمىز. بىزدىكى شۇ ناچار قىلىق ۋە ئىللىتىمىزنى باقلار ئەمەس دەل ئۆزىمىز تېپىۋاتىمىز ئويغۇر مىللىتى ئېتراپ قىلىۋاتىمىز . مەنچە بىز تونۇش ۋە ئېتراپ قىلىش باسقۇچىدا ھەم تۈزۈتۈش باسقۇچىغا ئەمدى قەدەم باستۇق لىكىن باسقان قەدىمىز تېخى تولۇق يەرگە تەككىنى يوق. بىز پەقەت بىر ئائىلە كىشىلىرى بولساقتۇق بىرە تاماق ۋاختىدا ئۆز ئارا دېيىشىپ مانى قىلىسلى مانى قىلمايلى دەپ بىرلىككە كىلىۋالساق ئويغۇر جەمىيتى ئىنتايىن كەڭ بىر قوۋۇم . مەدىنيەت سەۋيىمىز بىر قەدەر تۆۋەن . بۇنداق ئىللەتلىرىمىز ئەۋلاتمۇ ئەۋلات مىراس بولۇپ كېلىپ ھازىرغا ئۇلاشقان ئەمدى ئۇنى تۈزۈتۈشكە يەنە بىر مەھەل جەريان كىتىدۇ دەپ ئويلايمەن ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئۇنداق تىز كۆرۈلۈپ بولالمايدۇ يانىلا مېنىڭ پىكرىم ئۆزىمىزدىن باشلاش ئۇنداق قىل بۇنداق قىل دەپ قۇرۇق شوئار توېلىماي مەندەك قىل دىيالايدىغان بولۇشىمىز كىرەك ھەر بىر ئادەم 10 دىن ئادەمگە تەسىر ئۆكرىستەلىسە بىز ئاستا ئاستا ئۆزگۈرۈمىز دەپ قارايمەن.

مېنىڭچە مۇشۇنداق تىملار مۇنازىرىلەر تېخىمۇ كۆپۈرەك بوپ تۇرسا تېخىمۇ كۆپ ئويغۇرنى ئويغۇتۇلايتۇق دەپ قارايمەن.

كەچۈرۈڭلار مەن خەنزۇچە ئوقۇغان جىڭ ئويغۇر . ئويغۇرچە خەتنى دادام رەخمەتلىك تىللاپ يۈرۈپ ئۆگەتكەن شەبنەمگە يېقىندا ئەزا بولۇپ كىردىم . خېتىمدە ئىملا خاتالىق ۋە ئۇلمايدىغان جايلارنى ئۇلاپ قويۇدىغان ئۇلايدىغان جايلارنى ئايرىۋىتىدىغان خاتالىقتىن قەتتى ساخلىنال مىدىم . ئاشۇ يىتەرسىزلەىم بولغاشقا مۇنبەرگە تىما ۋە ئىنكاس يوللۇماي دىسەممۇ بەزى تىملار ئىنكاسسىز ئولتۇرۇشمغا يول قويمىدى ئىشقىلىپ يازمامدا بەك خاتالىق كۆپ مۇشۇ ئىنكاسىنمۇ 2 سائەتتە نەچچە تەھرىرلەپ ئاران يازدىم داۋاملىق تىرشمەن تۆۋەنلىك بىلەن دوسلۇرۇمدىن كۈتۈدىغىنىم مەن ئۇستا بولىۋالغۇچە مېنى توغرا چۈشۈنۈپ تۈزۈتۈپ ئوقارسىلە مۇشۇ كۈنلەردە مەنمۇ كوت كوت بوپ قالدىم خۇددى مايماقنىڭ مېڭىشى تولا دىسە كىكەشنىڭ گېپى دېەندەك . خوش

(113) بەك ياخشى يېزىپسىز، رەخمەت، ئەركىن سىدىق ئاكاش.

**مەنمۇ، سىز ئېيقان،'ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئىش كۈتىۋاتقان ياش، ئوقۇش پۈتتۈرگەن بىر يىل،10ئايدىن بىرى بىرقانچە شەخسى گىلىكىدىكى شىركەتتە ئىشلىگەن بولسامۇ،'ئۆزئىگىلىكىمنىڭ بۇلىشنى ئويلاپ،تېخىرقاپ يۈرەتتىم،بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىمدە قارامىلىق روھىنىڭ كەم ئىكەنلىكنى ھىس قىلدىم، ئەركىن سىدىق ئاكاش**

**بولسا يەنە كۆپرەك تەلىم بەسىڭىز. مەنبە : ئۇيغۇر ئىقتىساد تورى خەۋىرى**

**(114) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا سىزگە مەڭگۈلۈك بەخت ۋە خىزمىتىڭىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن .**

**بۇ يازمىنى ھەقىقەتەنمۇ بەك ياخشى يېزىپسىز ، بولۇپمۇ بىزدەك ئۆز ئالدىغا يول ئېلىشنى خالايدىغان ياشلارغا بىر گاڭگىراش تۇيغۇسىنى يوقۇتۇشتا بىر ئاساس تىكلەپ بېرىپسىز . سىزگە كۆپ تەشەككۈر . مەنمۇ شۇنۇڭدەك ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ بۇيىل ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقتىم . لېكىن مېنىڭ يەنىلا باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلىگىم يوق . ئۆز ئالدىمغا يول ئېچىپ ئىگىلىك تىكلىسەم دەيمەن . يازمىڭىز ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى . ۋە ئىگىلىك تىكلەش ئىرادەمنى يەنە بىر قېتىم چىڭىتىش پۈرسىتىگە ئىگە قىلدى .**

**سىزگە كۆپ تەشەككۈر .مەنبە : ئۇيغۇر ئىقتىساد تورى خەۋىرى**

**(115) كەلگۈسۈم ئۈچۈن كۈنسايىن ئۈمۈدسىزلىنىۋاتقان مۇشۇ كۈلەردە بۇنداق يازمىلارنىڭ ھەرخىل تور بېكەتلىرىدە ۋە كىتاپ - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشى مەن ۋە ماڭا ئوخشاشلار غا نەقەدەر قىممەتلىك .شۇ سەۋەپ كۆڭلۈمگە ئۈمۈد ئاتا قىلغان يازما ئىگىسى ۋە دوستىمىز ئۈمۈدۋارغا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن، رەھمەت سىلەرگە. ئەلكۈيى مۇنازىرە مۇنبىرىدىن كۆچۈرۈلدى**

**(116) كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم . جاپا تارتىپسىز ، رەھمەت سىزگە. دېمىسىمۇ بىزنىڭ ھازىر ئاشۇ دېگەندەك شىركەتلىرىمىزدىن باشقا پەخىرلىنىشكە ئەرزىگۇدەك شىركەتلىرىمىز يوق دېيەرلىك. ئاددىسى ئۆزى مۇستەقىل ئىجادى ھالدا شىكەت قۇرغانلار يوق. بۇ تەرىپى مېنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مەن تېخى ھېلىقى پىپسى نامدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ بىر يەھۇدىنىڭ قولىدىن چىققانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن . ئۇلار پەقەت بىزدەك قويدەك ياۋاش خەقنىلا ئاداپ ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ بىزدىن قاچانمۇ بىرەر سانائەت ، تۇرمۇش مەھسۇلاتىنى مونپول قىلالايدىغانلار چىقار؟؟؟!!!!!**

**(117) مۇشۇ ئالىممىز بىلەن بىر يۈز تۇرانە كۆرۈشەلىگەن بولسام نەقەدور ياخشى بولاتتى ھە!!!! تىرىشايلى قىرىنداشلار.**

**(118) مېنىڭ مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدىلا شىركەت قۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ؟مەن زادى قانداق شېركەت قۇرالايدىغاندىمەن؟**

**مۇنبەرگە تەكلىپىم مۇنبەر باشقۇرغۇچىللىرىنىڭمۇ قابىلىيتى يار بەرسە شىركەت قۇرغۇچىلار ئۈچۈن يول كۆرسۈتۈش ،يىتەكلەش رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرغان بولسا....بىز مۇشۇ مۇنبەردىكى بىرەر ئەزاغا**

شىركەت قۇرۇشۇپ بەرگەن بولساق.....

(119) مانا ئىسىل تىما دېگەن! تولۇق ئوقىغانلار بىلىدۇ!!!!!! مېنىڭمۇ كىشىلەر قىلىشتىن نومۇس قىلىپ قۇرۇق قېلىۋاتقان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئارزۇيۇم بار ئىدى خۇددى دېگەندەك.

(120) بۇ ئالىممىز ئۆزىنىڭ كەسپىدىن باشقا يەنە بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالماپتۇ........

(121) ھەقىقەتەن مىللىتىمىز ھەققىدە بىر كىشىلىك تەپەككۇر قىلىپ بىزنى ئاجايىپ بىر داغدام يولغا باشلاۋاتىدۇ.... بۇ تىمانى نەخ ۋاختىدا كۆرۈپتىمەن.... خۇددى مەن ئۈچۈن يازغاندەكلا............بىز ياشلار مۇشۇ ئىشقا تۇتۇش قىلمىساق بولمايدىغان ھالەتكە يەتتەق.......بولمىسا قول بۇلۇشتىن باشقا يول يوق!!!!!

(122) رەھمەت سىزگە.سىز شۇنچە ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ بىزگە ئېسىل تىملارنى يوللاۋاتىسىز. بۇ تىمىدىكى نۇرغۇن تەرەپلەر بىزدەك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ۋە كەلگۈسىدە ئۇقۇش پۈتتۈرگەندىن كىيىن ئۆزى توغرىسىدا توغرا دىئاگونوز قۇيالىشى ئۈچۈن بىر ئەينەك بوپتۇ .ھازىر نۇرغۇن ياشلار ھۆكۈمەتنىڭ تەخسىم قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان،'ئۆزىنىڭ رولنى جارى قىلدۇرالمايدىغان ئەھۋاللار ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ .ئېلىپ ئېيتساق مەندىمۇ ھەم شۇ غەم . بىزدە ھازىر نۇرغۇن تەۋەككۇلچىلىك روھىغا ئىگە ياشلىرىمىز بار ،لېكىن ئۇلار بىرىنچىدىن : ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قارشى تۇرىشىدىن ،'ئۆزىنى قوللىماسلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ.

ئىككىنچىدىن : سىز ماقالىڭىزدا تىلغا ئالغاندەك بىزدە ئىگىلىك تىكلەيدىغانلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر بەكلا كەمچىل ،يوق دىيەرلىك .

ئۈچىنچىدىن : بىزدە ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر تاۋىقىنىڭ تارتىش كۈچى بەكلا چوڭ ،نۇرغۇنلار (مەسلەن شىركەت قۇرغانلارمۇ) ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشنى خالىمايدۇ .

يىغىپ ئېيتقاندا بىزگە ھازىر كېرىكى بىر ماياك (بىزنىڭ تەۋەككۇلچىلىك روھىمىزنى ئويغىتالايدىغان،بىزنى يېتەكلىيەلەيدىغان،'ئۈلگە بۇلالايدىغان كىشلەر) . ماياك بولسا بىزدە يول تاپىدىغانلار، يول تاپالايدىغانلار چوقۇم كۆپىيىدۇ . ئاخىردا سىزنىڭ تېنىڭىزگە سالامەتلىك ،'ئۆزۈن ئۆمۈر تىلەش بىلەن بىرگە خىزمىتىڭىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن .

(123) ئەھمىيەتلىك تىما يازغىنىڭىزغا تەشەككۇر مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك تىملار كۆپرەك يوللانسا . سىزنىڭ بۇ تىمىڭىزدىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم . جاپا تارتىپسىز ، رەھمەت سىزگە

بۇ يازمىدىدىن بەكرەك ئۇنىغا ئېلىنغان ماندىلانىڭ گېپى بىلەن بۆرە نىڭ گېپى ئادەمنى بەكرەك ئويلاندۇرۇپ قويىدىكەن! ئەمىليەتتە ئىنسان ئويلىغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسنى قىلالايدۇ دەپ قارىلىدۇ.بىراق بىزلەرنىڭ كاللىمىزدىكى ئوي-خىيال ئۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سەممىزگە سېلىپ تۇرۇدۇ.ئەمىلەيتتە،ياراتقۇچى ئىشلەت دەپ بەرگەن مۇشۇ كاللىنى ئىشلەتمىسەك قىيامەت چوقۇم سورىغى بولىدۇ!

بۇنىڭغا پەيسىنىڭ گېپىنى قۇشۇۋالماي تۇرۇپ گەپ قىلىڭلار،ھېچ كىم كىلىپ سىزگە پەپسىنى ئىچىڭ دىمىگەندىكىن،'ئىچمىسىڭىز بولىدۇ.

(124) كۆرمەپتىمەن. ئەركىن سىدىقنىڭ ھەر قېتىملىق يازمىسىنى قالدۇرماي ئۇقۇپ كىلىۋاتقان. مەن نادىرلاي دەپ بولغۇچە دوستۇم ياپىنيەدە تۇرۇپ ۋاققىدە بېسىپ بولاتتى مائۇسنى .... قەدىرلەشكە تىگىشلىك تېمىلار.

(125) بۇ ئالىمنىڭ ھەر بىر تېمىسىنى پىرىنتلاپ چىقىرىپ ساقلاۋاتىمەن، رەھمەت سىزگە زۇليار......

(126) بۇ ھەقىقەتەن ياخشى تېما ئىكەن. مەن بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىمەن، ئۇزاقتىن بۇيان كەلگۈسى تەقدىرىم ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتىم. بىز يۇقىرىقى ھېكايىدىكى ئىت بولۇشقا كۆنۈپ كەتكەن ،چۈنكى ئىت بولسا جان باقماق ئاسان. بۆرە بولغۇمىز بولسىمۇ ، جاپادىن قاچىمىز. لېكىن شىركەت قۇرۇشقا پۇل بولمىسا بۇلمايدۇ، بىزدەك ئوقۇغۇچىدا پۇل نېمىش قىلىدۇ، بار بولغاندىمۇ بەك ئاز. بىر ئىش قىلغىلى بۇلاتتىمۇ. لېكىن سىياسي جەھەتتە ئىستىقبال بولمىغاندىن كيىن ،بىز چوقۇم ئىقتىسادقا يۈرۈش قىلىشىمىز لازىم.

زۇليار يوقاپ كېتىپ ياخشى -ياخشى تېمىلارنى ئەكىلىسىز ھە. جىق نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم ، يوقاپ كەتمەي كېلىپ تۇرۇڭ.

(127) رەخمەت سىزگە ئەركىنكا، مەن خېلى ۋاقىتتىن بېرى شۇ نىيەت بىلەن تىرىشىۋاتقان ،،'ئۆزۈمگىمۇ چوقۇم قىلالايمەن دەپ ئىشىنىمەن،، ئەمما نىمىشقىدۇر بەزىدە ئويدىكىلەر قولىلىمىغاندا،،بەزى ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمىغاندا ئۆزىمدىن گۇمانلىنىپ خۇددى قىلالمايدىغان ئىشقا ئېسىلىۋالغاندەك ھىسياتتا بولىمەن......

ئەركىنكا سىزگە يەنە بىر قېتىم رەخمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە يەنە سىزدىن بولسا قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ بۇنىڭدىن كيىن ماڭا ۋە ماڭا ئوخشاش شۇنداق خىيالدا بۇلۇپ كىلىنىۋاتقان دوسلىرمىزغا مەسلەھەت بىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن......بولسا ماڭا كۆپرەك مەسلەھەت بەرسىڭىز

(يەنە بىر قىسىم ياشلارنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزى شىركەت قۇرۇش ئارزۇسى بار بولسىمۇ، ئۆزىدە ئاشۇنداق قىلىشقا زۆرۈر بولغان جۈرئەت، ماھارەت، ئىقتىدار، بىلىم ۋە شەرت-شارائىتنىڭ بار-يوقلىغىنى بىلەلمەي تۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. )مەن ھازىر يولۇقىۋاتقان مەسلە دەل مۇشۇ ئىدى.

بۈگۈن بۇ ماتىريالنى كۇرۇپ قەۋەتلا خۇش بولدۇم...شۇنداقلا بىر چىقىش يولىنىڭ خەرىتىسىنى كورگەنداك ھىس تۇيغىغا كىلىپ قالدىم. تىما ئىگىسگە رەھمەت

(128) ئەركىن سىدىق ئاكا ، ياخشىمۇسىز ؟ مەن سىزنىڭ 2008 - يىلدىكى مەشھۇر ئامېرىكىلىق دىگەن تېمىغا يازغان ئىنكاسىڭىزغا يەنە بىر ئىنكاس يېزىپ قويدۇم . ھە ، راست مەن سىزنىڭ بارلىق سۆھبەتلىرىڭىزنى كىتاپچە قىلىپ پىرىنتلاپ چىقىرىۋالغان ئىدىم . مېنىڭ ئاتا- ئانام ۋە ئايالىمنىڭ ئاتا - ئانىسى ھەتتا 80 ياشقا كىرگەن داڭلىق تىۋىپ بوۋايمۇ ئۇقۇدى ( ئايالىم بوۋىسى ) . سىز بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىڭىزنى ئۆز خەلقىڭىز قەلبىدە بۇنچە كەڭرى تەسىر قوزغىغانلىقنى ھىس

قىلمىغانسىز ؟ ئەمما ماقالىلىرىڭىز ئۆزلۈكسىز ئوقۇلۇۋاتىدۇ ... مەن سىزنىڭ مېنىڭ يازغان خېتىمنى كۆرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن . سىز ماڭا ھەر ۋاقىت ئۈلگە بولۇپ كېلىۋاتىسىز . خابنام: ئويستەر. 2007-12-6.

(129) بەك ۋەتەنپەرۋەر ئادەم بۇ .مەن بۇ ئادەمنىڭ ماقالىلىرىنى كۆپ ئوقۇغان ...بۇ ئادەم ئۆزى چەتئەلدە بولغان بىلەن كۆزى بىزدە...يۈرىكى بىزدە... BBS.xabnam.com

(130) بۇ كىشى ئاجايىپ پەزىلەتلىك كىشى . باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئاجايىپ خوشاللىق دەپ بىلىدۇ . ئۆزىنىڭ تور بېتىدا نۇرغۇن ئۇچۇرلار بار . چەتئەلدە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان ياشلارغا خالىس ياردەم بېرىۋاتقان كىشى . سۆھبەت خاتىرىلىرىنى ئوقۇغانلار شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇكى ، بۇ كىشىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىمى بەك مول .

(131) ئەسسالام ، ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئاكا،

مەرھابا! سىزگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلارنى قىزىقىپ ئوقۇيمەن ۋە سىزنىڭ تىرىشچان روھىڭىزدىن ئىلھاملىنىپ، ۋۇجۇدۇم رىغبەتكە تولىدۇ، شۇڭا سىز توغرىلىق تېمىلارنى كەڭ تورداشلارغا يوللاپ ياشلارنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ماياك بولۇپ قالىدىغان ئىجابى تەۋسىيەلىرىڭىزنى ئۇيغۇر ياشلىرىغا بىلدۈرۈشنى ئۈمىت قىلغان ئىدىم، يېڭى تېمىلىرىڭىز بولسا ئايىمىغايسىز. سىزنىڭ شەبنەمگە كىرگەنلىگىڭىزدىن بەك خۇشال بولدۇم. دىكى-دىككاڭ، 2007-12-5.

(132) ئەسسالامۇ- ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا ؟ ئاللاھدىن ھەر ۋاقىت سىزنىڭ ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ تېنىڭىزلارنىڭ سالامەت، خىزمەتلىرىڭىزنىڭ ئۇتۇغلۇق بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن .ئالدىن بىلەن سىزنىڭ شەبنەم تورىدا ئىنكاس سۈپىتىدە تورداش ئىنى - سىڭىللىرىڭىزغا خەت قالدۇرغىنىڭىزدىن شۇنداق سۆيۈندۈم. شەبنەم تورى ھازىر پەرىزىمچە تىزىملاتقان ئەزا ئەڭ كۆپ تور بېتى بولۇپ قالدى . نۇرغۇن ئۇچۇرلار بۇ تور بېتىدە ئەڭ بۇرۇن بېرىلىدۇ . شەبنەم تورىدا ھەر خىل ھەر ياڭزا ئىنكاسلارنى كۆرگىلى بولىدۇ . يۇقۇرىدىكى بىر تورداشىمىزنىڭ يازغان كۆڭۈلسىز ئىنكاسى مېنىڭ كۆڭلۈمنى تولىمۇ غەش قىلدى . بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ يۈز- كۆزىنى تولۇق ئورىۋېلىپ ھەر خىل ناشايان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلار روپاشلار خېلى كۆپ . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۈندۈزى شۇنداق مۆمىن مۇسۇلمان قىياپىتىدە يۈرسە كېچىسى ئاللىقانداق يەرلەردە يۈرىدۇ .مېنىڭ بىرنەچچە دوستۇم رېستوران ۋە سوغاق ئىچىملىك خانىسى ئاچىدۇ ، بەزى ۋاقىتلاردا مۇڭداشقاچ شۇلار قېشىغا بېرىپ قالىمەن . ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى ئېيتىشىچە رىستوران ۋە دېسكوخانىلارغا كېلىپ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ شۇنداق مودا قىياپەتكە كىرىپ ئويۇننى تۈگەتكەندىن كېيىن يەنە شۇ يەرگە كىرىپ سومكىدىكى كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ، يۈز - كۆزلىرىنى چىڭگىدە ئوراپ مۆمىن مۇسۇلمان قىياپىتكە كىرىۋالغان روپاشلار خېلى بار ئىكەن . ئادەم پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشىدىنلا ئۇنىڭ ئېسىل ياكى ناچارلىقى چىقمايدۇ، گەپ ئۇنىڭ روھىيىتىدە ، قەلبىنىڭ نۇرلۇقلىقىدا ...مەنمۇ شەبنەمنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىز توغرىلىق يېزىلغان ۋە ئوغلىڭىز توغرىلىق يېزىلغان ئۇچۇرلارنى مۇشۇ تور بەتتىن كۆردۈم . ئىلگىرى بوستان مۇنبىرىدە سىزنىڭ

**سۆھبەتلىرىڭىز ۋە تەرجىمىھاللىرىڭىز بېرىلدى . ئۇ تور بەتنىڭ ئەزاسى 3000 نەچچە يۈز ئەتراپىدا بولسىمۇ يەنىلا سىزنىڭ ماقالىلىرىڭىزنى كۆرگەنلەر كۆپ بولدى . دىمەك ، خەلق ئۆز ئالىمنى قەدىرلەيدۇ ، سۆيىدۇ . ئۇندىن سىرىت مەن ھازىرغىچە ئوقۇغان ئامېرىكىنى تونۇشتۇرغان ماقالىلەر ئىچىدە سىزنىڭ سۆھبەتلىرىڭىزدەك ئامېرىكا تۇرمۇشنى ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق تونۇشتۇرغان ماقالنى ئوقۇپ باقمىدىم . مەن سىزنىڭ بارلىق سۆھبەتلىرىڭىزنى ئوقۇدۇم . بولۇپمۇ سىزنىڭ ئاقسۇدىكى باللىق ۋاقتىڭىز ۋە ئالىي مەكتەپكە ئۆتكىچە ۋاقتىتكى تۇرمۇشىڭىزدىكى قىينىچىلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ يېڭىشتىكى ئىرادىڭىز مېنى تولىمۇ تەسىرلەندۇردى . بۇ مەزمۇندىكى بۆلەكلەردىن ھاياتقا نىسبەتەن مۇھەببەت بىلەن ياشاش ، قىزغىنلىق ، ئىرادىنى كىشى ئۆزىگە قانات قىلىشنى ، ھەر قانداق كۆڭۈلسىز مۇھىت ئىچىدىمۇ كىشى ئۆز روھىنى چۇشۇرمەسلىك ، تېتىك يۈرۈشنىڭ ، ئاكتىپ روھى ھالەتتە ياشاشنىڭ ئىنسان روھىيتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىنغانلىقىنى ھىس قىلدىم ۋە ئىنسانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا ئەڭ مۇھىم ئامىللار بولۇپلا قالماي يەنە ھاياتتىكى خوشال ئادەم بولۇپ ياشاشتىمۇ مۇھىم ئامىللار ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم . سىزنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىمىڭىزنىڭ تولىمۇ مولىقى مېنى ھەيران قالدۇردى . ئوغلىڭىز دىلشادنىڭ داڭلىق غەربى نۇقتا ھەربى مەكتىۋىگە كىرىشنى خالىمىغانلىقىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم . بىز ئۇيغۇرلاردىنمۇ ئامېرىكىدەك چوڭ دۆلەتتە ھەربى - تەلىم تەربىيە ئالغان يۇقۇرى ساپالىق كىشىنىڭ چىقىشى بەكمۇ ياخشى ئىش ئىدى . مەلۇم توردىشىمىز ئېيتىپ ئۆتكەندەك : كەلگۈسىدىمۇ يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى بېرىكلى ئۇنىۋېرسىتىتىغا كىرىپ ئۇقۇيالىشى مۇمكىن ، ئەمما غەربى نۇقتا ھەربى مەكتىۋىگە كىرىش پۇرستى بۇندىن كېيىن يەنە ئۇيغۇرلارغا كېلەمدۇ ؟ بۇ تەس . ئۇندىن سىرت ، سىزنىڭ مەرىپەت تورىڭىزدىكى ئۇنىۋىرسال ئۇچۇرلار ئۇيغۇر ئۆگەنگۈچىلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزدى . سىزنىڭ ھارماي - تالماي شۇنچە كۆپ مەزمۇنلارنى كومپيۇتېر ئالدىدا ئۇرۇپ چىققىنىڭىزدىن سىزنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقىتلىرىڭىزنى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئاتىغانلىقىڭىزنى كۆرگىلى بولىدۇ . ئاخىرىدا ئاللاھ ھەر ۋاقىت تېنىڭلارنى ئامان قىلسۇن . ئويستەر، 2007-12-5.**

**(133) ئۇيغۇر ياشلېرىغا ئۇمۇد بېغىشلىغان بۇ ئالىممىزنىڭ ئىشلېرى ئۇتۇقلۇق بولسۇن. كەيىنىڭىزدە نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلېرى تىرىلىپ ماڭماقتا. . 2007-18-11**

**(134) ئەركىن سىدىق ئاكا. تىنىڭىزگە سالامەتلىك، ئائىلىڭىزگە بەخت، ئەتىقاتىڭىزغا يەنىمۇ يېڭى ۋە ئوتۇقلۇق نەتىجىلەرنىڭ يار بۇلۇشنى ئۇمىد قىلمەن. سىز بارلىق ئويغۇرلارنىڭ پەخرى! كۆزىمىز، قەلبىمىز سىز بىلەن بىللە! ئۇلۇغ ئاللاھ سىزگە يەنىمۇ زور مۇۋاپىقىيەتلەر ئاتا قىلسۇن! تېما ئىگىسى، سىزگىمۇ كۆپ رەھمەت!!! زاھىرا 2007-20-11**

**(135) ئەركىن ئەپەندىم. تىنىڭىزگە سالامەتلىك، ئائىلىڭىزگە بەخت، ئەتىقاتىڭىزغا يەنىمۇ يېڭى ئوتۇق- نەتىجىلەر يار بولسۇن! سىز بارلىق ئويغۇرلارنىڭ پەخرى! كۆزىمىز، قەلبىمىز سىز بىلەن بىللە!سىزگە مەدەت تىلەيمىز! ئۇلۇغ ئاللاھمۇ سىزگە مەدەت بەرگەي! تېما ئىگىسى، سىزگىمۇ كۆپ رەھمەت!!! . لاۋا02: 2007-11-20**

(136) ئەركىن سىدىق ئەپەندى توغرىلىك بىلىك كۇلۇبىدا ئۇرغۇنلىغان تېمىلارنى كۆرگەن ئىدىم . قارىغاندا تېما يوللىغۇچىنىڭمۇ ئەركىن سىدىققا بولغان ھۆرمىتى ماڭا ھەم باشقا تورداشلارغا ئوخشاشلا يۇقىرى ئىكەن !ئەركىن سىدىقتەك ئۇيغۇر ئالىملىرىمىزنىڭ چىققانلىقىدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن !

(137) ئەركىن سىدىق بىز ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس پەخرى بولۇپ قالماستىن، پۈتۈن تۈركلەرمۇ ئۇنىڭغا قول قويۇپ ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ . ئۆركەش دىگەندەك ئۇ زاتنىڭ ئوغلىمۇ شۇنداق ياخشى ئوقۇپتۇ . ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ پەخرىمىز.

(138) كۆپچىلىك ياخشىمۇ سىلەر ،مەن بۈگۈن ناھايىتى خۇشال ھالدا سىلەرگە شۇنى ئېيتماقچىمەنكى ، مەن ئۇزۇندىن بىرى ئۇيغۇرچە لكىتاپلار ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئىزدەنگەن بولساممۇ ، لېكىن ئۇيغۇرچە ئىلكىتاپلارنىڭ ھەقىقەتەن ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ئىدىم . شۇڭا ئۆزۈمنىڭ ئۇزۇندىنبىرى توختىماي ئىزدىنىشى ئارقىسىدا مەن ئاخىرى ئۆزۈم مۇستەققىل ھالدا تۇنجى ئۇيغۇرچە ئىلكىتاپنى ياساپ چىقتىم . تۇنجى كىتابىم بولسا بىزنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئالىمىمىز ئەركىن سىدىقنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىكى كىتاپ . مەن بۈگۈن بۇ كىتاپنى سىلەرنىڭ كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىشىڭلارغا سۇندۇم ، شۇنداقلا كۆرۈش جەريانىدا بايقالغان مەسىلىلەرنى ئوتتىرىغا قويۇپ مىنىڭ كىيىنكى يەنە باشقا كىتاپ تۈزۈپ چىقىشتا پايدىلىنىشىمغا ، تۈزگەن كىتاپلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇپ چىقىشىغا ياردەم بىرىشىڭلارنى چىن دىلىمدىن ئۈمۈد قىلىمەن . قىممەتلىك تەكلىپ پىكىرىڭلارنى ئايىماسلىقىڭلارنى ئۈمۈد قىلىمەن .

(139) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەزىزلەر مەن بۇ تېمىنى كۆرۈپ كۆزۈم يورىغاندەك دىلىم كۇلگەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم ، ئەركىن سىدىق ئاكىنىڭ ھەققىقى ئۇيغۇر ئوغۇلانىدا بار بولغان تالانتىنى ئۆزى يالغۇز تەنھا جاپالىق شارايىت ئاستىدا نامايەن قىلالىغىنىدىن ، بولۇپمۇ مۇشۇنداق بىر دەۋىردە نامايەن قىلالىغىنىدىن قان قېنىمدىن ئىچ ئىچىمدىن ھاياجانلىنى بۇ ئىككى قۇر يازمىنى يازدىغان قولىرىمۇ خەت بېسىشقا كەلمەي قېلىۋاتىدۇ ، مەن ئەركىن سىدىق ئاكىنىڭ تېخىمۇ يۇكسەك ئارزۇ ئارمانلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم ، ئاللاھ بۇ ئاكامنىڭ گۈزەل ئارزۇ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا مەدەت بولغاي ،، مەن ئاخىرىدا بۇ ئاكامنىڭ تېنىغا سالامەتلىك ئائىلىسىگە زور بەخىت تىلەي مەن ئاللاھ مەدەت بولغاي ، يېقىندا بولغان بولسا مەن ئۇنىڭ يۇگۇر يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپ بولسىمۇ قولايدىغىنىمنى ھەم مېنىڭمۇ بىر ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى شاتلىقىنى بىرلىكنى ئىستەيدىغان بىر ئۇيغۇر ئوغۇلى ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرەلىگەن بولار ئىدىم ئەپسۇس . بۇ پۇرسەت نېسىپ بولمىغان ئوخشايدۇ . تېما يولىغان ئالىپتىكىن ئەپەندىگىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن رەھمەت سىزگە ،، ئاللاھ قولىڭىزغا ئەقلىڭىزگە دەرت بەرمىسۇن . ئۇلۇق ئاللاھ نىسىپ قىلسا بىزنىڭمۇ قۇياشىمىز چاقنا. پاكزات. 2007-11-9.

(140) بۇ ئاكىمىز ھەقىقەتەن قايىل قىلارلىق نەتىجىلىرى بىلەن بىز ئۇيغۇرلارغا شان شەرەپ ئىلىپ كەپتۇ.بىز ئەجدادىمىزدىن قالغان ناخشا ئۇسۇللىرىمىز بىلەنلا ئەمەس بەلكى ئاشۇ ئۆتكۈر ئەقلىمىزنى

**ئىشقا سېلىپ قازانغان نەتىجىلىرىمىز بىلەن مىللىتىمىزنى تونۇتساق نىمدىگەن ياخشى بولاتتى هە! تىما ئىگىسىگە رەخمەت. ئۇيقىچى. 2007-11-9.**

**(141) مەن 2 بۆلۈمدىكى ئەسىرىڭىزنى بۇرۇنقىدەك ئەستايىدىللىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇپ تۈگەتتىم. سىزگە ،سىزنىڭ بۇ خالىسانە ياردەملىرىڭىزگە، ئەسىرىڭىزنى ئوقۇغان بارلىق دوستلار نامىدىن كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن.هارمىغايسىز! راستىنى ئېيتسام هەر بىر ماقالىڭىز مېنى، ئوي-تونۇشلىرىمنى يەنە بىر كېتىم ئويغىتىدۇ ۋە سەگەكلەشتۈرىدۇ ، ماقالىلىرىڭىزدىن باشقا دوستلار قانداق هاسلات ئالىدۇ بۇنى تولۇق بىلمەيمەن ئەمما شەخسەن ماڭا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا راستىنلا ئىلگىرىلەتكۈچى كۈچ بولۇپ قالدى.سىز بىزنى چۈشەنگەچكە سىزنىڭ كۆڭلىڭىز بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە تولىمۇ يېقىن. سىزگە يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمەن. ئېلخەت، 2008-1-16.**

**(142) قەدىرلىك ساۋاقدىشىم ئەركىن: خېتىڭىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ قىممەتلىك ۋاقتىڭنى چىقىرىپ بىزگە خەت يازغانلىقىڭدىن چەكسىز خۇشال ۋە خۇرسەن بولدۇم، ساڭا بولغان چەكسىز هۆرمىتىمنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرغىچە ساقلايمەن، هەمدە سەن بىلەن ساۋاقداش بولغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك هېس قىلىمەن. ۋە سەندەك ئۇتۇق قازانغان ساۋاقدىشىمنىڭ بولغانلىقىدىن تولىمۇ ئېپتىخارلىنىمەن . سەن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەل تىلى ئۆگىنىش ۋە چەتئەلدە ئوقۇش ئىشلىرىغا ئاز بولمىغان نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئاۋارىچىلىك دېمەستىن ئۇن تىنىسىز قىلىپسەن . مەن بۇنى توردىن كۆرۈپ تولىمۇ تەسىرلەندىم،بىزدەك نامى دۇنيادىن ئۆچەي دەپ قالغان مىللەتكە نىسبەتەن. بىلىم ئېلىپ دۇنياغا ئۆزىنى تونۇتۇشنىڭ لازىملىقىنى هەقىقەتەن بىزدىن بۇرۇنراق تونۇپ يېتىپ .كۆڭلۈڭنى كەڭ تۇتۇپ. ئاۋارىچىلىك دېمەستىن ياردىمىڭنى كەڭ ئۇيغۇر ياشلىرىغا سۇنۇپسەن .بىز بۇ روهۇڭنى ئۆگىنىشىمىز، جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.بۇنداق شەخسىيەتسىز ياردەم بېرىش روهى هەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، مەن هاياتىمدىكى نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى ئۆزۈمنىڭ كالتە پەملىگىمدىن كۆلدىن بېرىپ قويغانلىقىمدىن تولىمۇ ئۆكۈنىمەن هەم هازىر پۇشايمان قىلىشنىڭ پايدىسى يوقلىغىنىمۇ بىلىمەن ،سەن گەرچە يىراقتا بولساڭمۇ دۇنياغا تونۇلغۇدەك چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلىدىڭ،بىز شۇڭا سەندىن خۇشال ۋە ئېپتىخارلىنىپ ، ئامېرىكىدا ئاشۇنداق ساۋاقدىشىمىز بار دەپ ساڭا بولغان مىننەتدارلىقىمىزنى، يېنىمىزدىكى ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىلارغا ئىش ئىزلىرىڭنى سۆزلەپ ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈۋېتىمىز. ناۋادا ۋەتەنگە يەنە كېلىپ قالساڭ ، قەيەردە بولساڭ شۇ يەردىن بىزدەك ئەرزىمەس ساۋاقدىشىڭىمۇ خەۋەر قىلارسەنمۇ؟ ۋەتەنگە كەلگەن ۋاقتىڭدا كۆرۈشەلمىگەنلىكىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ غەرىب ئەرزىمەس ئادەم هېس قىلدىم،.!!!!!! ئېهتىمال جېنىمىز تېنىمىزدە ئامان بولسا كۆرۈشىپ قېلىش ئېهتىماللىقىمىز بولۇپ قالار دەپ قارايمەن!، چۈنكى قانچىلىك ياشىيالايمىز ئۇنى بىلەلمەيمىز-دە؟؟؟؟؟؟ خۇدا ساڭا ئۇتۇق ۋە شەرەپ ئاتا قىلغاندىن باشقا يەنە سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا چەكسىز بەخت- ئۆزۈڭگە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىشنى هەدە تېخىمۇ روناق تېپىپ، دوستلارنى كۈلدۈرۈپ دۈشمەنلىرىڭنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ غالىبلارچە ئىلگىرىلىشىڭنى تىلەپ. كەمىنە ساۋاقدىشىڭ XXX دىن ئوتلۇق سالام. ئېلخەت، 2008-1-17.**

**(143) هۆرمەتلىك ئەركىن ئەپەندىم ، سىزگە ئانا دىيارىمىزدىن سېغىنىپ سالام . ياقا يۇرتلاردا**

ساق سالامەت تۇرۇۋاتامسىز ؟ ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق ، تېنىڭىز سالامەت ، تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈللۈك ، ھەدىمىز ئىنى سىڭىللىرىمىز ساق-سالامەت تۇرۇۋاتامدۇ ؟ قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتى ھەممىزگە بولسۇن . مەن (بىز) كىم؟ بىزدە نىمە كەم؟ قانداق ئىشلارنى قىلىشىمىز لازىم؟ مۇشۇ چىگىش سوئاللار ئارقىلىق سىزگە خەت يازدىم ، بۇ ھەرگىزمۇ سىزگە ماڭا بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىپ بېرىڭ دىگەن مەقسەتدە ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ مۇشۇ سوئاللارىمغا بىر پىلىك تەمنىلەپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن . سىز ۋاقتىنىڭ ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ بىزدەك ئالىي مەكتەپنى يېڭى پۈتتۈرۈپ ، جەمئىيەتنىڭ بۇرۇختۇم شامىلىدىن بېشى قېيىپ ، قاياققا قاراپ مېڭىشنى ، قانداق مېڭىشنى ئۇقالماي ، تەمتىرەپ تۇرۇۋاتقان ياشلارغا يول كۆرسەتكىنىڭىزدىن شۇنداق خۇرسەن بولدۇم . ئېلخەت، 2008-1-17.

(144) ئەسسالام ئەركىن ئاكا ، مىنىڭ سىزگە چوڭقۇر ھۆرمىتىم بار، مەن سىزنىڭ بىلىۋال ۋە مەرىپەت تۇر بېكەتلىرىدە قىلغان سۆھبەت ۋە ھازىرقى ئۇزىنىڭ چىقىش يولىنى تاپالماي قالغان ياشلارغا بەرگەن نەسىھەتىڭىزنىڭ تۈرتكىسىدە ياپونغا چىقىشقا مۇيەسسەر بولدۇم، بۇ ئەلۋەتتە خۇدايىمنىڭ ۋە ئاپامنىڭ ماڭا قىلغان ئەجرى ۋە ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بۇلمايدۇ ئەلۋەتتە،، گەپنىڭ مەركىزى گە كەلسەك ، مەن ئالىي مەكتەپتە گەرچە فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان بولسامۇ (شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى 2001-2006)، ئۆزۈمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنۇمنى نادانلارچە تەپەككۇرۇم بىلەن ، فىزىكا ئۆگەنسە شۇ ئوقۇتقۇچىدىن باشقا نەرسە بولالمىغۇدەك، نېمىشقىمۇ بۇ كەسىپنى ئۆگەنگەندىمەن دەپ ، فىزىكدىن ۋاز كېچىپ، باشقا ئىشلارغا يەنە ئۇششاق شىركەتلەردە ئىشلەپ، بىلىم ئەمەس سۇدا سېتىق قايىنىمغا كىرىپ ، ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمەن ، مەكتەپ پۈتتۈرەي دېگەندىلا سىزنىڭ تۇر بېتىڭىزنى ئاسىيە (ھامىمام بولىدۇ ،ياپوندا خىمىيە دوكتورلۇق ئۇنىۋانىنى ئالدى ، ھازىر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ ) ھامىمامنىڭ كۆرسەتمىسىدە ، سىزنىڭ قىلغان سۆھبىتىڭىزنى ئۇقۇپ ، چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە تەشۋىشتە قالغان ئىدىم ، ئاپامنىڭ مېنى توختىماي رىغبەتلەندۇرۇشى بىلەن ، مەكتەپ پۈتتۈرۈپلا چاڭچۇندە بىر يىل (8-2007-2006 ) ياپونچە بىلىم ئالدىم ، ئىنشا ئاللاھ! ئادەم تىرىشسا ھەممە نەرسە ئەمەلگە ئاشىدىكەن . ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنمىگەننىڭ دەردىنى بۇ يەردە تارتىۋاتىمەن، ھەممىنى نۆلدىن باشلاشقا توغرا كەلدى ، ۋە ئىنگلىزچىگىمۇ بەك ئېھتىياجلىقكەن شۇڭا بۇ نى مۇ چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىۋاتىمەن ، مەن بەك خىجىل بولۇۋاتىمەن ، مەن ئۇيغۇر لار ئۈچۈن ئاددىيسى ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە كەلگەن ، لېكىن ئۆزۈمنىڭ بىلىممىنىڭ نەقەدەر ئاددىي ئىكەنلىكىنى بۇ يەرگە كېلىپ ھېس قىلدىم ، مۇئەللىمىم ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقات دۇنيادا خېلىلا ئابرۇيلۇق تەتقىقاتكەن ،ھازىرمۇ مۇئەللىم مىنىڭ ئارزۇيۇمنى ھېس قىلىپ ماڭا پۇرسەت يارىتىپ بەردى ، لېكىن بەك خىجىللىق ھېس قىلىۋاتىمەن ، بۇرۇندىن ياپونغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى بۇ ياپونلۇقلارنى ھەيران قالدۇرغۇدەك تووۋا بۇ قۇم ئاستىدا قالغان مىللەتتىنمۇ ئەقىللىق مىللەت چىقىدىكىنە، بۇلار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلغان بۇلسىمۇ ماڭا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈشتىن بەك ئەنسىرەيمەن ،بۇ ئەھۋالنىڭ ماڭا كەلگەندە ئۆزۈلۈپ قىلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن ، چوقۇم تىرىشىپ گەرچە نۆلدىن باشلىسام مۇ ئالىم بولۇشقا يەنى سىزدەك بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش ئارزۇيۇم بار، شۇڭا ماڭا ئۆگىنىش ۋە قىسقا مۇددەتتە ئۆزۈمنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماڭا مەسلىھەت بەرگەن بولسىڭىز ، ئەلۋەتتە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق تىرىشچانلىققا ۋە تالانتقا

ئېھتىياجلىق ، مەن ئۆزۈمنىڭ سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش فورمۇلارىڭىز بويىچە ئىش ئىلىپ بارغانلىقىم ئۈچۈن ھازىر مانا مۇشۇ ياپون تۇپرىقىدا دەسسىيەلىشىمگە تۆرتكە بولدى، دېمەكچى ئىشىنىمەن چوقۇم سىز نىڭ كۆرسەتمىڭىز بويىچە ئىش ئىلىپ بارسام چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ دەپ ئويلايمەن، دۇنيادا دۆت ئادەم يوقكەن ، تىرىشسىلا ئويلىمىغان ئىشلارنىمۇ قىلغىلى بولىدىكەن ، سىز مۇشۇ تاپتى نۇرغۇن تەتقىقاتلار بىلەن ئالدىراش تۇرۇپمۇ ئۇيغۇرلىرىمىزغا كۆيۈنۈپ كۆرسەتمە بېرىپ كېلىۋاتىسىز ،ئىشىنىمەن بۇ نەسىھەتلەر ھازىرقى ھاڭۋېقىپ قالغان نىمىش قىلارىنى بىلمەي ئاقىۋەت يامان يولغا كىركىتىۋاتقان مەن دەك ياشلارغا چوڭ بىر پايدىسى بولىدۇ دەپ ئويلايمەن ،مانا مەن بۇنىڭ تىپىك مىسالى، ناھايىتى قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئىلىپ مىنىڭ بۇ ئىشلىرىم ئۈچۈن ۋاقتىڭىزنى ئىلىپ قويغىنىمدىن خىجىل مەن، مۇشۇ تاپتا سىز بىلەن پاراڭلىشالىغىنىمدىن ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىنى باسالمايۋاتىمەن . گەپنى ئاز قىلمىسام بولمايدىكەن ، سىزگە كۆپ تەشەككۇر تىلەيمەن ، گۈللەپ ياشاڭ ئەركىن ئاكا ، كۆرسەتمە بېرىشىڭىزنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتۈپ قەمردىن قاينام . ئېلخەت، 2008-1-31.

(145) بۇ تىما ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن.تەربىۋى ئەھمىيتى ئىنتا يىن چوڭ.ئادەم ئىزدەۋاتقان نەرسگە ئىگە بولغاندەك بولودو. ئىزدىنۋاتىغان ئويغور ياشلىرىمىز ئۈچۈن ياخشى يولنى كۇرستىپ بىرىپتو. ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە كۆپ رەخمەت.

(146) مەن ئەركىن ئاكىدىن ئاجايىپ بىر يۈرەكنى كۆردۈم.دىيارىم مۇشۇنداق ماقالىلارنى نىمشقا نادىرلىمايدۇ؟ (بولسا دىيارىم ئەركىن سىدىقنىڭ ماقالىلىرىنى يىغىپ نادىرلاپ قويسا) قالغان تورلارنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى ئاز. دىيارىمدا ستراگىيىچىلەر نىمشقا ئاز. بىز نىمشقا ئەركىن ئاكىنىڭ ياخشى نىيىتىگە ئەمەلىي ھەركىتىمىز بىلەن ماسلاشمايمىز؟ بىلىگكە چىقسا نىمە بوپتۇ؟

ئاپتور ئىجتىمائىي پەنچىلەر ئاتالغۇسنى ئويلىشىپ باقسا....تەبىئىي پەن ئالىملىرىدا ئىزچىل ھالدا ئىجتىماى پەنگە نىسبەتەن بىر خاتا قاراش بار. ئىجتىمايى پەن بىر مىللەتنىڭ روھى. ئەركىن ئاكىغا ئەسەت سۇلايماننىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

(147) ھازىرقى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ پىسخىكىسىدا يۈلىنىۋېلىش، ئاغرىنىش ئىدىيىسى كۈچلۈك، ئىزدىنىش روھى كەمچىل. ئەڭ مۇھىم بولغىنى چەكلىمىسى، پۇرسەتنىڭ كەم بولۇشى........

ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە كۆپ رەخمەت. بو تىما نىڭ تەربىيۋى ئەھمىيتى ئىنتايىن چوڭكەن.

(148) رەھمەت ئەركىن ئاكا. مەن دەل ئۆز ئالدىمغا شىركەت قۇرۇش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان بىر ياش. بۇ يازمىڭىزنىڭ ماڭا خېلى زور تەسىرى بولدى.خۇدايىم بۇيرۇسا مەن بۇ يازمىڭىزنى تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر ياشلىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

(149) بەك ئەھمىيەتلىك تىما بۇپتۇ ھەممىمىزنىڭ بېلىۋېلىشىغا تىگىشلىك مەسلىلەر ئىكەن تىما ئىگىسىگە كۆپ رەخمەت

(150) بەكمۇ ئەھمىيەتلىك تىما يوللاپسىز ؟،،،،، يول ئاچقۇچىلارغا ، پۇرسەت ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپتۇر . رەخمەت سىزگە ؟،،،،،،،،،، مۇشۇنداق تىمىلارنىڭ كۆپرەك يوللىنىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن .

(151) ئەركىن سىدىق ئاكىمىزغا كۆپ تەشەككۈرلەر بولسۇن! ۋەتەن ياشلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن قايغۇرمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن يۈرەك سوقمىغاندا، بۇنداق ئىزتىراپلىق ئويلىنىشلار ۋە تەخىرسىز تەۋسىيەلەر تۇغۇلماستى.

ۋەتەن زېمىندا تۇرۇپ ياشاۋاتقان ياشلىرىمىز ئىچىدە ئەلۋەتتە قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەپ، شىركەت قۇرۇپ ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتى ۋە ھۆرمىتىنى تاپقانلارمۇ ئەلۋەتتە ئاز ئەمەس. مەسىلە، شۇلارنى دەل ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەيدىغان، باشقىلارغا ئۇقتۇرىدىغان، ھەممەيلەنگە ئۈلگە بولىدىغان سورۇن ۋە ۋاستىنىڭ كەملىكىدە ئەمەس، شۇ ئىگىلىك تىكلىگۈچىنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ئىگىلىك تىكلەشتىكى مەقسەت-مۇددىيا-نىشانىدا. ئىگىلىك تىكلەشنىڭ يالغۇز ئۆزىنىڭلا ئىشى ئەمەسلىكىنى بىلىشتەك بىر ئومومىيلىق ئۇقۇمىنىڭ، كوللېكتىپلىق روھىنىڭ ياكى بىر مىللەت، بىر قوۋم، بىر توپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئىقتىدار مەسىلىسىدە.

(152) نەقىل: كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ شىركەت قۇرۇشتىكى مۇددىياسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

* پۇل تېپىپ باي بولۇش
* كەسپتە يۇقىرى پەللىگە چىقىش
* كەسىپ بىلەن تېخنولوگىيىدە يېڭىلىق يارىتىش
* ئۆزى ياخشى كۆرگەن جايدا ياشاش
* ئۆز تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىش

گەرچە يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى خاتا ئەمەس دەپ ئېيتساقمۇ، ئەمما جۇڭگو شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە، شىركەت قۇرۇشتىكى مەقسەت ۋە مۇددىيا يۇقىرىدىكى بىر قانچە نۇقتا بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

شىركەت قۇرۇش مەسىلىسىدە مېنىڭ بىلىدىغان تەۋسىيە تور بېكەتلىرىدىن "ئوقيا بايلىق تورى"().

بۇنىڭدا شىركەت قۇرۇش رەسمىيىتى، شىركەتنىڭ تەبىرى ۋە ئالاھىدىلىكى، شىركەت قۇرغۇچىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر، شىركەت قۇرۇشنىڭ تەرتىپى، يېڭى شىركەت قانۇنى...قاتارلىق خېلى كۆپ مەزمۇنلار بار.

شىركەت قۇرۇپ، ئۆز ئىگىلىكىنى يارىتىش يولىدا تىرىشىۋاتقان بىر دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، شىنجاڭ شارائىتىدە شىركەت قۇرۇش كۆپ كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان ئىشكەن. مەخسۇس ۋاستىچى شىركەتلەرنىڭ ياردىمىدە قانداق خاراكتېر ۋە سالاھىيەتتىكى شىركەتنى قۇرماقچى بولسىڭىز قىسقا ۋاقىت ئىچىدە گەرچە مەبلىغىڭىز بولمىسىمۇ، تېزلا قۇرۇپ چىقالايدىكەنسىز. ئەمدىكى گەپ، شىركەت قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئەڭ ئاۋۋال بىر يىل ساقلاپ قېلىش، ساقلاپ قالغان ئاساستا تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاخىرىدا تەرەققىيات جەريانىدا مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمەتلىرى ئىكەن. بۇ دوستۇم ھازىر خېلى كۆپ كىرىزىسلارغا دۇچ كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزى بىر تېخنىكا خادىمى، بۇرۇندىنلا تېخنىكىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ

ئارتۇقچىلىقنى نامايەن قىلىپ كەلگەن، ئەمدى شىركەت ھالىتىدە ئۇ ئۆزىنى تېخنىكا ئورۇندا قويۇشمۇ ياكى باشقۇرغۇچى ئورۇندا قويۇشمۇ، تېخنىكىدىن باشقا مەسىلىلەر (مالىيە، باشقۇرۇش، ئادەم كۈچى، ئېلان-تەشۋىقات، ماركېتىڭ، ئوبوروت، خام ئەشيا...) نىمۇ ئۆزى قىلىش كېرەكمۇ ياكى باشقىلارنى تەكلىپ قىلىش ئىشلىتىشمۇ...دېگەندەك مەسىلىلەرنى كۈنى-تۈن ئويلاشمىسا بولمايدىغانلىقنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئۇنى ئەڭ زور دەرىجىدە قىيىنغىنى بازار ئېچىش جەھەتلەردە دۇچ كېلىدىغان كوللېكتىپ خېرىدارلار مەسىلىسىدە ھۆكۈمەت-كەسپىي ئورگان-ئورۇنلار بىلەن بولىدىغان سودا ھەمكارلىقىنىڭ ناھايىتى ئەبجەش تۈس ئالىدىغانلىقىنى، يالغۇزلا سودا ئەخلاقى ۋە پرىنسىپى بويىچىلا بۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدىغانلىقى، مۇناسىۋەت ئىلمى دېگەن ئۇقۇمنىڭ بۇنداق خېرىدارلار توپىدا ئەڭ زور دەرىجىدە ئورۇن ئىگىلەيدىغانلىقى...قاتارلىقلار ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

(153) مەن ئەركىن سىدىق ئەپەندىنى بەك ھۆرمەتلەيمەن ، ئۆزى بىزدىن يىراق يەردە بولسىمۇ كۆڭلى يەنىلا ئۆز مىللىتىدە ، بۇ روھ مىنى بەك تەسىرلەندۈردى ، ئەركىن سىدىق ئەپەندى ئالدى كەينى بولۇپ خېلى كۆپ «ئۇيغۇرلا توغىرسىدا» ماقالە ئېلان قىلدى ، ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە كۆپ رەخمەت، تىنىگە سالامەتلىك ئىشلىرىغا ئوڭۇشلۇق ئاسانلىق تىلەيمەن..

(154) چۆلدە ئۇسسۇز قالغان ئادەمگە ئۇسسۇزلۇق بەرگەندەك ئادەمنى ھەجەپمۇ مەمنۇن قىلدى بۇ تىما. ئەركىنكامغا كۆپ تەشەككۇر.

(155) مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم تېما ئىكەن. يولۇمغا يەنە بىر نۇرلۇق چىراق ياندى.ئاللا ئەجرىڭىزنى بەرسۇن.

(156) مەن ئۆزەمنىڭ بەزىبىر باشتىن ئۆتكۈزگەن تەسىراتلىرى ئارقىلىق ئەركىن ئاكىمىزنىڭ يۇقارقى سۆزلىرىنى ئاز تولا دەلىللەپ ئۆتمەكچى :

مەن 2002 - يىلى مەلۇم سەۋەپلەر بىلەن ئائىلەمدىن قۇرۇق قول ئايرىلىپ ،ناھىيە بازىرىغا كەلگەن ، دەسلەپتەباشقىلارنىڭ قولىدا ئىشلەشنى ئويلىغان ئىدىم . چۈنكى مەن ئېلىكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىشتا خېلى مۇكەممەل ئاساسىم ۋە تەجرىبەم بار ئىدى . ئەمما شۇ ۋاقىتتا ئائىلىۋى توك ئۈسكىنىلەرنىڭ تەقلىدىي توك زەنجىرىنىڭ ئورنىنى رەقەملىك توك يولى كۈنسايىن ئىگەللەۋاتقان بولغاچقا ، رەقەملىك توك يولىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيتتىم . شۇڭلاشقا ئازراق ۋاقىت كومپيۇتېر ئۆگۈنۈپ باقماقچى بولدۇم . ئەمما مەن ئايلىقى 30 يۈەنلىك ئۆينىڭ ئىجارىسىنى ئاران تۆلەپ قورساقنى تەستە بېقىۋاتقان ئىدىم .

رېمونتچىلىقۇم ئەسقاتىپ قېلىپ ، ئۆي ئىگىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن رەڭلىك تېلىۋىزورىنى تۈزەپ بېرىپ ئىجارە ھەققىنى ئازراق كەينگە سوزدۇم .

خەنزۇچە تىلنى ياخشى بىلگەنلىگىم ئۈچۈن ، مىڭ تەستە بىر خەنزۇ يولداشنىڭ باسمىخانىسىدا ، تەرجىمە قىلىدىغان ئىشلار بولسا تەرجىمە قىلىپ بېرىپ ، ئازراق پۇل تاپتىم .

ئاندىن كېيىن بىر كومپيۇتېر كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇدۇم . مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى يوق ، ئۆزەم كىتاپخانىدىن كىتاپ سېتىۋېلىپ ، شۇلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ ، كومپيۇتېر

ئۆگەندىم . 15 كۈن بولغاندا بىرسىگە ئېھتىياج سەۋەبىدىن ياللىنىپ ئىككى ئاي ئىشلىدىم . بۇ جەرياندا كۈندىزى باشقا ئىشلارنى قىلسام ، ئاخشىمىسى كېچىچە ئۇخلىماي ماڭا ئىشلىتىش بەرگەن كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ بىر نەرسە ئۆگەندىم .

ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە ئورۇندا ئىشلىدىم . مەندە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بەكلا كۈچلۈك بولغاچقا خېرىدارلارنى ئىمكان بار رازى قىلىپ خوجايىنلىرىمنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىم . (ئۇلار بىلەن ھازىرغىچە ھەمكارلىشىپ كېلىۋاتىمەن .)

كېيىن بىر ئىچكىرىدە كەسىپ ئوقۇپ كەلگەن دوستۇم بىلەن بىرلىشىپ بىر لايىھەلەش ئورنى قۇردۇق .بىر كۈنىسى بىر كىشى كېلىپ ماڭا بىر قۇرۇلۇش ئۈچ ئۆلچەملىك خەرىتىسى سىزدۇردى . مەن خەرىتىنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ كىشى ماڭا :

مۇشۇنچىلىك تېخنىكا تۇرۇپ نىمەدەپ مۇنداق چەت يەرگە دۇكان ئاچتىڭلار ، مەن ياردەم قىلاي ئوبدان يەردىن دۇكان ئېلىپ ئېچىڭلار چوقۇم ياخشى تەرەققىي قىلالايسىلەر دىدى . مەن ئۇ ئادەمنىڭ گېپىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەي ئاغزىمدىلا بولىدۇ دەپ قويدۇم . كېيىن تەربىيىلەش مەركىزى ئېچىۋاتقان بىر دوستۇمغا بۇ ئەھۋالنى دىۋىدىم ، ئۇ ئىككىمىز ھەمكارلىشىپ مەكتەپ قۇرايلى دىدى . مېنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقان دوستۇمدا بىلىم بولغان بىلەن مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بەك تۆۋەن بولغاچقا ( بەلكىم مۇشۇ دوستۇمۇ بۇ يازمىلارنى كۆرىشى مۇمكىن ئەمما بۇ ئەمەلىي ئەھۋال )

مەن بۇ دوستۇمنىڭ گېپى بىلەن لايىھەلەش ئورنىنى تاشلاپ ، ھېلىقى كىشىنى ئىزلەپ باردىم ، ئۇ ئەسلىدە ناھىيىدىكى مەلۇم بانكىنىڭ مۇدىرى ئىكەن . مەن ئەھۋالنى ئېيتىشىم بىلەن تەڭ ، ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرمايلا 35000 يۈەن تەستىقلاپ بەردى . پۇلنى بىر كۈندىلا بارلىق رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ ئېلىپ بولدۇم . ئەتىسى بىر نەچچە دوستۇم ماڭا ئۆز ئالدىڭغا ئىش قىلغىن ، ئامال بار ھەمكارلاشما دىدى . مەن بىز ئۇيغۇرلارنى قېرىنداش مىللەتلەر ھەمكارلىشىش تۇيغۇسى كەمچىل دەپ قارايدىكەن . مەن بىزنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىمىزنى كۆرسىتىپ قويماقچى دىدىم . شۇنىڭ بىلەن تەربىيەلەش مەركىزىنى مەكتەپ قىلىپ قانۇنلۇق تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئاچتۇق . بۇ دوستۇم دەسلەپتە ئىشلارغا خېلى كۈچىدى بولۇپمۇ مەكتەپ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشتا ،ھەمدە ئۆزىنىڭ نامى بىلەن تىزىمغا ئالدۇردى . چۈنكى ئۇنىڭ كادىرلار ئىدارىسىدا تونۇشلىرى جىق ئىدى . مەن بولسام باشلانغۇچ سەۋىيەدە ، بۇ ناھىيىگە يەرلىك ئەمەس ئىدىم ئۇ بولسا تېخنىكوم پۈتتۈرگەن ، يەرلىك بولغاچقا مەن بۇلارنى نورمال ئەھۋال دەپ پىسەنت قىلمىدىم . مەكتەپنى قۇردۇق ئەمما شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تاماق يەيدىغانغىمۇ ۋاقتىم چىقماس بولۇپ كەتتى . ئەتىگەندە كومپيۇتېر دەرسى ۋە ياكى جەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتىمەن ، چۈشتىن كېيىنمۇ شۇنداق . كەچلىگى بولسا كۈندىزى خېرىدارلىرىم ئەپكېلىپ قويغان ئىشلارنىڭ لايىھەسىنى قىلىش . ئىشقىلىپ ساراڭ بولۇپ قالمىدىم . ھالىمدىن كەتتىم . ھەمكارلاشقان دوستۇم بولسا قاتتىق دېتال قىسمىدىن دەرس بېرەتتى . يۈكۈمنى ئازراق يېنىكلىتىش مەقسىدىدە بۇ دوستۇمنى ئۆرۈمچىگە پروگراممىا تىلى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدۇردۇم .. ئۇ مېنى ھەيران قالدۇرۇپ ئۆرۈمچىدە پروگراممىا تىلى ئۆگەتكۈدەك تۈزۈك يەر يوقكەن دەپ بىر ئايچە تۇرۇپ قايتىپ كەلدى .

مەن بۇنىڭغا ئۈندىمىدىم . بۇ مەكتەپنى بىر يېرىم يىل ئېچىپ ئاخىرى چىدىمىدىم . لايىھەلەرنى قىلمىسام خېرىدارلار رەنجىيدۇ . دەرس ئۆتمىسەم ئوقۇغۇچىلار . ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇئەللىم ماۋۇ يەرنى بىلمەي قالدۇق چىقىپ كۆرۈپ باققان بولساڭلا دەپ ئىشخانامغا كىرگەندە ، مۇشۇ بالىلارنى سەھرالاردىن نۇرغۇن ئۈمۈت بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئاتا ئانىلارنىڭ مىسكىن چىرايىنى ئەسلەپ ئۇلارغا يۈز

كېلەلمەيۋاتقاندەك ھىس قىلدىم . . توختام 4 يىللىق تۈزۈلگەن بولۇپ ، كىم يېنىۋالسا15مىڭ سوم تۆلەشكە كېلىشكەن ئىدۇق . مەن بانكىنىڭ كېيىنكى يىلىغا قالغان 15مىڭ يۈەن پۇلنى تۆلەپ بېرىش ھىساۋىغا مەكتەپنى تاشلاپ يېنىپ چىقىپ ، ئۆز ئالدىمغا ئايالىم بىلەن بىرگە لايىھەلەش ئورنى قۇرۇپ ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز . دۇكان سىرتىغا ۋىۋىسكا ئاسمىدىم . ئەمما بىر كۈن بىكار قالمىدىم . بۇرۇنقى دۇكاننىڭ خېرىدارلىرى ، مەكتەپنىڭ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرى ئىش بولسىلا ئىزلەپ كېلىدۇ . بەزىلەر ۋىۋىسكىسى يوق دۇكان تۇرۇپمۇ ، دۇكىنىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشى دەپ قويىدۇ . مەن كۈلۈپلا قويىمەن .چۈنكى مەن ئەمدىلەتتىن خوجايىن بولسا قانداق بولىدىغانلىقنى ھىس قىلماقتىمەن . مېنىڭمۇ بۇندىن كېيىن داۋاملىق كېڭىيىش ئارزۇيۇم بار.

ھىس قىلغىنىم : مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كۈچلۈكلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلسە بولغۇدەك .

بىلمىگە قانائەت قىلمايدىغان ، مەنمەنچىلىكتىن ساقلىنالايدىغانلار كۆپەيسە بولغۇدەك .

ئىشلىگۈچىلەردە : مەن خوجايىنىمغا ئىشلىمەيمەن بەلكىم كەڭ ئېھتىياجلىقلار ئۈچۈن ئىشلەيمەن . خېرىدارنىڭ يانچۇقىدىن پۇل چىقمىسا ، خوجايىنىمنىڭ يانچۇقىدىنمۇ پۇل چىقمايدۇ . شۇڭلاشقا خوجايىنىم يارىتىپ بەرگەن شارائىتنى قەدىرلەي دەيدىغان قاراش شەكىللىنىشى كېرەك ئىكەن . بۇنداق بولغاندا خوجايىن تەبئىيلا ئىشلىگۈچىدىن رازى بولۇپ قالماي ، يەنە خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسگە ئېرىشەلەيدۇ . بۇ ئارقىلىق كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن ئاساس ھازىرلاشقابولىدۇ .

ئەسلىدە ئويلىنىپ يازاي دىگەن ئىدىم . ئەمما ئىلھام كەلگەندە تەخىر قىلالمىدىم .

( يۇقارقى بايانلار ، بىزدىكى بەزىبىر ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆرستىپ بېرىش ئۈچۈن بولدى . باشقىچە مەقسەت يوق ، قالايمىقان ئىنكاس يازماسلىقىڭىزنى ئۈمۈت قىلىمەن.)

خاتالىق بولسا تۈزۈەنچىلىك بىلەن قوبۇل قىلىمەن ، كۆپچىلىككە رەھمەت

(157) ھەي .......شىركەت قۇرماق ئاسان بولغان بىلەن ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قىلىش بىرگەپتە . نۇرغۇنلىغان ياشلىرىمىز ھەم ئوقۇش پۈتتۈرگەن لەر چىقىش يولى تاپالماي شىركەت قۇرۇپ چىقىش يولى ئىزدە ۋاتىدۇ بۇ غۇ بىر ياخشى باشلىنىش لېكىن يەنە شۇ ئۇزۇن مەزگىلگىچە مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قىلىش

(158) كۆپتىن - كۆپ رەھمەت .... ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ غېمىنى قىلدىغان ئالىملار كۆپرەك چىقىسىدى.

(159) مەن ئەركىن ئاكامنىڭ يازمىلىرىدىن كۆپ نەپ ئېلىۋاتىمەن. ھەمدە شۇ بويىچە تاكامۇللۇققا قارا پ ئىنتىلىۋاتىمەن.كۆپ تەشەككۇر.

(160) شۇنداق ، تەرەققى قىلدۇرۇش بىر قەدەر تەس بولسا كېرەك ، مېنىڭ بەزى دوستلىرىممۇ شىركەت قۇردى لېكىن تەرەققى قىلالماي ....ھەي ئەپسۇس .....

(161) مەن ئەركىن سدىق ئەپەندىمنىڭ تىملىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن ۋە ئۆزەمنىڭ تۇرمۇشىغا تەدبىقلاشقا تىرىشىمەن. ھەم دائىم چۈشۈرۈپ بىسىپ چىقرىپ ساقلاپ قويىمەن. بۇ جەريانىدا ياۋۇز

ئەپەندىمنىڭ زور كۈچ ۋە ۋاقىت ئاجرىتىپ بۇ تىملارنى يوللاپ تۇرغانلىقىغا رەخمەت ئېيتىمەن. داۋاملىق يوللاپ تۇرۇشىڭىزغا تەشنامەن.

(162) مېنىڭ بالام قوش تىل 1-سىنىپنى پۈتتۈردى ،مەنمۇ دەسلەپتە دەرسلىك كىتاپلارنى كۆرۈپ ،ھەيران قېلىپ بۇ نىمە ئىش دەپ قالغان،پەقەت ئۇيغۇرچە.باللارنىڭ بېسىمى راسلا بەك ئېغىركەن،باللار ئەمەس ئاتا -ئانىلارمۇ بېسىمغا ئۇچرايدىكەن،شۇ باللارغا ئۆيدە تەكرار قىلىپ بىرەي دىسە ئۇ خەتلەرنى تونۇپ چۈشۈنۈش كىرەك،يا ئاتا-ئانا ياردەم قىلالمىغان، بالا تېخى بىلەلمەي قاراپ تۇرغان ،دەرس ۋاختىدا سۆزلىگەننى باللار قانچىلىك چۈشۈنۈپ كىتەلەيدۇ ؟بەك جاپالىق، بەزىلەر باللىرىغا ئازراق ياردەم قىلالايدۇ (ئاز بىر قىسىملار)، لېكىن ياردەم قىلالمايدىغانلار كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدۇ.شۇنىڭ بىلەن بۇ باللار يا ئۇياق ئەمەس،يا بۇياق ئەمەس.

(163) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك بىلمخۇمار ئەپەندى ! مەن ئالدى بىلەن سىزنىڭ يىراق چەتئەللەردە تۇرۇپمۇ ئانا دىيارىمىزدا نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتى ، تىل -يېزىقىمىزنىڭ قوللىنىش ئەھۋالى ، قانۇنلۇق دىنىي ئىشلاردىكى قاتنىشىش ئەركىنلىك ئەھۋالى ، ھازىرقى مىللىي زىيالىرىمىزنىڭ ئىدىيەسىدىكى زەھەرلىنىش ئەھۋالى ۋە مىللىي مائارىپىمىزدا كۆرۈلۈۋاتقان ئوچۇق ئاشكارە يۈز بېرىۋاتقان خىرىسلارنى گەرچە دىيارىمىزدىكى ئەتراپىمىزدىكى بەزەن بىر يۈكسەك ھوقۇققا ئىگە ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئىنكاس قىلىشتا مۇئەييەن ئىمتىيازلارغا ئىگە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھېس قىلىپ بولالماي قايمۇقۇپ كىچىككىنە ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى يۈقىرىغا ئۆسۈپ ھوقۇقنىڭ پەيزىنى سۈرۈش تەمەسىدە مىللىتىمىزنىڭ قوغدىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنى يۇقىرىغا چىقىرىۋاتقان چۈڭقۇر ھاڭغا كىرىپ كېتىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە بىلمخۇمار ئەپەندى سىزنىڭ دىيارىمىزدىن خىلى يىراقتا تۇرسىمۇ يۈرىكىڭىزنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن سوققاچقا ، ۋىجدانىڭىز ، غۇرۇرىڭىز كۈچلۈك بولغاچقا زور ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتىپ نۆۋەتتە شىنجاڭ رايوندا كۆرۈلۈۋاتقان مائارىپىمىزدىكى «قوش تىل» مەسلىسى سىزنىڭ يۈكسەك دىققىتىڭىزنى تارتىپ مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك بولغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ بىزگە سۇنۇپسىز مەزكۇر ماقالىڭىزدىكى ئىدىيلەر دىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىكى سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىلى چۈڭقۇر ئىزدەنگەنلىگىزنىڭ نەتىجىسى بىز مانا سىزگە ئوخشاش ئىلغار ئىدىيەدىكى ئۇيغۇر زىيالىرىغا تولىمۇ موھتاج سىزگە ئوخشاش مىللەتنىڭ تەقدىرىگە ھەر ۋاقىت ئۆز ۋاقتىدا توغرا دىئاگنوز قويۇپ ماڭالايدىغان ھېسسىيات بىلەنلا قۇرۇق ھاياجانلىنىش ئەمەس بەلكى ئىلمىي يوسۇندا قانۇنىي يوللار ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ھوقۇق مەنپەتىمىزنى ، ئىززەت -ھۆرمىتىمىزنى يۇقۇلۇش خەۋپىگە ۋە يۇقۇتۇشقا سەۋەبچى بولغان ناتوغرا ئىدىيەلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ ھەل قىلىش يوللىرىنى بىرلىكتە تېپىپ چىقالايدىغان مىللىيچە روھ بولۇش كېرەك !

بىلمخۇمار ئەپەندى نېمىشقا «قوش تىل» توغرىسىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ۋاقتىنى سەرپ قىلدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن مائارىپ سېپىدىكى ئاتالمىش لىكسىيەچى ئابلىز ھەسەن مۇئەللىم مىللىتىمىزگە ئەڭ مۇھىم بولۇۋاتقان ساقلىنىۋاتقان مەسلەرنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدىكى سۆزلەش مېتودى ئارقىلىق كەڭ جامائەتكە ئاتا ئانىلار ۋە باللارغا مۇشۇنداق مۇھىم مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارغا ھەق سۆزلەرنى قىلىپ لېكسىيە سۆزلىيەلمەيدۇ؟ بۇ ناھايىتى ئاددىي چۈنكى بۇ ئاتالمىش

لىكسىيەچىمىزدە ۋىجدان ، غۇرۇر يەنى بىز تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئىدىيە كالللىسىدا يوق بار بولسىمۇ ئۆزى دەپ ئۆتكىنىدەك شامالنىڭ يۆنىلىشى قاياقتا بولسا شۇ ئېقىمغا ئەۋلادلارنىڭ تەقدىر قانداق بولۇپ كېتىشىنى ئويلاشمايلا ئېغىپ كېتىدۇ دىبىنى چالىدۇ ، تەخسكەشلىكنى قىلىدۇ نەپرەت ئۇنداقلارغا !!! ئەمدى بىلمخۇمار ئەپەندىدەك ئىدىيەلەردىكىلا نېمىشقا مۇشۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بولىدۇ بۇنىڭ جاۋابىنى ئىزدىسىڭىز ناھايتى ئاددىي بۇنداقلار كىچىكىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى ، ئۆرپ ئادىتىنى ، تىل - يېزىقىغا كىچىكىدىن تارتىپ كۆڭۈل بولۇپ كەلگەنىڭ تەسرىدە مۇشۇنداق ئىدىيە ۋە ئاڭ شەكىللەنگەن مۇنبەردىكى چوڭ - كىچىك قېرىنداشلار ئىدىيە ئەڭ مۇھىم ئىدىيەنى تىنچ يولدا ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن بولدى بىزنى كونترول قىلماق ئەڭ ئاسان نېمىشقا جۇڭگودا سىياسىي ئۆگىنىش ئۇ ئۆگىنىش بۇ ئۆگىنىش نى چىلك تۇتىدۇ دەل شۇ ئىدىيەنى ئەڭ ئاۋۋال كونترول قىلىشتىن ئىبارەت شۇڭا بىز باغداش مۇنبىرىدىكى بوزقىر ئەپەندى ، دىۋە ئەپەندى ، ئىلىم ئەپەندى ، باغداش ئەپەندى ، ماشال 20 ئەپەندى ، سېزىم ئەپەندى ئىشقىلىپ باغداشدا ھەقىقي ئۇيغۇرۇمغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار يىغىلغان مۇنبەر مانا بىز مۇشۇنداق كىشىلەرگە موھتاج ئۇلارنى قەدىرلەيلى ، مەن ئۇلارنى قانچە مەدىلىسەمۇ ئازلىق قىلىدۇ ئۇلار بەك كۆچىدى بىر قانچە ئادەمنىڭ كۆچۈشى ئىزدىنىشى بىلەن بۇ ئىشلار ھەل بولۇپ قالمايدۇ !!! ئاخىردا بىلمخۇمار ئەپەندىنىڭ بۇندىن كېيىنكى مىللىتىمىز ئۈچۈن ئىزدەنگەن ئىشلىرىنىڭ ۋە ئەزىز تىنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن رەھمەت سىزگە !!!

(164) ياخشى يېزىلغان ماقالە، ھەربىر ئۇيغۇربولغۇچى ئويلىنىشقا تېگىشلىك...ھەر بىر ئادەم ئۆزى قىلالايدىغان دائىرىدە بولسىمۇ كۆچەش كىرەك.

(165) "شىنجاڭ مائارىپى" ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ باقىدىغان ماقالىكەن. ھەي .... مېنىڭچە ژۇرنالدىكىلەر ژۇرنالغا چىقىرىشقا پېتىنالمايدۇ.

(166) «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سىياسەت تۈزۈشكە ئوخشاش چوڭ ئىشلارغا ھەممە ئۇيغۇر كۆڭۈل بولۇشى كېرەك.
دۆلەتلىك ۋە يەرلىك قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ قىلغىلى بولىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. بۇ يەردىكى گەپ سىزنىڭ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ سىناپ بېقىشنى خالاش-خالىماسلىقىڭىزدا.
ھازىر ئۇيغۇرلارغا نورمال ئىنساندەك ياشايدىغان، ھېچ بولمىغاندا قانۇن سىزىقىنىڭ سىرتىغا چىقماي تۇرۇپ نورمال ئىنساندەك ياشاشقا ئۇرۇنۇپ باقىدىغان ۋاقىت كەلدى.
ئەگەر سىز بىر ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقمىسىڭىز، ئۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش ئېھتىماللىقى نۆل بولىدۇ.»
ماۋۇنىڭغا ئوخشاش جۈملىلەرنى 99% ئۇيغۇر جەم بولىدىغان ھېيت نامىزىدا ئوقۇپ بەرگىم كېلىدۇ. بولمىسا بۇنداق ھەقىقەتلەرنى بارلىق ئۇيغۇرغا بىردىن بىردىن چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ.
ھازىرقى قوش تىللىق ئوقۇتۇش سىياستى ياڭ زىڭشىن ۋە جىلك شۇرېن قوللانغان نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياستىنىڭ يېڭى ۋارىيانتى دەپ ئويلايمەن.
يازمىڭىزغا رەھمەت بىلمخۇمار قېرىندىشىم.

**(167) ئوغلۇم «قوش تىللىق ئوقۇتۇش» نىڭ تۇنجى مۇئەسسىسى «بەھر» ئالغان ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئانا تىلدا ئوقۇتۇش توختىتىلغاچقا «قوش تىل سىنىپى» (ئەمەلىيەتتە ئېلىپبە دەرستىن باشقىسى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇلىدىغان ساپ يەككە تىل سىنىپى ئىدى) دا ئوقۇتمايمۇ ئامال يوق ئىدى، شۇنداق بولغاچقا ئانا تىلدىن ساۋاتسىز قويماسلىق ئۈچۈن ئائىلىدە ساۋات چىقىرىشقا نۇرغۇن ئەجىر قىلدىم، 2-سىنىپنى پۈتتۈرگىچە خېلى يامان ئەمەس ساۋادى چىقىپ ئانا تىلدىكى بالىلار ئوقۇشلۇقىنى خېلى راۋان ئوقۇيالايدىغان بولغان ئىدى، ئەمما يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئانا تىلدا يېزىلغان ئوقۇشلۇقلارنى ئوقۇغۇسى كەلمەيدىغان ،'ئاسانلا زېرىكىدىغان بولۇۋالدى، تېلېۋىزور كۆرسىمۇ خەنزۇچە قانالالارنى بېرىلىپ كۆرۈدۇ، ئەمما ئۇيغۇرچە قانالالارغا قاراپمۇ قويمايدۇ، مانا ھازىر 6-يىللىققا چىقتى،مەكتەپتىكى نەتىجىسى ھەرھالدا يامان ئەمەس (مۇئەللىمنىڭ ئىنكاسى، ئەمما مەن ئۇنداق قارىمىدىم) قايسى كۈنى ئۇنىڭ ئانا تىلدىكى ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن كىتاپ ئوقۇتۇۋىدىم چۆچۈپ كەتتىم، ئوغلۇم ئانا تىلدا ساۋاتسىز دىگۈدەك قاپتۇ، ئادەتتىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمىدى، ئىلگىركى كىتاپ ئوقۇشتىكى راۋانلىقىمۇ يوق،چۈشەندىمكى بالىلارغا ئائىلىدە ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكمۇ ئەمىلى ئوقۇتۇشتا ئانا تىل تەكرارلىقى بولمىغاچقا ئانا تىلنى چۈشۈنۈش ئىقتىدارى ئاستا -ئاستا چېكىنىدىكەن،مەسىلەرنى تەپەككۇر قىلىشىمۇ شۇنداق يۈزە،باشقىلار نىملا دىسە شۇنىڭغا شىنىدىغان، شۇ بويىچە قىلىدىغان، مەسىلەرنى تەپەككۇر قىلىشنى. تەھلىل قىلىشنى خالىمايدىغان،'ئىجادىيلىققا ئىنتىلمەيدىغان بىر خىل خارەكتىردە يېتىلىدىكەن.**

**(168) بىلىمخۇمار ئەپەندى ۋەتەندىن ناھايىتى يىراقتا بولسىمۇ، ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرى بىلەن قەلبداش تىنىقداش بۇلۇپ مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرىۋاتقان ھەقىقى مەنىدىكى زىيالىلارنىڭ بىرسى. بىلىمخۇمار ئەپەندى بۈگۈن يەنە شۇنچە ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ بۇ يازمىسنى يوللاپتۇ. ئالدى بىلەن مەن بىلىمخۇمار ئەپەندىمگە تەكلىماكاننىڭ يىراق قىرلىرىدىن ئادەتتىكى بىر قېرىندىشنىڭ ئوتلۇق سالىمىنى يوللايمەن بىلىمخۇمار تىنىڭىز سالامەت خىزمىتىڭىز ئۇتۇقلۇق بولسۇن .**

**مىنىڭ 2 پەرزەنتىم بار. چوڭى قوش تىلدا ئوقۇپ ھازىر تولۇقسىز 2-يىللىقتا ئوقۇۋاتىدۇ،كىچىگى بۇيىل باشلانغۇچ بىرىنچى يىللىققا چىقىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ. خىزمەت ئورنىمىزدىكى تىل جەھەتتىكى بېسىمنى كۆزدە تۇتۇپ، كالتا پەملىك بىلەن ئوغلۇمنى قوش تىللىق سىنىپقا خۇشاللىق ۋە زور ئىشەنچ بىلەن بەرگەن ئىدىم .ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ دىگەندەك، بۇ قوش تىللىق سىنىپ دىگەننىڭ يىتەرسىزلىگى ئۇزۇنغا قالمايلا ئاشكارىلاندى .پەرزەنتىمگە كەلگەن بېسىمنى دىمەيلا قۇيااي ئۆزەممۇ ئىشتىن كىلىپلاپەرزەنتىم بىلەن بىرگە تاپشۇرۇق دەۋىسى ئىچىگە غەرىق بولدۇم.بىرىنچى يىللىقتىلا ئوغلۇم كۆز ئەينەك تاقاشقا مەجبۇر بولدى.ئارلىقتا ئانا تىل سىنىپىغا يۆتكەشنى خىيال قىلغان بولسامۇ ئىمكان بولمىدى.ئوغلۇم ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كىيىن ئەھۋال يەنىمۇ يامانلاشتى. ھە دىسە ئوقۇتقۇچى يىتىشمەسلىك سەۋەپلىك.بىر قىسىم دەرىسلىكلەر ئۆتۈلمىدى بۇسىنىپتىن بىرىنچى ماۋسۇمدا بىرمۇ لاياقەتلىك ئوقۇغۇچى چىقمىدى.مەن بۇيىل بېشىدا ئوغلۇمنىڭ سىنىپ مەسۇلى ئورۇنلاشتۇرغان ئاتا-ئانىلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىرىشىپ لاياقەتلىك ئوقۇغۇچى چىقماسلىقنىڭ سەۋەنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىرىشتىم .ئالدى بىلەن ئوغلۇم ئوقۇيدىغان مەكتەپنىڭ خەنلەردىن**

بولغان سېكرېتارى قوش تىللىق سىنىپقا مەكتەپنىڭ قانداق كۆڭۈل بۆلىۋاتقانلىقى، ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىلارنى سەپلەپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىدى.ئارقىدىن سىنىپ مەسئۇلى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەھۋالانى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن ھەرقايسى پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشىدىن پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن پىدائىيلار ئىكەنلىكىنى،خەنزۇۋانچە ئورتاق تىلنى ئوقمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇم .مىنى ئەڭ غەزەپلەندۈرىدىغىنى ئوغلۇمنىڭ ماتېماتىكا مۇئەللىمى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر مېھمانخانىدا بىلەت كېسىدىغان مەن تونۇيدىغان خەنزۇكەن.بۇ قېتىمقى سىنىپ يىغىنىدىن كېيىن خۇددى ئۆز ئوغلۇمغا ئۆز قولۇم بىلەن زىيانكەشلىك قىلغاندەك ھېسسىياتقا كەپ قالدىم.يۇقارقى ئەھۋالنى كۆرۈپ بولارنىڭ نىمىشقا كۆچەپ قوش تىل مائارىپىنى يولغا قويماقچى بولغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.قىزىممۇ قوش تىللىق يەسلە ۋۇۋىسكىسى ئاستىدىكى يەسلىدەخەنلەرنىڭ 三字经 دەپ ئاتىلىدىغان كوڭ فۇزىنىڭ پەندى-نەسىھەتنامىلىرىنى يادلاپ خەنچە ناخشا ئېيتىپ ،خەنچە ئۇسسۇل ئويناپ 3يىلنى توشقۇزدى.

مانا بۈيىل باشلانغۇچ مەكتەپكە چىقىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ.ئوغلۇمنى قوش تىل ئوقۇتۇشتىن ساۋاقىا ئىگە بولغاچقا قىزىمنى قەتئى قوش تىللىق سىنىپتا ئوقۇتماسلىق قارارىغا كەلدىم .قىزىمنىڭ تەڭتۇشلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن پىكىرلەششەم پىكىرىمىز بىر يەردىن چىقىپ قالدى .ھەتتا ئالدىنقى يىلى ئوقۇش يېشىغا يىتىپ .ئانا تىلى سىنىپى بولمىغاچقا پەرزەنتلىرىنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالغان بىرقانچە ئاتا-ئانىلارمۇ بار ئىكەن،بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئاتا-ئانا ئۇيغۇر تىلى سىنىپى ئېچىلمىسا ئوغلۇمنى مەكتەپكە بەرمەيمەن دەپ چىڭ تۇرۇپتۇ . مائارىپ تارماقلىرى پۇپۇزا قىلىپمۇ ئاقتۇرالمىغاندىن كېيىن،'ئىككى مائارىپنى ئۆتكۈزىۋېلىش خىزمىتىنى ئۈگۈشلۈق ئۆتكۈزىۋېلىش ئۈچۈن ناھايە رەھبەرلىرى ئۆتكۈزىۋېلىش مەزگىلىدە ئوغلىنى بىرقانچە كۈن مەكتەپكە ئەۋەتسە ،كىيىكى يىلى ئۇيغۇر تىلى سىنىپىغا تىزىملاتقانلار 15كە يەتسە، چوقۇم كىيىكى يىلى ئۇيغۇر تىلى سىنىپى ئېچىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ئوغلىنى بىرقانچە كۈن مەكتەپكە بېرىپ تۇرۇپتۇ.7-ئاينىڭ بېشىدا پەرزەنتلىرىمىزنى تىزىملىتىش ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپكە باردۇق،'ئالدىنقى يىلى ۋەدە ئالغان ئاتا-ئانىمۇ پەرزەنتىنى ئەكەلدى. مەن دەسلىۋىدە ئانا تىلدا ئوقۇتۇشنى تىزىملاتقانلارنىڭ بىر سىنىپقا يەتمەسلىگىدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم.

بۇ كۈنى پەرزەنتلىرىنى تىزىملىتىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى پەرزەنتلىرىنى قوش تىل سىنىپتا ئوقۇتۇپ دەردىنى تاتقانلار ئىكەن. ئىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 40تىن ئارتۇق ئاتا-ئانىنىڭ ئانا تىل سىنىپىغا تىزىملىتىشنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن .بىراق مەكتەپ مۇدىرى پەيدا بولۇپ يۇقىرىنىڭ ئوقتۇرىشى بار ئۇيغۇرچە سىنىپ ئېچىلمايدۇ دەپ تىزىملاشنى توختۇتۇپ قويدى.

بىزمۇ يۇقارقى ئەھۋال ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارزۇسىنى ھەر خىل شەكىلدە

كۆپچىلىك ئىمزا قويۇپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا،ھەتتا مائارىپ نازارىتىگىچە ئىنكاس قىلدۇق بىراق قاناتلىنەرلىك جاۋاپقا ئېرىشەلمىدۇق. دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن نىزاملىرىنى ئائىتۇرۇپمۇ كۆردۇق .ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق ھۆكمىتى 2004-يىلى ئېلان قىلغان قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىردىن باشقا قوش تىللىق مائارىپ ياكى ئانا تىل مائارىپنى يولغا قويماسلىق توغرىسىدىكى قانۇن ياكى ھۆججەتنى كۆرمىدۇق. ئاساسي قانۇن، مىللى تىرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى، ۋەمائارىپ قانۇنىدا ئازسانلىق مىللەتلەر نىڭ تىل يېزىقىنى قوللىنىش مائارىپنى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تىل يېزىغىدا تەشكىللەشكە دائىر ئېنىق بەلگىلىمە

بولىسمۇ، بۇ قانۇنى بەلگۈلىمىلىرىنىڭ قانۇنى كۈچى نىمە سەۋەپتىن مەزمۇنى ئاساسى قانۇن روھىغا ئانچە ئۇيغۇن بولمىغان قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قۇيۇشنى لگىرى سۈرۈش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىرگە يەتمەيدۇ. ئازسانلىق مىللەتلەر نىڭ تىل يېزىقنى قوللۇنۇش مائارىپىنى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تىل يېزىغىدا تەشكىللەشكە دائىرقانۇندا ئېنىق بەلگۈلىمە بولىسمۇ، مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇنلا نىمىشكە ئېنىق جۇۋاپ بىرىشتىن باش تارتىدۇ، ئاساسى قانۇندىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر سۈيقەستنى پىلانلىغۇچى بۇ قوش تىل مائارىپىغا ئاستىرىتتىن قۇماندانلىق قىلىۋاتامدىغاندۇ قانۇن ئەخلاق بۇيىنچە جەمىيەتنى ئىدارە قىلىش تەكىتلىنىۋاتقان جەمىيەتتە 8مىليۇندىن ئارتۇق مىللەتنىڭ ئاساسى قانۇن ۋە قانۇندا بەلگۈلەنگەن هوقۇقىنىڭ قوغدالماسلىغى ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ.

(169) بۇنداق مەسىلەرگە ئەستايىدىللىق بىلەن قاراش كېرەك .بىز كىچىك چاغلاردە هەپتىدە بىرىپىرىم كۈن قۇيۇپ بېرەتتى.قايسى كۈنلىرى دىسەڭلار .جۇمەكۈنى چۈشتىن كىيىن يەكشەمبە كۈنى بىركۈن قۇيۇپ بېرەتتى .كىيىن ئۆزگەرتىۋەتتى.

(170) مېنىڭ بالام "قوش تىللىق يەسلى" دە ئوقۇۋاتىدۇ، ئۇ يەردە ئوقۇۋاتقان باللارنىڭ 80% تىن كۆپرەكى ئۇيغۇر باللار بولىسمۇ، ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى 10 % كە يەتمەيدىغاندەك قىلىدىدۇ، بىر يىل بولدى مەن پەقەت بىرلا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىنى ئۇچراتتىم. بۇغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، تاماق مەسىلىسىمۇ بىر مەسىلە ئۇ يەردە، باللارغا تاماق ئەتكۈچىلەر ئىچىدە بىرمۇ ئۇيغۇر يوق ئىكەن، ئاشخانىسىغا كىرىپ كۆرۈپ بېقىشقىمۇ روخسەت قىلمايدىكەن. ئۇ يەردە نېمىنىڭ گۆشىنى قانداق تاماقلارنى يۈگۈزىدىغانلىقىنى هېچقانداق ئاتا - ئانىنىڭ نازارەت قىلىش هوقۇقى يوق، ئەگەر كۆپرەك نارازىلىق پىكرى بېرىپ سالسىڭىز بالاڭىنى نەگە ئاپىرىپ ئوقۇتساڭ ئوقۇت دەپ بالىڭىزنى قولىڭىزغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ.

(171) مەن ئەمدى بالامنى ئۇنداق "قوش تىللىق" ئاتالغان خەنزۇ يەسلىسدە ئوقۇتمايمەن! ئۇ يەردە بالىنىڭ تىلىغىلا ئەمەس، هالال تامىقىغىمۇ كاپالەتلىك قىلىش تەس.

(172) هازىر مەندە بالىنى ئىقتىدارلىق قىلىپ تەربىيەلەش ئىستىكى ئاجىزلىشىپ، ئەقەللىسى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغان ئۇيغۇر قىلىش ئىستىكى كۈچىيىپ بېرىۋاتىدۇ. بالامدىن كۈتىدىغان ئۈمۈدىمۇ "ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىيەلىسە، بىز بىلەن بىمالال ئۇيغۇر تىلىدا پىكىر ئالماشتۇرالىسا بولدى" دېگەن نۇقتىغىلا مەركەزلىشىپ قېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە قوش تىللىق مائارىپ غەلبە قىلدى، چۈنكى مەركۈز مائارىپ ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەن ئوتتۇرىسىغا بىر تام قۇپۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلغاندەك قىلىدۇ.

(173) قوش تىللىق ئوقۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان بىر ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئامېرىكىدىكى بۇ هەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە،بىر بالىنىڭ تىلى دەسلەپ قايسى تىلدا چىققان بولسا ئۇ كېيىنكى ئۆمرىدىمۇ شۇ تىلدا تەپەككۇر قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن،'ئەگەر ئۇنىڭ ئانا تىل سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى توسالغۇغا ئۇچراپ، تولۇق

يېتىلمىسە، ئۇ كېيىنكى تەپەككۇردا مەڭگۈ تىل تۇسالغۇسىغا ئۇچرايدىكەن. ئەگەر بۇ راست بولسا بىزنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى چاتاق،بولغۇدەك. ئەمەلىيەتمۇ شۇنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدا 10 يىللار ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا چېكىنىش خېلىلا كۆرۈنەرلىك بولىۋاتىدۇ. ھەر قېتىم تاپشۇرۇق، ئىمتىھان قەغەز تەكشۈرگەندە كۆرىۋاتقىنىمنىڭ بىر ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ قەغىزى ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىپ قالىمەن. ھەي.....

(174) ئانا تىلىمىزنى ئاساس قىلىپ، دۆلەت تىلىنى پۇختا ئۆگىنىش تۇغۇرىسىدىكى ياخشى چارىلىرىلەرنى داۋاملىق مۇلاھىزە قىلايلى! ئانا تىل جېنىمىز، دۆلەت تىلى نۆۋەتتىكى قورالىمىز!

(175) مەن ئاساسى قاتلامدىكى بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسى. بۇيىل 6-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ئاپتونۇم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئاساسى قاتلامدىكى قوش تىل ئوقۇتۇشىغا قارىتا پىكىر ئالدى. مەن شۇ تەكشۈرۈش سوئالىدىكى «نۆۋەتتىكى قوش تىل ئوقۇتۇشىغا قانداق قارايسىز؟» دىگەن سوئالغا، «نۆۋەتتىكى قوش تىل ئوقۇتۇشىغا مەن تۈپتىن قارشى تۇرىمەن. چۈنكى، بۇ خىلدىكى قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەشنى مەقسەت قىلغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا چوڭ مىللەت كىچىك مىللەتنى يۇتۇۋېتىشنى مەقسەت قىلغان» دەپ جاۋاپ بەردىم.

(176) ئالدى بىلەن ئەڭ سۆيۈملۈك ، پەخىرلىك ئوغلانىمىز، ئۆگىنىش ئۈلگىمىز ، ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئاكىمىزغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى جاپالىق تور يازما ئەمگىكىگە كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن ،تېنىگە سالامەتلىك تىلەپ دۇا قىلىمەن.

ھۆرمەتلىك ئاكا، سىزنىڭ ‹‹ئىنى-سىڭىللىرىمغا بىر پارچە خەت›› دىگىنىزنى 1995-يىل1-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتىدا ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە ئوقۇپ زور ئىلھام ئالغانىتىم،'ئۇنىڭدىن كېيىن 2006-يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا تور بەتلەر كۆپەيگەندىن كېيىن،تور بەتلەردىن ماقالىلىرىڭىزنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن.

بۇ ماقالىنى بىر يىلدىن بېرى 3- قېتىم ئوقۇشۇم،'ئويلىنىپ،'ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان جايدىكى مەكتەپ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتىم،تەسىراتىم تۆۋەندىكىچە:

1.مېنىڭ دەۋەت قىلىشىم نەتىجىسىدە تۇغقان،ۋە دوستلىرىم ئارىسىدىن بىر نەچچەيلەن بالىلىرىنى ئۇيغۇرلار كۆپرەك مەكتەپكە بېرىپ،بالىلارنىڭ ئانا تىل ساۋادىنى ياخشى چىقاردى،'ئۇيغۇرچە مىجەز-خاراكتېرمۇ شەكىللىنىپتۇ.

2 .ئاڭلىشىمچە 2010-يىلى 10-ئايدا مائارىپ سېپىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى رەھبەرلەرگە ئىنكاس قىلىشى نەتىجىسىدە ئانا تىلنى 4-سىنىپقا چىققىچەۋٓتمەيدىغان نامۇۋاپىق ئۇسۇللار ھۆججەت چىقىرىلىپ تەنقىت قىلىنىپ تۈزىتىلگەن.

3. 2012-يىل3-ئايلاردا شىنجاڭ ئۇيغۇرئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججىتىدە كۆرسىتىلىشىچە ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىغا قارىتىلغان قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئەندىزىسى مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ،ناھىيەلەر شارائىتىغا قاراپ تاللاپ ئىشلەتسە بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن،يەنى

1-خىل ئەندىزە: ھەممە دەرسنى خەنزۇ تىلدا ئۆتۈش،'ئانا تىلنى قوشۇپ ئۆتۈش،مەن كۆرگەن مەكتەپتە ئۇيغۇر تىلنى ھەپتىدە 80 مىنۇت ئۆتۈدىكەن.ئانا تىل ساۋادى ئارانلا چىقىدىكەن.

2-خىل ئەندىزە: تەبىئىي پەنلەرنى خەنزۇ تىلدا ئوقۇش، 'ئۇيغۇر تىلى، مۇزىكا، تەنتەربىيە، گۈزەل-سەنئەت-رەسىم دەرسنى ئۇيغۇر تىلدا ئۆتۈش.

ھازىر ئۇيغۇرلار كۆپرەك بولغان مەكتەپلەردە 2-خىل ئەندىزىدە دەرس ئۆتۈۋاتىدۇ. ئانا تىل ساۋادى ياخشى چىقىدىكەن،

مىللىي-خەنزۇ ئىككى مەكتەپ قوشۇۋېتىلگەن مىللى-خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپلەردە مىللىي سىنىپ بالىلىرىغا 1-خىل ئەندىزىدە دەرس بېرىۋاتىدۇ.

4. ھازىر بەزى ئاتا-ئانىلار تاماق يەپ مۇكەددىشىدىغان ئولتۇرۇشلاردا ساپ ئۇيغۇر تىلدا سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

5. جەمئىيەتتە خۇسۇسلار ئاچقان تىل تەربىيلەش كۇرسلىرى بالىلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ ھەق ئېلىپ تەربىيلەۋاتىدۇ.

6. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 'ئېرپان ئېلىكتىرونلۇق مەھسۇلاتلار شىركىتى قاتارلىقلار ئۇيغۇر باللىرى ئۈچۈن ئاۋازلىق، چەكمە ئوقۇتقۇ دەرىس ماتېرىياللارنى بازارغا سېلىپ ئۆيدە ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى بەلگىلىك دەرىجىدە قاندۇرۇۋاتىدۇ.

7. باللار 4 ياشتىن باشلاپ قوش تىلدا ئوقۇيدىغان يەسلىلەر كۆپىيىۋاتىدۇ.

مەن مائارىپ سېپىدە خىزمەت قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ جەھەتتىكى بىلىمى كەمچىل،پەقەت ياندىن كۆزۈتۈشۈم،خاتالىقلار بولسا ئىنكاس كۆرگەن تورداشلارنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش پىكرى بېرىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن.

(177) يۇقۇردا بىرىلگەن تەكلىپلەرمۇ ناھايىتى ياخشى بىرىلىپتۇ؛ مىنىڭمۇ ئىككى ئوغلۇم بار . چوڭ ئوغلۇم بۇيىل 9- ئايدىن باشلاپ تەييارلىق سىنىپتا ئۇقۇيدۇ؛ قېرىنداشلار بۇ مەسلىنى مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇنلارغا تەكلىپ- پىكىر تەرىقىسىدە توردا تەكلىپ پىكىر يىغىپ ئىمزالىق تەكلىپ سۇنساق قانداق؛ مەنمۇ بىر دادا بۇ مەسىلىدە ئويلانغىلى خىلى ئۇزۇن ۋاقىت بولدا، ئالدى بىلەن سىناپ باقمايمىزمۇ، تەكلىپ قانچە كۆپ چۈشسە، ئىمزا قويغان ئادەم قانچە كۆپ بولسا، مۇنىڭچە مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇنلارمۇ بىزلەر پىكىرىگە ئازراق بولسا ھۆرمەت قىلار دىگەن ئويدا.... سىلەرچە قانداق

(178) قوش تىللىق مائارىپ ئەسلى شائخەي شەھرىدە ئاللا بۇرۇن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان (سىناقتا مەغلۇپ بولغان)، بۇنى بىزگە مەجبۇرلاپ نىمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، مەنمۇ بىر ئوقۇتقۇچى، بالىلارنىڭ ھالىغا قارىسا ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلىدۇ

......ھەي!!!!!!!!!!!!!!!! ئاخىرى بىر دۆۋە گاچا تەربىيلەپ چىقىدىغان ئوخشايمىز

(179) بىلىمخۇمار سىزنىڭ ئۇيغۇر «قوش تىل» مائارىپى ھەققىدىكى بۇ خىل ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىڭىزنىڭ ئاقىلانە تەشەببۇسى بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ئازاپلىنىش تۇيغۇمىزنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر جەھەتتىكى مەسئۇلىيەت ئېڭىمىزنى يەنىمۇ ئويغاتماقتا....بىزنىڭ زۇلۇمەت باسقان قەلبى ئاسمىنىمىز ھەر بىرىڭلاردەك شام كەبى كۆيۈپ تۈگۈگۈچىلەرگە مۇھتاج

(180) بۇنىڭ خەۋپىنى بىزنىڭ ھۆكۈمالىرىمىز بىلمەمدىغاندۇ ، ياكى بىلسىمۇ سۈكۈتتە تۇرۇشتىن باشقا ئامال يۇقمىدۇ، قوش تىل مائارىپى توغرىسىدا مەن نۇرغۇن يوللانمىلارنى كۆردۇم ھەم توراشلارنىڭ ئىنكاسلىرىنىمۇ بىرنى قۇيماي كۆرۈپ چىقتىم.

(181) ھازىرقى شارائىتتا ئانا تىل تەربىيىسى بىلەن مىللى ئەخلاق تەربىيىسى قانداق ئېلىپ بېرىش يەنىلا ئاتا- ئانىلارغا باغلىق، ئەڭ مۇھىمى باللارنى ئائىلىدە قانداق تەربىيەلەشنى بىلىش كېرەك.....

(182) ئەينى چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىستان ... قاتارلىق دۆلەتلەرنى بېسىۋېلىپ 70يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تىلنى يوقىتىمىز، دىننى يوقىتىمىز دەپ كۆپ تىرىشتىيۇ،'ئاخرى ئۆزى لاۋزا بولۇپ پارچىلاندى............ چۈشەندىڭلار ھەقاچان.

(183) غۇلجا شەھرىدىكى قوشۇۋېتىلگەن مەكتەپلەرنىڭ بۇ يىلقى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەھۋالىدىن قوش تىل ئوقۇتۇشنىڭمۇ خىرىس ئىچىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى:بىر قىسىم قوشۇۋېتىلگەن باشلانغۇچ مەكتەپلەر ، بۇ يىلقى قوش تىل 1-يىللىق سىنىپلار سانىنى كېمەيتىپ ئوقۇغۇچى سانىغا چەك قويغان. شۇ مەكتەپلەر تەۋەلىكىدىكى مەكتەپ يېشىغا توشقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سان چەكلىمىسىگە ئۇچراپ قوش تىل سىنىپلىرىغا كىرەلمىگەن. ئائىلە باشلىقلىرى پەرزەنتلىرىنى ئىلاجسىز شۇ مەكتەپلەردىكى خەنزۇ تىل سىنىپلىرىغا بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

(184) ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق كىشىگە نىسبەتەن ئانا تىل ئەڭ مۇھىم ئىدى. بىراق ھۆكۈمەت مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا خىلاپ ھالدا ئۇيغۇر تىلىنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ. ھەممىمىز ئانا تىلىمىزنى يۇكسەلدۈرۈشتە ئەمەلىي ئىشلارنى قىلايلى.

(185) بۇلارنى مۇشۇ سىياسەتنى يۈرگۈزۋاتقانلارنىڭ بىلمەسلىگىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن...
ھەممىدىن ياخشى بىلىدۇ...
گۈزەل ماكان، سۆيۈملۈك دىيار، بايلىقى مول، كىشىلىرى مېھماندوس ، ئاقكۆڭۈل....بۇلار ھەممگە سەۋەپچى...

(186) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلمخۇمار ئەپەندىم:
قوش تىل مائارىپىنىڭ زىيىنى ھەقىقەتەن ئېغىركەن. باللار يا ئانا تىلدا ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەپەككۇر قىلالماي، يا يات تىلدا ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەپەككۇر قىلالماي، ئەخلىي-جىسمانىي جەھەتلەردە ئېغىر زەخمە يىسە، بۇ ئەقىل-تەپەككۇر كەمتۈكلىكى بولماي نىمە؟
سىز تەھلىل قىلغاندەك 2-، 3- ئەۋلادقا بارغاندا، قوش تىل مائارىپى ئاندىن ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىكەن. يەنە مىللەت يوقىلىش گىردابىغا بارىدۇ. تەھلىلىڭىز ناھايىتى قايىدىلىك. مۇشۇنداق

بولارنى ئالدىن پەرەز قىلغانلار قوش تىل مائارىپى سىياستىنى ئىجرا قىلماقتا. بەندىنىڭ ھىيلە-مكرى ھامان ئاللاھ نىڭ تەغدىرى ئاستىدا بولىدۇ. ئاللاھ نىڭ تەغدىرىدىن بويسۇنمىغان ھالەتتە ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

2- قىزىم ئۇيغۇر تىلى بويىچە 3-سىنىپقا چىققان يىلى، قوش تىل مائارىپىغا دۇچ كەلدى. قوش تىلدىن ئىبارەت بۇ قارا بۇلۇت بېشىمىز ئۈستىدىن ئەگىشكە باشلىدى. ئائىلىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى موھتى گەۋدىلىك ئىدى. قىزىمنى ئائىلىدە خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشكە قەتئىي يول قويمايتتىم. ھازىر قىزىمنىڭ ئانا تىلى سەۋىيىسى خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەپەندىم، سىز بەرگەن بىشارەتلەردىن قوش تىل مائارىپىنىڭ رەزىل قىياپىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ھېس قىلىشۋاتىمىز. داۋامىنى ساقلايمىز. مۇمكىن بولسا، دىيارىمىزدا ئىجرا قىلىنىۋاتقان قوش تىل مائارىپى ھەققىدە ئىزدەنگەن ئىلمىي ئەمگەكلىرىڭىزنى ئېنگىلىز تىلى مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلغان بولسىڭىز ، ئەگەر شارائىتىڭىز يار بەرسە.... ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا تاياق دەيدۇ، كونىلار.

(187) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قىرىنداشلار......ھازىرقى مائارىپ سىياستىنىڭ بەك ياخشىلىقىدىن ئاكامنىڭ ئوغلى ھەر يىلى ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمەي يازلىق تەتىل بولسۇن ياكى قىشلىق تەتىل بولسۇن تەتىللىك ھەرخىل كورسلارغا ئاپىرىپ قويىدۇ . ئۇكاممۇ ئۇيغۇر چىنى ئوقۇيالماي دۇدۇقلىغان ۋاقتىنى كۆرسەم ھەي خىلمۇخىل ............... خىياللارنى ...................... قىلىپ كىتىمەن .بىزنىڭ باللىرىمىز كىچىك تۇرۇپ ئېغىر يۈك تارتىۋاتقان ماشىنىغا ئوخشاپ قالسا بولامدۇ ......ئانا تىلىمىزنىڭ كەلگۈسى چۇقۇم پارلاق بولىدۇ . ئۇلۇغ ئاللا شۇ كۈنلەرنى بىزگە ئاتا قىلىدۇ.........خەپ.................................

(188) قويۇڭلا شۇ خەلقارالىق قائىدە -مىزانلارنى ( ئاچچىقىمدا دەيمىنا) بىرەر يەرگە بى ئىشلىتىپ باقىننى كۆرگىلى بولمايدىكەن. مۇشۇ ئەھۋاللارنى بىلمەمدىكىن دىسە بىلىدىكەن ، ئەمما ئاقتۇرۇپ بىر گەپ قىلىپ باقمايدىكەن. «پالانى يەرنىڭ ئۇنداق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىمىز...» دەپ قويۇپ. تەلەپ قىلغانغا ئۇنامدۇ ئۇ سىياسەت يۈرگۈزىۋاتقانلار، قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىپ بېقىش كېرەكتە بىرە يەرگە.

قايسى بىر كىنودا بىر ئەسكەر ئەسرگە چۈشۈپ قىستاققا ئېلىنغاندا ئۇ ئەسكەر؛ سەنلەر جەنۋە ئەھدىنامىسگە خىلاپلىق قىلىشتىڭ .... دىسە، قارشى تەرەپنىڭ بىر قوماندانى-- ھە بىلەمەن، سەن جەنۋە ئەھدىنامىسنى تېپىپ بولغۇچە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ بولىسەن...! دەپ بى دىيالوگ چىققان ئىدى . شۇنىڭدەك ئىشلىكەن بۇ خەلقارانىڭ ئىشلىرى.

(189) ئۈرۈمچى شەھىرىدىمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىنى ئۇيغۇرچە سىنىپقا بېرىش قىزغىنلىقى شۇنداق يۇقىرى بولىۋاتىدۇ.

(190) سالام جاھانگىر.123،

مەن كەڭگېس خانىم بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇ خانىم ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن ئېلان قىلىدىغان بارلىق كىتاب ۋە ئىلمىي ماقاللىرىدە، ھەمدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بېرىدىغان ئىلمىي دوكلادلىرىدا چوقۇم ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن "قوش تىللىق مائارىپ" ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا

ئېلىپ كېلىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە توختىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن ئىدى. يېقىنقى 3 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ۋەدىسىدە تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چىقارغان بىر ئىنگلىزچە كىتابتا ئۇيغۇرلارغا 2-3 بەتتەك ئورۇن بەردى. ئىلمىي دوكلادلىرىنىڭ ھەممىسىدىمۇ ئۇيغۇرلارنى تىلغا ئېلىپ، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ دەرسخانىسىنى كۆرۈنۈش قىلغان رەسىملەرنىمۇ ئاڭلىغۇچىلارغا كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇ خانىم ب د ت نىڭمۇ بىر مۇھىم مەسلىھەتچىسى. قالغان گەپلەرنى مەن دېمىسەممۇ تەسەۋۋۇر قىلالايسىز.

(191) بۇلار باشقىلاردىن دەشنام يەپ كىلىپ بىزدىن ئاچچىقىنى ئېلىۋاتامدىكىن تاڭ، بۇ ئىشلارۇ ئۆتۈپ كىتىدۇ.

(192) بۇ ھەر بىر ئۇيغۇر ئوقۇپ چىقىشقا تېگىشلىك ماقالىكەن! ھەممىمىز باشقىلارغا تەۋسىيە قىلايلى! ئۆزىمىزدە بار بولغان ئىمكانىيەتلەردىن بولسىمۇ تولۇق پايدىلىنايلى!

(193) ئاڭلىدىڭلارمىكىن: قوشتىل ئوقۇتىشدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىدىكەن. يەنە دەرسلەر ئۇيغۇرچە ئۆتۈلۈپ قوشتىلغا ئايرىم سىنىپ ئېچىلىدىكەن. بۇ غۇل-غۇلالارنىڭ پايدىسىمدۇ؟

(194) ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ،تىل قىرغىنچىلىقىنىڭ كۆلىمى ، يادىرو بومبىسىدىن ،100%100 ھەسسە يۇقىرىمىش ، بۇنىڭدا بىر مىللەتنى قان چىقارماي ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلغىلى بولىدىكەن

(195) ئالدىراپ ئۈمۈدلىنىپ كەتمەڭ! مىنىڭچە تېخى ھېچقانچە غۇلغۇلا بولغىنى يوق، بولسىمۇ بۇنىڭدىن كىيىن بولۇشى مومكىن! قاراپ بىقىڭ بۇ ئىككى كۈندە بۇ تىمىغا قانچىلىك ئىنكاس چۈپتۇ (بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ بۇرۇنقى تىمىللىرىغىمۇ شۇنداق بولغان)! غۇلغۇلا مۇشۇنداق بولامدۇ ؟ ! بۇنداق موھىم مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان ماقالىنى كۆرىۋاتقانلار قانچىلىك؟ ئىنكاس قايتۇرغانلارچۇ ؟!

(196) گەپ ھەربىر ئۇيغۇر بولغۇچىدا. گەرچە يار لىۋىگە قىستالغان بولساقمۇ ئۈمۈتسىزلەنمەسلىكىمىز ، مەجبۇرلاش خارەكتىرلىك سىياسەتلەرگە قارشى تۇرىشىمىز كىرەك.........

(197) سىسايەتتىن ئاڭلىماسقا، كۆرمەسكە سىلىۋالغاندىن باشقا ھېچبىر سادا يوق ... يەنە داۋاملىشىۋاتىدۇ،'ئىزچىل داۋاملىشىۋاتىدۇ ،مىنىڭچە بۇنىڭدا بىر گەپ يوق دىسە ئىشەنمەيمەن

(198) ئاكامنىڭ قىلغانلىرىدىن تولۇمۇ سۆيۈندۈم، سىزگە چوڭقۇر رەخمىتىمنى بىلدۈرىمەن ئاكا،،،،دۇنياۋىي ئالىملىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئىسىل يازمىللىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بۇلالىغىنىمدىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھىس قىلىۋاتىمەن،،،،مىللىتىمىز ئۈچۈن قىلىۋاتقان ياخشى ئىشلىرىڭىزدىن تولۇمۇ تەسىرلەندىم ... ھارمىغايسىز ئاكا، تىنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن....

(199) قوش تىل ئوقۇغان بىچارە گۇناھسىز بالىلارنىڭ ھازىرقى ئىسمى "شالغۇتلار " ،"ئەبجەشلەر" دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ ، سەۋەپكارلىرى بىر چەتتە غادىيىپ تۇرۇغلۇق

(200) ئاپتور ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپلىق مەسىلىلەرنى قىسقىچە يىغىنچاقلاپ باقاي:

1. ھەقىقىي چىن مەنىسىدىكى قوش تىل مائارىپى بىلەن شەكلى ئۆزگەرگەن ساختا قوش تىل مائارىپى ماھىيەتلىك پەرقلىنىدىكەن.

ھەقىقىي چىن مەنىسىدىكى قوش تىل مائارىپى ئانا تىل موھىتىدىكى تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنى پەيدىن-پەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللىي روھ، مىللىي غورور ۋە مىللىي ئىپتىخارنى تاكامۇللاشتۇرۇش مەخسىتىگە يېتىدىكەن. ھەمدە، يات تىلنى بىلىم مۇلكى قاتارىدا تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، شەخسنىڭ مەدەنىيەت ئامىلىدىكى كۆپ قاتلاملىق بىلىم قۇرۇلمىسنى قېلىپلاشتۇرۇشنى مەخسەت قىلىدىكەن. ئەگەر دىيارىمىزدىكى قوش تىل مائارىپى سىياستى مۇشۇ مەخسەتتە، ئىجرا قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىلىرىدىن بولاتتۇق.

شەكلى ئۆزگەرگەن ساختا قوش تىل مائارىپى بولسا، ئانا تىل موھىتىدىكى تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنى پەيدىن-پەي ئاجىزلاشتۇرۇپ، مىللىي روھ، مىللىي غورور ۋە مىللىي ئىپتىخارنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىپ، شەخسنىڭ مىللەت ۋە ئېتىقات تەۋەلىكىنى نورماللىسىزلاشتۇرۇپ، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش مەخسىتىگە يېتىدىكەن. ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىدى دېگەندىمۇ، بۇ خىل توپتىكى كىشىلەرنىڭ ئانا تىلىدىكى ئەقىل-تەپەككۇرىمۇ كەمتۈك، يات تىلدىكى ئەقىل-تەپەككۇرىمۇ كەمتۈك بولىدىكەن. بۇ توپتىكى كىشىلەر نورمال قىممەت قارىشىغا ئىگە بولالمىغان، جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىنى شەكىللەندۈرىدىغان قۇللۇق ئىتائەتىدىكى ئىنسانلاركەن. ئاسسىمىلاتسىيە تۈسىنى ئالغان قوش تىل مائارىپىغا قۇربانلىققا چېلىنىدىغانلار يەنىلا شۇ مىللەتنىڭ ئەڭ كىچىك ئەزالىرىدىن بولغان ئۆسمۈر-سەبىي بالىلاركەن.

2. ياتاقلىق مەكتەپ بىر مىللەت بالىلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا يەنە بىر مىللەتكە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ئاپتورنىڭ بۇ نۇقتىدا كۆزدە تۇتىۋاتقىنى ئېرقىي-قانداشلىق جەھەتتىكى ئاسسىمىلاتسىيە ئۆزگىرىشى بولماستىن، بەلكى، ئېتىقاد، ئەنئەنە ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەت جەھەتىدىن ئالدىنئالا ئېلىپ بارىدىغان ئاسسىمىلاتسىيە ئۆزگىرىشىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. ئەگەر روھ ۋە ئاڭ جەھەتتىكى ئاسسىمىلاتسىيە ئۆزگىرىشى ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، كېيىنكى قەدەمدىكى ئېرقىي-قانداشلىق ئاسسىمىلاتسىيە ئۆزگىرىشى ئۆچۈن _پسىخىكىلىق، بىئولوگىيىلىك ۋە فىزولولوگىيىلىك ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. مەيلى روھ ۋە ئاڭ جەھەتتىكى ئاسسىمىلاتسىيىلىك ئۆزگىرىش بولسۇن، ياكى ئېرقىي-قانداشلىق جەھەتتىكى ئاسسىمىلاتسىيىلىك ئۆزگىرىش بولسۇن، بۇنىڭدىكى بىردىن-بىر سەددىچىن كەبىي توسالغۇ بولسا، دىنىي ئېتىقاد قورغىنىدۇر. مۇشۇ قورغاننى مۇستەھكەم ساقلاپ قېلىش-قالماسلىق ھالقىلىق پەيتنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

3. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زەخمە يېيىش.

شەكلى ئۆزگەرگەن ساختا قوش تىل مائارىپىنىڭ زىيانلاش ئوبېكتى_يەنىلا شۇ بالىلاركەن. ئاپتور ماقالىسىدا پاكىت كەلتۈرۈپ بايان قىلىدۇ. يەسلى قوش تىل مائارىپى، ياتاقلىق مەكتەپ قوش تىل مائارىپلىرى چوڭلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇقىغا مۇختاج بولىۋاتقان سەبىي بالىلارنى ئاتا-ئانىنىڭ، ئائىلىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىدىن ۋە ئانا تىل موھىتىدىن كىچىكلا تۇرۇپ ئايرىۋېتىدىكەن.

گەرچە بۇ مارىپىتكى ئومومىي ساقلىنىۋاتقان ئەخۋال بولسىمۇ، ئۇنىڭغا، بېسىم، زورلاش، مەجبۇرلاش ئارلىشىپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەلۋەتتە پەيلەشكە مۇختاج بولىۋاتقان باللارنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زەخمە يىيىشى تۇرغانلا گەپ. يات موھىت ئۇلارغا نىملەرنى يۈكلىمەيدۇ دەيسىز. ئاپتورنىڭ مۇشۇ ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئوقۇۋېتىپ، كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى. چۈنكى، باللارنىڭ گۆدەك ئوبرازى كاللامدىن نېرى كەتمەيۋاتاتتى.

**4. مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېرقىي قىرغىنچىلىق.**

مەزكۇر ئۇقۇم بىلەن بۇرۇن تازا تونۇشۇپ كەتمەپتىمەن. تونۇشتىم دېگەندىمۇ، ئاسسىمىلاتسىيە نۇقتىسىدىن چۈشەنگەن چېغىم. كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغان ئاپتورنىڭ مەزكۇر ماقالىسىدىكى بايانلىرىدىن مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە بەلگىلىك تونۇشقا ئىگە بولدۇم. مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى چەكلەش، يوقىتىش ۋە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە مەدەنىيەت ۋەكىللىرىنى يۇرت-ماكانىدىن سۈرگۈن قىلىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدىكەن. ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مىللەت سىياسىي، ئىختىسادىي ۋە كىشىلىك ھوقوق جەھەتلەردىكى خەيىر-ساخاۋەتلىرىنى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتكە ھەقلىق يوسۇندا قوبۇل قىلدۇرۇپ، دېگىنىنى قىلمايدىغان، قىلغىنىنى دېمەيدىغان پارتىيىلىك موللامدەك خاس ئوبرازىنى نامايىش قىلىدىكەن. ئاللاھ نىڭ تەغدىرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. ئاسمان-زېمىن ئاللاھ نىڭ مۈلكىدۇر. مۇسۇلمانلار ۋە غەيرى مۇسۇلمانلارمۇ، ئاللاھ نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن رىزقىدىن ئورتاق بەھرىمان بولىدۇ. ئاللاھ نىڭ راخمانلىق سۈپىتى كۈللى مەخلۇقاتقا ئورتاقتۇر. مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېرقىي قىرغىنچىلىق ھەقىيقەتەن بىر مىللەتنىڭ بېشىغا يۈزلەنسە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى قازىنالماسلىقنىڭ ئالدى-كەينىدە، ئوتتۇرىمىزدا ھەقىيقەتەن چوڭ ئۇقۇشماسلىق بولۇپتۇ، دېيىشمۇ بىر خىل دېپلوماتىك قائىدە بولسا كېرەك.

**5. ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزىلگەن جىنايەت.**

بۇ خىل جىنايەت ماكان، زامان ۋە شارائىت تاللىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇرۇش يىللىرىدىمۇ، تىنىشلىق يىللىرىدىمۇ ئوخشاشلا، يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولىدىكەن. ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزىلگەن جىنايەت رىم قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ماددا بولۇپ، خەلقارالاشتۇرۇلغانىكەن. ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مىللەتنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغان ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەت نوپۇسىنىڭ ھوقوق-مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز قىلىشتىن ئىبارەت ھەرىكەت جەريانى ئاشۇ خىل خەلقارا جىنايەتنى شەكىللەندۈرىدىكەن.

بىز مۇسۇلمانلاردىن ئايەت-ھەدىسكە چۈشۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزىلگەن جىنايەتنىڭ خام ماتىرىيالىغا قانداق مىللەت-قەۋم تەلەپ قىلىنىدىغاندۇ؟

ئاپتورنىڭ سىتىداتىغا قايىلمەن. يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن نىمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. تېمىڭىزغا كۆپتىن-كۆپ تەشەككۈر.

(201) مەرھابا بىلىمخۇمار، ئامرىكا دىيارىدا تۇرۇپ تەۋپىقداشلارنىڭ ئىدىيسىگە بىر ماياك بولىۋاتقىنىڭىزدىن سۆيۈندۈم، مۇمكىن بولسا قەدەملىرىڭىز ئۈزۈلۈپ قالمىغاي.

(202) يۇقارقى قاراشلار ھەربىر ئەقلى ئويغاق قوي كۆزلەرگە ئىنتايىن ئىنىق. لىكىن گەپ ھەممەيلەننىڭ بۇنى بىر ئورتاق ساداغا ئايلاندۇرماي مۇددەتتىن بۇرۇن ئۇمتىسىزلىنىپ باش ئەگەكەنلىكىمىزدە ھەتتا يامانغا يان تاياق بولوپ ئاكتىپ ماسلاشقىنىمىزدا دەپ قارايمەن.

1.مىسال:ئالدىنقى يىلى يۇقىردىن كەلگەنلەر قوشتىل مائارىپنى تەكشۈرگەنىمىش ، بىر سىنىپ ئوقوغۇچىدىن بىرىمۇ قولىدىكى ئوقوۋاتقان كىتابتىن بىر ئابزاس ئوقىيالمىغانىمىش. دەرىس ئۆتىۋاتقان ئوقوتقۇچىدىن ئۇنۇمنى سورىسا ماختاپ كىڭەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىمىش.

2.مىسال :شىمالدىن يىڭى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بىر رەھبەر مائارىپنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئوقوتسا ئوقىغانىمىش، مەنىسىنى سورىسا بىلمىگەنىمىش، بولوپمۇ سىياسەت بىلەن تارىخنىمۇ تولوقسىزغا چىقىپلا خەنزۇچە ئوقىۋاتقىنىدىن ئەجەپلىنىپ نەخ مەيداندىلا بۇيرۇق بىرىپ ئۇ ئىككى دەرىسلىكنى ئۇيغۇرچە قىلىۋەتتى.ئىمتاھانىنىمۇ ئۇيغۇرچە بىرىدىغانغا بۇيرۇق بەردى، لىكىن ئارىمىزدىكى نۇرغۇن ئوقوتقۇچى كىتاپنى ئىككى يىلدىن بىرى خەنزۇچە ئوقوپ ئەمدى نىمشقا ئۇيغۇرچە بەرگۈدەك دەپ داتلاشتى.

3.مىسال ناھىيمىزگە ئالدىنقى ماۋسۇم تەكشۈرگۈچىلەر كىلىپ باشلانغۇچ 3- سىنىپتىن ساۋادىنى سىناش ئىمتاھانى ئالغانىمىش ، بىر سىنىپتىن بىرىمۇ ئۆتەلمىگەنىمىش.ئاخىرىدا ئۇ رەھبىرىمىزنىڭ مىللى غۇرۇر، ئانا تىل نوختىسىدىن بىر مۇنچە سۆزلەپ بەزىبىر بۇيرۇقلارنى بەرگەنىمىش.

نەتىجە:

1. ئىككى پەن ئۇيغۇرچىغا قايتىپ كەلدى.

2.ئىلگىرى دەرىسخانىدا ئۇيغۇرچە سۆزلەپ سالسا لاياقەتسىز سانالغان بولسا ئەمدىلىكتە ئۇيغۇرچە سۆزلەنمىسە لاياقەتسىز سانىلىدىغان ھالەتكە كەلدى.

3. «قوشتىلغا ماسلىشالمايدىغانلار ئورون تاپ ،'ئادەتتىكى سىنىپلار كىلەر يىلدىن باشلاپ پۈتۈنلەي يوقايدۇ» نىڭ ئورنىغا «بۇ يىل ئالدىغان 7 سىنىپتىن بىرسى قوشتىل قالغان ھەممىسى ئادەتتىكى سىنىپ بولىدۇ» غا ئۆزگەردى.

پات-پات مەكتەپنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئوقوغۇچى ئىسخىمىسىغا قاراپ ئادەتتىكى سىنىپ نۆل دىگەن كاتەكچىنىڭ ئۇدۇلىدىكلى يىل نامىغا قاراپمۇ كۆلۈپمۇ قويىمەنۇ لىكىن يەنىلا قۇلاقنى ئىتىپ قويۇپ قوڭغىراق ئوغورلايدىغانلارنىڭ ۋاقىتلىق چىكىنىشىنىڭ يەنە نىمە شۇملۇقلارنى ئىلىپ كىلىدىغىنىنى ئويلىسام

(203) مائارىپىمىز خۇددى مايمۇنغا ئوخشاش كىمنىڭ دىپى ياڭراق چىقسا، شۇنىڭغا ئۇسسۇل ئويناىدۇ. سىز ، بىز شۇ مايمۇنلارنىڭ رولىنى ئالىمىز. ئالالمىساق ياخشى ئوقۇتقۇچى، زامانغا لايىق ئوقۇتقۇچى بولالمايمىز.

(204) ئاڭلىساق يىقىندا يەنە خەن قىرىنداشلار : ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرىپ ئادىتىگە قارىغۇلارچە چەك قويۇپ مىللەتلەر ئارا زىددىيەتنى ئۆتكۆرلەشتۈرىۋەتتى، خەلىق بۇ چەكلەشنى ھاكىمىيەتتىن ئەمەس خەنزۇلاردىن كۆرۈپ بىزگە ئۆچ بوپ كەتتى دەپ يۇقىرغا بەزىبىر دانا تەكلىپلەرنى سۇنىۋېتىپتۇ دىگەندەك ھەرخىل گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىمىز، راسىمدۇ؟

(205) ئالدى بىلەن بىلىمخۇمار قېرىنداشىمىزنىڭ مۇنبەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا تەشەككۈرىمنى بىلدۈرىمەن. تېنىڭىز سالامەت بولسۇن!
يازمىدىكى نۇرغۇن ئىلمىي ئاساسلارنى قوش تىل ئوقۇتۇشنى تەھلىل قىلغاندا پايدىلانساق بولغۇدەك .
" هازىرقى زاماندا بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتكە قۇل بولۇپ قالىدىغان ئىشلار ئاسانلىقچە يۈز بەرمەيدۇ. لېكىن، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىغا قۇل بولۇپ قالىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپ.
ئەگەر سىز ئاشۇنداق تەقدىرگە ئۇچرىماي دېسىڭىز، 1-يىلدىكى خەنزۇچە ئۆگىنىش مۇددىتىدىن چوقۇم ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، خەنزۇ تىلى ساۋادىڭىزنى تولۇق چىقىرىۋېلىڭ."
يازمىدىكى بۇ قۇرلارنى ياقتۇرۇپ قالدىم... تەپەككۇرىڭىزگە بەرىكەتلەر بولغاي!

(206) مەن سىز قالدۇرغان ئىنكاستىكى ئادرېس بويىچە كىرىپ ئۇ ئىككى پارچە ماقالىڭىزنى ئىنكاس سۇپىتىدە بۇيەرگە چاپلىدىم. ئۇ ماقالىلەرنى ئوقۇپتىكەنمەن، سىزنىڭ ئۇ بىلىمخۇمارنىڭ شۇ ئىكەنلىكىڭىزگە تولىمۇ ھەيران قالدىم ۋە سۆيۈندۈم. ھەم ئالەمچە ئېپتىخارلاندىم. بىزنىڭ بۇ غېرىپ خانىمىزگە نەزەر كۆزىڭىزنى سالغىنىڭىزدىن خۇش بولدۇم. ئىلگىرى ئۇيغۇرلاردىكى تور بەت پاخاللىقى ھەققىدىكى تالاش تارتىشلار بولىۋاتقاندا مەنمۇ ئۆزۆمنى بىر پاخال توربەتچى ھىساپلاپ تاشلاپ قويغىلىۋاتقاندا سىزنىڭ ئۇ نوختىغا جاۋاپ قايتۇرۇپ ئېيتقان« ئىلمىنىڭ زاكىتىنى بەرگەنلىك›› دىگەن بىر جۈملە سۆزىڭىزنىڭ ئىلھامىدا ئاندىن ئۆزۆمنى ئارتۇقچە ئىش قىلىۋاتقاندەك ھىس قىلماي غەيرەتىمگە غەيرەت قوشولغانتى ، سىزنىڭ ئاشۇ بىر پارچە ماقالىڭىزنىڭ ئىلھامىدا ئۇشبۇ سورون مانا مۇشۇنچىلىك مەنالارغا تولىۋېتىپتۇ. تولۇقسىز دەرىسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن جى شيەنلىننىڭ ‹‹مۇۋەپىقىيەت›› دىگەن تېكىستىنىڭ ئورنىغا سىزنىڭ مۇۋەپىقىيەت فۇرمىلىڭىزنى دەرىس قىلىپ ئۆتىۋاتقىنىمغا خېلى بولدى. قىسقىسى: سىزنىڭ شەرەپلىرىڭىزگە ، ئۆتكۈر پىكىرلىك باشلامچىلىقىڭىزغا ھەربىر ئۇيغۇر تەشنا بولغاندەك ئانا تىل مائارىپىنىڭ بىرىنجى سېپىدە ئىشلەۋاتقان تەۋپىقداشلار تېخىمۇ تەشنا. ئەسەرلىرىڭىزنى مۇنبىرىمىزگە داۋاملىق سۇنۇپ ماڭغايسىز. باشقىلارنىڭ تارقاتقان ئەسەرلىرىڭىزنى كۆپ ئوقوغان، لىكىن ئۆزىڭىز يوللىغان بولوپمۇ مۇنبىرىمىزگە ئۆزىڭىز يوللىغان ماقالىڭىزنى تۇنجى ئوقوشوم بولغاچ بۇنىڭ بىرىدىغان تۇيغۇسى باشقىچە بولىدىكەن. ياد بوپ كەتكەن تەرجىمھالىڭىز شۇ تاپتا بىر-بىرلەپ ئىسىمدىن كەچتى. مۇنبىرىمىزدە يۈرىتتا قالغان ساۋاقداشلىرىڭىزمۇ خېلى بار ، ئۇلار سىزنىڭ بۇيەرگە قەدەم باسقىنىڭىزنى كۆرسە تېخىمۇ شادلىنىدىغان بولدى. ئاتتىلا مۇئەللىم بىلەن تۇنىيۇقۇق مۇئەللىم قىنىدۇ ئەمدى.

(207) مۇشۇنداق قابىل بىلىم ئېگىسى، ياخشى بىر يېتەكچى ئۇستاز بىلەن بۇ مۇنبەردە ئۇچراشقىنىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمە. مۇشۇنداق ماقالىلىرىڭىز بىلەن مۇنبىرىمىزدىكى تەۋپىقداشلارنى داۋاملىق يېتەكلەپ تۇرغايسىز.

(208) تەۋپىق ۋە ئاقگۈل ئۇكۇلۇرۇم: ياخشىمۇسىلەر؟ بۇ يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىققان سەممىي سۆزلىرىڭلارنى كۆرۈپ، مەن ناھايىتىمۇ خوشال بولدۇم ھەم ئىلھاملاندىم. رەخمەت. مەن ئۆزەمنىڭ خىزمەت سىرتىدىكى بوش ۋاقىتلىرىمنىڭ ھەممىسىدە مىللەتنىڭ ئىشىنى ئويلاپ تۇرىمەن. يېقىندا باشقا بىر مىللەت قانداق قىلىپ ئۆزىنى 3000 يىل ساقلاپ قالالىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتىم. شۇ ئاساستا

ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلسا بولىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ بىر ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ھازىر بىز ئۇچۇن ئۆزىمىز ئويلاپ يېتەلىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىمىز يوق. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن بىلىمىزنى قويۇۋەتسەك ھەرگىزمۇ بولمايدۇ. خۇدايىم بۇيرىسا بىلىۋالغان يېڭى نەرسىلەرنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ماقالە قىلىپ يېزىپ، توردا ئېلان قىلىپ تۇرىمەن. بۇ ساھەدە بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز ئورتاق تىرىشايلى.
مەن بۇ ئىنكاسىمنى ئۆزەمنىڭ چەت ئەلدىكى بىر ئىلىم-پەن پائالىيىتىدە قىلغان تەبرىك سۆزۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن (قىسمەن جايلىرىنى ئازراق ئۆزگەرتتىم):

(209) مۇنبىرىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز ، بىلىمخۇمار ... بىر نەچچە كۈندىن بۇيان مۇنبىرىمىزدە ئىزچىل ھالدا سىمايىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز . يازمىڭىزدىن سىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىلىمخۇمار ، مىللەتپەرۋەر كىشى ئىكەنلىكىڭىز نامايەن بولۇپ تۇرۇپتۇ . سىزنىڭ مۇنبىرىمىزگە تۇنجى بولۇپ يوللىغان بۇ يازمىڭىزدىن سىزنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىدىكى ئانا تىلدا دەرس بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ئوقۇتقۇچىلىرى جەم بولغان " تەۋپىق " مۇنزىرە مۇنبىرىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىڭىزنىڭ زور ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن.
يازمىڭىزدىكى مۇنۇ قۇرلار : ئاتا-ئانىلار چوقۇم بىر كۈچلۈك ئائىلە تىل پروگراممىسىنى يولغا قويۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئانا تىلنى ئىشلىتىش پۇرسەتلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كۆپەيتىپ بېرىشى كېرەك. مەسىلەن، ئۆي ئىچىدە پۈتۈنلەي ئانا تىلدا سۆزلىشىش، ئانا تىلدا كىتاب ئوقۇش، ئانا تىلدا ماقالە يېزىش، ۋە ئەسلى يۇرتىغا بېرىپ تۇغقان يوقلاش قاتارلىقلار. بۇ جەھەتتە ئوقۇتقۇچىلارمۇ ناھايىتى چوڭ رول ئوينىيالايدۇ. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچىلار باللارغا بىر تىلنى ئارتۇق بىلىشنىڭ ئىنتايىن پايدىلىق ئىش ئىكەنلىكىنى، قوش تىللىق بولۇش تىل ۋە ئەقىل جەھەتتىكى بىر چوڭ نەتىجە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلسا بولىدۇ. ئۇلارنى بىر قىسىم ماقاللەرنى ئانا تىلدا يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئانا تىلى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ۋە مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان سىنىپ مۇھىتىنى بەرپا قىلىش قاتارلىقلار. بىر مىللەتنىڭ مائارىپ سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئاشۇ مىللەتنىڭ ئانا تىلى ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. مەكتەپ يېشىدىكى باللار ئۈچۈن ئانا تىلنى ئۆگىنىدىغان ئىككى ئورۇن بار. ئۇنىڭ بىرسى مەكتەپ، يەنە بىرسى ئۆي ۋە ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى ماكان. بىزنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىزنى تېخىمۇ ئويغاتقۇسى. مۇنبىرىمىزنىڭ مەقسىتىمۇ دەل سىز بىزدىن ئۈمىد كۈتكىنىڭىزدەك ، مەكتەپلەردىكى ئانا تىل ئوقۇتۇشىنى ئۈستىگە ئالغان " تەۋپىقداشلار " نىڭ رولى ئارقىلىق ئانا تىلغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىز بىلەن ئوقۇغۇچىلار تولۇق مۇيەسسەر بولالمىغان ئانا تىل مۇھىتىنى ھەر بىر سائىتىمىزدە ئۇلارغا چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇش ، ئانا تىلدا دەرس ئاڭلاش ھوزۇرىنى بېرىش ، بېرەلىگۈدەك دائىرىدە ئەنئەنە تەربىيەسى ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدە قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ، ئەھمىيىتى ھەققىدە بىلىم بېرىش ، ئەڭ مۇھىمى پوزۇتسىيەسىدىكى چالغۇنۇش ، داۋالغۇشلارنى تىنجىتىش ...
بىلىمخۇمار : مۇبارەك قەدىمىڭىزدىن سۆيۈنۈش بىلەن بىرگە ئانا تىل ئوقۇتۇشى ساھەسىدىكى يۈكسىلىشلىرىمىز ئۈچۈن تەۋپىق تور بېتىمىزنىڭ دائىملىق ئەزالىرىدىن بولۇپ ، ئىزچىللىققا ئىگە بولغان قەدەملىرىڭىز بىلەن كۆپچىلىككە ھەمدەمدە بولۇشىڭىزنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز ... ھارمىغايسىز . سالامەت بولۇڭ.

(210) يۇقارقى قاراشلارنى ئوقوپ كۆرۈپ ئويلاپ قالدىم: يىگىدىن قوشقان چىچەن مۇنبىرىنىڭمۇ بالىلارنى جەلىپ قىلالىساق ئانا تىل مۇھىتى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش پۇرستى بىلەن تەمىنلەشكە پايدىسى باردەك قىلامدۇ نىمە؟ ئۇلارنى بىر قىسىم ماقالىلەرنى ئانا تىلدا يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئانا تىلى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ۋە مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان تور مۇھىتىنى بەرپا قىلىش قاتارلىقلار.

## ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- 1958: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1965-1971: ئاقسۇ شەھەرلىك 4-باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- 1971-1976: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- 1976-1978: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- 1978-1983: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكالاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- 1983-1984: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- 1984-1985: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- 1985-1988: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- 1988-1990: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- 1990-1995: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- 1995-1997: كالىفورنىيەدىكى «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور-ئاشتى بولغان
- 1997-2004: كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- 2004-ھازىرغىچە: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ